


پەخرىدىن مۇسا

# قاباھەتلىك قىسمەتلەر

شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: خەسدە سەئىدئالىم


شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ISBN 7-5371-4729-9

9 787537 147293

ISBN7-5371-4729-9
(民文) 定价: 14.80 元

پەخرىدىن مۇسا



# قاباھەتلىك قىسمەتلەر

(رومان)

شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى



پەخرىدىن مۇسا

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ 1
ئازادلىق تراگېدىيىلىك مۇھەببەت تارىخى .................. 1
ئەركىن كۆرگەن قىسمەتلەر................................ 79
ئارماننىڭ ئارمانلىرى.................................... 106
كۆرەشنىڭ ئاجايىپ كەچمىشلىرى ......................... 139
ئەقىدەنىڭ ھېكايىسى ..................................... 185
مېنىڭ ئىقرارىم.......................................... 274
خاتىمە .................................................. 310

# مۇقەددىمە

XXI ئەسىرنىڭ تۇنجى كېچىسى. ھەممىلا ئادەم يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش ھەلەكچىلىكىدە ئىدى.

يېڭى ئەسىرنىڭ بۇ تۇنجى يېڭى يىلىنى ئۆزگىچىرەك كۈتۈۋېلىش مەقسىتىدە، ئۇزۇندىن بېرى دىدارلىشالمىغان يېقىن ساۋاقداشلاردىن ئالتىمىز يۇرت - يۇرتلاردىن كېلىپ، بۇ گۈزەل شەھەردىكى «تەقدىرداشلار» رېستورانىغا جەم بولدۇق.

بۇلار ئەقىدە، ئەركىن، ئارمان، كۆرەش، ئازاد ۋە مەن ئىدىم.

چىرايلىق بېزەلگەن ئايرىم خانا تىنچ ھەم ئازادە بولۇپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن خالىي ئىدى. مەن مۇشۇ شەھەرلىك ھەم مېھمانلارنى تەكلىپ قىلغۇچى ساھىبخانا بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن ساقىيلىقنى ئۈستۈمگە ئالغانىدىم.

قىزغىن كەيپىيات، ئۇزاق يىللىق جۇدالىقتىن كېيىنكى ھال - مۇڭ قىلىشىشلار ئىچىدە سورۇنىمىز باشلاندى. ھەممەيلەننىڭ قولىدىكى ياقۇتتەك سۈزۈك رومكىلارغا بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇلغان مەيلەر يەڭگىل تىترەيتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاۋۋال سۆز ئالدىم:

— قەدىرلىك ساۋاقداشلىرىم، ئالدى بىلەن ھەممىمىزنىڭ يېڭى ئەسىردىكى يېڭى يىلىغا مۇبارەك بولغاي. تېنىمىز ساق، تىرىكلىكىمىز ئاسايىشلىق، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى نىجاتلىق بولغاي. خوشە!...

مەن سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدىكى «خوشە»نى خېلى ئۈنلۈك

ئېيتقان بولسامۇ، ئاۋازىمنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر تولىمۇ زەئىپ چىققانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم.

ھەممەيلەن ئاچچىق مەينى ئۈن - تىنسىز ئىچىۋەتتۇق. ساۋاقداشلىرىم رومكىلىرىنى شىرەگە قويغاندىن كېيىن، ماڭا سوئال نەزىرىدە تىكىلىشتى. مەن ئۇلارنى ئۈنسىز كۆزەتتىم. تېخى ھېچكىمنىڭ يېشى قىرىققا بارماي تۇرۇپ، بىرىنىڭ پېشانىسىگە، بىرىنىڭ كۆزىنىڭ ئەتراپىغا، يەنە بىرىنىڭ چىرايىغا مەزگىلسىز قورۇقلار ئىز سالغانىدى. يەنە بىرقانچىسىنىڭ چاچلىرى ئاقارغانىدى. نەزىرىم ئەقىدەگە كېلىپ توختاپ قالدى (ئۇ ئارىمىزدا بىردىنبىر ئايال زاتى ئىدى.) ئۇ يۈزىگە ياراشتۇرۇپ گىرىم قىلىنغان بولسىمۇ، بۇغىنىڭكىدەك قاپقارا ھەم چىرايلىق چوڭ ئاھۇ كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىنى سانسىز ئۇششاق قورۇقلار قاپلاپ، قىياقتەك قويۇق قاشلىرى شالاڭلاپ كەتكەنىدى. چىرايىنىڭ رەڭگى تېگى - تېگىدىن قانسىز كۆرۈنەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ كۆزى يەنىلا نېمىنىدۇر تەلەپ قىلدۋاتقاندەك بىرخىل ھالەتتە يېنىپ تۇرىدىغان سېھرىيلىكىنى يوقاتمىغانىدى.

— ئەقىدە ئىچمىسۇن، — دېدىم مەن ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا، — ئۇ بۇ يەردە يېگانە، مەي ئېغىر كېلىپ ئاخىرغىچە ئولتۇرالماي قالسا، بىز بىلەن ھەمسۆھبەت بولالماي قالىدۇ.

— ياق، مەن ھاراقنى سىلەردىن ئوبدان كۆتۈرىمەن. بۈگۈن ھەممىڭلار بىلەن ئوخشاش ئىچىمەن. بىز بۇ يەرگە يېڭى يىلنى كۈتۈۋالغىلى، بېشىمىزدىن ئۆتكەن قىسمەتلىرىمىزنى ھال - مۇڭ قىلىشقىلى يىغىلدۇق. يەنە بىر قېتىم مۇشۇنداق يىغىلىشقىچە پۇرسەت بارمۇ، يوق، قايسىمىز ھايات، قايسىمىز ئۇ ئالەمگە كېتىمىز، بۇلار بىزگە قاراڭغۇ. شۇڭا بۈگۈن قانغۇچە ئىچەيلى، قانغۇچە مۇڭدىشايلى.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى ئەركىن تەڭ يېرىمى ئاقىرىپ

كەتكەن شالاڭ چاچلىرىنى ئارقىسىغا تاراپ قويۇپ، — قارىسام، ھەممىمىزنىڭ كۆزىدىن تۇرلۇك - تۇمەن قىسمەتلەرنىڭ سوغۇق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرىدۇ. بۇگۇن شۇ ئۇچقۇنلارنى ھاراق بىلەن يېلىنجىتىدىغان كۇن. ئىچەيلى، سۆزلەيلى. قىسمەتلىرىمىزنى بىر - بىرىمىزگە سۆزلىمىسەك كىمگە سۆزلەيمىز؟

باشقىلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى قىزغىن قوللىدى. مەن رومكىلارغا تولدۇرۇپ مەي قۇيدۇم. ساۋاقدىشىمىز ئارمان ئالدىدىكى رومكىنى قولىغا ئېلىپ سۆز باشلىدى:

— ئۆمەر ھەييام مۇنداق يازغانىكەن:

*بولغىچە زامانىنىڭ زەربىدىن بىتاب،*
*كەل بۇگۇن بىرلىكتە ئىچەيلى شاراب.*
*بۇ پەلەك مەي تۇگۇل، بەرمەس قەترە سۇ،*
*يول تۇتساق بىرچاغدا كېتىشكە قاراپ.*

*ئالەمگە مەن قاراپ كۆردۇم غەيرىي ئىش:*
*ئەل ئارا ئېگىز - پەس تەمىن ئېتىلىش...*
*نەگىلا قارىسام، خۇدايا توۋا!*
*شۇندا مەن بەختىمنى كۆردۇم كاج ئىمىش...*

*بىر كۇچۇم بولغاندا تەڭرىدەك گويا،*
*بۇزاتتىم پەلەكنى بۇنداق بىۋاپا...*
*ياخشىلار مەقسەتكە يەتكۇدەك تولۇق*
*قۇراتتىم بىر پەلەك — بىر يېڭى دۇنيا.*

— دوستلار، — دېدى ئارمان ھەممىمىزگە خىيالچان بىر ھالەتتە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن، — بىز بۇگۇن XXI ئەسىرگە مەي بىلەن كىردۇق. ئەتىدىن باشلاپ ھەممىمىز يېڭى

ئەسىر ئادىمى. شۇڭا ئەتىدىن باشلاپ ئورتاق هاراق تاشلاش ئۇچۇن بۇ رومكىنى كۆتۈرۈۋېتەيلى.

شۇنداق، ھەممىمىز كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئارىمىزدا پەقەت ئازادلا قولىدىكى رومكىسىغا تىكىلىپ قارىغىنىچە جىم ئولتۇراتتى. تەبىئىي ھالدا ھەممىمىز ئۇنىڭغا قارىدۇق.

— رۇخسەت قىلساڭلار، ئالدىدا مەن سۆزلىسەم، — دېدى ئازاد سېرىق چاچلىرىنى بېشىنى سىلكىگىنىچە كەينىگە تاشلاپ، — مەن مەكتەپ پۈتتۈرۈپلا ساقچى بولغانىدىم، ھازىرغىچە شۇ خىزمەتنى ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن. سىلەرگە دېگۈدەك ئالاھىدە ئىشلىرىممۇ يوق، شۇنداقتىمۇ ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن ئاجايىپ بىر مۇھەببەت كەچمىشىم بار، شۇنى سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي.

ھەممىمىز ئۇنىڭغا قوشۇلغانلىق نەزىرىدە تىكىلدۇق. ئۇ ئالدىدىكى قۇرۇقدالغان رومكىسىغا قادالغىنىچە ئۆز كەچۈرمىشى-نى سۆزلەشكە باشلىدى.

# ئازادنىڭ تراگېدىيىلىك مۇھەببەت تارىخى

## 1

مەن يۇرتۇمدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ رازۋېدكا بۆلۈمىگە خىزمەتكە چۈشۈپ ناھايىتى خۇش بولدۇم، چۈنكى مەن كىچىكىمدىلا ساقچى بولۇشنى، قورال تۇتۇشنى، ئاشۇ قورال بىلەن ۋەتەن، مىللەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىگە ھەققانىيەتنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى، رەھىمسىز قاتىللارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنى ئويلايتتىم. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن، قانۇن مېنىڭ نەزىرىمدە ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ ئادىل بىر دەستۇرغا ئايلاندى. مەن ئالىي مەكتەپتە قانۇن كەسپىنى ئۆگەنمىگەن بولساممۇ، ساقچى بولغان كۈندىن باشلاپ بارلىق قانۇنلارنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشكە، ئۆگەنگەنسېرى قانۇننى تولۇق چۈشىنىشكە باشلىدىم، قانۇنغا بولغان ھۆرمىتىم، ئەقىدەم ھەسسىلەپ ئاشتى. شۇڭا، قانۇننى قوغداش، ئۇنى ئادىل ئىجرا قىلىش مېنىڭ مۇقەددەس بۇرچۇمغا ئايلاندى.

ئەپسۇس، خىزمەتكە چىقىپ بىرىيىل بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەن ئاشۇ «مۇقەددەس بۇرچۇم»غا «خائىنلىق» قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

سىلەر بارغان بولساڭلار بىلىسىلەر، بىزنىڭ يۇرتتىكى گۈزەل باغلار، تاغ ـ دەريالار، قەدىمىي توغراقلىقلار، قەدىمىي ئاسارئەتىقىلەر، ئۆزگىچە خەلق مەشرەپلىرى ھېلىھەم ئۆز مەۋ-

جۇتلۇقىنى ساقلاپ قالغان. تۇش قوشغۇراقلىق مەپىلەر، ئۆزگە خاس ئۇيغۇر مېمارچىلىقى نامايەندىلىرى كىشىنى ئاجايىپ شاد-خۇراملىققا، رىۋايەتلەردىكىدەك گۈزەل ھەم شېرىن ھېس - تۇي-غۇلارغا چۆمدۈرىدۇ. مەن خىزمەتكە چىقىپ بىر يىل ۋاقىت ئۆتكۈچە، يۇرتۇمنىڭ ئەنە شۇنداق ئاجايىباتلىرىدىن باشقىلارغا ئوخشاشلا شادلانغان، ئۇنىڭدىن قانغۇچە بەھرە ئالغان، ھەتتا ئۇلارنى يېڭىچە ئەقىل كۆزۈم بىلەن تونۇپ، باشقىدىن ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىشنى بىلگەنىدىم. ئىشقىلىپ، مەن ئۇ چاغدا ئىنتا-يىن بەختىيار ئىدىم. شۇڭلاشقىمۇ مۇشۇنداق خاسىيەتلىك يۇرتۇم ئۈچۈن، قان - قېرىنداش خەلقىم ئۈچۈن جېنىمنى تىكىپ ياخشى ئىشلەپ، كەسپىمدە ئالاھىدە بىر نەتىجە يارىتىشنى قەلبىمگە پۈككەنىدىم.

ئەپسۇس، مۇقەددەس بۇرچۇمغا «خائىنلىق» قىلىشقا مەج-بۇر بولغان كۈنۈمدىن باشلاپ، مەن گويا غايىسىز، ھېسسىيات-سىز مەخلۇقتەك بىرنېمىگە ئايلىنىپ قالدىم. دۇرۇس، ھەقىقىي ئاشىقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەم قاتتىق چۈشكۈنلىشى-دۇ، روھىي ئازاب ئۇنىڭ تېنىنىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ئۇ ئۆز ماھىيىتىنىمۇ يوقىتىپ، باشقىچە ئادەم بولۇپ قالىدۇ: بەزى-لىرى ھاراقكەش، بەزىلىرى نەشىكەش، بەزىلىرى تېرىككەك... بولۇپ قالىدۇ. مەن دەل ئاشۇنداقلارنىڭ بىرىگە، يەنى ھاراقكەش-كە ئايلىنىپ قالغانىدىم. سىلەر بىلىسىلەر، مەن بۇرۇن ھاراق ئىچمەيتتىم، پەقەت ئامال بولمىغاندا بىر - ئىككى رومكىلا ئىچىپ بولدى قىلاتتىم. ئەپسۇس...

بىر كۈنى مەن ئەمدىلا ئىشتىن قايتىپ كېلىپ، ياتىقىمدا كەچلىك تاماق يەي دەپ تۇراتتىم. ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلدى. ئورنۇمدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتىم. بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋې-تىم، بىر ئايال مېنىڭ ئىجازىتىمسىزلا ياتاققا ئۇسۇپ كىردى. مەن ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىل-

ـدىم. ئۇ شۇنچىلىك گـۈزەل ئـايال ئىدىكى، ئـۇنىڭ كېلىشكەن بوي ـ تۇرقىدىن تارتىپ گۈزەل جامالىغىچە بىرەر يېرىدىن نۇق- سان تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئايەك، ياق، كۈز- دەك جامالى ئەقلىمنى لال قىلدى، ھېسسىيات تولپارلىرىمنى ئېچىنىشلىق كىشنەتتى. ئۇنى تىل بىلەن تەرىپلەشكە ئاجىز ئىدىم. دەل شۇ ئەسنادا، ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋىنىڭ «چاھار دەرۋىش» ناملىق كىتابىدىن يادلىۋالغان مۇنۇ مىسرالار كاللامدىن كەچتى:

*«قىزكى رەنادۇر جامالى،*
*قەددى زىبا، چېچى سۇمبۇل، ياراشقان خالى.*
*قارىشى مەستانىدۇر شەھلانى كۆز،*
*خۇمارلىنىپ باققىنىغا سىغمايدۇ سۆز.*
*قاشلىرى يادۇر گويا، كىرپىكى ئوق،*
*لېۋى غۇنچە بۇ ئىقلىمدا تەڭدىشى يوق.*
*سىنەسى پاك، مىسالى تەخت ئىپتىخار،*
*ئاندا لەرزان لىغىلدايدۇ بىر جۈپ ئانار.»*

ئايال دەل ئاشۇ مىسرالارنىڭ ئەينەن تەسۋىرى ئىدى.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدىم مەن ئۇنى كارىۋاتقا تەكلىپ قى- لىپ. ئاۋازىم ئۆزۈمگە تىترىگەندەك بىلىندى.

ئۇ كارىۋاتنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى، مەنمۇ ياغاچ ئو- رۇندۇقنى تارتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئۇدۇل ئولتۇردۇم. نېمىشقى- دۇر كۆزۈمنى ئۇنىڭدىن ئۈزەلمەيۋاتاتتىم. بۇ ئايال قارىماققا يىگىرمە تۆت ـ يىگىرمە بەش ياشلاردا كۆرۈنەتتى.

مېنىڭ بۇ غېرىبانە ياتىقىمغا كەسىپداشلىرىم ۋە بىرقانچە دوستلىرىمنى دېمىگەندە، بۇنداق قىز ـ چوكانلار ئىزدەپ كەل- مەيتتى. بۇ ساھىبجامال بۇ يەرگە ئازغىنىپ كىرىپ قالغانمى-

دۇر، دەپ ئويلىدىم. كۆڭلۈم نېمىنىدۇر سەزگەندەك، يۈرىكىم ئەنسىز تېپىرلىدى، پىكرىم چېچىلىپ گاڭگىراپ قالدىم، شۇڭا دەماللىققا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قوللىرىمنى ئۇشقىلىدىم.

— تىنچ تۇرۇپسىز، ساقچى يىگىت؟ — دېدى ئۇ بىردىنلا قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازدا زۇۋانغا كىرىپ، — بەلكىم مەندىن ھەيران قېلىۋاتقانسىز، قاراشلىرىڭىزدىن بۇنى سېزىپ تۇردۇم، مېنى كەچۈرۈڭ، ياتىقىڭىزغا ئۇسۇپلا كىردىم.

بېشىغا ئېڭىكىنى قوشۇپ گۈللۈك گىرىپ ياغلىق چىگىۋالغان، ئۇچىسىغا ئوشۇقىغىچە كېلىدىغان ئۇزۇن قارا كۆڭلەك كىيىۋالغان بۇۋىم قىياپىتىدىكى بۇ چوكاننىڭ شۇنچە راۋان كىتابىي تىلدا سۆزلەشلىرى مېنى ھەيران قالدۇردى.

— سىزنىڭ مەشەدە تۇرىدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغان. ئۆتكەندە سىز بىزنىڭ مەھەللىدىكى بىر ئوغرىلىق دېلوسىنى بىر كېچىدىلا پاش قىلىپ، ئوغرىنى تۇتقان چېغىڭىزدا مەن سىزنى كۆرگەن، باشقىلاردىنمۇ تەرىپىڭىزنى ئاڭلىغان، — دېدى ئۇ يەنە ناتىقلاردەك راۋان سۆزلەپ، — سىز ھەقىقەتەن چېۋەر ساقچى ئىكەنسىز، مەھەللىمىزدىكىلەر ھازىرغىچە سىزنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. بۈگۈن مەن سىزنى مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلدىم. قانداقلا بولمىسۇن ئالدىڭىزغا كەلگەنلىكىمنىڭ يۈزىنى قىلىپ ماڭا ياردەم قىلماسلىقىڭىز بولمايدۇ.

ئۇ ماڭا گەپ قىلىشقا پۇرسەتمۇ بەرمەي سۆزلەپلا كەتتى. ئۇنىڭ تېز، ئەستايىدىل سۆزلىشىدىن ھەم «ياردەم قىلماسلىقىڭىز بولمايدۇ» دېگىنىدىن، ماڭا مۇناسىۋەتلىك بىرەر مۇھىم ئىشنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم ـ دە، «ھە، بۇ ئايالمۇ بىرەر دەۋا ئىشى بىلەن كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدىم. ئۆزۈمچە ئۇمىدسىز بىر كەيپىياتقا چۆمۈپ قالدىم، ئەمما قانداق ئۇمىدسىزلىككە چۆمگىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئىختىيارسىز جىددىيلىشىپ، ئىچىم تىت ـ تىت بولۇشقا باشلىدى: ئۇ نېمانچە جىق سۆزلەيدۇ-

غاندۇر؟ مېنى زادى نېمە ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەندۇر؟ يازنىڭ
مۇشۇنداق ئىسسىقىدىمۇ نېمە ئۇچۇن ياغلىقىنى ئېڭىكىدىن قوش-
لاپ چىگىۋالىدىغاندۇر؟ ئېڭىكىنىڭ ئاستى ياكى قۇلاقلىرىدا بى-
رەر ئېۋىنى بارمىدۇر - يا؟ خىياللىرىم تىت - تىتلىقىمنى
يەنىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. چۈنكى مېنىڭ گاچىدەك گەپ قىلالماي
ئولتۇرۇشۇم، ئۇنىڭ بولسا مېنى بىردىنلا ماختاپ كېتىشى قى-
زىق ئىش ئىدى.

— مېنى قانداق ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەندىڭىز؟ — دەپ
سورىدىم ئۇنىڭ سۆزدىن توختىغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ.

— مەنما؟ — دېدى ئۇ كۆزلىرىمگە ئۇدۇل تىكىلىپ قاراپ.
ئۇنىڭ ئاشۇ چىرايلىق شەھلا كۆزلىرى ئىختىيارسىز ۋۇجۇدۇمنى
توك تەپكەندەك جۇغۇلدىتىۋەتتى. راست گەپنى قىلسام، مەن
بۇنداق كۆزلەرنى، بۇنداق گۈزەل جامالنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ
باقمىغانىدىم. ئۇ ماڭا ئاشۇ نۇرلۇق، مەپتۇنكار كۆزلىرىنى تىك-
كىنىچە بىر پەس تۇرۇپ كەتتى. «نېمىلا ئىش بولسا تېزرەك
ئېيتسا بولاتتى!» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. ئۇنىڭ قاراشلىرىغا
ھەقىقەتەن بەرداشلىق بېرەلمەي قالغانىدىم، ئۇنىڭ كۆزلىرى
نېمىنىدۇر سۆزلـەۋاتقاندەكلا قىلاتتـى، شۇنـداق، ئـۇ كـۆز-
لەر سۆزلەيتتى!

— مەن ئۆز تەقدىرىمگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش بىلەن
كەلگەن، بۇ ئىش تۇنۇگۈن ئاخشام يۈز بەردى. سىز ئۆزىڭىز
ئىجرا قىلىۋاتقان قانۇندىن ھالقىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ۋىجدانەن قانۇ-
نىغا تايانسىڭىز مېنى بۇ ئىشنىڭ ھالاكىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالا-
لايسىز، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا مەن سىزنىڭ جىنايەت گۇماندا-
رىڭىزغا ئايلىنىپ قالىمەن - دە، بىراقلا تۈگىشىمەن، يۈز -
ئابرۇيۇممۇ تۆكۈلىدۇ. بۇنداق كۈنگە قالغاندىن ياشىمىغىنىم تۈ-
زۈك، — دېدى ئايال يەنىلا تېپىشماقتەك سىرلىق سۆزلەپ.

— قېنى، ئاۋۋال ئېيتىڭ، بەلكىم سىزگە ياردىمىم تېگىپ
قالار.

مەن بۇ سۆزنىڭ قانداقلارچە ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدىم. ئەمەلىيەتتە مەن قانۇنغا چېتىلىدىغان ھەرقانداق ئىشتا دوست ـ بۇرادىرىم، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمغىمۇ «ياردىمىم تېگىپ قالار» دېگەن سۆزنى قىلىش تۇگۇل، يۈز ـ خاتىرىمۇ قىلمايتتىم. ئېھتىمال بۇ ئايالنىڭ گۈزەللىكىنىڭ سېھرىي كۈچى مېنى ئېزىقتۇرغانمىكىن؟

مېنىڭ بايىقى سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئايالنىڭ كۆزلىرى باشقىچە نۇرلىنىپ كەتتى، كۈلكە ئىزناسى كۆرۈنمىگەن تەكەببۇرانە سىرلىق چېھرىدە تۇنجى قېتىم خۇددى غىل ـ پال يورۇپ ئۆتۈپ كەتكەن ئاجىز چىراغ نۇرىدەك تەبەسسۇم جىلۋىسى ۋىللىدە پارلاپ يەنە يوقالدى.

— مۇنداق بىر سۆزنى سىزمۇ ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز، نېمىس مىللىتىدىن بولغان پەيلاسوپ ئى. كانت: «دىلىمىزدا ياشايدىغان ۋىجدان قانۇن دەپ ئاتىلىدۇ، ۋىجدان ئەسلىدە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ شۇ قانۇنغا مۇۋاپىق كېلىشىدۇر» دەپ يازغانىكەن. شۇڭا سىز دىلىڭىزدىكى ۋىجدانىڭىزنى ئېتىراپ قىلسىڭىز، مېنىڭ قىلمىشىمنى ئېتىراپ قىلالايسىز. مېنىڭ تۈنۈگۈن ئاخشامقى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىم قەلبىمدىكى قانۇن دەپ ئاتىلىدىغان ۋىجدانىمغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئەمما سىز يۇرگۈزۈۋاتقان قانۇن بولسا ئۇنى «جىنايەت» دەپ قارايدۇ. سىز مېنىڭ قىلمىشىمنى «جىنايەت» دەپ قاراشتىن ۋاز كېچەلەرسىزمۇ؟ مەنغۇ چوقۇم ۋاز كېچىدۇ، دېگەن ئۈمىد بىلەن ئالدىڭىزغا كەلدىم.

— خېنىم، مېنى بەك تەقەززا قىلىۋەتتىڭىز، ئەسلىي بولغان ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئېيتسىڭىزچۇ؟ — دېدىم كەسكىن قىلىپ. ئەمما بۇ ئايالنىڭ خېلىلا ئۇقۇمۇشلۇق ئىكەنلىكىگە ھەيران قالماي تۇرالمىدىم. ئۇ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ياتاقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يېزىق ئۈستىلىنىڭ يېنىغا باردى ـ دە،

ماڭا كەيىننى قىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:
— مەن بۇرۇن بىر يىگىتنى ئىنايىن ياخشى كۆرگەن، ئۇمۇ
مېنى بەك ياخشى كۆرەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئائىلىسى نامرات
ئىدى. مېنىڭ ئاتا ـ ئانام ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا پۇتۇشكى-
نىمنى ئاڭلاپ، مېنى ئۇنىڭغا بېرىشكە قەتئىي قوشۇلمىدى. مەن
ئاتا ـ ئانام بىلەن خېلى تىركىشىپ باقتىم، ئۇلار زادىلا قوشۇل-
مىدى. كېيىن ئۇقسام، يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن مېنىڭ
ئاتا ـ ئانامنىڭ ئوتتۇرىسىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگى-
لىدە قالغان قىيامەتلىك بىر ئۆچ ـ ئاداۋەتتى بار ئىكەن. ئاخىر
ئاتا ـ ئانام مېنى بىر باي سودىگەرگە مەجبۇرىي ياتلىق قىلىۋەت-
تى. ئۇ ئادەم مەندىن ئون بەش ياش چوڭ بولۇپ، ئىلگىرىكى
خوتۇنلىرىدىن بىرمۇ بالىسى يوق ئىكەن. مەن پۇتۇنلەي قارشى-
لىق قىلىشقا ئاجىزكەلدىم، چۈنكى، «ئاتا ـ ئانىنى رازى قىلىش
خۇدانىمۇ خۇشال قىلىدۇ» دېگەن سۆز مېنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان
سۆزۈم ئىدى. مەن ئۇ باي سودىگەرنىڭ ئۆيىدە ماددىي جەھەتتىن
شاھنىڭ خانىشىدەك ياشىسامىمۇ، مەنىۋى جەھەتتىن، سۆيگۈ ـ
مۇھەببەت جەھەتتىن تەكلىماكان قۇملۇقىدەك قاغجىراقلىقتا ئۆت-
تۈم. شۇڭا، ئېرىم سودا ئىشلىرى بىلەن باشقا يۇرتلارغا چىقىپ
كەتكەن پۇرسەتلەردە ھېلىقى سۆيگەن يىگىتىم بىلەن ئۇچرىشىپ
تۇردۇم، ئەمما ئارىمىزدا ناشايان ئىشلار ئۆتۈلمىدى. تۈنۈگۈن
ئاخشام... ئۆيدە... شۇنداق ئىش ئۆتۈلۈپ قالدى. يىگىتىم ئۆيدىن
چىققاندا كوچا چىراغلىرى كۈندۈزدەك يورۇق ئىدى، مەن دېرى-
زىدىن قاراپ تۇرسام يىگىتىم بىزنىڭ ئۆيدىن چىقىپلا كوچا
بويلاپ مەھەللىسى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. بىزنىڭ ئۆي چوڭ
كوچىنىڭ بويىدىلا بولغاچقا، كوچىنى ئاخشىمىدىمۇ خېلى ئوچۇق
كۆرگىلى بولاتتى. مەن قاراپ تۇرسام يىگىتىم كوچىغا چىقىپلا
بىرنەچچە ئادەم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى ـ دە، ئۇلارنى ئەگىپ
ئۆتۈپ ئىتتىك كېتىپ قالدى. مەن ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلمەي-

تىمەن. بۈگۈن ئەتىگەن ئىشىك ئالدىغا چىقسام، بىرنەچچە ئادەم گەپلىشىپ تۇرغانىكەن، گېپىگە زەن سالسام، ئۇلار: «... ھەئە، ئاخشامقى ھېلىقى يىگىت مۇشۇ ئۆيدىن چىقتى، بۇ خوتۇنمىزە ئېرىنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئاشنا ئويناۋېتىپتۇ... ھەي، خوتۇن كىشىگە ئىنساپ بەرمىسە بىكار...» دېيىشىۋاتىدۇ. مېنى كۆرۈپ جىم بولۇشۇپ قالدى. ئۇلار بىزنىڭ قوشنىلار ئىكەن. مېنىڭ سىزدىن سورايدىغان ياردىمىم — سىز بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ ئۇنى - بۇنى تەكشۈرگەننى قىلىپ، قوشنىلارغا: ئاخشام بۇ ئۆيگە ئوغرى كىرىپتىكەن، بۇ ئايال بىزگە مەلۇم قىلغانىدى، تەكشۈرۈپ كەلدۇق، بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىڭلار دىققەت قىلىڭلار، دەپ قويغان بولسىڭىز، مېنىڭ نامىمۇ بۇلغانمايتتى، ئېرىممۇ، قوشنىلارمۇ سىزنىڭ گېپىڭىزگە ئىشىنەتتى.

مەن ئايالنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ دەماللىققا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. قۇلىقىم ئۇنىڭ بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىدەك يېقىملىق، جانان چىنىنىڭ ئەكس ساداسىدەك نازۇك ئاۋازىنى ھۇزۇر ئىچىدە ئاڭلىسا، كۆزلىرىم ئۇنىڭ قاپقارا ئۇزۇن كۆڭلەك ئىچىدىكى مودېل قىزلارنىڭكىدەك خۇش پىچىم، زىلۋا بەدىنىنى ئارقا تەرىپىدىن قانماي تاماشا قىلماقتا ئىدى. شۇ تاپتا مېنىڭ ئۇنىڭ ھېلىقى سۆيگەن يىگىتىگە ئىختىيارسىز رەشكىم تۇتۇۋاتاتتى، «ئىسىت! ئاشۇ يىگىت مەن بولۇپ قالسامچۇ؟» دېگەن خىيال بىردىنلا يۈرىكىمنى تىترىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۆمرۈمدە بۇنداق خىيالغا تۇنجى قېتىم ئەسىر بولۇۋاتقىنىمغا ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم، لېكىن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا پەقەتلا قۇربىم يەتمەيۋاتاتتى.

— مەن سىزنىڭ ئاشۇ يىگىتىڭىز بولۇپ قېلىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم - ھە! — مېنى شەيتان ئازدۇرۇۋاتامدۇ بىلمىدىم، ئاشۇ سۆزلەر ئاغزىمدىن دانىمۇ دانە تىزىلىپ چىقىپ كەتتى.

ئايال چاقماقتەك تېزلىك بىلەن ئارقىغا بۇرۇلۇپ ماڭا شۇن-
داق بىر قارىدىكى، ئۇنىڭ كۆز ۋە چېھرىدىن بىراقلا ئېتىلىپ
چىققان سوغۇق ھەم كەسكىن نەزەر يۈرىكىمگە كېلىپ قادالدى.
مەن ئەندىككىنىمدىن دىككىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم، ياغاچ
ئورۇندۇقۇمۇ ئاراقشىپ كەتتى.
— سىز؟... رەھمەت! — دېدى ئۇ چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن
چىقىرىپ سۆزلەپ.
مانا، ھازىرغىچە كۆڭۈلدىكىدەك بىرەر قىزنى تاپالمايۋات-
قان، ئەمما ئۆزىنىڭ غايىبانە دۇنياسىدىكى قايسىدۇر بىر گۈزەل
قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىشنى، توي قىلىشنى ئارزۇ قىلىسمۇ،
بۇ شېرىن خىيالىنىڭ بۇسنى سىرتقا چىقارماي، ئۆزىنى خىز-
مەتكىلا بېغىشلاپ يۈرگەن ئوت يۈرەك بىر ياشنىڭ ئالدىدا بىر
ئايال، يەنە كېلىپ جاھاندا تەڭدىشى يوق گۈزەل بىر ئايال ئاسمان-
دىن چۈشكەن پەرىزاتتەكلا پەيدا بولۇپ قالدى. بۇنداق چاغدا
قايسىبىر ئەركەك ئەقلىدىن ئازمىسۇن؟ قايسىبىر ئەركەك ماڭا
ئوخشاش تىزگىنسىز ھالغا چۈشۈپ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈمى-
سۇن؟ ھېسسىيات ئەنە شۇنداق نەرسە، ئۇ بەزىدە ئەقىلدىن غالىب
كېلىدۇ، بولۇپمۇ ياشلىقتىكى ھېسسىيات. مەن ئۇ ئايالنىڭ
قەيسەرلىكىگە، مەردانىلىكىگە خۇددى گۈزەللىكىگە قايىل بولغان-
دەكلا قايىل بولغانىدىم. مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، مېنىڭ
ئالدىمغا بىرەر ئىشنى دەرد ئېيتىپ كەلسە، ئۇ يالغان، قىزد-
رىپ- تاتارغان، كۆزلىرى ياشلانغان ياكى يېلىنىپ يالۋۇرغان
ھالەتتە كېلەتتى. ئەمما بۇ ئايالچۇ... ئۇنىڭدىن ئاجايىپ بىرخىل
جاسارەت، قەيسەرلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ قەيسەرلىكى
مېنى ئۆزىگە باش ئەگدۈرىدىغاندەكلا تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئەر-
لىك غۇرۇرۇم ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا مېنى ئۈندىمەكتە ئىدى.
چۈنكى ئۇنىڭ بايا ماڭا سوغۇق نەزەردە تىكىلگىنىچە:
«سىز؟...» دېيىشلىرى غۇرۇرۇمغا تەگكەنىدى.

ئۇنىڭ تېخىچە ماڭا سوغۇق نەزەردە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلى-
رى مەندىن «ياردەم قىلامسىز - قىلمامسىز؟ قىلمىسىڭىز سىز-
نى زورلىمايمەن ھەم سىزگىمۇ يېلىنمايمەن» دەپ سوراۋاتقاندەك
ئىپادىدە پارقىراپ كەتكەنىدى. قانداقلا قىلغان بىلەن مەن دېگەن
ساقچى، ئۇ بولسا ھاجەتمەن. يەنە كېلىپ ھالال ئېرىدىن يوشۇ-
رۇن باشقا ئادەم بىلەن زىنا قىلغان جاۋابكار. شۇڭا ئۇ مېنىڭ
ئالدىمدا ھاجەتمەندەك ياكى گۇناھكاردەك تۇرۇشى كېرەك ئىدى.
دۇرۇس، ئۇنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ئۆز ۋىجدانىنىڭ بۇيرۇ-
قى بويىچە چىن قەلبىدىن سۆيگەن ئاشىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ساپ
مۇھەببىتى ئۈچۈن نىكاھلىق ئېرىگە ساتقۇنلۇق قىلدى، مۇنداقچە
ئېيتقاندا مەجبۇرىي نىكاھقا جەڭ ئېلان قىلدى! بۇ، ئۇنىڭ
قەلبىدىكى ۋىجدان ئاتلىق قانۇن. ئەمما بىزنىڭ قانۇنىمىزدا —
قانۇن ۋىجداننى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئۇنىڭ
ۋىجدانىمۇ قانۇننى ئېتىراپ قىلمايدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟
ئۇنى گۇناھكار دېسەم نېمىشقىدۇر كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى ئۇنىماي-
دۇ، بۇ مەندە تۇنجى قېتىم كۆرۈلۈۋاتقان پىسخىك ھالەت.
ئۇنىڭغا ياردەم قىلاي دېسەم ئۇنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى، سوغۇق مۇئا-
مىلىسى مېنى قاتتىق بىئارام قىلىدۇ.
— ئەگەر مەن يۈز - ئابرۇيۇمنىڭ تۆكۈلۈشىنى دېمىگەن
بولسام ھەرگىز ئالدىڭىزغا كەلمەيتتىم، ئاتا - ئانامنىڭ ئۆمۈر-
لۈك دەردنە قېلىشىنى ئويلىمىغان بولسام ھەرگىز سىزنى ياردەم-
گە چاقىرمايتتىم. مانا بۇلارمۇ ۋىجدانەن قىلىنىۋاتقان ئىشلار.
ئەمدى ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭمۇ ئىچى تىت - تىت بولۇ-
ۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.
— مەن گەپلىرىڭىزنى چۈشىنىۋاتىمەن ھەم ئارىسالدىلىقتا
قېلىۋاتىمەن، — دېدىم مەن ئوچۇق گەپنى ئېيتىپ، — ئەگەر
مەن سىزگە تەلىپىڭىز بويىچە ياردەم قىلسام قانۇنغا يۈز كېلەل-
مەيمەن، ياردەم قىلغان ھالەتتىمۇ كېيىن بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ

قالسا، ھەر ئىككىمىزگە ياخشى بولمايدۇ. ياردەم قىلماي دېسەم سىزگە ئېچىنىۋاتىمەن.

— سىز دېگەن ساقچى، بۇنداق ئىشلاردا نېمىلا دېسىڭىز سىزنىڭ ھېساب بولىدۇ. قېنى، قايسىغا تۇرىسىز؟ يا ياق، يا ھە دەڭ.

ئۇنىڭ ئۆكتەملىك بىلەن قىلغان بۇ سۆزلىرى ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىۋەتتى. مەن ئۇنىڭ ماڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلماسلىقىنى، ماڭا بىر قېتىم بولسىمۇ يالۋۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

— ئەگەر پۇل ئالماقچى بولسىڭىز، قانچىلىك دېسىڭىز بېرەي، — دېدى ئۇ مېنىڭ باشتىن - ئايىغىمغىچە بىر قۇر قارىۋېتىپ.

— سىز ماڭا قانچىلىك پۇل بېرەلەرسىز؟ — دېدىم غۇژژىدە كەلگەن ئاچچىقىمنى زورىغا بېسىپ، مىيىقىمدا كۈلگىنىمچە.

— قانچىلىك دېسىڭىز شۇنچىلىك.

ئۇنى شۇ ھامان ياتىقىمدىن تىللاپ چىقىرىۋەتكۈم كېلىپ كەتتى. ئەمما قانداقتۇر بىر يېڭىپ بولماس ھېس - تۇيغۇ مېنى ئۇنىڭغا قوپال تېگىشتىن قەتئىي توسۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ماڭا نېمىشقىكىن بارغانچە سۆيۈملۈك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. تۇساتتىن: «مەن ئۇنىڭغا چوقۇم ئېرىشىمەن!» دېگەن خىيال كاللامغا قېقىلغان پولات مىختەك ئورناپ قالدى.

— ماڭا سىزنىڭ پۇلىڭىز كېرەك ئەمەس، — دېدىم مەن.

— ئەمىسە نېمە كېرەك؟

— بىلمەيمەن.

مەن: «سىز كېرەك» دېمەكچى بولغان بولسامۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئالدىدا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماسلىقنى ئويلاپ يۇقىرىقى جاۋابنى بەردىم.

— چۈشەندىم، — دېدى ئۇ بېشىنى لىڭشىتقاچ سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ.

ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى شۇنچىلىك مەنىستىمەسلىك، ئاچچىق كىنايە تۇسىنى ئالغانىدىكى، مەن نومۇستىن دىر ـ دىر تىترەپ كەتتىم… شۇنداقلا يەنە ئۇنىڭغا چەكسىز ئامراقلىقىم كېلىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا ئۇ شاقلا كەينىگە بۇرۇلۇپ تېز ـ تېز ماڭغىنىچە ئىشىكنى چوڭ ئېچىۋېتىپ چىقىپ كەتتى.

ئىختىيارسىز ئۇنى چاقىرىۋالغۇم، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سو-رىغۇم، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ياردەم قىلغۇم كېلىپ كەتتى. لېكىن، قانداقتۇر بىر كۈچ (ئەرلىك غۇرۇرۇم بولسا كېرەك) مېنى تىزگىنلەپ قالدى.

مەن بۈگۈن قانداقسىغا مۇشۇ هالغا كېلىپ قالغىنىمنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدىم. بەلكىم ئاشۇ ئايالنىڭ گۈزەللىكى… بەلكىم ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەن… ئاشۇنداق بىر ئېرى بار ئايالنى؟… ئېرى بولسا نېمە بوپتۇ؟…

ئەنە شۇنداق ئەبجەش خىياللار كاللامنى قوچۇۋەتتى. شۇ كۈنى كەچلىك رازۋېدكا ۋەزىپەم بار ئىدى، ئۇنىڭغىمۇ بارمىدىم. كېچىچە ئاشۇ ئايالنى ئويلاپ ئۇخلىيالمىدىم…

ئەتىسىدىن باشلاپ كۆڭلۈم چەكسىز پەرىشانلىق ئىلكىدە يۇرىدىغان بولۇپ قالدىم، هاراققا ئۆگەندىم. دېمىسىمۇ ها-راق ئاز ـ تولا كەيپىمنى كۆتۈرگەندەك، ماڭا تەسەللى بەرگەندەك قىلاتتى. «ئۇ ئايال نېمە ئۈچۈن مېنى ئىزدەپ كەلدى؟ مەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدىمۇ قانداق؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىلا ئويلايمەن؟…» دېگەن خىيال خۇددى باهار قارلىغاچلىرى ئۆيگە ئۇۋا ياسىۋالغاندەك كاللامغا مەهكەم چاڭگا تىزىۋالغانىدى. شۇڭا مەندە ئۇنى ئىزدەپ تېپىش ئىستىكى كۈنسايىن كۈچىيىشكە باش-لىدى. بۇخىل ئىستەك كۈچەيگەنسېرى قەلبىم قانداقتۇر ئۈمىد-لەرگە تولۇپ، ئۇنى تاقەت قىلىپ بولمايدىغان بىر خىل هېسسى-ياتتا سېغىنىشقا باشلىدىم.

ئۇ ياتىقىمدىن چىقىپ كەتكىلى ئۈچ كۈن بولدى. لېكىن

بۇ ئۈچ كۈن ماڭا ئۈچ يىلدەك بىلىنىپ كەتتى. ئۈچىنچى كۈنى
مەن ئۇنى ئىزدەش قارارىغا كەلدىم ـ دە، ئەتىگەندىلا ياتىقىمدىن
چىقىپ كەتتىم. ئۇنى نەدىن تاپىمەن؟ ئۇنىڭ قايسى مەھەللىدىلى-
كىنى، قايسى قوروۋدا ئولتۇرىدىغانلىقىنى بىلمىسەم، ھەتتا ئۇ-
نىڭ ئىسمىنىمۇ سورىۋالمىغان تۇرسام... ھە، راست، ئۇ بىر
كېچىدىلا مېنىڭ چوڭ بىر ئوغرىلىق دېلوسىنى پاش قىلغىنىمنى
ئاڭلىغانلىقىنى، شۇ چاغدا مېنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى
ئېيتقان، ئۇ قايسى مەھەللە بولغىيدى؟... ھە، ئېھتىمال ھېلىقى
«بۆشۈكئاستى» مەھەللىسى بولسا كېرەك. ئۇ مەھەللە شەھەر-
نىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمىي مەھەللىغۇ... شۇ خىياللار بىلەن كۆڭ-
لۈم ۋاللىدە يورۇغاندەك بولدى، بۇ يورۇش بىر خىل ئۈمىدنىڭ
چېقىنىدىشى ئىدى.

مەن شەھەر كوچىسىدا نىشانسىز كېتىۋاتقان قەدىمىمنى،
ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئاياللارغا چېكەتكىدەك قادىلىپ قېلىۋاتقان
كۆزلىرىمنى بىردىنلا ئۆز تىزگىنىمگە ئېلىپ، شەھەرنىڭ جەنۇ-
بىنى كۆزلەپ يۈرۈپ كەتتىم...

بۆشۈكئاستى مەھەللىسىگە يېتىپ كېلىپ، يول بويىدىكى
قوروۋلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدىم، دېرىزىلەر-
گە تەلمۈرۈپ قارىدىم. يولدىن ئۆتكەنلەرنىڭ بەزىلىرى ماڭا ھەي-
رانلىق نەزەر بىلەن، يەنە بەزىلىرى يوچۇن نەزەردە قارىشىۋاتات-
تى. بۇنىڭدىن مەن ئۆز ھەرىكىتىمنىڭ بەكلا ئاشكارا بولۇپ
كەتكىنىنى، كىشىلەردە ھەرخىل گۇمان قوزغاپ قويۇۋاتقانلىقى-
نى ھېس قىلىپ قالدىم ـ دە، ئۆزۈمدىن خىجىل بولۇپ قالدىم،
يۈزۈم ۋىللىدە قىزىغاندەك بولدى، ئۆزۈمدىن ئۆزۈم خۇدۇكسى-
رەپ تەرلەپ كەتتىم، مېڭىۋاتقان پۇتلىرىم قولاشمايۋاتقاندەك
بىلىندى. شۇڭا مەن يول بويىدىكى ئۆيلەرنى «رازۋېدكا» قىلىش-
نى ئامال بار چاندۇرماسلىققا تىرىشتىم. تۇرۇپلا «مەن دېگەن
ساقچىغۇ، ئۇچامدىمۇ ساقچى فورمىسى بار. خەق ھەرقانچە

گۇمانلانسىمۇ مېنى چارلاش قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ ياكى بىرەر گۇمانلىق ئادەمنى ئىزدەۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالار. مېنىڭ شۇ بىر ئايالنى ئىزدەۋاتقىنىمنى كىممۇ يادىغا كەلتۈرسۇن؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن يەنىلا ئەسلىدىكىدەك «رازۋېدكا» قىلىشنى باشلىۋەتتىم.

بۇ كوچىنى بويلاپ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە تەكرار ئۈچ قېتىم مېڭىپ چىقتىم. لېكىن ئۇ ئايالغا ئوخشايدىغان بىرەر ئايالنىمۇ ئۇچراتمىدىم. كۆڭلۈم غەشلىككە تولدى، ئۈمىدسىزلىك ۋۇجۇدۇمنى قايتىدىن ئىسكەنجىلەشكە باشلىدى. شۇ تاپتا مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىمنى، ئۇنى زادى نېمە مەقسەتتە ئىزدەۋاتقانلىقىمنى ئېنىق بىلمەيتتىم. ئەمما بۇنىڭ بىرخىل تەۋەككۈلچىلىك، بىمەنە ھەرىكەت، روھىي سەۋدايىلىق ئىكەنلىكىنى ئازراق ھېس قىلىپ تۇراتتىم. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ ئايال مېنى سېھىرلىۋالغانىدى، ئەمما مېنىڭ ئۇنىڭغا سېھىرلىنىشىم سېپى ئۆزىدىن بىر ئەخمەقلىقتۇ ئاخىر... ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى، ئۇنى قوشنىلىرى ۋە ئېرى ئالدىدا ئاقلاپ چىقماقچى. مەن چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، ئۇ شۇنداق قىلىشقا ئەرزىگۈدەك ئايال. مەن ئۇنى تاپسىلا: «ئۇنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرگەن، ئۇ ئوغرىنى سېزىپ قېلىپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارغان، ئەتىسى بۇ ئىشنى بىزگە مەلۇم قىلغان» دەپ پۈتۈن ئەلە ـ مەھەللىگە جاكارلايمەن. شۇ چاغدىلا ئۇ ئايال ماڭا گۈلدەك ئېچىلىپ تەزىم قىلىدۇ، ئاندىن... ئاندىن مەن ئۇنى... ئاھ! مۇھەببەت دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ.

ئىلگىرى مەن ھېكايە ـ رومانلاردىن ياش قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ئاجايىپ رومانتىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى ئوقۇغان چاغلىرىمدا، بۇ دېگەن كىتابتىكى ئىشلار، رېئاللىقتا نەدىمۇ ئۇنداق ئىشلار، ئۇنداق ياخشى كۆرۈشلەر بولسۇن دەپ پەرۋايىمغىمۇ ئالماي يۈرۈپتىكەنمەن. مانا ئەمدى شۇنداق سەۋدا مېنىڭ

بېشىمغا چۈشكەندەك قىلىدۇ، يا ھەزرەت، نېمانچە ئازابلىق ئىشتۇر بۇ! ··· ئەپسۇس، ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ ئايال بۇ كەمگىچە غەيۋەت - شىكايەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەنمىدۇر؟ ئېرى قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى مەھەللىداشلىرىدىن ئاڭلىغان بولسا ئۇنى نېمىلەر قىلىۋەتكەندۇر؟ ياق - ياق، ھېچكىم ئۇنى نەق مەيداندا تۇتۇۋالمىغان تۇرسا، ئېرىنى ئىشەندۇرەلمەيدۇ.

مەن زىددىيەتلىك ئوي - پىكىرلەر قاينىمىدا خۇددى بىر تال ئەخلەتتەك بىر چۆكۈپ، بىرلەيلىگىنىمچە، دەرۋازىسى ئالدىغا بىر تۈپ چىنار دەرىخى تىكىلگەن بىر قورۇنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئۆزۈمچىلا توختاپ قالدىم. قانداقتۇر بىر تۇيغۇ مېنى بۇ قورۇغا باغلاپ قويۇۋاتاتتى. مەن قورۇغا ئىنچىكە نەزەر تاشلىدىم، خىش بىلەن سېلىنغان بىر يۇرۇش ئۆيلەرنىڭ تېمىغا بىر تەكشىلىكتە تۇتاشتۇرۇلغان قورۇ تېمىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن يېشىل سىردا سىرلانغان قوش قاناتلىق تۆمۈر دەرۋازا ئېلىنغاندى. دەرۋازا ئىچىدىن مەھكەم تاقالغان بولۇپ، ماڭا گويا بىز جىنايەتچىلەرنى ئايرىپ سولايدىغان تۈرمىنىڭ دەرۋازىسىدەكلا بىلىنىپ كەتتى. قورۇ تامىنىڭ بىر ئۇچىغا تۇتاش سېلىنغان بىر يۇرۇش ئۆيلەرنىڭ چوڭ يول تەرەپكە قارىغان تېمىغا بىرنەچچە تۆمۈر دېرىزىلەر ئورنىتىلغان بولۇپ، دېرىزە ئەينەكلىرىدىن ئاق رەڭلىك تور پەردىلەر ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن ئاشۇ دېرىزىلەرگە خۇددى تۈن كېچىدە ئازغىنىپ قالغان يولۇچى قۇياشنىڭ چىقىشىغا زارىقىپ شەرق ئۇپۇقىغا تەلمۈرگەندەك تاقەتسىزلىك ئىچىدە تەلمۈرۈپ قاراشقا باشلىدىم. ئۆز تۇيغۇمدا بۇ ئۆي ئاشۇ ئايالنىڭ ئۆيى دېگەن ئۇقۇم بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. بىردىنلا كاللامغا «بەلكىم ئۇ ئاشۇ يېشىل دەرۋازىدىن ھېلىلا چىقىپ قېلىشى مۇمكىن، مېنى دېرىزىنىڭ تور پەردىسىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ چوقۇم كۆرۈپ بولدى» دېگەن پىكىر كەلدى،

كۆزۈمنى مىتمۇ قىلماستىن دېرىزىدىن ئۈزمىدىم. بۇ چاغدا: «چۆچەكلەردىكى سېھىرلىك ئادەملەردەك قۇشقا ئايلىنالىسام، تام ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرسەم، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا يەنە ئۆز ئەكسىمگە قايتسام، ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىنى قانغۇچە تاماشا قىلسام، ئۇنىڭغا قەلبىمنى ئىزھار قىلسام...» دېگەندەك شېرىن خىيال ماڭا ھەمراھ بولدى. ئاشۇ شېرىن خىيالنىڭ تۈرتكىسىدىنمىكىن، مۇھەممەد نىياز بىننى ئابدۇغوپۇرنىڭ «قىسسەسۇل غەرايىپ» ناملىق ئەسىرىدىكى «يار جامالى» دېگەن مۇنۇ كلاسسىك ئىبارىلەر ئېسىمگە كېچىپ قالدى:

«بىر كۈنى مەجنۇن تولۇپ تاشقان ئاشىقلىق سەۋدايىلىقى بىلەن لەيلىنىڭ كوچىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ، قەلبىدە ئىشق ئوتى يالقۇنلىغان مەستانە ھالەتتە بولۇپ، ئۇچرىغانلىكى تام - توسۇققا سۆيۈپ، كۆزلىرىدىن قانلىق ياشلارنى تۆكەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن:

— ئەي مەجنۇن، تام - توسۇققا سۆيگەن بىلەن ھېچ ئىش ھاسىل بولمايدۇ. تاش تاملاردا مەشۇقۇڭ جامالىنىڭ ئەكسى كۆرۈنمەيدىغان تۇرسا، ئۇنى سۆيۈشۈڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراشتى.

مەجنۇن قەسەمياد قىلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن سەمىمىي نىيەت بىلەن لەيلىنىڭ كوچىسىغا قەدەم قويدۇم. شۇڭا لەيلىنىڭ جامالىدىن باشقا نەرسە كۆز ئالدىمغا كەلمەيدۇ. نەزمە:

*كويىدا گەر كۆرمىسەممۇ ئۇنى مەن،*
*يار يۈزى دەپ تامنى كۆزگە سۈرىمەن.*
*بولمىسا گەر لەيلىنى سۆيمەك نېسىپ،*
*تۇپرىقىنى سۆيىمەن لەيلى بىلىپ.*

*لەيلىدۇر لەيلى كويىدا ھەممىسى،*
*ئاندا چۈشمەس كۆزگە ئۈندىن ئۆزگىسى.*

*بولسىمۇ يۈزلەرچە كۆز مەندە ئەگەر،*
*ھەر كۆزۈم يولىدا يۈزلەپ تەلمۈرەر.*
*ھەرقاچان باقسا ماڭا ئۇ بىر قىيا،*
*پادىشاھ بولغانغا تەڭدۇرمەن گادا.»*

«مەن مەجنۇن...» دەپ پىچىرلىدىم ئۆزۈمگە. ئاشۇ كلاسسىك ئىبارە ئېسىمگە كېلىشى بىلەنلا ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ يېشىل دەرۋازىلىق قورۇدىكى «لەيلى»نىڭ «مەجنۇن»ىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى روشەن ھېس قىلدىم. ئەمدى ئۆزۈمنى باياتىن بىمەنە ئىش قىلىۋاتىمەن، دەپ ئەيىبلىگىنىمگە ئېچىندىم، ئېچىنىش ئىچىدە قاتتىق ھاياجانغا چۆمدۈم، مېڭەم ئوتتەك قىزىپ كەتتى. بۇ قىزىش يازنىڭ تومۇز ئاپتىپىدىنمۇ ياكى ھېسسىياتىمنىڭ قېنىمنى ئۆركەشلىتىۋاتقىنىدىنمۇ بىلمىدىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئاجايىپ شېرىنلىككە، ئىپتىخارلىققا ئەسىر بولغانىدى. بەلكىم بۇ «مەجنۇن» بولالىغانلىقىمنىڭ ۋەسۋەسىسىدۇر.

دېرىزىگە سىجىل قاراۋېرىپ كۆزلىرىم تېلىپ كەتتى، پۇتلىرىم سىرقىراشقا باشلىدى. لېكىن بۇنىڭغا چىداشلىق بېرەلەيتتىم. مەجنۇن لەيلىنىڭ ئىشقىدا تام - توسۇقلارغا سۆيۈپ يۈرگەن تۇرسا، ئۇنىڭ ئالدىدا مېنىڭ بۇ كىچىككىنە رىيازىتىم نېمىتى؟

— ساقچى ئاكا، بىرىنى ئىزدەمسىز؟

قۇشتەك ۋىچىرلىغان بۇ ئاۋاز دىققىتىمنى بۆلىۋەتتى. ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرۇلدۇم، بويىنىغا قىپقىزىل پىئونېرلار گالستۇكى تاقىغان توققۇز - ئون ياشلاردىكى بىر ئوقۇغۇچى دۇمبى-

سىگە ئېسىۋالغان ئېغىر سومكىنىڭ بېسىمىدىن ئالدىغا مۈكچەيـ. گىنىچە ماڭا قاراپ تۇراتتى.

— ھە، مۇشۇ ئەتراپتا بىر سودىگەر ئادەمنىڭ ئۆيىنى ئىزدە. ۋاتاتتىم.

— روزاخۇن باينىڭ ئۆيىنى دەۋاتامسىز؟

— ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىكەنمەن.

— بۇ مەھەللىدە شۇ بىرلا ئادەمنى باي دەپ ئاتايدۇ، لېكىن ئۇ بەك پىخسىق ئادەم. لەيلى ھەددەممۇ ئۇنى شۇنداق دەيدۇ.

— لەيلى دېگىنىڭ كىم؟

— ئاشۇ روزاخۇن باينىڭ خوتۇنى بولمامدۇ. ئۇ ئاچاش دېگەن بەك چىرايلىق. ئاۋۇ چاغدا ئۇ بىزنىڭ مەكتەپتىكى كەمبە. غەل باللارغا جىق دەپتەر، قەلەم ئېلىپ بەرگەن تېخى. ئۇنىڭ ئۆيى مۇشۇ شۇ.

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم جىغىدە قىلىپ قالدى. تۇيغۇم مېنى ئالدىمىغانىدەك قىلاتتى، بالا دەۋاتقان «چىرايلىق ئاچاش» چوقۇم ئاشۇ ئايال! ئەمما ئۇنىڭمۇ ئىسمىنىڭ «لەيلى» بولۇپ قېلىشىنى پەقەتلا ئويلىمىغانىكەنمەن. قارىغاندا، تەڭرى بۇ ئىشتا ماڭا شاپائەت قىلغان چېغى...

— ئاكا، ئۇلارنى مەن سىزگە چاقىرىپ بېرەيمۇ؟ — دېدى يەنە ئۇ بالا ئېغىر سومكىسى كەينىگە يەڭدەپ كېتىۋاتقان مۈرىسى. نى لىككىدە قېقىپ قويۇپ.

— رەھمەت، ئىنىم، سەن بەك ياخشى ئوقۇغۇچى ئىكەن. سەن، ئەمدى ئۆيۈڭگە قايتقىن، چۈشلۈك تامىقىڭ سوۋۇپ قال. مىسۇن يەنە، — دېدىم مەن چاقچاق ئارىلاش.

ئۇ بالا ماڭا پىئونېرلارچە چاس بېرىۋېتىپ يولىغا مېڭىپ كەتتى. مۇشۇ چاغدىلا مەن قورسىقىمنىڭ ئېچىپ پىژىلداۋاتقىنىنى، ئەتىگەندە گېلىمدىن تاماق ئۆتمىگەچكە تۈزۈك ناشتىمۇ قىل. مىغانلىقىمنى ئېسىمگە ئالدىم.

قانداقلا بولمىسۇن ئاشۇ بالا يەتكۈزگەن خەۋەر غەش كۆڭ-
لۈمنى خۇشاللىققا چۆمدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، سەل يەڭگىللەپ
قالغاندەك بولدۇم ـ دە، غىزالىنىڭپىلىش ئۈچۈن كوچىنىڭ ئۇ
تەرىپىدىكى ئاشپۇزۇلغا قاراپ ماڭدىم.

ئاشپۇزۇل يېشىل دەرۋازىلىق قورۇنىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقا-
نىدى، ئاشپۇزۇل بىلەن قورۇنى ئوتتۇرىدىكى چوڭ يوللا ئايرىپ
تۇراتتى. مەن تاماق يەۋېتىپمۇ ئاشپۇزۇلنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇ-
دۇلدىكى يېشىل دەرۋازىلىق قورۇغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردۇم.
تامىقىمنى ئەمدىلا يەپ بولۇپ تۇرۇشۇمغا، بېشىغا ئاق شاپاق
دوپپا كىيگەن، بويى تەمبەل كەلگەن، ئون كىلولۇق تاۋۇزدەك
قورسىقى ئالدىغا تومپايغان ئاشپەز ئۇستام ئىرغاڭلاپ ماڭغىنىچە
يېنىمغا كەلدى ـ دە، قۇلىقىمغا پىچىرلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ساقچى ئۇكام، ئاڭلىدىڭىزمىكىن، ئاۋۇ ئۇدۇلدىكى قو-
رۇدا نەچچە كۈن ئىلگىرىلا بىر سەتچىلىك يۈز بېرىپتۇ.

— نېمە سەتچىلىك؟ — مەن چىرايىمنىمۇ ئاچماستىن
سورىدىم.

— ئاشۇ قورۇدىكى روزاخۇنباينىڭ خوتۇنى لەيلى سەتەڭ
كېچىدە بىر يات ئەر بىلەن زىنا قىلغانمىش! بۇ ئىش هازىر
پۈتۈن مەھەللە ـ كويغا تارقىلىپ كەتتى، بۇنداق ئىشلار قانۇن-
نىڭ سىرتىدا قالسا بولمايدۇ جۇمۇسىلا.

— ئۇ ئايالنىڭ زىناخورلۇق قىلغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن
كۆرۈپ، نەق ئۈستىدىن تۇتۇۋالغانلار بارمىكەن؟

— ئۇ تەرىپىنى بىلمىدۇق، لېكىن ھەممىلا ئادەمنىڭ
ئاغزىدا شۇ گەپ، ئىشقىلىپ، شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭ-
شىمايدۇ ـ دە!

— قۇرۇق گەپ! — مەن شۇ سۆز بىلەن تەڭ شىرەنى بىرنى
ئۇرۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم، — ھەممىسى تۆھمەت، بۇن-
داق ئاغزىمىزغا كەلگەننى جۆيلۈپ بىگۇناھ بىر ئايالغا ئۇۋال

قىلمايلى. ئۈلۈشكۈن كېچىدە ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپ-
تىكەن، ئۇ ئايال ئوغرىنى سېزىپ قېلىپ، قولىغا پىچاق ئېلىپ
ئوغرىغا ھەيۋە قىلغانىكەن، ئوغرى قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئايال
ئەتىسى بۇ ئىشنى بىزگە مەلۇم قىلغان، نەچچە كۈندىن بېرى
بىز ئاشۇ ئوغرىنى ئىزدەۋاتىمىز. بىلىپ قويۇڭ، ئۇستام، بۇ-
نىڭدىن كېيىن ئاشخانىڭىزغا كىرگەنلەرگە ئۇنداق پىتنە - پاساد-
لىق بوھتان سۆزلەرنى تەشۋىق قىلماي، مېنىڭ دېگىنىمنى سۆز-
لەڭ. بىر ئادەمگە تۆھمەت قىلىشىڭىزمۇ جىنايەت ھېسابلىنىدىغان-
لىقىنى بىلىدىغانسىز؟

ئاۋازىم بەك قاتتىق چىقىپ كەتتىمۇ ياكى ئۇ مەندەك بىر
ساقچىدىن چۆچۈدىمۇ، كۆزلىرى پىيالىدەك كېرىلىپ قېتىپلا
قالدى. مەن تاماقنىڭ پۇلىنى شىرەگە تاشلاپ قويۇپ سىرتقا
قاراپ ماڭغان چېغىمدىلا، ئاشپەز ئۇستام زۇۋانغا كېلىپ:

— خوش، دېگەنلىرىدەك قىلىمەن، ساقچى ئۇكام، — دېدى
ئىشىككىچە ئارقامدىن ئەگىشىپ چىقىپ.

مەن ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدىم، ئەمما ئىچىمدە: «قانداقلا
بولمىسۇن ئۇ ئايالنى ئاقلاپ چىقتىمغۇ، ئاشپۇزۇلدا تاماق يەۋات-
قانلارنىڭ ھەممىسى گېپىمنى ئاڭلىدى. ئۇلار ساقچىنىڭ سۆزىگە
ئەلۋەتتە ئىشىنىدۇ!» دەپ ئويلىدىم - دە، ئېيتقۇسىز خۇشاللىق-
قا چۆمدۈم، كەيپىممۇ خېلىلا ياخشىلىنىپ قالدى. نەق مەيداندا
ئاشۇ ئايال بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە؟

مەن چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ يېشىل دەرۋازىلىق قورۇ-
نىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىمنى بىلمەيلا قاپتىمەن. ئەمدى دەرۋا-
زىنى ئۇرۇپ ئۇ ئايالنى چاقىرىپ، بايا ئاشپۇزۇلدا بولۇپ ئۆتكەن
ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ، كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىشنى ئويلى-
دىم. لېكىن دەرۋازىنى قېقىش ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن قولۇم ئىخ-
تىيارسىز پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە،
مەن سىزنى ئاقلاپ چىقتىم، دېسەم، ئۇ ئايال مەندىن خۇش

بولارمۇ؟ ياق، ئۇ بىر جاھىل، تەكەببۇر ئايال، بەلكىم ئەكسىچە ماڭا نەپرەتلىنىشى، يەنە ماڭا مەنسىتمەسلىك نەزەر بىلەن قاراپ سوغۇق كۈلۈپ قويۇشى مۇمكىن. ئەمدى قانداق قىلاي؟ بۇ يەردە يەنە تۇرۇۋەرسەم خەقتە باشقىچە گۇمان پەيدا قىلىپ قويۇشۇم مۇمكىن.

— ساقچى ئەپەندىم، ئەجەب بۇ زى... زىناخور ئايالنىڭ ئە... ئىشىكى ئالدىدا مۆڭ... مۆڭلىنىپ تۇرۇپ كېتىپتۇققۇ؟... سى... سىلىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ھې... ھېلىقىدەك... ھى، ھى، ھى...

ئۆزى پۈزۈر كىيىنىۋالغان، ئەمما ئوبدانلا مەست بولۇپ قالغان بىر يىگىت يېنىمغا كېلىپ ئەنە شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ماڭا تولىمۇ ھاقارەتلىك تۇيۇلۇپ كەتتى ـ دە، ئۆزۈممۇ سەزمەستىن ئۇنى بىر تەستەك سېلىۋەتتىم. ئۇ كەينىگە بىرنەچچە قەدەم دەلدۈگۈنۈپ كېتىپ ئۆزىنى ئاران توختىتىۋالدى، ئاندىن مېنىڭ باش ـ ئايىغىمغا غەلىتە بىر نەزەردە قاراپ قويۇپ دىمىغىدا ئاچچىق بىر كۈلدى ـ دە:

*«ھەي سۆيۈملۈك ساقچى،*
*سەۋەبسىزلا ئۇرمىغىن مېنى.»*

دېگەن ئىككى مىسرا شېئىرنى غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا ئوقۇۋېتىپ، ماڭا قەھرى بىلەن تىكىلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش لۆممىدە سىرغىپ چىقىپ مەڭزىنى بويلاپ پەسكە ئېقىپ كەتتى. ئۇ نېمىشقىدۇر بېشىنى چايقاپ قويۇپ، ئارقىغا بۇرۇلۇپلا دەلدەڭلىگىنىچە كېتىپ قالدى.

شۇ ئەسنادا، ئۇ ئوقۇغان ئىككى مىسرا شېئىرنىڭ دوستويېۋىسكىنىڭ «جىنايەت ۋە جازا» ناملىق رومانىدىكى بىر ناخشا ئىكەنلىكى ئېسىمگە كەلدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئاشۇ قەھرلىك كۆز-

لىرىدىن دومىلاپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياش قايتىدىن كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. بىردىنلا يۈرىكىم ئاغقاندەك بولۇپ، بىلىپ - بىلمەي پۈراپ قالغان گۆشنى يەپ قالغان ئادەمدەك كۆڭلۈم پاراكەندە بولۇپ كەتتى. ئۇنى ئۇرغان قولۇم كۆيۈشكەندەك بولۇپ، قەلبىمدە ئۆز - ئۆزۈمنى ئەيىبلەش تۇيغۇسى غىليان كۆتۈردى. مانا بۇ ۋىجدانىي ئازاب ئىدى!

مەن ھېلىقى ئايالنىڭ — لەيلىنىڭ ياتىقىمدا ماڭا نەقىل كەلتۈرۈپ ئېيتقان سۆزىنى ئىختىيارسىز پىچىرلىدىم. «دىلىمىزدا ياشايدىغان ۋىجدان قانۇن دەپ ئاتىلىدۇ...»

مەن بېشىمنى ئاستا كۆتۈرۈپ يېشىل دەرۋازىغا، ئاندىن تورپەردىلىك تۆمۈر دېرىزىلەرگە قاراپ قويدۇم - دە، كەينىمگە بۇرۇلۇپ چوڭ يولغا قاراپ ماڭدىم. قەدەملىرىم مەلۇم بىر قاۋاقخانىنى نىشانلاپ كېتىپ باراتتى...

## 2

مەن بىر ياقتىن خىزمەت قىلغاچ، بىر ياقتىن ئۇ ئايال بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىنى ئىزدەپ يۈردۇم، ئاخشاملىرى قاۋاقخانا بىلەن هاراق ماڭا ھەمراھ بولدى. ئەمدى ھەر ئاخشىمى ئۆزۈمگە مۇنداق دەپ پىچىرلايدىغان بولۇپ قالدىم: «مەن ئۆزۈم خېلى- خېلى يىگىتلەردىن چىرايلىق، كېلىشكەن. ئەمما نېمە ئۈچۈن مەن سۆيگەن چىرايلىق ساھىبجامال مېنى سۆيمەيدۇ؟ ماڭا نېمە ئۈچۈن باشقىچە نەزەردە قارايدۇ؟ توغرا، مەن پەقەت، پەقەتلا چىرايلىق، خالاس... مەن ھەرگىزمۇ جاھاندىكى تەڭداشسىز چىرايلىق يىگىت يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ياكى قەدىمكى رىمدا ئۆتكەن داڭلىق چىرايلىق ئادەم — ئانتىنوس ئەمەس ھەم ئۇلاردەكمۇ بولالمايمەن. ئۇلاردا بار پەزىلەت مەندە يوق...»

مەن ئۆزۈمنى ئەنە شۇنداق ئەيىبلەيدىغان بولۇپ قالدىم.

بىلىپ تۇرۇۋاتىمەنكى، بۇ مەندىكى روھىي چۈشكۈنلۈك ئىدى. بۇ چۈشكۈنلۈكنىڭ يىلتىزى ئاشۇ ئايال — لەيلى، ئاندىن قالسا، مەن بىر تەستەك ئۇرغان ھېلىقى مەست يىگىت ئىدى. لەيلى مەندەك بىر ناتونۇش ئادەمگە ئىشىنىپ ياردەم سوراپ بارسا، نەق شۇ ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلالمىدىم. گەرچە بىر ئادەم ئۈچۈن باشقىلارغا ياردەم قىلىشتىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق بولمايدى-غانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ ئۇنى نائۈمىد قويدۇم. شۇنداق تۇ-رۇقلۇق يەنە تېخى ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدىم. ھەقىقىي ئاشىق-لىق، ئەلۋەتتە ئۆزىنى مەشۇقى ئۈچۈن قۇربان قىلىشتا ئىپادىلى-نەتتى، ئەپسۇسكى، مەن ھالقىلىق پەيتتە شۇنداق قىلالمىدىم. مەن نېمىدېگەن يارىماس ـ ھە! ھېلىقى مەست يىگىتنىمۇ بىھۇدى-لا بىر تەستەك ئۇرۇپ سالدىم. ئەگەر مېنىڭ ئورنۇمغا ئۇ يىگىت ساقچى بولۇپ، مېنى بىكاردىنلا بىر تەستەك ئۇرغان بولسا مەن قانداق قىلار ئىدىم؟ مەن ساقچى بولغاندىن بۇيان قانچىلىك ئادەمنى ئۇرغاندىمەن؟ بۇ ساقچىلىق ئىستىلىمغا ماس كېلەمدۇ؟

مەن ئەنە شۇنداق ۋىجدان ئازابىدا قالدىم. فرانسىيە يازغۇ-چىسى بالزاك: «ۋىجدان ئازابىنى بىلىدىغان ئادەم ھەقىقىي جىنا-يەتچى بولالايدۇ. چۈنكى شۇنداق ئادەملەردىلا ئار ـ نومۇس بولى-دۇ» دەپ يازغانىكەن. مەن ۋىجدان ئازابىنى بىلدىم، ۋىجدانىم ئالدىدا ھەقىقىي جىنايەتچىگە ئايلاندىم ھەم ئۆزۈمنىڭ ۋىجدان سوتى ئالدىدا بىر جىنايەتچىگە ئايلانغانلىقىمنى تونجى قېتىم ئېتى-راپ قىلدىم. دېمەك، مەندە ئار ـ نومۇس بار ئىكەن!

مەن ئەنە شۇ ئار ـ نومۇسنىڭ كۈچى بىلەن لەيلى ئىسىملىك ئاشۇ ئايالغا قارىتىپ مۇنداق بىر پارچە خەت يازدىم:

«لەيلى، سالامەت تۇرۇۋاتامسىز؟ مەن سىزنىڭ ئىسمى-ڭىزنىڭ لەيلى ئىكەنلىكىنى بىر ناتونۇش ئوقۇغۇچىدىن بىلى-دىم. سىزمۇ بىلىشىڭىز كېرەككى، مەن سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا

ۋاقىتسىز كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىۋاتقان «مەجنۇن» مەن. بەل-
كىم ئېرى بار ئايالغىمۇ ئاشىق بولۇپ قالىدىغان ساراڭ ئى-
كەن، دەپ ئويلاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئەجەبا سىزمۇ ئېرى-
ڭىزنى پەسەنتىڭىزگە ئالماستىن تۇنجى سۆيگەن يىگىتىڭىز
بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپسىزغۇ؟ مېنى كەچۈرۈڭ، بۇنداق دې-
يىش ئارقىلىق مەن سىزنىڭ قەستەن يېغىرىڭىزنى تاتىلماق-
چى، غۇرۇرىڭىزغا تەگمەكچى ئەمەسمەن. شۇنى بىلىپ قېلىڭ-
كى، ھەقىقىي سۆيگۈ ئەنە شۇنداق ئۇنتۇلماس، تاسادىپىي ھەم
تەلۋە بولىدىكەن. بۇنىڭغا ھەر ئىككىمىزنىڭ تەقدىرى ئورتاق.
مەن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم سىزنى شۇ دەرىجىدە ياخشى كۆ-
رۈپ قالدىمكى، بۇ سەۋدايىلىق خۇددى سىزنىڭ ھېلىقى يىگى-
تىڭىزنى بارلىقىڭىز بىلەن سۆيگىنىڭىزگە ئوخشايدۇ. چىن
مۇھەببەت ئەنە شۇنداق بولسا كېرەك. مەن سىزنى كۆرگەن
كۈنۈمدىن باشلاپ باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم، پۈت-
كۈل روھىم، جىسمىم سىزگە باغلىنىپ قالدى. شۇڭا مېنى
ئەيىبلىمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، سۆيگۈ گۇ-
ناھسىزدۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ تەڭرى ياراتقان جىمىكى گۈزەل
نەرسىلەرنى ئىگىلىۋېلىش غەرىزىدىكى ئىستەك ئەمەس. شۇن-
داق ئىكەن، مەن سىزنى ئېرىڭىزدىن ياكى سۆيگەن قەدىناس
يىگىتىڭىزدىن تارتىۋېلىش نىيىتىدە ئەمەسمەن. ماڭىمۇ ئاياد-
كى، چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ، ياغاچنى تاشقا تاڭغىلى
بولمايدۇ. مەن سىزنى سۆيگەن بىلەن، سىز مېنى سۆيمىسى-
ڭىز مېنىڭ سىزگە بولغان سەمىمىي مۇھەببىتىمنىڭمۇ قىممى-
تى بولمايدۇ. مېنىڭ سىزدىن ئۆتۈنىدىغىنىم، سىز ماڭا ئەڭ
سەمىمىي تەبەسسۇمىڭىزنى ئاتا قىلسىڭىز، مۇھەببىتىمنى
دوستانە ھۆرمەتلىسىڭىز، مېنىڭ ياردىمىمنى قوبۇل قىلى-
سىڭىز...

بىلەمسىز، مەن سىزنى مەھەللىداشلىرىڭىز ئالدىدا بىر

قۇر ئاقلىدىم، ھەر كۈنى يېشىل دەرۋازىلىق قورۇيىڭىز ئەترا-
پىدا ئايلىنىپ يۈردۈم. بۇنى كىشىلەرگە: «ئوغرىنى ئىزدەۋا-
تىمەن» دەپ چۈشەندۈردۈم، ئەپسۇسكى، ئۆزۈمنىڭمۇ
ئوغرى — «مۇھەببەت ئوغرىسى» ئىكەنلىكىمنى ئۇلار چۈشەن-
مەيدۇ. مېنىڭچە، مۇھەببەت ئوغرىسى بولۇش گۇناھ ئەمەس،
خۇددى بەزىدە بىلىم ئوغرىسى ئوغرى ياكى گۇناھكار ھېسابلان-
مىغاندەك.

لەيلى، ماڭا چوقۇم جاۋاب خەت يېزىشىڭىزنى ئۈمىد
قىلىمەن، مەيلى نېمىلا يېزىڭ، ماڭا جاۋاب خەت يازسىڭىزلا
بولىدۇ، ئەگەر خەت يازمىسىڭىز يېنىمدىكى تاپانچام بىلەن
ئۆزۈمنى ئېتىۋالىمەن. چۈنكى سىزنىڭ ماڭا جاۋاب خەت ياز-
ماسلىقىڭىز مېنى ھاقارەتلىگەنلىكىڭىز، مېنى يەنىلا كۆزگە
ئىلمىغىنىڭىز بولىدۇ.

سىزنىڭ خېتىڭىزگە ۋە سىزنى ئىككىنچى قېتىم كۆرۈش-
كە تەشنا بولۇپ، سۈسىز قالغان گۈلدەك كۈنسايىن سولۇشقا
باشلىغان تەلەيسىز ئاشىق — ئازاد.»

مەن خەتنى چىرايلىق قاتلاپ كونۋېرتقا سالغاندىن كېيىن،
قايسى ئادرېسقا ئەۋەتىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. لەيلىنىڭ
يېشىل دەرۋازىلىق قورۇسىنىڭ نامىغا ئەۋەتسەم، ناۋادا ئېرى
كەلگەن بولسا، خەت ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ لەيلىگە ئۇۋال-
چىلىق تېپىپ بېرىشىمدىن ئەنسىرىدىم. بۇ تەرىپىنى نېمىشقا
بۇرۇن ئويلىمىغان بولغىيتىم؟ بەلكىم ئاشىقلىق سەۋداسى مېنى
مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغاندۇر.

مەن خەتنى يانچۇقۇمغا سېلىپ لەيلىنىڭ قورۇسى ئالدىغا
باردىم. بۇ چىڭقىچۇش مەزگىلى بولۇپ، ھاۋا خۇددى دومنىپېچ-
نىڭ ئىچىدەك قىزىپ كەتكەنىدى. خەتنى ئۇنىڭغا قانداق يەتكۈ-
زۈشنى بىلمەي تەۋەككۈللاسىغا بۇ يەردە تۇرغىنىمدا، تەلىيىمگە

ھېلىقى پىئونېر ئوقۇغۇچى ئۇچراپ قالدى. مەن ئۇنى توسۇۋېلىپ، خەتنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ بۇنى لەيلىگە ئەكىرىپ بېرىشنى تاپىلىدىم. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن ئوقۇغۇچى ماڭا:

— لەيلى ئاچام ھازىر بۇ ئۆيدە تۇرمايدۇ، — دېدى.

— ئۇ قەيەردە؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدىم.

— ئانىسىنىڭ ئۆيىدە، — دېدى بالا پېشانىسىدىن ئېقىۋاتقان تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— سەن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن.

— ئاپئاق ئۇكام، بۇ خەتنى ئۇنىڭغا بۈگۈنلا يەتكۈزۈپ بەرگىن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ساقچى ئاكا.

بالا خەتنى ئېلىپ ئۇزاپ كەتتى…

مەن ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە شۇ يول بويىدا ئۇ بالىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇردۇم. دېگەندەك ئۇ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا يېنىمدا پەيدا بولدى ۋە ماڭا بىر پارچە خەتنى بېرىپ كېتىپ قالدى. مەن كىشىلەرنىڭ نېمىدەپ ئويلاپ قېلىشىنىمۇ خىيالىمغا كەلتۈرمەستىن، خەتنى ئېچىپ ئوقۇدۇم. خەت ناھايىتى قىسقىلا يېزىلغانىدى.

«سىز تولىمۇ كېچىكتىڭىز. ئەمدى ماڭا ياردەم قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى قالمىدى. مەن روزاخۇن باي بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىم، ئۇ مېنى ‹ئۈچ تالاق› قىلىۋەتتى. ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىغانىدىم، لېكىن سۆيگەن يىگىتىمگە بولغان مۇھەببىتىم ھەم ئۇنىڭ ماڭا بولغان سەمىمىي، پاك سۆيگۈسى ئار ـ نومۇسۇمدىن ئۈستۈن كەلدى. مەن نەچچە كۈندىن كېيىنلا يىگىتىم بىلەن توي قىلىمەن. سىز ماڭا دەسلەپتە ياردەم قىلماي توغرا قىلغانىكەنسىز، ئاشۇ ‹سەتچىلىك› نىڭ بەدىلىگە

يىگىتىم بىلەن ئىككىمىز بەختىمىزنى تاپتۇق. سىزگە رەھ-
مەت! — لەيلى»

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ يا خۇشال بولۇشۇمنى، يا قايغۇرۇشۇم-
نى بىلەلمەيلا قالدىم. ئۇنىڭغا ياردەم قىلىمەن دەپ چەككەن
رىيازەتلىرىمنىڭ بىكار بولغانلىقىنى ئويلاپ گويا كەكرى يەۋالغان-
دەك ئىچىم ئاچچىق بولۇپ كەتتى، مېنىڭ ئۇنىڭ ئۇچۇن چەك-
كەن روھىي ئازابلىرىم، ئىشكى ئالدىدا ھاجەتمەن تىلەمچىدەك
كۆڭۈل - كۆنلەپ سەرسان بولغانلىرىم ئۇنى ئەل - جامائەت ئىچى-
دىكى ھالاكەتلىك تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالماي، ئەكسىچە
ئۇنىڭ ئۆزى تەشنا بولغان بەختكە ئېرىشىپ قالغانلىقى ماڭا
تولىمۇ قىزىق ھەم غەلىتە تۇيۇلدى.
مەن ئۇنىڭ خېتىنى پۇرلەپ يانچۇقۇمغا سالدىم - دە، يەنە
قاۋاقخانىغا چاپتىم. ئىچىمگە پاتماي قېلىۋاتقان كۆيدۈرگۈچى
ئازاب ئوتلىرى خۇددى ئوت كەتكەن ئۆيىنىڭ ئىشىك - دېرىزىلى-
رىدىن سىرتقا ئېتىلىپ چىقىۋاتقان يالقۇندەك تېشىغا تېپىپ،
نەپەسلىرىم ئاتەشكە ئايلاندى. «بۇنداق ئازابقا قالغاندىن كۆرە
ئۆلۈپلا كەتسەم بولمامدۇ!» دەپ ئويلاپ يىغلىۋەتتىم. مۇھەببەت
ئازابىنىڭ، بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىنىڭ بۇنداق دەھشەت-
لىك بولىدىغانلىقىنى مۇشۇ يېشىمغىچە بىۋاسىتە ھېس قىلىپ
باقمىغاچقىمىكىن، بۇ ئىشقا بەرداشلىق بېرىشكە ئامالسىز
قالدىم.
قاۋاقخانىغا كىرىپ يېرىم جىڭلىق ھاراقتىن بىر بوتۇلكا
ئالدىم - دە، بىر كۆتۈرۈشتىلا يېرىمىنى ئىچىۋەتتىم. كۆزلىرىم
خۇددى بىر جۈپ بۇلاققا ئايلىنىپ قالغاندەك يېشىم تېخىچىلا
بۇلدۇقلاپ ئاقماقتا ئىدى. مەن ئولتۇرغان ئايرىم خانىغا چىراي-
لىق بىر كۈتكۈچى قىز بىر تەخسە خاسىڭ مېغىزى كۆتۈرۈپ
كىردى، ئۇنى كۆرۈپ قېتىپلا قالدىم. قىز تەخسىنى شىرەگە

قويۇپ قويغاندىن كېيىن، تاتلىق كۈلگىنىچە: «مەن سىزگە ھەمراھ بولايمۇ؟» دېدى. ئۇنىڭ قاپقارا تىنىق كۆزلىرى، لەيلىنىڭكىدەك يېقىملىق ئاۋازىدىن مەن ئۇنى لەيلى دەپ ھېس قىلىپ قالدىم. ئاچچىق ھاراقنىڭ كۈچى ئازابىمغا قوشۇلۇپ مېنى ئىشقىۋازلىق تەلۋىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان چېغى، مەن ئۇ قىزنى تارتىپ يېنىمغا ئولتۇرغۇزۇپ باغرىمغا باستىم ـ دە، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سۆيۈپ كەتتىم. ئۇمۇ قارشىلىقسىزلا بويىنۇمغا گىرە سالدى...

مەن ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئىدارەمگە ئىشقا بېرىپ، ئەمدىلا ئىشخانامغا كىرىپ تۇرۇشۇمغا، بىزنىڭ رازۋېدكا بۆلۈمىمىزگە يېڭىلا خىزمەتكە تەقسىملەنگەن ئىلھام ئىسىملىك بىر يىگىت كىرىپ كەلدى.

— ئازاد ئاكا، ئاخشام بۆشۈكئاستى مەھەللىسىدە بىر قاتىللىق دېلوسى يۈز بېرىپتۇ. بىز ئەتىگەندە مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋېلىپ نەق مەيداننى تەكشۈردۇق، لېكىن ھېچقانداق يىپ ئۇچى تېپىلمىدى، سىز كەلگەندىن كېيىن قايتا تەكشۈرۈپ باقايلى دەپ نەق مەيداننى ساقلاپ قويغاندۇق، — دېدى ئۇ جىددىي رەۋىشتە سۆزلەپ.

ئۇنىڭ «بۆشۈكئاستى مەھەللىسى» دېگىنىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى.

— ئۆلگۈچى كىم ئىكەن؟

— غەيرەت ئىسىملىك بىر يىگىت ئىكەن، دېلونى مەلۇم قىلغان لەيلى ئىسىملىك چوكاننىڭ دېيىشىچە، ئۆلگۈچى ئۇنىڭ لايىقى ئىكەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يۈرىكىم تېپچەكلەپ كەتتى، ئۆزۈممۇ لىككىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. خۇشاللىقتا ياكى قايغۇدا ئوخشاشمايدىغان بىر خىل كۈچلۈك ھاياجان قەلبىمنى چۇلغىۋالدى.

— دەرھال نەق مەيدانغا ئاتلىنايلى!

مەن ئىلھام بىلەن يەنە بىر ساقچى يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ ئىشخانىدىن چىقتىم، بىز ئۈچ چاقلىق موتسىكلىتقا ئولتۇرۇپ، ئىلھامنىڭ يول باشلىشى بىلەن بۇشۇكئاستى مەھەللىسىنىڭ ئايىغىدىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق.

ئۆي ۋە ھويلىسىنىڭ تاملىرى كونىرىغان تار ئىشىكلىك قورۇغا كىردۇق. ھويلا ئوتتۇرىسىدا كىچىك بىر گۈللۈك بولۇپ، ھەرخىل گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ھويلىدا بىزنى پەجمۇردە كىيىنگەن، چىرايلىرىدىن چەكسىز قايغۇ ئالامەتلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان بىر جۈپ بوۋاي - موماي كۈتۈۋالدى. مەن بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدىم، بىز ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ، تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، جەسەت ياتقان ئۆيگە كىردۇق. ئۆي بىركارىۋات، بىر يېزىق ئۈستىلى ۋە لىق كىتابلارغا تولغان بىر كىتاب ئىشكاپى بىلەن ئاددىيلا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئائىلىنىڭ ھەقىقەتەن نامراتلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى. جەسەتنىڭ كۆكرەك قىسمىنىڭ بىرقانچە يېرىگە پىچاق تىقىلغان بولۇپ، يەردە غەرق قانغا مىلەنگەن ھالدا ياتاتتى. كارىۋاتتىكى يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ يەردە چېچىلىپ ياتقىنىدىن، ئۆلگۈچىنىڭ ئىچ كىيىملىرىنىڭ يىرتىلغانلىقىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ قاتىللار بىلەن ئېلىشقانلىقى ئايان ئىدى. جەسەتنىڭ يېنىدا لەيلى ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە ئۆرە تۇراتتى.

مەن ئۇنىڭغا يېنىك باش لىڭشىتىپ قويۇپلا، نەزىرىمنى جەسەتكە يۆتكىۋالدىم. چۈنكى ئۇنى كۆرۈپلا ۋۇجۇدۇمغا غەلىتە تىترەك ئولىشىپ، پۇت - قولۇم ماغدۇرسىزلانغاندەك بولۇپ كەتكەنىدىم. مەن زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، دىققىتىمنى مەركەزلەشتۇردۇم - دە، جەسەتنى تەپسىلىي تەكشۈرۈشكە كىرىشتىم... بىر چاغدا، جەسەتنىڭ ئوڭ قولىنىڭ بارماق-

لىرىدىكى تىرناق ئارىسىدا قېتىپ قالغان قان قالدۇقلىرىنىڭ بارلىقىنى سېزىپ قالدىم، لېكىن جەسەتنىڭ قولىدا قان يوقى كۆرۈنمەيتتى. بۇ هال مەندە گۇمان پەيدا قىلدى. «تىرناق ئارىسىدىكى ئۆلگۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ قېنى بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىدا قان يوقى بولمايدۇ؟ قارىغاندا، ئۇ قاتىللار بىلەن ئېلىشقاندا ئۇلارنى يارىلاندۇرغان ياكى بىر يېرىنى تاتىلىۋالغان. دېمەك، تىرناق ئىچىگە ئۇيۇپ قالغىنى چوقۇم قاتىلنىڭ قېنى» دەپ ئويلىدىم ـ دە، كىچىككىنە سۇلياۋ خالتىغا ئۆلگۈچىنىڭ ئوڭ قولىنىڭ تىرناقلىرى قېتىدىكى قاننى بىر تال يىڭنىمىخ بىلەن ئاۋايلاپ كوچىلاپ چۈشۈرۈۋالدىم. ئاندىن ئۆلگۈچىنىڭ جاراھەت ئېغىزىدىكى ئۇيۇپ قالغان قاندىن پۇرچاقتەك ئېلىۋېلىپ، يەنە بىر سۇلياۋ خالتىغا سالدىم. پەرىزىم توغرا چىقىپلا قالسا، بۇنىڭ قاتىلنى تېپىشىمىزغا چوڭ ياردىمى بولاتتى.

— ئىلھامجان، مەن بۇلاردىن ئەھۋال ئىگىلەيمەن، سىز خاتىرىلىۋېلىڭ، — دېدىم جەسەتنى تەكشۈرۈشنى تاماملىغاندىن كېيىن. ئاندىن لەيلىنى هويلىغا ئاچىقتىم.

— سىز بۇ يىگىتنىڭ ئۆلگەن ۋاقتىنى قاچان سەزدىڭىز؟ — سورىدىم ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشتىن كۆزۈمنى قاچۇرۇپ. ئۇ كۆزلىرىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— بۈگۈن ئەتىگەن ئۇنى ئىزدەپ كەلسەم، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا ئاشۇ هالەتتە يېتىپتۇ. قورقىنىمدىن چىرقىراپ كەتتىم، هويلىغا قېچىپ چىقىپلا سىز ئېسىمگە كەلدىڭىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇل ئىدارىڭىزگە بېرىپ بۇ ئىشنى مەلۇم قىلدىم.

«ھەرنېمە بولسا مەن يادىڭىزغا كېچىپتىمەن» دەپ ئويلاپ ئۆلگۈردۇم ئىچىمدە.

— سىز كەلگەندە ئۆيدە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يوقمىكەندۇق؟

— يوق ئىكەن.

— بىز تۇنۇگۇن چۇشتىن كېيىن، — دەپ جاۋاب بېرىشكە باشلىدى بوۋاي تىترەك ئاۋازدا، — بىر مەيىنى كىرا قىلىپ تۇگمەنبېشى دېگەن يىراق يېزىدىكى تۇغقانلارغا بۇ ئىككى-سىنىڭ توي ئىشىنى مەسلىھەت سالغىلى كېتىپتىكەنمىز. بۇگۇن چۇشكە يېقىن ئۇ يەردىن قايتىپ كەلسەك، ئۆيدە بۇ ھادىسە يۈز بېرىپتۇ.

— بۇ چوقۇم روزاخۇن باينىڭ قىلغان ئىشى، — دېدى لەيلى ئۈن سېلىپ يىغلىغىنىچە.

— مەنمۇ شۇنداق گۇمان قىلىمەن، — دېدىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىلا كاللامدا پەيدا بولغان تۇنجى پەرەزنى ئاشكارىلاپ، — لېكىن سىلەر بۇ ھەقتە ھېچكىمگە قالايمىقان سۆزلەپ يۈرمەڭلار، بولمىسا ئىشنى بۇزۇپ قويىمىز. بوۋا، ئوغلىڭىزنىڭ بىرەرى بىلەن ئۆچ - ئاداۋىتى بارمىدىيا؟

— رەھمەتلىك ياۋاش بالا ئىدى، ھېچقانداق ئادەم بىلەن ئاداۋىتى يوق ئىدى. ئۇ كۈندۈزى ناۋايخانىمىزدا ناۋايلىق قىلاتتى، كەچ كىرىشى بىلەنلا ھۇجرىسىغا كىرىۋېلىپ كىتاب كۆرەتتى، ئوغلۇم بەك كىتابخۇمار ئىدى، سىرتتىكى ياخشى - يامان ئادەملەرگىمۇ ئارىلاشمايتتى.

بوۋاينىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشىغا، موماي ئۈن سېلىپ يىغ-لاپ مەرسىيە ئوقۇپ كەتتى:

*ۋاي بالام، غەيرەت بالام، جانىم بالام،*
*جىگىرىم - باغرىم بالام،*
*كۆڭلۈمنىڭ ئارامى،*
*ھالىمەن جان بالام.*
*قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت،*
*ۋاپادار كۆيۈمچان بالام،*
*ۋاي بالام، بالام!*

*جىگىرىم - باغرىم بالام،*
*ئانام دەپ كەينىمدىن*
*هازا قىلار دەپتىمەن.*
*تۇگىمەس هەسرەتتە قويۇپ،*
*كېتەرىڭنى بىلمەپتىمەن،*
*ۋاي بالام، بالام!*
*كۆزۈمنىڭ نۇرى ئىدىڭ،*
*كۆڭلۈمنىڭ بېغى ئىدىڭ،*
*سەن كەتكۈچە مەن كەتسەم،*
*ئانا دەپ يىغلار ئىدىڭ،*
*ۋاي بالام، بالام.*

*ئەمدى كىمنى بالام دەي،*
*دېسەم ساڭا ئۇخشارمۇ؟*
*جىگىرىم بالام، باغرىم بالام،*
*بۇ جۇدالىققا قانداق چىداي!*
*ۋاي بالام، بالام!*

مومايىنىڭ هازىسى يۈرىكىمنى باشقىدىن ئېزىۋەتتى. مەن بۇ يەردە ئازاب ئۈستىگە ئازاب چېكىۋېرىشكە چىدىيالماي، ياردەمچىلىرىمنى باشلاپ چىقىپ كەتتىم.

بىز موتسىكلىتنى ھەيدىگىنىمىزچە ئۇدۇل روزاخۇن باينىڭ قورۇسى ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. دەرۋازىنى خېلى ئۇرغاندىن كېيىن، پاكىنەك، ئۆڭى قارا، يۈزى ياغلىشاڭغۇ، ياڭيۇ بۇرۇن، پروزا كۆز بىر ئادەم دەرۋازىنى ئاچتى. ئۇ بىزنى كۆرۈپلا تامدەك تاتىرىپ كەتتى، ئەمما چىرايىغا تېزلا خۇشخۇي كۈلكە يۈگۈرتۈپ بىزنى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. بىز قورۇغا

كىرىپ ئۆزۈم بارىڭى ئاستىدىكى گىلەم سېلىنغان نەقىشلىك چوڭ ياغاچ كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردۇق. هويلا پاكىز ئىدى، يەرگە رەڭدار خىش ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئادەمگە گويا ھەممىلا يەردىن پاكار گۈللەر ئۈنۈپ چىقىپ پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

— مېھمانلار ئۆيگە كىرەيلى، ئۆيگە، — دەپ قىيا ئېگىلگىنچە بىزنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى ئۆي ئىگىسى. بىز ئۇنىڭغا سوغۇقلا ئۆزرە ئېيتىپ كارىۋاتتا ئولتۇرۇۋەردۇق.

— سىلى روزاخۇن باي بولامىلا؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— شۇنداق.

— ئاياللىرى بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىلىمۇ؟

— ھەئە.

— نېمە سەۋەبتىن؟

— شۇ... كېلىشەلمىدۇق.

— راست گەپ قىلسىلا؟

— را... راست.

— ئاياللىرىنىڭ باشقىلار بىلەن ناشايان ئىش قىلغىنى قانداق گەپ؟

— بۇ... سىرتتىغۇ شۇنداق گەپ بار...

— ئاياللىرىنىڭ بۇرۇنقى يىگىتى تۇنۇگۈن ئاخشام ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، بۇنى ئاڭلىدىلىمۇ؟

— ياق، پەقەت ئاڭلىمىدىم.

ئۇ ماڭا ھەيران بولغاندەك قاراۋاتسىمۇ، تىزلىرىنىڭ بىلدىنەر - بىلىنمەس تىترەۋاتقانلىقىنى، مەڭز تېرىسىنىڭ لىپ - لىپ قىلىپ قالغانلىقىنى سېزىپ تۇردۇم. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بولغان گۇمانىم تېخىمۇ كۈچەيدى.

— ئاياللىرىنىڭ بۇرۇن يۈرگەن يىگىتى بارلىقىنى

بىلەمتىلە؟

— بىلمەيتتىم.

— ئۇنداق بولسا، ھېلى، بۇرۇنقى يىگىتىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن-لىكىنى ئاڭلىدىلىمۇ دەپ سورىسام، «ياق» دەپ جاۋاب بەردىلە-غۇ؟ بۇ سىلىنىڭ ئۇنى تونۇيدىغانلىقلىرىدىن دېرەك بەرمەمدۇ؟

ئۇ مېنىڭ بۇ سوئالىمغا جاۋاب بېرەلمەي، پروزا كۆزلىرىنى تىنىمسىز چىمچىقلاتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا چاندۇر-ماستىن مۇئامىلەمنى سىلىقلاشتۇردۇم.

— روزاخۇنكا، بىز سىلىنى قاتىل دەپ گۇمان قىلمىدۇق. ئەمما لەيلىگە ھەم ئۆلگۈچىگە مۇناسىۋەتلىك ئادەملەردىن ئەھۋال ئىگىلىۋاتىمىز، ئۆلارنىڭ ئۆيلىرىنى تەكشۈرۈۋاتىمىز. بۇ بىز-نىڭ خىزمىتىمىز.

— شۇنداق، شۇنداق، خىزمىتىڭىزنى ئەلۋەتتە قوللايمىز، ئۇكام، — دېدى ئۇ گېپىمدىن بىرئاز كۆڭلى خاتىرجەم بولغان-دەك قەددىنى رۇسلاپ، — مېنىڭچە، ئۆلگۈچىنىڭ قاتىلى ئاشۇ لەيلى بولۇپ قالمىسۇن يەنە!

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟

— ئەمدى دەيمىنا، ئايال خەق دېگەننىڭ مىڭ خىل ھىيلە-سى بار، مۇھەببەتتى نەپرەتكە ئۆزگەرگەندە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ.

مەن ئۇنى بارغانسېرى ئۆزىنى ئاشكارىلاۋاتىدۇ، دەپ ئويلى-دىم - دە، ئۇنىڭدىن:

— ئۆيلىرىنى كۆرۈپ چىقسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دېدى ئۇ چېھرىگە يالغان كۈلكە يۇگۈرتۈپ، — مەن بىللە كۆرستەيمۇ - يا؟

— ياق بولدى، ئۆزۈملا كۆرۈپ چىقاي.

مەن شۇنداق دەپ لىككىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئالدى تەرىپى ھويلىغا قارايدىغان بۇ پېشايۋانلىق ئۆينىڭ پەلەمپىيىدىن مېڭىپ،

قاتار ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقتىم. ئۆيلەر ساپلا ئې-
سىل گىلەم، قىممەت باھالىق ئۆي سايمانلىرى بىلەن بېزەلگەن-
دى. بىر ئۆيگە كىرىپ تۇرۇپلا قالدىم، ئۆيگە ئىككى كىشىلىك
لۆم - لۆم كارىۋاتتىن بىرى قويۇلغان، يەرگە پۈتۈنلەي چوغدەك
گىلەملەر سېلىنغانىدى، بۇ روزاخۇن باينىڭ خاس كېچىلىك
ھۇجرىسىدەك قىلاتتى. شۇئان لەيلىنىڭ ئاشۇ لۆم - لۆم كارىۋات-
تا ئۆزىنىڭ سۈتتەك ئاق، مەرمەردەك سىلىق، پاختىدەك يۇمشاق
نازۇك تېنىنى روزاخۇن باينىڭ مەيلىگە تاپشۇرۇپ، ئانىدىن
تۇغما ھالەتتە تولغىنىپ ياتقان كۆرۈنۈشى كۆز ئالدىمدا غايىبانە
نامايان بولدى. بىردىنلا تېنىم غۇژژۇلداپ، تومۇرلىرىم چىڭقال-
غاندەك بولدى، بۇ ئۆيدىن تېزلا يېنىپ چىقىپ، ياندىكى چوڭ
بىر ئۆيگە كىردىم. بۇ مېھمانخانا بولۇپ، تام ياقىلىتىپ قويۇل-
غان كرېسلولارنىڭ ئالدىغا قەھۋە رەڭلىك ئەينەك شىرەلەر قاتار
قويۇلغانىدى. مەن ئىشخانىدا ئالدىن پىلانلاپ يانچۇقۇمغا سېلى-
ۋالغان تۈگمىچىلىك چوڭلۇقتىكى بىر مەخپىي تىڭشىغۇچنى ئې-
لىپ كرېسلونىڭ تۆمۈر پۇتىنىڭ يان تەرىپىگە پەم بىلەن چاپلاپ
قويدۇم. ئۇ نەرسە ماگنىتلىق بولغاچقا تۆمۈرگە مەھكەم چاپلى-
شىپ قالاتتى. مەن تېزلا بۇ ئۆيدىن يېنىپ چىقىپ، قەستەنگە
ئۆينى ماختاپ قويدۇم:
— ئۆينى كاتتا سېلىۋېلىپلا، بۇ شەھەردە بۇنداق ئۆيى بارلار
ئانچە كۆپ ئەمەس.
— ھە - ھە، ئانچە ئەمەس، — دېدى روزاخۇن باي يالغان
كۈلۈپ.
بىز ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، ئىدارىگە قاراپ يۈرۈپ
كەتتۇق.
ئىشخانىغا كىرىپلا مەخپىي تىڭشىغۇچ تارقاتقان سىگنالنى
قوبۇل قىلغۇچى ئەسۋابنى ئېچىپ قويۇپ، چاستوتىسىنى تەڭشى-
دۇق - دە، قوشۇمچە ئۈنئالغۇ ئاپپاراتىنىمۇ سىگنال قوبۇللى-

غۇچقا چېتىپ قويدۇق. كۈن ئولتۇرغىچە ساقلىغان بولساقمۇ ھېچقانداق شەپە بولمىدى. شۇنداقتىمۇ بىز ئاچ قورساق ھالدا سىگنال كۈتۈشكە مەجبۇر بولدۇق.

كەچ سائەت سەككىزدىن ئاشقاندا، ياردەمچى رازۋېدكىچى ئىلھام قۇلىقىدىكى تىڭشىغۇچنى ماڭا شەرەتلەپ باش لىڭشىتتى، مەن سىگنال كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئۈنئالغۇ ئاپپاراتىنىڭ كۇنۇپكىسىنى ئېچىۋەتتىم. شۇئان ئاپپاراتتىن:

«قېنى ئولتۇرۇڭلار، — دېگەن ئاۋاز كەلدى، بۇ روزاخۇن باينىڭ ئاۋازى ئىدى، — ھەي نان قېپىلار، مەن سىلەرنى ئۇ زىناخورنى ئۇرۇپ راسا ئەدىپىنى بېرىپ قويۇڭلار، ھېلىقى بىرنېمىسىنىڭ ساقىسىنى كېسىپ ئاختا قىلىۋەتسەڭلارمۇ مەيلى، دېسەم، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپسىلەرغۇ؟ مەن يا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار دېمىسەم!»

مەخپىي تىڭشىغۇچتىن كاشىلا چىقتىمۇ ياكى باشقىلار زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇپ قالدىمۇ، قوبۇللىغۇچتىن ھېچقانداق ئاۋاز كەلمىدى.

— ئەمدى كۈتۈپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، دەرھال نەق مەيدانغا ئاتلىنايلى! — دېدىم مەن ئۈنئالغۇنى ئېتىۋېتىپ.

بىز چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە كېلىپ موتسىكلىتنى مىندۇق - دە، روزاخۇن باينىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

قورۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلھام بىلەن يەنە بىر ساقچى يىگىتنى مېنى يۆلەپ قورۇ تېمىغا چىقىرىشنى بۇيرۇدۇم، شۇئان ئۇلار تامغا مۈرىسىنى تىرەپ تۇردى، مەن ئىككىسىنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ ئېگىز خىش تامنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، قورۇنىڭ ئىچىگە پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ سەكرەپ چۈشتۈم - دە، ئاۋۋال قورۇ دەرۋازىسىنىڭ ئىلگىكىنى ئېچىۋەتتىم، ئىككى سەپدىشىم قورۇغا كىردى. بىز پۈتىمىزنىڭ ئۇچىدا يەڭگىل دەسسەپ مېڭىپ مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەل-

دۇق. ئۆينىڭ چىرىغى يورۇق ئىدى، ئۆي ئىچىدىن سۆزلەشكەن ئاۋاز كېلىۋاتاتتى. مەن ئىككى سەپدىشىمغا شەرەت قىلدىم، ئۇلار تاپانچىلىرىنى چىقىرىپ تەييار بولۇشتى، مەنمۇ تاپانچامنى ئىككى قوللاپ چىڭ تۇتقىنىمچە ئىشىكنى ئىتتىرىپلا ئۆيگە باستۇرۇپ كىردىم:

— قىمىرلاشما، ئۇچۇڭ قولغا ئېلىندىڭ!

ئۆيدىكىلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە ئىككى ھەمراھىم روزاخۇن باي بىلەن يەنە ئىككى ئادەمنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ ئۇلگۈردى.

— بىزنى نېمىشقا تۇتىسىلەر؟ بىز نېمە گۇناھ قىلىپتۇق؟ — دېدى روزاخۇن باي شىلتىڭ ئېتىپ. ئۇنىڭ ئىككى شېرىكىمۇ ئۇنىڭدىن بەكرەك توۋلاشتى.

— سەنلەرنى نېمىشقا تۇتقانلىقىمىزنى ئىشخانىغا بارغاندا بىلىشىسەن، — دېدىم ئۇلارنى ئېلىپ مېڭىپ.

بىز ئىدارىگە كېلىپ ئۇلارنى سوراق قىلغان بولساقمۇ ھېچقايسىسى ئىقرار قىلىشقا ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ ئالغۇدا ئېلىۋالغان لېنتىنى قويغاندىن كېيىن روزاخۇن باي توساتتىن ئۇنى پۇتۇپ قالغان ئادەمدەك زۇۋانى ئىچىگە چۈشۈپ، بېشى كېسەل تەگكەن توخۇدەك پەسكە ساڭگىلاپ دۈگدىيىپ قالدى. ئەمما ئۇنىڭ ئىككى شېرىكى:

— قېنى، ئۇ نەرسىدە بىزنىڭ ئاۋازىمىز بارمىكەن؟ سىلەر بىزنى ناھەق تۇتتۇڭلار، بىز روزاخۇنكامنى تىجارەت ئىشى بىلەن ئىزدەپ كېلىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇپ تۇرساق سىلەر كىردىڭلار، بىز گۇناھسىز، بىزنى قويۇۋېتىڭلار! — دەپ گۇركىرەشتى.

بىز ئۇ ئىككىسىنى تۆرلۈك تاكتىكا بىلەن سوراق قىلغان بولساقمۇ جىنايىتىنى قەتئىي ئىقرار قىلمىدى. مەن نەچچە قېتىم غەزەپتىن ئۇلارنى ئۇرۇۋېتىشكە قول كۆتۈرگەن بولساممۇ، كوچىدىكى ھېلىقى مەست يىگىت ئوقۇغان ئىككى مىسرا شېئىر

يادىمغا كېلىۋېلىپ، يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.
ئاخىر بولماي مەن روزاخۇن باينى سوراق قىلدىم. ۋەھالەنـ
كى، ئۇ تولىمۇ جاھىل ئادەم ئىكەن، بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئولتۇرۇۋالغانچە ماڭا «ھا» دەپ ئېغىز ئېچىشقىمۇ ئۇنىمىدى.
مەن ئۇنىڭ ئىككى شېرىكىنىڭ نەق قاتىل ئىكەنلىكى توغـ
رۇلۇق روزاخۇن بايدىن پاكىتقا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، ئىدا-
رىنىڭ تەجرىبىخانىسىغا كىرىپ ئىككى سۇلياۋ خالتىغا ئېلىنغان ھېلىقى قان ئەۋرىشكىسىنى ئۆزۈمنىڭ ئىلگىرىكى كۆپ قېتىم-
لىق تەجرىبەمگە ئاساسەن تەجرىبە قىلىپ ئېنىقلاشقا كىرىشتىم:
مەن ئالدى بىلەن بىر پارچە ئۇزۇن ئەينەك پارچىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىر تامچىدىن قان تەكشۈرۈش سۇيۇقلۇقىنى تېمىتىپ، ئىككى خالتىدىكى قان ئەۋرىشكىسى (قېتىشمىسى) نى ئىككى تامچە سۇيۇقلۇقنىڭ ئۈستىگە پەم بىلەن قۇيدۇم. تەخمىنەن بەش مىنۇتتىن كېيىن قان ئۇيۇتمىلىرى ئاستا ـ ئاستا ئېرىپ، ئۇنىڭ بىرىنىڭ A قان گۇرۇپپىسىنىڭ زەردابى، يەنە بىرىنىڭ B قان گۇرۇپپىسىنىڭ زەردابى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. دېمەك، B تىپلىق قان ئۆلگۈچىنىڭ، A تىپلىق قان ئۇنىڭ تىرنىقىدا قالغان باشقا بىر ئادەمنىڭ قېنى ئىدى. دەل مۇشۇ چاغدا، ھېلىقى ئىككى جىنايەت گۇماندارىنىڭ بەدىنىدە يارىلانغان جاينىڭ بار-
يوقلۇقىغا دىققەت قىلمىغىنىم يادىمغا كەلدى ـ دە، پېشانەمگە پاقىدە بىرنى ئۇرغىنىمچە سوراقخانىغا قاراپ يۈگۈردۈم.
مەن كىرىپلا ئۇ ئىككىسىنىڭ بويۇن، يۈز، پاچاقلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆردۈم، ھېچقانداق يارا ئىزى تېپىلمىدى. ئاخىر ئۇلارنىڭ كۆڭلەكلىرىنىڭ يېڭىنى تۈرۈۋېتىپ تەكشۈرگەندە، بىـ
رىنىڭ ئوڭ بىلىكىدە تۆت تال بارماقنىڭ تىرناق ئىزى بارلىقىنى بايقىدىم. تاتىلانغان جايدىكى ئۇزۇن تۆت تال سىزىقچە ھاسىل قىلغان جاراھەت ئورنىدا قىپقىزىل قانلار قېتىپ قالغانىدى. مەن قـاقاچقا ئـايلانغان قـاندىن چىمدىپ كىچىك بىر پارچە سويۇۋال-

دىم ـ دە، يەنە تەجرىبىخانىغا يۈگۈردۈم. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بۇ قان ھېلىقى تىرناق قېتىدىن ئېلىنىۋېلىنغان قان بىلەن ئوخشاش A تىپلىق قان بولۇپ چىقتى. مەن سوراقخانىغا قايتىپ كېلىپ قان تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئۇ ئىككىسىگە تەپسىلىي چۈشەندۈرگەندىن كېيىن دېدىم:

— ئەمدى ھەممە پاكىت تولۇق بولدى. يەنىلا ياۋاشلىق بىلەن ئىقرار قىلمىساڭلار جىنايىتىڭلار تېخىمۇ ئېغىرلايدۇ، ئىقرار قىلساڭلار جىنايىتىڭلارنى يەڭگىللىتىشكە بولىدۇ. بۇ سىلەرگە ئاخىرقى پۇرسەت.

سۆزۈم تۈگىگەندىن كېيىن ئۇچىلىسى باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ بىردەم ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، ئاستا بىر ـ بىرىگە قاراشتى. روزاخۇن باي بىردىنلا يەرگە تىزلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۇكام، جىنايەتنى يەڭگىللىتىدىغان ئىش بولسا مەن ئىقرار قىلاي، بۇ ئىشنى ئۈچ ئېلىش ئۈچۈن راستىنلا مەن ئورۇنلاشتۇرغان. بۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن بۇ ئىككىسىگە ئىككى مىڭ سومدىن جەمئىي تۆت مىڭ سوم بېرىدىغان بولغانتىم. مېنى شەيتان ئازدۇرۇپتۇ...

— راست، بۇ ئىشنى بىز قىلدۇق، — دېدى ئۇلاردىن بىرى گەپ ئارىلاپ، — لېكىن پىچاقنى مەن تىقمىدىم، ئۇ تىقتى، مەن پەقەت ياردەملىشىپ ئۆلگۈچىنى ئۇردۇم، يەرگە يىقىتتىم. لېكىن ئۇمۇ بەك قولىنىڭ كۈچى بار يىگىت ئىكەندۇق، ئىككىمىز ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىگىلى تاسلا قالدۇق. ماۋۇ ئاداش ئۇنىڭغا بىرىنچى قېتىم پىچاق تىققاندىلا ئۇمۇ بىز بىلەن ئېلىشالماي بوشىشىپ كەتتى، لېكىن بۇ ئاداش ئۇنىڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن يەنە ئىككى پىچاق تىقىۋەتتى. ئاخىرقى پىچاق تىقىلغاندا، ئۆلگۈچى يىگىت جان تالىشىپ تۇرۇپمۇ بۇ ئاداشنىڭ پىچاق تۇتقان قولىنىڭ بىلىكىنى چىڭ تۇتۇۋالدى، بۇ ئاداش قولىنى كۈچەپ

تارتقاندا ئۇ يىگىتنىڭ چىڭ كىرىشىپ كەتكەن بارماقلىرى بۇنىڭ بىلىكىنى تاتىلىغانچە تەستە ئاجراپ كەتتى.

— ئەمدىغۇ گۇناھىڭنى ئۇستۇڭگە ئالارسەن؟ — دەپ سوردىم ئوڭ قولىنىڭ بىلىكى تىرناق ئىزى بىلەن جاراھەتلەنگەن جىنايەت گۇماندارىدىن.

ئۇ چوڭقۇر بىر تىنىۋەتكەندىن كېيىن ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئېچىنىشلىق قاتىللىق دېلوسىنى تولۇق پاش قىلدۇق. مەن باشقىچە يەڭگىللەپ قالدىم، بۇ دېلونى تېز پاش قىلغاچقىمۇ ياكى لەيلىنىڭ يىگىتىنىڭ قاتىللىرىنى ئۆز قولۇم بىلەن تۇتۇپ ئۇنىڭ ئۇچۇن خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىمدىنمۇ، ئىشقىلىپ، قانداقتۇر بىر خۇشاللىق قەلبىمنى لەرزىگە سالماقتا ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن لەيلى ئەمدى ماڭا بۇرۇنقىدەك تەكەببۇرلۇق قىلالمايدۇ، ماڭا قاراپ سوغۇق كۈلەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئىللىق تەبەسسۇم قىلىپ، كۆزلىرىمگە قايىللىق ھەم مايىللىق بىلەن قارايدۇ، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

لەيلىنىڭ يىگىتىنىڭ قىرىق نەزىرسىمۇ بېرىلىپ بولدى، شۇنىڭغىچە مەن ئۇنى كۆرمىدىم. نەچچە قېتىم ئۇنى ئىزدەش نىيىتىگە كەلگەن بولساممۇ يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. ئەمما ئۇنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك سېغىنىدىغان بولۇپ كەتكەنىدىم. «لەيلى ئەمدى مېنىڭكى» دېگەن بىر مۇقەددەس ئوي قەلبىمگە يىڭنە بىلەن چېكىۋەتكەندەك مەھكەم ئورناپ قالغانىدى، شۇڭا ئۇنى ھەرقانچە سېغىنساممۇ بۇرۇنقىدەك ئاچچىق ھەسرەت چەكمەيتتىم.

ئۇنىڭ يىگىتىنىڭ قىرىق نەزىرسى بولۇپ ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەن بىر كەچلىكى ياتىقىمنىڭ ئىشىكى يەڭگىل چېكىلدى. «لەيلى» دېگەن بىر تۇيغۇ كاللامدىن لىپ قىلىپ ئۆتتىدە، ئىككى چامداپلا بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم. راستتىنلا ئىشىك

ئالدىدا لەيلى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. خۇشاللىقتىن يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. مەن ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن ياتىقىمغا باشلىدىم، «مانا، ئۇ مېنى ئۆزى ئىزدەپ كېلىپتۇ، چېھرىدىمۇ تەبەسسۇم پارلاپ تۇرىدۇ، ئەمدى ئۇ ماڭا مەنسۇپ بولىدۇ، ياۋاشلىق بىلەن ئەل بولىدۇ دېگەن گەپ» دەپ ئويلاپ ئۈلگۈردۈم ئىشىكنى يېپىۋېتىپ. مەن كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلاي دەپ قاردسام، ئۇ بۇرۇن تۇنجى قېتىم مۇشۇ ياتىقىمغا كەلگەن چاغدىكىدەك كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ بوپتۇ.

مەن ئۇنىڭدىن باشقىدىن ھال ـ ئەھۋال سورىدىم، ئالدىغا داستىخان سېلىپ چاي قويدۇم. ئۇ لام ـ جىم دېمەستىن ئولتۇرۇپ، پىيالىدىكى چايدىن ئىككى ئوتلىدى، ئۇ يۇتقان ئىككى يۇتۇم چاي خەسىدەك ئاق، قەغەزدىنمۇ نېپىز كېكىردىكىدىن ماڭا ئەينەن كۆرۈنۈپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئاجايىپ شېرىن بىر ھېسسىياتقا چۆمۈلۈپ، غۇررىدە كەلگەن شۆلگىيىمنى غۇرتتىدە ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم.

— سىزمۇ ئولتۇرىڭە، — دېدى ئۇ ئادەمنى مەست قىلغۇچى يېقىملىق ئاۋازى بىلەن سۆزلەپ. مەن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم. ئۇنىڭغا سۆزلەي دېسەممۇ ئاغزىمغا گەپ كەلمەيۋاتاتتى، گەپنى نەدىن باشلاشنىمۇ بىلمەيۋاتاتتىم. بىرىگە ئۆلگۈدەك ئاشىق بولۇپ قالغاندا ئادەم مۇشۇنداق بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، مەشۇقۇڭ يوق چاغدا ئۇنىڭغا دەيدىغان ھەر ـ ھەر گەپلىرىڭ كاللاڭدا مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن ئەسكەرلەردەك رەت ـ رېتى بىلەن تىزىلىپ كېتىدىكەن، مەشۇقۇڭ يېنىڭغا كەلگەندە ھامان ئۇ رەتلىك «ئەسكەر»لەر بومبىدىن قورققاندەك ياكى ئۇۋىسى چۇۋۇلغان چۈمۈلىلەردەك ھەر تەرەپكە پىتىراپ قاچىدىكەن. تەڭرى ئاشىقلارنىڭ تىلىنى قۇلۇپلاپ قويۇپ، كۆزلىرى بىلەن سۆزلەشسۇن دەمدىكىن ـ يا؟

مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە غەيرەت بىلەن تىكىلدىم، ئۇنىڭ تەسۋىرلەشكە تىل گادايلىق قىلىدىغان ئاشۇ كۆزلىرى ماڭا ئاردىلاپ قاراپ قوياتتى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇر گۈزەللىكىگە ئۆرنەك بولالايدىغان قاپقارا ۋە قويۇق قاش ـ كىرپىكلەر ئاستىدىكى بۇ شەھلا كۆزلەر خۇددى چىمەنلەر ئارىسىدىكى سۈزۈك بۇلاقتا ئەكس ئەتكەن تولۇن ئايدەك كۆرۈنەتتى. ئەمما بۇ كۆزلەر يەنىلا سىرلىق، قانداقتۇر مۇڭغا ئەسرا ئىدى.

— يىگىتىم غەيرەتنىڭ قاتىللىرىنى تۇتۇپ تېگىشلىك جازاسىنى تارتىشقا يوللىغانلىقىڭىز ئۈچۈن، سىزگە رەھمەت ئېيتقىلى كەلدىم. ئاز بولسىمۇ بۇنى قوبۇل قىلارسىز، — دېدى لەيلى كارىۋاتنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغان سومكىسىدىن بىر كىيىملىك رەختنى ئېلىپ.

— بۇ… بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — مەن ئاران زۇۋانغا كەلدىم، — ئۇ دېگەن مېنىڭ خىزمىتىم، لېكىن… چۈشەنسىڭىز، مەن سىزنى دەپ شۇنداق قىلدىم.

— مېنى دېمىسىڭىز ئۇ قاتىللارنى تۇتمامتىڭىز؟ — ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا يەنە كىنايىلىك تىكىلدى.

— سۆزۈمنى توغرا چۈشىنىڭ، دېمەكچىمەنكى، مەن سىز ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رازى. تۇنجى قېتىم مۇشۇ ياتىقىمغا مەندىن ياردەم تەلەپ قىلىپ كەلگىنىڭىزدە مەن توغرا قىلمىغانىدىم. كېيىن بولسا تولىمۇ كېچىككەنلىكىمدىن يۈقىرىقى پاجىئەلەر كېلىپ چىقتى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەڭگۈ سىزگە قەرزدارمەن.

— ياق، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە مەن سەۋەبچى. ئۇنىڭ بارلىقى، تەقدىر ـ قىسمىتى ماڭىلا مەنسۇپ. ماڭىمۇ ھېچكىمنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىنىڭ، «قەرز» قايتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ياردىمىمۇ كېرەك ئەمەس.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى قىزىتمىسى ئۆرلەپ ئوت ـ كاۋاپ

بولۇپ ياتقان بىمارنىڭ تېنىگە يوغان بىر پارچە مۇزنى تاڭغاندىك-
دەك پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى جالاقلىتىپ تىترىتىۋەتتى. «لەيلى ماڭا
تەكەببۇرلۇق قىلالمايدۇ، ئەمدى ماڭا ئىللىق تەبەسسۇم قىلىپ،
كۆزلىرىمگە قايىللىق ھەم مايىللىق بىلەن قارايدۇ» دېگەن خىيال-
لىرىم بىرپاي ئوقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ نەلەرگىدۇر گۇررىدە
ئۇركۇپ قاچقان قۇشقاچلاردەك قەلب شاخلىرىمدىن توزۇپ كەت-
تى. قەلبىمدىكى سۆيگۈ دەرىخىنىڭ شاخلىرى مۇھەببەت قاغجى-
راقلىقىدا يەنە قايتىدىن قاقشالغا ئايلاندى. باشقا ئىشلاردا ناھايى-
تى غەيرەتلىك، چىداملىق بولسامۇ، ئاشىقلىق سەۋداسىغا كەل-
گەندە چىدامسىز ئوخشايمەن، ئىختىيارسىز كۆزلىرىمگە ياش
كەلدى، كېسەلمەن ئادەمدەك تەستە ئورنۇمدىن تۇرۇپ دەلدەڭلى-
گەنچە بېرىپ لەيلىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدىم. ئۇنىڭ قوللىرى
مۇزدەك سوغۇق ئىدى، ئۇ كۆزۈمگە ئىپادىسىزلا تىكىلدى، ئەمما
قوللىرىنى تارتىۋالمىدى. مەن زىمىستان قىشتا كۆڭلەكچان
سىرتقا چىقىپ توڭلاپ كەتكەن ئادەمدەك تىترەڭگۈ ئاۋازدا سۆز-
لەپ كەتتىم:
— لەيلى، مەن سىزنى سۆيىمەن! سىز مېنىڭ ئۆزىڭىزگە
قانچىلىك دەرىجىدە ئاشىق ئىكەنلىكىمنىمۇ بىلىسىز. مەن سىزنى
دەپ تۈگىشىپ كېتىۋاتىمەن، ماڭا رەھىم قىلىڭ، مەن سىزنىڭ
ئازابلىرىڭىزنى ئۇنتۇلدۇرالايمەن، سىزگە يىگىتىڭىز غەيرەتكە
ئوخشاشلا سۆيگۈ ئاتا قىلالايمەن، ۋاپادار، سادىق ئەر بولالايمەن.
ماقۇل دەڭ، بىز توي قىلايلى، مەن سىزسىز بۇ دۇنيادا بىر
كۈنمۇ خۇشال ياشىيالمىغۇدەكمەن...
— ئازاد، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، — دېدى ئۇ قوللىرىنى
ئاستا قولۇمدىن تارتىۋېلىپ، — قەلبىڭىزنى چۈشىنىمەن، مەنمۇ
سىزگە ئوخشاشلا ئاشىقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەم،
شۇڭا سىزمۇ مېنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك. مەن سىزنىڭ ماڭا
بولغان مۇھەببىتىڭىزگە پەقەت ھۆرمەتلا قىلالايمەن، سىزگە

دوستلارچە ھېسداشلىقلا قىلالايمەن، بىراق مۇھەببىتىمنى بېغىشلاش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. مېنىڭ قەلبىمدىكى مۇھەببىتىم مەرھۇم يىگىتىم غەيرەت بىلەن بىللە قەبرىگە دەپنە قىلىنىۋېتىلدى. مەندە بارى مۇشۇ گۆش ۋە قاندىن تۈزۈلگەن ھەرىكەت قىلالايدىغان، سۆزلىيەلەيدىغان ھەيكەلسىمان نەپس تەن. بۇ تەندىن روھ يوقالغان، روھ بولمىغان تەندە مۇھەببەت، مېھىر - شەپقەت، ئىنسانىي تۇيغۇ دېگەنلەر بولمايدۇ. سىز مەن بىلەن توي قىلغان ھالەتتىمۇ مېنىڭ مۇشۇ ھېسسىياتسىز قۇرۇق تېنىمگىلا ئېرىشىسىز، شۇنىڭ بىلەن ئاز كۈن ئۆتمەيلا مەندىن زېرىكىسىز، بىزار بولىسىز. ئەمەلىيەتتە، سىزنىڭ ماڭا بولغان ئاشۇ ساپ مۇھەببىتىڭىز مەندىن خۇددى ئۆزىگە ئوخشاشلا يۈكسەك مۇھەببەت، مېھىر، ۋاپا تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن مەن ئۇنى مەڭگۈ سىزگە بېرەلمەيمەن. ئەگەر سىزگە يالغاندىن ئىچ ئاغرىتىپ ياكى كۆڭلىڭىزنى ئاياپ ماقۇل بولسام، سىزگىمۇ، ئۆزۈمگىمۇ ئەبەدىي يۈز كېلەلمەيمەن. ئەمدىغۇ مېنى چۈشىنەرسىز؟

ئۇ سۆزدىن توختاپ ماڭا ئىپادىسىز تىكىلدى. مەن ئۇنىڭ يېنىدا قىمىر قىلماي ئۆرە تۇرغىنىمچە ئازابلىق ئىڭرىۋەتتىم.

— لەيلى، سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزمۇ توغرا. مەنمۇ ئۆتكەندە سىزگە يازغان خېتىمدا سىزنى ئېرىڭىزدىن ياكى سۆيگەن يىگىتىڭىزدىن تارتىۋېلىش نىيىتىمنىڭ يوقلۇقىنى، پەقەت سىزنى كۆرۈپ تۇرسام، سىزگە ياردەم قىلالىسام يەنىلا سىزدىن مىننەتدار بولىدىغانلىقىمنى يازغانىدىم. ھېلىھەم شۇنداق قىلاي دەيمەن، سىز ھەممىدىن ئايرىلدىڭىز، مەندىنمۇ بەتتەر روھىي ئازابقا دۇچار بولدىڭىز. شۇڭا مۇزلىغان قەلبىڭىزنى، تەنھا قالغان تېنىڭىزنى ئۆزۈمنىڭ سىزگە بولغان سەمىمىي، پاك مۇھەببىتىم، ئوتلۇق سۆيگۈم بىلەن ئىللىتماقچى، سىزگە ئۆمۈرلۈك سادىق، مېھرىبان ھەمراھ بولماقچى بولدۇم. سىز ئويلاپ كۆرۈڭ، بوران - چاپقۇن نابۇت قىلىۋەتكەن بىر تال كۆچەتنى (ئەگەر ئۇ

ئۆلمىگەنلا بولسا) قايتا پەرۋىش قىلىپ ھاياتلىققا، قايتا كۆكلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش مۇمكىنمۇ؟ روھىي كېسەل ئادەمنىمۇ پسىخولوگىيىلىك داۋالاپ ساقايتىش مۇمكىنمۇ؟... سىزنىڭ قەلبىڭىزدىكى سۆيگۈ جاراھەتلىرىنىمۇ مەن ئاستا - ئاستا ساقايتالماسمەنمۇ؟ سىزنىڭ ئۇ دۇنياغا كەتكەن مۇھەببىتىڭىزنىمۇ قايتۇرۇپ كېلەلمەسمەنمۇ؟ ھاياتنىڭ سىنىقى ئۇزۇن، قىشنىڭ كەينىدىن ھامان باھار كېلىدۇ، ۋاقىت ھەممىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. شۇڭا سىزنىڭ ھاياتقا، ھاياتنىڭ قىسمەتلىرىگە رېئاللىق نەزىرىڭىز بىلەن قاراپ، ئۆتمۇشىڭىزگە ۋە كەلگۈسىڭىزگە ئوبيېكتىپ مۇئامىلە قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— مۇمكىن ئەمەس! — دېدى لەيلى كەسكىن جاۋاب بېرىپ، — مۇشۇ رېئاللىق، مۇشۇ ئوبيېكتىپ دۇنيا ماڭا نېمە بەردى؟ قانچىلىك ۋاپا قىلدى؟ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ماڭا قانچىلىك ۋاپا قىلىپ كېتەر؟ كىمدۇر بىرى: «سۇغا سالسا سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى، ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كۆڭۈلنى» دەپ يازغانىكەن، مېنىڭ كۆڭلۈممۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشاش بۇ دۇنيادىن، بۇ رېئاللىقتىن قالغان كۆڭۈل، پۈتۈنلەي ئۆلگەن كۆڭۈل. مېنىڭ كۆڭلۈم سۇنغان چىنىگە، يۈزى بۇزۇۋېتىلگەن رەسىمگە، ئاختا قىلىۋېتىلگەن ھېس - ھەۋەسسىز ئەركەككە ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇنى ئەسلىگە ئەكېلىش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس.

ئۇ سۆزدىن توختاپ، مودېل ھەيكەلنىڭكىگە ئوخشاپ قالغان ئىپادىسىز كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. مەن ئەمدى ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىمنى، ئۇنى قانداق قايىل قىلىشىمنى بىلەلمەي، خۇددى ئىچىمگە ھەرە كىرىۋالغاندەك ئازابلىنىپ كەتتىم. بىردىنلا ھاراق ئىچكۈم كېلىپ كەتتى - دە، يېزىق ئۈستىلىمنىڭ ئىشكاپىدىن بىر بوتۇلكا ئاق ھاراقنى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتىم ۋە بىر پىيالىگە لىققىدە قۇيۇپ:

— سىزمۇ ئىچىپ قويامسىز؟ — دەپ ئۇدۇللا سورىدىم لەيلىدىن.

— ئىچمەيمەن، — دېدى ئۇ بىپەرۋا ھالدا.

— ئۇنداق بولسا مەن ئىچەي، سىز ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ بېرىڭ، بۇ تەلىپىمگىمۇ قوشۇلارسىز؟

— قوشۇلىمەن.

— رەھمەت، مەن سىزنى كۆرگەن كۈندىن باشلاپ ھاراقـ كەشكە ئايلىنىپ قالدىم، تەقدىر پېشانەم شۇنداق ئوخشايدۇ، خوشە!

مەن بىر پىيالە ھاراقنى تىنماي تۇرۇپ ئىچىۋەتتىم. پېشاـ نەمدىن بـۇژژىدە تـەر چىقىپ كەتتى. پىيالىگە يەنە ھـاراق تولدۇردۇم.

— ئازدىن قۇيۇپ ئىچسىڭىز بولمامدۇ؟ ئۆزىڭىزنى بۇنداق قىينىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ — دېدى ئۇ سوغۇق بىر تەلەپپۇزدا.

— سىزنىڭ دەردىڭىزدە قىينالغىنىمنىڭ ئالدىدا بۇنچىلىك قىينىلىش نېمىتى!

شۇنداق دەپلا ئىككىنچى پىيالە ھاراقنىمۇ گۇپ قىلىپلا كۆتۈرۈۋەتتىم. بېشىم سەل قايغاندەك بولۇپ توختاپ قالدى، لېكىن كەيپىم كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغانىدى.

— گەپ - سۆزلىرىڭىزدىن سىزمۇ ئەدەبىياتقا خېلى قىزىقىـ دىغاندەك قىلىسىز، — دېدى لەيلى سومكىسىدىن خېلى قېلىن بىر دەپتەرنى ئېلىۋېتىپ، — بۇ مېنىڭ يىگىتىم غەيرەتنىڭ ھايات ۋاقتىدا يازغان شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمى. ئۇ شېئىر يېزىشقا بـەكلا قىزىقىدىغان، لېكىن يـازغان شېئىرلىرىنى گېـ زىت - ژۇرناللارغا ئەۋەتىشكە ئۇنىمايتتى. بۇ شېئىرلارنى سىزـ گە كۆرسەتكۈم كېلىپ ئالغاچ كەلگەنتىم، ۋاقتىڭىز يەتكەندە كۆرۈپ قويارسىز، ھېچبولمىسا ئۇ رەھمەتلىكنىڭ قەلبىنى چۈـ شىنىشىڭىزگە ياردىمى بولۇپ قالار.

مەن شېئىر يېزىلغان دەپتەرنى ئۇنىڭ قولىدىن ئىككى قول-لاپ ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدىم.

— هاراق ئىچكەندە كۆرمىسىڭىز بوپتىكەن، بولمىسا ئۇ مەرھۇمغا ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

مەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە دەپتەرنى يېپىپ شىرەگە قويۇپ قويدۇم.

— ئەمدى مەن ماڭاي، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ئۇ.

— يەنە بىرئاز ئولتۇرسىڭىز بولماسمىدى! — دېدىم ئىلتىما-س بىلەن.

— بولدى.

— ئەمىسە ماۋۇ رەختىڭىزنى ئالغاچ كېتىڭ. مەن بۇنى قوبۇل قىلالمايمەن.

— مەيلىڭىز، — ئۇ شۇنداق دەپلا رەختنى ئېلىپ سومكى-سىغا سالدى ـ دە، بۇرۇلۇپ ماڭدى.

— توختاڭ!

مەن ئۇنى توختىتىۋېلىپ، قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكى-سىدە كاپپىدە چىڭ قۇچاقلىۋالدىم ـ دە، لەۋلىرىگە بېسىپ ـ بېسىپ سۆيۈپ كەتتىم. ئۇ بولسا ھەيكەلدەك جىمجىت تۇرۇپ قالدى، بىردەمدىن كېيىن مېنى ئاستا ئىتتىرىپ:

— لەززەت ھېس قىلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ھېچقانداق بىر ئىپادىسىز قىياپەتتە.

ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بېرىش ماڭا قىيىنغا توختىدى. تەمتىرىگىنىمچە تۇرۇپ قالدىم.

— مېنىڭ بايا ئېيتقان سۆزلىرىمنى ئۇنتۇپ قالماڭ. بۇنىڭ-دىن كېيىن يەنە مۇشۇنداق قىلىدىغان بولسىڭىز سىز بىلەن يۈز كۆرۈشمەيمەن، بىلىپ قېلىڭ، بىز دېگەن پەقەتلا دوست.

ئۇ شۇنداق دەپلا ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئازابلىق خۇرسىنغىنىمچە قاراپ قالدىم.

## 3

ئۇ كەتتى. ياتىقىم خۇددى غېرىبانە گۆرىستانلىقتەك جىم-جىتلىققا چۆكتى، مەن ئۆزۈمنى تولىمۇ يالغۇز ھەم بىچارە ھېس قىلدىم. ئاستا كارىۋاتقا كېلىپ ئۇ بايا ئولتۇرغان يەرگە كېلىپ ئولتۇردۇم، ئالدىمدىكى شىرەدە ھاراق بوتۇلكىسى خۇددى ماڭا خىرىس قىلىۋاتقاندەك چوقچىيىپ تۇراتتى. راسا ئىچىپ غەرق مەست بولاي، بارلىق ئازابلىرىمنى بىر كېچە بولسىمۇ ئۇنتۇپ كېتەي دېدىم، بىراق ھاراققا كۆڭلۈم تارتمىدى. بىردىنلا لەيلى قالدۇرۇپ كەتكەن دەپتەر ئېسىمگە كەلدى، ئۇنى ئېلىپ بىر قۇر ۋاراقلىدىم، «ھىجران قىسسىسى» ماۋزۇلۇق بىر باللادا دىققىتىمنى تارتتى. مەن كارىۋىتىمغا يانپاشلىغىنىمچە ئۇنى ئوقۇشقا باشلىدىم. باللادا مۇنداق يېزىلغانىدى:

*باھار پەسلى، تەبىئەت رەڭدار،*
*باغلار گۈزەل، داللار گۈزەل.*
*چۇرۇقلىشىپ سايرايدۇ قۇشلار،*
*شوخلۇق بىلەن ياڭرىتىپ غەزەل.*

*مەن بارىمەن ئوي سۈرۈپ ئاستا،*
*نەزەر تاشلاپ يېشىل دىيارغا.*
*خىيالىمدا ئىلھام پەرىسى:*
*«قەسىدە ياز» دەيدۇ باھارغا.*

*تۇرغىنىمدا يازاي بوپتۇ، دەپ،*
*ئۆتۈپ قالدى يېنىمدىن بىر چال.*
*تۇرقى ئۇنىڭ شۇنچە پەرىشان،*
*پۈت - قوللىرى تىترەيتتى غال - غال.*

ھەيران بولۇپ سورىدىم: «بوۋا،
بىر يەرلىرى ئاغرىمدۇ نېمە؟»
بوۋاي دېدى: «ئاغرىيدۇ يۈرەك،
كىرگىنىمدە ئەمدى سەكسەنگە.»

«ۋاي! بولماپتۇ، بارايلى چاپسان، —
دېسەم شۇئان، — دوختۇرخانىغا.»
چەكچەيدى ئۇ: «داۋا قىلمايدۇ،
دوختۇرخانالار بۇنداق ئاغرىققا.»

«قانداق ئاغرىق، خۇددى تىلسىمدەك
بىلىپ بولماس، ئېيتىڭچۇ بوۋا؟»
دېسەم، بوۋاي دېدى: «ئەي ئوغلۇم،
ساڭا تېخى بۇ ئىشلار غۇۋا.

بىر جۈپ ھىجىر كوزام بار ئىدى،
بوۋام ماڭا مىراس قالدۇرغان.
ئۇنى بۇگۇن چاقتى ئەمەسمۇ،
قارغىش تەگكۇر مومىيىم نۇرخان.

بىلسەڭ ئوغلۇم ھىجىر كوزىدىن
كەلدى ماڭا ‹يۈرەك ئاغرىقى›.
بوۋام ئېيتقان ھىجىر قىسسىسى،
بولغاچ مېنىڭ يادىمدا تېخى.

ئېيتىپ بېرەي ئاشۇ قىسسىسىنى،
ساۋاق بولسۇن، ئېسىڭدە تۇرسۇن...»

قېنى، ئورتاق ئاڭلايلى دوستلار،
قىسسە دېگەن بىباھا ئالتۇن.

بۇندىن خېلى ئۇزاق زامانلار،
ئىكەن بۇ يۇرت ھۇنەر ماكانى.
شۇنداق بىر قىز ئۆتكەنىمىش بۇندا،
ئىسمى ئۇنىڭ ئىكەن جانانى.

ھۆسن ـ جامال، ھۇنەر ـ سەنئەتتە،
مەشھۇر ئىكەن بۇ قىز ئەل ئارا.
خەلق ئۇنى ھۆرمەت تەختىدە،
سانايدىكەن گويا پادىشاھ.

چۈنكى ھىجىر كوزا ياساشنى
كەشىپ قىلغانىكەن جانان قىز.
سۈپەتلىك ھەم سەنئەتلىك بولغاچ،
ئىكەن مالىنىڭ بازىرىمۇ تېز.

كۆپ يىگىتلەر ئاشىقكەن ئۇنىڭ
رۇخسارىغا، شېرىن ۋەسلىگە.
ھېرىس ئىكەن ھەم ئۇنىڭ داڭلىق
ھىجىر كوزا ياساش كەسپىگە.

شاگىرت ئىكەن، ياردەمچى ئىكەن،
جانان قىزغا نەچچە يۈز يىگىت.
شۇ كۈنلەردە كەپتۇ بۇ يۇرتقا،
قوشنا ئەلدىن بىر ئاق يۈز يىگىت.

ئىكەن ئۇنىڭ بوي - تۇرقى ۋىجىك،
ئۆزى چاققان، ئىشتا تەدبىرلىك.
ئۇنىڭچە ئۆز ئۆمرىدە پەقەت
ھۇنەر ئىمىش بەكمۇ قەدىرلىك.

شۇڭا شاگىرت بولۇشنى تىلەپ،
جانان قىزغا يېلىنىپتۇ ئۇ.
شىرىن سۆزلۈك ھەم ئىشچان بولغاچ،
نەزەرگىمۇ ئىلىنىپتۇ ئۇ.

شۇندىن باشلاپ خۇشامەت بىلەن
جانان قىزغا قاپتۇ ئۇ يېقىپ.
(ئاڭا قۇۋلۇق، شۇملۇق ئىشىكى
تۇرۇپتۇ ھەر نەپەس ئېچىلىپ.)

يىللار ئۆتۈپ بۇ «يېڭى» شاگىرت
ھۇنەرنىمۇ ئاپتۇ ئۆگىنىپ.
قولغا ھۇنەر كىردى ئەمدى، دەپ
چوڭقۇر ئويغا قاپتۇ ئۇ پېتىپ.

پىلانىنى ئېيتىپتۇ قىزغا:
«قۇرايمىكىن مەنمۇ بىر خۇمدان.
بەرسىڭىز گەر ماڭا ئىجازەت،
ماسلاشساق تەڭ بولاتتى ئوبدان.»

ئاڭلاپ بۇنى باشقا شاگىرتلار،
دەپتۇ قىزغا: «بولمايدۇ ھەرگىز!
تەقدىرىمىز نە بولۇپ كېتەر؟
شۇنى چوڭقۇر ئويلاپ كۆرەرسىز...»

كۆنمەيتۇ قىز مەسلىھەتلەرگە،
ئۆتۈنۈپتۇ يىڭى خۇمدانىنى.
رەت قىپتۇ ئۇ، باشقىلار ئېيتقان
«قوشۇلمايمىز» دېگەن چۇقانىنى.

شۇنداق قىلىپ «ياخشىچاق» شاگىرت،
ئىش باشلاپتۇ يىڭى خۇمداندا.
ئۇستازىدىن ئېشىپ چۇشمەك بوپ،
ئىشلەپتۇ ھەم يامغۇر ـ بوراندا.

ئالدىرىغان كېيىن قالغاندەك،
يۇرۇشمەپتۇ ئىشلىرى ئەسلا.
چالا بولغاچ ھۇنىرى ئۇنىڭ،
مەھسۇلاتى خام ئىكەن بەكلا.

پىشماي تۇرۇپ ھىچبىر كوزىدىن
نەچچە مىڭى تۇگەپتۇ سۇنۇپ.
ئاچچىقىغا پايلىماي ئۆزىن—
كېتىپتۇ ئۇ كاچاتلاپ ـ ئۇرۇپ.

كەپتۇ شۇ چاغ ئۇنىڭ ئۇيىغا
قورقۇنچلۇق بىر رەزىل نىيەت.
ئۆزىچە ئۇ پەخىرلىنىپتۇ،
ئۆز ئەقلىدىن سۆيۈنۈپ قەۋەت.

ياپما قاپاق گازىر كۆزلىرى
ھەسەت بىرلە ئېچىلىپتۇ زور.
خوجا بولماق بولۇپ خۇمدانغا،
ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپتۇ مەغرۇر:

«كوزىچىلار نادان ھەم ساددا،
نىمە دىسە «لەببەي!»، دەپ تۇرار.
ۋاقتى كەلسە بۇ «كۆزى كور»لار،
ئۆز مۇشتىدا ئۆزىنى ئۇرار.

جانانەنى يوقاتسام كۆزدىن،
خۇمدان ماڭا ئوڭچىلا قالار.
ھەممە شۇ چاغ باش ئۇرۇپ ماڭا،
پەقەت مىنىڭ گېپىم گەپ بولار...»

بىرىپتۇ ئۇ بىر كۈنى كەچتە،
خۇمدىنىغا جانانە قىزنىڭ.
كۆرۈۋاتقانىكەن ئۇندا قىز،
سۇپىتىنى ھەرخىل كوزىنىڭ.

«ياخشىمۇ سىز، ئۇستازىم جانان؟»
سالام قىپتۇ قىزغا ئۇ ئاۋۋال.
«تەڭشىيەلمەي خۇمدان ئوتىنى،
كەلدىم يەنە سىزگە ئېيتىپ ھال.

مەن ياسىغان ھىچبىر كوزىلار
چىقتى بارى سۇپەتسىز، چىتقىق.
ئوت تەڭشەشنى خۇمدىنىڭىزدىن
كۆرسەتسىڭىز بىۋاستە ئېنىق.»

ياق دىمەستىن ماقۇل بوپ ئاڭا،
ئوت تەڭشەشنى ئۆگىتىپتۇ قىز.
كۆرسىتىپتۇ كوزا پىشۇرۇش
ئوچىقىنى ھىچ قارشىلىقسىز.

بۇ چاغ شاگىرت تەييارلىنىپتۇ،
شۇم قەستىنى ئىشقا سالماققا.
ئويلاپتۇ ئۇ: «ئەجىلىڭ توشتى،
ئوتۇن قىلاي سېنى ئوچاققا!»

دەس كۆتۈرۈپ نائەھلى خۇنپەر،
جانان قىزنى تاشلاپتۇ ئوتقا.
چىرقىرىغان ئەلەملىك ندا
يېتىپتۇ ئاھ چەكسىز ئۇپۇققا...

قاغا كەبى قاقىلداپ «شاگىرت»،
تېلىقىپتۇ كۈلۈپ قاقاقلاپ.
«ئارزۇيۇمغا يەتتىم ئەمدى» دەپ،
كېتىپ قاپتۇ ئۆيىگە قاراپ.

بىرى ئازاب، بىرى شادلىقتا
ۋارقىرىغان ئىككى خىل ئاۋاز.
تەۋرىتىپتۇ يەرۇ زېمىننى،
بولۇپ ۋايا، جاپاغا ئەنداز.

ئوت ئىچىدىن ئېلىپ چىقىپتۇ،
ئويغانغانلار قىز جەسىتىنى.
ئەمما ھېچكىم ئاڭقىرالماپتۇ،
بۇ قىسمەتنىڭ سەۋەبچىسىنى.

ھەممىدىن بەك «ھازا» ئېچىپتۇ،
خۇپسەن شاگىرت شۇنىڭ ئەتىسى.
ئۇزاق ئۆتمەي بولۇۋاپتۇ ئۇ،
بۇ خۇمداننىڭ باشقۇرغۇچىسى.

*شۇ ۋاقىتتا ئوتنىڭ ئىچىدە،*
*چىرقىرىغاندا قىز ئازابلىنىپ؛*
*ھىجىر تاۋاق، ساپال كوزىغا*
*كەتكەنمىش ئاۋازى سىڭىپ.*

*شۇڭا چېكىپ قويسا كوزىنى،*
*مۇڭلۇق لەرزان ئاۋاز چىقارمىش.*
*ئەسلەش ئۈچۈن خەلق شۇ قىزنى،*
*چىنىلەرنى «جانان» ئاتارمىش.*

مەن لەيلىنىڭ ئاشىقى مەرھۇم غەيرەتنىڭ بۇ باللاداسىنى ئوقۇپ بولدۇم. شېئىردىكى تېماتىك مەزمۇن قەلبىمنى لەرزىگە سالدى. ئۆزى بىر ئاددىي ناۋاي بولسىمۇ بەدىئىي دىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ ئاتالمىغان شائىرغا قەلبىمنىڭ تىرەن قاتلاملىرىدا بىرخىل ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغالدى. مەن خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى، لەيلى بىلەن بولغان پاك مۇھەببە- تىنى، لەيلىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئەقىدىسىنى ئويلاپ ياتتىم...

ئارىدىن بىر ئاي ۋاقىت خىزمەت ئالدىراشلىقى بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ بىر ئايدا مەن يىراق بىر ناھىيىگە كاماندىروپكىغىمۇ چىقىپ كەلدىم. لەيلىنىڭ مېنى ئىزدەپ كەلگەن - كەلمىگەنلى- كىنى بىلمەيمەن. بىر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ياتىقىمدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرسام لەيلى ئىشىكنىمۇ چەكمەستىن كىرىپ كەل- دى. مەن سەل ھەيرانلىق ئارىلاش خۇشال بولغان ھالدا ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدىم. ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك سىرلىق، مەغ- رۇر، شۇنداقلا پەرۋاسىز ئىدى. ئۇنىڭ غەمكىن چىرايى ئۇنى تېخىمۇ گۈزەل كۆرسىتىپ تۇراتتى. مەن ئۇنى كارىۋاتقا تەكلىپ قىلدىم. ئۇ ئولتۇرۇپلا ئېغىز ئاچتى:

— ئازاد، سىز مېنىڭ بىردىنبىر يېقىن دوستۇم بولۇپ

قالدىڭىز، شۇڭا مەن سىزگە بىر گەپنى ئېيتقىلى كەلدىم. مەن
غەيرەتتىن ھامىلدار بولۇپ قاپتىمەن.
— نېمە؟!
— جىددىيلەشمەڭ، مەن بۇ بالىنى چوقۇم تۇغىمەن، ئەمما
بۇ يۇرتتا تۇغمايمەن. ھېلىمۇ غەيرەت بىلەن بولۇنغان ئىش تۇپەي-
لى جەمئىيەتتە باش كۆتۈرۈپ يۈرگۈسىز ھالغا يەتتىم، ئاتا-
ئانامۇ ھازىر مېنىڭ چىرايىمغا قارىمايدۇ. ئاڭلىسام، باشقا
يۇرتقا چىقىش ئۈچۈن قانۇن ئورنىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بولمىسا
بولمايدىكەن، شۇڭا سىز ماڭا ئاخىرقى قېتىم ياردەم قىلىپ،
ئىدارىڭىزدىن تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن سىرتقا چىقىش توغرۇلۇق
بىر تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بەرسىڭىز.
— سىزنىڭ كىملىك سالاھىيەت كىنىشكىڭىز يوقمىدى؟
— تېخى بېجىرمىگەن.
— لەيلى، گېپىمنى ئاڭلاڭ، سىز بۇ بالىنى باشقا يۇرتقا
بېرىپ تۇغسىڭىزمۇ بەربىر پېشكەللىككە ئۇچرايسىز. بالىنى
نوپۇسقا ئالغىلى ئۇنىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھالىڭىز بىلەن
تۇرمۇشىڭىزنى قانداق قامدايسىز؟ مەنمۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم
سىزدىن ئۆتۈنەي، سىز ماڭا تېگىڭ، مەن قورسىقىڭىزدىكى بالىغا
دادا بولاي. مۇشۇنداق بولغاندا بالىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىمۇ
ياخشى بولىدۇ.
— سىز ماڭا تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بېرەلەمسىز، يوق؟
— ئېلىپ بېرەلەيمەن، بىراق…
— ماڭا شۇ تونۇشتۇرۇشلا كېرەك، باشقا ھېچنېمە كېرەك
ئەمەس. مۇمكىن بولسا ئەتىلا بېجىرىپ بېرىڭ.

ئۇنىڭ بۇيرۇق خاراكتېرىدىكى سۆزى، سوغۇق تەلەپپۇزى
مېنىڭ يەنە غۇرۇرۇمغا تەگدى. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا بۇيرۇق
قىلالايدىغانلىقىمنى، توڭ تېگەلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ قويماق-
چى بولدۇمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا بولغان ئاشىقانە كۆڭلۈم يەنىلا

بۇنداق قىلىشىمغا يول قويمىدى. مەن تاشتەك ئېغىرلىق بىلەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدۇم.

— بىزنىڭ ئۆي بۆشۈكئاستى مەھەللىسىنىڭ غەربىدىكى چىلانزار يولىنىڭ بويىدا، تۆت يۈز قىرىق يەتتىنچى نومۇرلۇق قورۇ، ئېغىر كۆرمىسىڭىز تۇنۇشتۇرۇشنى ئۆيگە ئاپىرىپ بېرەمسىز. سىز بارغاندىن كېيىن مەن سىزگە غەيرەتنىڭ كىتابلىرىنى يادىكار قىلىپ قالدۇرماقچى.

ئۇ شۇ سۆزنى قىلىپ لىككىدە ئورنىدىن تۇردى ــ دە، «خوش» دەپلا كېتىپ قالدى.

ئەتىسى مەن ئىشقا چۈشۈپلا تونۇشتۇرۇشتىن بىرنى يېزىپ ئىدارىنىڭ تامغىسىنى باستۇردۇم ــ دە، موتسىكلىتىمغا مىنىپ، لەيلىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتىم.

مەن ئۇنىڭ ئۆيىنى تېزلا تاپتىم. ئەمما هويلىغا كىرىپلا هەيران قالغىنىمدىن گەج بىلەن قاتۇرۇپ قويغاندەك جايىمدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. هويلىنى يىغا ــ زار قاپلىغان بولۇپ، بېشىغا ئاق ياغلىق چىگىۋالغان بىرنەچچە ئايال سۇپىدا هوشسىز ياتقان بىر ئايالنىڭ يۈزىگە سۇ پۈركۈپ، ئۇستۇنكى كالپۇكىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئۇۋۇلىماقتا ئىدى. مەن قاراپلا ئۇ ئايالنىڭ چىرايىدىن لەيلىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى هېس قىلدىم. ئەللىك ياشلاردىكى بىر ئادەم كۆزلىرىدىن يۇم ــ يۇم ياش تۆكۈپ يىغلىغىنىچە ئالدىمغا كەلدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشكەندىن كېيىن سورىدىم:

— بۇ ئۆيدە نېمە ئىش بولدى؟

— مۇسىبەت، ئۇكام، مۇسىبەت، قىزىمىز لەيلى ئۆلۈپ كەتتى!

— نېمە؟!

تۇيۇقسىز بىرى كىيىمىمنىڭ ئىچىگە مۇز پارچىسى سېلىۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم، مېڭەم خۇددى چوقامغا مىخ قېقىـ

ۋەتكەندەك زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى، بىرى ئىچىمنى تاتىلىغاندەك ئازابلىنىپ كەتتىم، پۇتلىرىم ماغدۇرسىزلىنىپ تىترەشكە باشلىدى.

— سىلى... لەيلىنىڭ دا... دادىسىمۇ؟ — تىلىم گەپكە كەلمەي ئارانلا سورىدىم.

— ھەئە.

— ئۇ... ئۇ قانداق بولۇپ ئۆلۈپ قالدى؟... بۇ مۇمكىنمۇ؟

— بىزمۇ بىلمىدۇق.

— ئۇ قەيەردە؟

— ئەنە ئاۋۇ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا.

مەن ئۇ ئادەم كۆرسەتكەن ئۆيگە ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئۆيگە كىرىپلا كۆرگىنىم كارىۋات ئۈستىدە يۈزى ئاق لاتا بىلەن يېپىپ قويۇلغان بىر جەسەت بولدى. مەن ئاق لاتىنى ئېلىۋەتتىم، لەيلىنىڭ يۈزى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، پۇت - قوللىرى يانىڭ كىرىچىدەك تارتىشىپ قالغانىدى. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماستىن ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ كالىدەك ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتىم. قوللىرىم مېنىڭ تىزگىنلىشىمگە بويسۇنماستىن ئۇنىڭ يۈزىنى، ئۇزۇن چاچلىرىنى تىنىمسىز سىلايتتى، كۆزۈمدىن كەچ كۈزنىڭ يامغۇرىدەك توختاۋسىز تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار لەيلىنىڭ يۈزىنى يۇماقتا ئىدى...

شۇ ھالەتتە قانچىلىك يىغلىغىنىمنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا بىرى مېنى تارتىپ جەسەت ئۈستىدىن ئاجراتتى. كۆزلىرىمنى ئېتىۋالغان ياش پەردىسىنى نېرى - بېرى ئېرتىۋېتىپ يېنىمغا قارىدىم. لەيلىنىڭ دادىسى ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى، يەنە بىرنەچچە ئايالمۇ ياشلانغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا ھەيران بولغىنىچە قاراپ تۇرۇشاتتى. دەل شۇ چاغدا كۆزۈم لەيلىنىڭ كارىۋىتى يېنىدىكى تومپۇچكا ئۈستىدە تۇرغان لالە رەڭ تاشلىق بىر خاتىرىگە چۈشۈپ قالدى، كۆڭلۈم نېمىنىدۇر سەزگەندەك

بولۇپ، مېنى ئاشۇ خاتىرىنى ئېلىشقا ئۈندىدى. مەن خاتىرىنى دەرھال قولۇمغا ئېلىپ ئاچتىم، ئىچىدىن قاتلانغان بىر خەت يەرگە چۈشتى، قەغەزنى ئېلىپ ئىچىپ بىر قاراپلا تىترەپ كەتتىم.

«ئازاد، مەن ئۆلىمەن! — دەپ باشلانغانىدى خەتنىڭ بىرىند-چى قۇرى، — شۇنداق، مەن ئۆلۈۋالماقچى. خەتنىڭ باشلانمى-سىنى ئوقۇپلا ھەيران قېلىشىڭىز، چۆچۈپ كېتىشىڭىز مۇم-كىن. ئەسلىي مەن ھەرگىز ئۆلۈۋالماقچى ئەمەس ئىدىم، ئەپ-سۇس، جەمئىيەت، ئادەملەر ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلدى، تولىمۇ رەھىمسىزلىك قىلدى. تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇسىڭىز مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلۈۋالماقچى بولغىنىمنى بىلىپ قالىسىز.

مەن تۈنۈگۈن سىزنىڭ يانىڭىزدىن چىقىپلا مەرھۇم غەيى-رەتنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىۋېلىش ئۈ-چۈن قەبرىستانلىققا باردىم. ئەمما قەبرىستانلىققا يېقىن بارا - بارمايلا، يىراقتىن مېنى كۆرگەن مازار شەيخى ئالدىمغا پايپاسلاپ كېلىپ مېنى توسۇۋالدى. ئۇ: ‹خېنىم، ئارقىڭىزغا يېنىڭ! ئايال زاتىنىڭ زاراتگاھلىقنى يوقلىشى مۇقەددەس دىنىمىزدا مەن-ئى قىلىنغان، ئايالالار قەبرىستانلىققا كەلسە ئېغىر گۇناھ بولى-دۇ، روھلارنىڭ كۆزىگە قىپيالىڭاچ كۆرۈنىدۇ› دەپ ۋەز ئېيى-تىپ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇنىڭغا خېلى جىق يېلىنىپ يالۋۇرغان بولسامۇ (ئۆز غۇرۇرۇمغا يات ھالدا) ئۇ ماڭا پەقەتلا يول قويمىدى. مەن نائىلاج قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم.

ئۆيگە كېلىپ بىر ئامالنى ئويلاپ تاپتىم - دە، كۈننىڭ بالدۇراق كەچ بولۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۈم. ئاخىر كۈنمۇ كەچ بولدى، سائەت سەككىزلەر بىلەن پۈتۈنلەي ئەرەنچە ياسى-نىپ، چاچلىرىمنى تۇرمەكلەپ بېشىمغا غەيرەتنىڭ ماڭا مىراس قالغان شەپكىسىنى كىيىپ ئۆيدىن چىقتىم. يولدا ھېچكىم ماڭا دىققەت قىلمىدى. مەن قەبرىستانلىققا يېتىپ كەلگەندە سائەت

توقۇز بولۇپ قالغانىدى، قەبرىستانلىق شۈنچىلىك جىمجىت ئىدى. مەن ئۆزۈمنى گويا ئۇ دۇنياغا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم، ئەمما زىنھار قورقۇنچ ھېس قىلمىدىم. پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ مېڭىپ ئاخىر غەيرەتنىڭ قەبرىسىنى تاپتىم. قەبرىنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاۋۋال بىلگەن ئايەتلىرىمنى شىۋىرلاپ ئوقۇدۇم، ئاندىن قەبرىگە مەڭزىمنى يېقىپ تۇرۇپ، قورسىقىمدا غەيرەتنىڭ بالىسى بارلىقىنى، ئۇنى چوقۇم تۇغۇپ ياخشى تەربىيىلەپ يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقىدىغانلىقىمنى، ئىسمىنى چوقۇم غەيرەت قويىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. مەن يەنە نۇرغۇن يۈرەك سۆزلىرىمنى دېدىم، قەبرىگە ئېسىلىپ ئۇزاقىچە يىغلىدىم... بىرەر سائەتتىن كېيىن قەبرە يېنىدىن ئايرىلدىم. قەبرىستانلىقتىن چىقىپ كېتىۋاتسام، ماڭا يېقىنلا يەردىكى گۈمبەزدىن قولچىرىغى تۇتقان بىر ئادەم چىقىپ كەلدى ۋە: ‹بۇ كېچىدە كەلگەن كىم؟›، دەپ سورىدى قولچىرىغىنى يۈزۈمگە يېقىپ. مەن گەپ قىلسام ئاۋازىمدىن چىنىپ قالىدىغانلىقىمنى ئويلاپ ئۈندىمىدىم. ئۇ ئادەم ماڭا يېقىن كېلىپ قولچىرىغىنى باشتىن - ئاياغ ماڭا قارىتىپياندۇرۇپ مېنى كۆزەتكەندىن كېيىن، بىردىنلا ۋارقىراپ كەتتى: ‹ھەي ئۆزىنى بىلمەيدىغان كاززاپ خوتۇن، ئەرەنچە ياسىنىپ مېنى ئالدايمەن دەپ ئويلىدىڭمۇ؟ ھۇ ئىمانسىز، سەن ئاسىي بەندە مېنىمۇ گۇناھكار قىلدىڭغۇ - ھە، يوقال بۇ يەردىن، ھۇ ناپاك!›، ئۇ ئەنە شۇنداق دەپ مېنى دۆشكەلىگىنىچە قەبرىستانلىقتىن ھەيدەپ چىقاردى. مەن ئۇ شەيخنىڭ قىلغىنىنى ئامال بار كۆڭلۈمگە ئالماسلىققا تىرىشىپ، بۇ يەردىن جىمجىتلا كېتىپ قالدىم. يېرىم يولغا كەلگەندە يول بويىدىكى دەرەخلىك ئارىسىدىن تۇيۇقسىزلا ئۈچ ئادەم چىقىپ ئالدىمنى توسىدى ۋە مېنى تۇتۇۋېلىپ: ‹پۇلۇڭنى چىقار!›، دەپ بوش ئاۋازدا تەھدىت سالدى. مەن ئاياللىقىمنى ئاشكارىلاپ تېخىمۇ چوڭ كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ قالماي دەپ

ئاۋازىمنى چىقارمىدىم. ئۇلاردىن بىرى يېنىمنى ئاختۇرۇپ ھېچ-
نېمە تاپالمىدى، ئۇ ئەرەنچە چاپىنىمنىڭ مەيدە يانچۇقىنى ئاخ-
تۇرماقچى بولۇپ قولىنى سوزۇپلا كۆكسۈمنى تۇتۇپ سالدى ـ
دە، «ھۇي، بۇ ئايال ئوخشىمامدۇ!» دېدى. مەن دەرھال قاچ-
ماقچى بولۇپ ئۇلارنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتىم، لېكىن ئۇلار
چەبدەسلىك بىلەن مېنى مەھكەم تۇتۇۋېلىشتى، مەن بار كۈچۈم
بىلەن تىركىشىپ ئۇلار بىلەن ئېلىشتىم، شۇچاغدا بېشىمدىكى
شەپكە چۈشۈپ كېتىپ، چاچلىرىممۇ چۇۋۇلۇپ يەلكەمگە چۈش-
تى. ئۇلار ئەمدى مېنىڭ ئاياللىقىمنى ئېنىق بىلىۋېلىپ، ماڭا
شىردەك ئېتىلىشتى ـ دە، مېنى كۆتە ـ كۆتە قىلىپ دەرەخلىك-
نىڭ ئارىسىغا ئەكىرىپ يەرگە باستى. مەن بىر ياقتىن قارشىلىق
قىلغاچ، بىر ياقتىن بار ئاۋازىم بىلەن: «قۇتقۇزۇڭلار!… ئادەم
بارمۇ؟» دەپ ۋارقىرىدىم. ئۇلاردىن بىرى قانداقتۇر بىر پارچە
لاتىنى ئاغزىمغا تىقىپ ئاۋازىمنى ئۆچۈردى، ئىككىسى پۇت ـ
قوللىرىمنى يەرگە چىڭ بېسىپ تۇرۇۋالدى، مېنىڭ ئۇلارغا پە-
قەتلا كۈچۈم يەتمەي ھالسىزلىنىپ كەتتىم. شۇنداق قىلىپ ئۇلار
مېنىڭ كىيىملىرىمنى يىرتىپ سالدۇرۇپ نۆۋەت بىلەن نومۇ-
سۇمغا تەگدى… مەن ئۇلارنىڭ گەپ قىلغاندىكى ئاۋازىدىن بىزنىڭ
مەھەللىدىكى بىرنەچچە لۈكچەك، چوقۇم شۇدەپ ھېس قىلدىم.
ئۇلار ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئەرۋاھتەك غايىب بولۇشتى.
مەن ھالسىزلانغىنىمدىن خېلى ئۇزاققىچە ئاسماندىكى يورۇ-
قى بار، ساداسى يوق يۇلتۇزلارغا تىكىلگىنىمچە يېتىپ قالدىم.
يىغلاشنىڭ ئورنىغا ئاچچىق كۈلدۈم. كاللامدا مۇنۇ سوئاللار
ئىسيان كۆتۈردى: «بىز ئايال خەق شۇنچە ئاجىز يارىتىلغانمۇ؟
نېمە ئۈچۈن دائىم ئەرلەرنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرايمىز؟ نېمە
ئۈچۈن ئاياللارنىڭ تەقدىرى شۇنچە كاج؟ مەن دەسلەپتە ئاتا ـ
ئانامنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ دادامدەك بىر ئەرگە مەجبۇرىي ياتـ-
لىق قىلىندىم. كېيىن ئۆزۈمنىڭ ئەركىنلىكى، پاك مۇھەببىتى

ئۈچۈن جەڭ ئېلان قىلىپ، سۆيگىنىمنى قايتا تېپىۋالدىم، لېكىن جەمئىيەت تەرىپىدىن بىردەك لەنەت ـ نەپرەتكە ئۇچرىدىم. بۇ نېمە ئۈچۈن؟... ئەمدى قەبرىستانلىقتا بارسام، ئۇ يەردىكى شەيخمۇ مېنى ھاقارەتلەپ قوغلىۋەتتى، يول ئۈستىدە يەنە ھېلىقىلارنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا ئۇچرىدىم. مەن ئۆمرۈمدە مۇشۇنداق خورلىنىشقىلا يارالغانمۇ؟...،

مەن ئەمدى ياشىيالمايمەن، ئازاد. ئەڭ مۇھىمى مەن ناكەسلەرنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا ئۇچراپ، قورسىقىمدىكى پاك مۇھەببەتنىڭ جەۋھىرى بولغان بالام بۇلغاندى. ئەمدى مەن بۇ بالىنى تۇغالمايمەن، مەرھۇم غەيرەتكىمۇ يۈز كېلەلمەيمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆلۈپلا تۈگىشەي، تېنىم بۇلغانغان بولسىمۇ روھىم پاك، ئۆلگەندىن كېيىن پاك روھىم غەيرەتنىڭ روھى بىلەن قوشۇلغاي.

ئازاد، مەن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ بۇ خەتنى سىزگە يېزىۋاتىمەن. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سىزدىن ئۆتۈنىدىغىنىم، مېنى دەپسەندە قىلغان ئاشۇ ئۈچ مەلئۇننى تۇتۇپ، مەن ئۈچۈن جازالاپ بېرىڭ. ئەمدى مەن چاشقان دورىسى ئىچىپ ئۆلۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلاي. خەير خوش، ئازاد، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ!...»

خەتنى ئوقۇپ بولغىچە كۆزياشلىرىم قەغەزنى ھۆللىۋەتتى. مەن خەتنى ئاۋايلاپ قاتلاپ يانچۇقۇمغا سالدىم.

— ئۇ نېمە خەت ئىكەن؟ — سورىدى لەيلىنىڭ دادىسى.

— لەيلىنىڭ خېتى ئىكەن، ئۇ ئاخشام يىگىتى غەيرەتنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ بارغانىكەن، قايتىپ كېلىشىدە يامان ئادەملەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاخشامقى ۋە پۈتۈن ئۆمرىدىكى خورلۇقنى، ئادالەتسىزلىككە چىدىماي چاشقان دورىسى ئىچىپ ئۆلۈۋاپتۇ. بىلەمسىز، ئۇنىڭ بەختسىزلىكى، پاجىئەلىك ئۆلۈمى پۈتۈنلەي سىز ھەم ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ كاساپىتىدىن بولغان! — دېدىم غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا ۋارقىراپ. چۈنكى

ئۇنىڭغا قىلچىمۇ يۈز - خاتىر قىلغۇم كەلمىگەنىدى. ئۇ بىر پەس ئىچىگە تىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، مەندىن بوش ئاۋازدا سورىدى:

— ساقچى ئىنىم، ئەيىبكە بۇيرۇمىسىڭىز بىر ئىشنى سوراپ باقسام، سىز قىزىمنى قانداق تونۇيسىز؟

مەن ئۇنىڭغا ئوچۇقلا جاۋاب بەردىم:

— مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم.

مەن سۆزۈمنى تۈگىتىپلا، يېنىمدىكى سىمسىز تېلېفوننى ئېلىپ ئىدارىگە تېلېفون بەردىم:

— ۋەي، ئىلهامجانما؟ سىز تېزدىن قانۇن دوختۇرىنى ئېلىپ بۆشۈكئاستى مەھەللىسىنىڭ غەربىدىكى چىلانزار يولى تۆت يۈز قىرىق يەتتىنچى نومۇرلۇق قورۇغا كېلىڭ، جىددىي ئىش بار.

مەن سۆزلىشىپ بولۇپ، لەيلىنىڭ جەسىتى يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ كىيىملىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈشكە كىرىشتىم. ئانچە كۆپ ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئىچ كىيىمى ئارىسىدىن يىرىك كەلگەن قىسقا بىر تال چاچنى تېپىۋالدىم. ئۇ چاچنى لەيلىنىڭ چېچى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈۋىدىم، ئانچە ئوخشاشمايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چاچنى بىر پارچە قەغەزگە ئوراپ يانچۇقۇمغا سالدىم، لەيلىنىڭ چېچىدىنمۇ بىرتال ئېلىۋالدىم. بۇ، ھېلىقى باسقۇنچىلارنى تېپىشتىكى مۇھىم يىپ ئۇچى ئىدى.

ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ياردەمچى ساقچى ئىلهام بىلەن قانۇن دوختۇرى يېتىپ كەلدى. قانۇن دوختۇرى مېنىڭ قىسقىچە ئەھۋال تونۇشتۇرۇشۇمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، لەيلىنىڭ ئاغزىدىن ئازراق شۆلگەي ئەۋرىشكىسى ئېلىۋالدى. بىز موتسىكلىتلىرىمىزغا مىنىپ ئىدارىگە يۈرۈپ كەتتۇق.

مەن ئىدارىگە كېلىپلا ھېلىقى ئىككى تال چاچنى تەجرىبىخانىدا ئايرىم - ئايرىم تەكشۈرۈپ ئانالىز قىلىشقا باشلىدىم. چاچ-

نىڭ تەركىبىدە تەخمىنەن قىرىق خىلدىن كۆپرەك خىمىيىلىك
ئېلېمېنتلار بولۇپ، مەن تەكشۈرگەن ھېلىقى يىرىك قىسقا چاچ-
نىڭ تەركىبىدە كادمىي كۆپرەك ئىدى. مانا بۇ چاچ ئىگىسىنىڭ
تاماكىغا خۇمارى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەتتى.
بۇ چاچنىڭ تەركىبىدە يەنە خروملىڭ ئازلىقىغا قاراپ، چاچ
ئىگىسىنىڭ سىيگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەم ئىكەنلى-
كىنى قىياس قىلدىم. ئاندىن لەيلىنىڭ چېچى بىلەن ئۇنىڭ ئىچ
كىيىمىدىن تېپىۋالغان قىسقا چاچنى سېلىشتۇرما قىلىپ يەنىمۇ
ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈۋىدىم، لەيلىنىڭ چېچىنىڭ تەركىبىدىكى
مانگان ۋە نىكېلنىڭ ھېلىقى قىسقا يىرىك چاچ تەركىبىدىكى
مانگان ۋە نىكېلنىڭ ئۈچ ھەسسىسى ۋە بىر ھەسسىسىگە توغرا
كېلىدىغانلىقى ئىسپاتلىنىپ، قىسقا چاچ ئىگىسىنىڭ ئەر جىنس-
لىق ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتى. ئەلۋەتتە بۇلارنى مەن كۆز، قول
ۋە قۇرۇق تەسەۋۋۇرۇمغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى نېيترون ئارقى-
لىق ئاكتىپلاشتۇرۇش تەھلىلى، ئېنېرگىيىلىك رەڭ تارقىلىش-
نى رېنتگېن نۇرى ئارقىلىق تەھلىل قىلىش ۋە پروتون بىلەن
رېنتگېن نۇرىنى قوزغاپ تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىق ۋاسى-
تىلەرگە تايىنىپ ئېلىپ باردىم. مەن يەنە تېخىمۇ قانائەتلىنەر-
لىك يىپ ئۇچىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، بۇرۇن ئۆگەنگەن تەجرىبەم
بويىچە، ھەر ئىككى تال چاچنى يالپاقداپ قىرقىپ ئۈۋۈتۈپ،
چاچ يىلىكىنىڭ ئىچىدىكى قان گۇرۇپپىسى ماددىسىنى ئېچىپ
ئاندىن ئالاھىدە تەجرىبە قىلىشتەك مۇرەككەپ ھەم ئىنچىكە ئۇ-
سۇللار ئارقىلىق ھەر ئىككىلا چاچتىكى قان گۇرۇپپىسىنى ئې-
نىقلاپ چىقتىم. نەتىجىدە لەيلىنىڭ قان گۇرۇپپىسى O، قىسقا
چاچ (نامەلۇم ئەركەك جىنسلىق ئادەم) نىڭ قان گۇرۇپپىسى AB
بولۇپ چىقتى.

قانۇن دوختۇرىمۇ لەيلىنىڭ شۆلگەي ئەۋرىشكىسىنى تېخنى-
كىلىك ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ مىقداردا

ئېرىتىلگەن چاشقان دورىسى ئىچىپ ئۆلۈۋالغانلىقىنى تېزلا ئې-
نىقلاپ چىقتى.

چىلانزار يولى بويىدىكى ئاھالىلەر رايونىدا بىزگە بۆرۈندىنلا
تونۇشلۇق بولغان بىرنەچچە لوكچەك قولاق كەستىلەر بار ئىدى.
ئۇلار پات - پات جەمئىيەت ئامانلىقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈ-
زۇپ، بىزنىڭ ساۋاقلىرىمىزنى ئېلىپ تۇراتتى. مېنىڭ گۇمانىم
لەيلىنىڭ خېتىدە يازغان يىپ ئۇچى ئارقىلىق ئەنە شۇلارغا مەر-
كەزلەشتى. بىز كېچىنى كېچە دېمەي ئۆيمۇ ئۆي تىنتىش ئېلىپ
بېرىپ، ئىككى سائەت ئىچىدە گۇمانلىق ئۈچ ئادەمنى تۇتۇپ
كەلدۇق. كېچىلەپ قاتتىق سوراق قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ چېچى
بىلەن قېنىنى قايتا تەكشۈرۈپ ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، ئۇلار-
نىڭ بىرىنىڭ چاچ تەركىبىنىڭ ۋە قېنىنىڭ ھېلىقى قىسقا چاچ
ئانالىزى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش چىققانلىقىنى ئېنىقلىدۇق ھەمدە
ئۇلارنى ئاخىر ئىقرار قىلدۇردۇق.

بۇ ئۈچى ئالدىنقى ئاخشىمى ھاراق ئىچىپ سەل قىزىۋالغان-
دىن كېيىن، كېچىدە ئادەم بۇلاشنى پىلانلىغانىكەن…

لەيلىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان بۇ ئۈچ مەلئۇن قانۇن
تەرىپىدىن تېگىشلىك جازاغا تارتىلدى. مەن بولسام ئۆزۈمنى
ۋىجدان سوتىغا تاپشۇردۇم. چۈنكى، لەيلىنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆزۈم-
نىڭ قانداقتۇر مەسئۇلىيەتسىزلىكى بار، دەپ ئويلايتتىم. راست
ئەمەسمۇ، مەن زادى نېمىگە ساقچى بولدۇم؟ ھوقۇق دېسە مەندە
بار، قورال دېسە مەندە بار. شۇنداق تۇرۇقلۇق مەن ئاشۇ لەيلى-
دەك بىر ئايالنىمۇ قوغدىيالمىسام، مېنى قانداقمۇ ساقچى دېگىلى
بولسۇن؟ مەن نېمە ئۈچۈن لەيلىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى ئويلاش-
مىغاندىمەن؟ مەن نېمىدېگەن بىغەم -ھە؟! ئەجدادلىرىمىزمۇ
بىغەملىكىدىن بىزگە ئاجايىپ پاجىئەلىك تارىخنى يادنامە قىلىپ
قالدۇرغان ئەمەسمۇ؟ ئەمدى مەنچۇ؟ مەن گەرچە رازۋېدكا بۆلۈ-
مىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولساممۇ، باشقا بەزى مۇئاۋىنلاردەك

بىغەم بولماسلىقىم، يىراقنى كۆرۈشۈم، ئىشلارنى ئالدىن ئويلى-
شىم كېرەك ئىدىغۇ؟ ئىسىت، لەيلى، ساڭا بەك ئۇۋۋال بولدى؛
ساڭا ئوخشاش مىليونلىغان لەيلىلەر تەقدىرىنىڭ تەتۈر قىسمەتلى-
رىنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ، خۇددى باشپاناھى يوق سەرسان-
سەرگەردانلاردەك ھېلىھەم تۈرلۈك - تۈمەن بەختسىزلىكلەرنىڭ
قۇربانىغا ئايلانماقتا. مەن سېنىڭ روھىڭنى خۇش قىلىش ئۈچۈن
بولسىمۇ، ساقچىلىق بۇرچۇمنى ياخشى ئادا قىلىپ، ئاشۇ مەز-
لۇملارنىڭ بەختى يولىدا بارلىقىمنى تەقدىم ئېتىمەن.

## 4

مەن شۇنداق قىلدىم. نەدە ئاياللارنى بوزەك قىلغان، خارلى-
غان ئىشلار سېزىلگەن ھامان شۇ يەردە پەيدا بولدۇم، ۋەقە سادىر
قىلغۇچىلارنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قىلچىمۇ يۈز -
خاتىر قىلمىدىم. خىزمەتتىكى كەسكىنلىكىم، ئادىللىقىم ئىدارە
رەھبەرلىرىنىڭ نەزىرىگە ئېلىنىپ، بىرنەچچە قېتىملىق يىغىن-
لاردا ئاغزاكى تەقدىرلەشكىمۇ مۇيەسسەر بولدۇم. ئەپسۇسلىنار-
لىق يېرى، ئىدارە باشلىقى يەنە بىرقانچە قېتىم مەن بىلەن ئايرىم
سۆزلىشىپ، بەزى ئىشلاردا بەك ئەستايىدىل بولۇپ كەتمەسلى-
كىمنى، مەسىلىلەرگە ئوبيېكتىپ مۇئامىلە قىلىشىمنى، خىز-
مەتنى دەپ بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ، ئاقساقال-
لارنىڭ زىتىغا تېگىپ قويماسلىقىمنى ئاگاھلاندۇردى. مەن ئۇ-
نىڭدىن بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى سورىغىنىمدا، ئۇ تەمكىنلىك
بىلەن: «بۇنى كېيىن چۈشىنىپ قالىسەن» دەپ جاۋاب بەردى.
مەن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىنى شۇ ھامان چۈشىنىپ يېتىپ:
«بۇمۇ بىرخىل چىرىكلىك» دەپ جاۋاب قايتۇرماقچى بولغان
بولساممۇ، «تۇخۇمنى تاشقا ئۇرما» دېگەن ھېكمەت تۈرتكىسىدە
ئۆز ھېسسىياتىمنى بېسىۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

ئەمما ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆرلەپ كېلىۋاتقان قانداقتۇر بىر
ئاچچىق نەرسە تاڭلىيىمغا چاپلىشىپ قالدى، ئاندىن دىمىغىمنى
ئېچىشتۇرۇپ كۆزلىرىمدىن ياش چىقىرىۋەتتى. ئويلاپ باقسام،
بىز نى ـ نى ناھەقچىلىقنى كۆرسەكمۇ، ئادەم چىداپ بولمايدىغان
قىلمىشلارنى بىلىپ تۇرساقمۇ، ھازىرغا قەدەر «تۇخۇمنى تاشقا
ئۇرما»، «كۆرسەڭمۇ كۆرمەسكە، بىلسەڭمۇ بىلمەسكە سال»،
«ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي»، «سەۋردىن ھالۋا پۇتەر»
دېگەندەك ئۇلۇغ ھېكمەتلىرىمىز، ماقال ـ تەمسىللىرىمىز بىلەن
ئۆزىمىزنى بەزلەپ كېلىپتۇق ھەم شۇنىڭغا كۆنۈپ كېتىپتۇق.
بۇ ئۇلۇغ ھېكمەتلەر تۇرمۇش پەلسەپىسىنىڭ بىر تەرىپىدىن ئېيت-
قاندا ناھايىتى توغرا بولسىمۇ، يەنە بىر يېقىدىن — ھېسسىيات
پەلسەپىسى، ۋىجدان ـ غۇرۇر مەنتىقىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا
كەمتۇكلۇككە، سەلبىيلىككە ھامىلىدار. شۇڭا بىز نۇرغۇن ئىش-
لاردا «تۇخۇمنى تاشقا ئۇرماي»، «بىلسەكمۇ بىلمەسكە سې-
لىپ»، «سەۋردىن ھالۋا پۇتىدۇ» دەپ قاراپ كەلگەچكە، ماگمى-
دەك قىزىق قانلىرىمىز ئاستا ـ ئاستا سوۋۇدى، ياشلىرىمىزمۇ
ئاساۋ ئاتتەك چاپچىپ تۇرىدىغان ياشلىق ھېسسىياتىنى يوقىتىشقا
باشلىدى، قېرى مىجەز، خىيالپەرەس، بىپەرۋا، چۇشكۇن، زى-
يادە قانائەتچان ئادەمىي مەخلۇققا، ئاغزىدىن «بۆرە توتېمى»نى
چۈشۈرمەيدىغانلار، ئەمەلىيەتتە بۆرىنى كۆرسە مىڭ چاقىرىم يى-
راقلىقتا قاچىدىغان توخۇ يۈرەك بۆرىگە، قەغەز يولۋاسقا ئايلان-
دى. بۇ نېمىدىن؟ بۇ دەل ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ ئەۋلادلارنى
ئاشۇنداق ھېكمەتلەر زەنجىرىدە كىشەنلەپ، زىيادە ئېھتىياتچان،
مۇلايىم، قانائەتچان تەربىيە ئاستىدا يېتىلدۇرگەنلىكىمىزدىن،
ئۇلارنى زىيادە نەسىھەتگۇيلۇق، رايىشلىق رامكىسى ئىچىدە
«ئىخلاسمەن مۆمىن بەندە» قىلىپ يېتىلدۇرگەنلىكىمىزدىن بول-
دى. شۇڭا ھازىرقى ياشلىرىمىزنىڭ بىرقىسمى گويا زالىم ئېرى-
دىن قورقۇپلا ياشاشقا ئۆگىنىپ قالغان قورقۇنچاق، يۈرەكزادە

بىچارە خوتۇنغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ. ئەسلىدە ئەجدادلىرىمىز، شۇنداقلا كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئەجدادى بولغان بىزمۇ پەرزەنتلىرىمىزنى ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك ئادەم بولۇشقا تەربىيىلەش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا «ئەركەك سۆزىدىن يانماس، يولۋاس ئىزىدىن»، «باتۇر بىر قېتىم ئۆلەر، قورقۇنچاق مىڭ قېتىم»، «ئاغزىڭ قان بىلەن تولسىمۇ، دۈشمەن ئالدىدا تۈكۈرمە»، «بورانىنىڭ گۈركىرىشىگە تاغ تەۋرىمەس»، «دوستۇڭنىڭكىنى يە، كۆڭلى قالمىسۇن، دۈشمىنىڭنىڭكىنى يە، ئۆزىگە قالمىسۇن»، «ئېقىن سۇ ئۇخلار، دۈشمەن ئۇخلىماس»، «مەرد نامەردكە باش ئەگمەس»، «يەڭگەن — سۇلتان، يېڭىلگەن — ئۇلتاڭ»، «قىيىنچىلىق— قورقۇنچاقنىڭ يۈكى، باتۇر ئۈچۈن توخۇنىڭ تۈكى»، «قورقۇنچاق بار يەردە شەرمەندىلىك بار»، «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى»، «ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت»، «ئەركەك بول ـ سەگەك بول»، «توشقاندەك مىڭ يىل ياشىغىچە، يولۋاستەك بىر يىل ياشا»، «شامالمۇ بىرخىل چىقىۋەرمەس، سۇمۇ سايغا ئېقىۋەرمەس»، «پىچاق ئۆزىنى كەسمەس»، «ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت»، «باتۇر ئوق يەر، ھورۇن دوق يەر»، «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس»، «يالىڭاچ سۇدىن قورقماپتۇ»... دېگەندەك ھېكمەتلىك ماقال ـ تەمسىللىرىمىز ئارقىلىق باتۇرلۇقنى، قورقماسلىقنى، ۋىجدانلىق بولۇشنى، ئۈمىدۋارلىقنى، جەڭگىۋارلىقنى كۆپرەك ئۆگەتسەك تولىمۇ ياخشى بولاتتى.

ئەپسۇسكى، بۆرىدەك باتۇر، خاسىيەتلىك ھايۋاننى ئۆزىگە توتېم قىلىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ئەڭ قەدىمي مەدەنىيەتلىك بىر مىللەت ئەۋلادىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۆز خىسلىتىنى، ئۆزىگە خاس مىللىي روھىيىتىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقىنىغا ئەجەبلىنىمەن. مەلۇم بىر ماتېرىيالدىن بۆرىلەرنىڭ قوي يېيىشكە جۈرئەت قىلالماس بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدىكى مۇنداق تەپسىلاتلارنى كۆرگەنىدىم:

«... تەيخۇاڭ ئارىلى ياۋايى ھايۋانلار باغچىسىدا بىر توپ بۆرە ئىككى تۇياق قوي بىلەن بىرلىكتە ياشاۋاتقىلى خېلى ۋاقىت بولغان... بۇ ئون بەش بۆرىنىڭ ياۋايىلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، مال دوختۇرلىرى بۆرە باغچىسى ئىچىگە ھىندىستاننىڭ يېتىلگەن ئىككى تۇياق چوڭ قۇلاقلىق قويىنى قويۇپ بەرگەن. ئارىدىن ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ ئىككى تۇياق قوي تىنچ ـ ئامان تۇرغان. مال دوختۇرلىرىنىڭ كۆزىتىشىگە ئاساسلانغاندا، بەزى بۆرىلەر ئالدىدىكى گۆشلۈك سەيلەرگە چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ، قويلارنىڭ ئەتراپىدا ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ تىترىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرسا، يەنە بەزى بۆرىلەر كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىپ ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىغان. بىر قېتىم بىر بۆرە بىر تۇياق قويغا ئېتىلماقچى بولغان، بىراق قوي گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ، مۈڭگۈزى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن. ئۇ بۆرە بولسا شۇ ھامان قويرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋەتكەن.»

بىزدە «دۇنيادا قوي يېمەيدىغان بۆرە يوق» دېگەن مۇقەددەس تەمسىل بار. ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈندە بۇ تەمسىلنىڭمۇ «مۇقەددەس» لىكىگە ئىشىنىش تەس بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئاشۇ بۆرىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس «ياۋايى» لىقىنى يوقىتىپ قوي يېيىشكە جۈرئەت قىلالماسلىقى، ھەتتا قويدىن قورقۇپ قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋېتىشى ئۇلارنىڭ ئادەملەر تەرىپىدىن باشقىچە مۇھىتقا ئەكېلىنگەنلىكى ياكى باشقا تاسادىپىي پىسخىك، فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكىدىندۇر. ئەمما بىزنىڭ ئادەملىرىمىزچۇ؟ ئۇلار ئۆز ماكانىدىن، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىن ئايرىلماي تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن شۇنچە قورقۇنچاق، ئېھتىياتچان بولۇپ قالدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە خاس مىللىي پىسخىكىدىن شۇنچە ياتلىشىپ كەتتى؟ جاۋاب: بۆرىنى توتېم قىلغان ئادەملەرنىڭ ھالى شۇنچىلىك تۇرسا، بۆرىلەر قانداق بولماقچى!

دۇرۇس، بىز شۇ ھالدا بولغاچقا، بىر قىسىم ئەمەلدارلار بىزدىن خالىغانچە پايدىلانماقتا. بىز بولساق ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى «چىرىكلەشكەنلىك...» دەپ ھەسرەت بىلەن ئىدا قىلىپ قويۇپ، دەردىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇۋېتىپ يۈرمەكتىمىز. بىرەرىمىزمۇ يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇلارغا قارشى پىكىر قويالمايمىز، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئەلپازى كۆز ئالدىمىزغا كەلسىمۇ قوي يېيىش-كە جۈرئەت قىلالمىغان ھېلىقى بۆرىلەردەك قورقۇپ قاچىمىز ياكى ئۇلارنى كۆرسەكمۇ كۆرمەسكە سالىمىز. مانا بۇ بىز!...

مەن يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەرنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۆزۈمنىڭ ساقچى سالاھىيىتىگە لايىق ئىشلەش قارارىغا كەلدىم - دە، جەم-ئىيەتنىڭ ئەڭ «قاراڭغۇ» قاتلاملىرىغا بۆسۈپ كىرىشكە باشلىدىم.

بىر كۈنى، شەھەرنىڭ چېتىگىرەك جايلاشقان بىر مېھمانخا-نىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە بىر چوڭ مەخپىي قىمارخانا ئېچىلغانلى-قىنى، ئېچىلغىنىغا خېلى ئۇزاق بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم - دە، شۇ كۈنىلا پۇقراچە كىيىنىپ ئۇ يەرگە باردىم. يەر ئاستى ئۆيىنىڭ ئىشىكىدە كۈتكۈچى سىياقىدا ياسىنىۋالغان بىرنەچچە قاۋۇل يىگىت تۇراتتى. ئۇلار مېنى كۆرۈپلا ئالدىمنى توستى:

— سىز نېمە ئادەم؟ نېمە ئىشىڭىز بار؟

— مەن ياقا يۇرتتىن كەلگەن جاھانكەزدى ئادەم. بۇ يەرنىڭ داڭقىنى بىر دوستۇمدىن ئاڭلاپ، تەلىيىمنى سىناپ باققىلى كەلدىم.

— ئەگەر خۇپسەنلىك قىلىدىغان بولسىڭىز، بۇ يەردىن تېرىك چىقىپ كېتەلمەيسىز.

— خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس، ئىشەنمىسەڭلار مانا قاراپ بېقىڭلار.

مەن شۇنداق دەپلا كۆڭلىكىمنىڭ ئىچىگە بەلۋاغ شەكلىدە تۈگۈۋالغان تۈگۈنچەكنى ئۇلارغا كۆرسەتتىم. ئۇلار سىلاپ

كۆرۈپ ئۇنىڭ پۇل ئىكەنلىكىگە ئىشەندى ۋە مېنى بىر ئىشىكتىن
كىرگۈزۈۋەتتى. ئەمەلىيەتتە، «بەلۋاغ» دىكىنىڭ ھەممىسى پۇل
بولماستىن، ئالدى تەرىپىگە ئىككى مىڭ سوم پۇل، قالغىنىغا
ساپلا پۇلغا ئوخشىتىپ كېسىلگەن قەغەزلەر تۇگۈلگەنىدى.
مەن كىرگەن قىمارخانا كىچىك يەر ئاستى ئۆيى بولماس-
تىن، چوڭلا بىر زال بولۇپ، كۈچلۈك چىراغ نۇرى ئاستىدا
كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى. نەچچە ئون ئادەم ئايرىم - ئايرىم
بۆلەك بولۇپ كىچىك قىمار، چوڭ قىمار، پۇلدارلار قىمارى
قاتارلىق قىمار تۈرلىرى بويىچە قىمار ئويناۋاتقان بولۇپ، ئۇلار-
نىڭ پۈتۈن دىققىتى قىمارغا مەركەزلەشكەنىدى. مەن قەددىمنى
تىك تۇتۇپ مەغرۇر قىياپەتتە ماڭغىنىمچە ئاۋۋال كىچىك قىمار
تاۋكاسى يېنىغا كېلىپ قىمارۋازلارنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. شۇ
ئەسنادا بىر يىگىت يېنىمدىن سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن
ھوشيارلىق بىلەن ئۇنى كۆزەتتىم، ئۇ پۇلدار قىمارۋازلار سورۇ-
نىغا يېقىنلىشىپ بىردىنلا كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى يىرتىۋېتىپ،
بەدىنىگە باغلانغان پارتلىتىش دورىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ۋار-
قىرىدى:

— ئۆلۈشنى خالىمايدىغانلار يېتىۋېلىش!

ئۇنىڭ چىرايى تولىمۇ قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرگەنىدى، بىر
قولىدا گازلىق چاقماق پارقىراپ تۇراتتى. زالدىكىلەر ئالاقزادە
بولغىنىدىن بىر - بىرىنى ئىتىرىپ - سوقۇپ، دەسسەپ -
چەيلەپ دېگەندەك ئىشىك تەرەپكە ئۆزىنى ئېتىشتى، بەزىلىرى
يەردىلا دۈم يېتىۋېلىشتى، قىمارخانا چىرقىرىغان، ۋارقىرىغان،
پەرياد كۆتۈرگەن، قېچىۋاتقان قالايمىقان بىر ھالەتكە كېلىپ
قالدى. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى يىگىت ئىشىك تەرەپكە ئالچاڭلاپ
قېچىۋاتقان تاقىرباش، خام سېمىز باداڭ قورساق بىر ئادەمنى
تۇتۇۋېلىپ ئۇنى كانىيىدىن بوغقىنىچە زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۆ-
رەپ ئەكەلدى. خام سېمىز چوشقىدەك خارتىلداپ، كىچىك بالد-

دەك ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، ئەمما ئۇنىڭ گېلى چىڭ بوغۇۋې-
لىنغاچقا ئاۋازى دېگەندەك چىقمايتتى. مەن يىگىتكە قاراپ ئېتىل-
دىم، ئۇ شۇئان:

— يېقىن كەلمە، كەلسەڭ سەنمۇ مەن بىلەن بىرگە ئۆلى-
سەن! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە بەدىنىگە تېڭىلغان پارتلاتقۇچنىڭ
قىسقا پىلتىسىگە ئوت يېقىۋەتتى. مەن ئەمدى ئۇلگۇرەلمەيدى-
غانلىقىمنى ئويلاپ، مايمۇندەك چاققانلىق بىلەن تۆت قەدەم نېرى-
دىكى قىمار ئۈستىلىنىڭ ئاستىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. يەرگە يىقى-
لىشىم بىلەن تەڭ گۈمبۈر قىلغان ئاۋاز قىمارخانىنى تىترىتىۋەت-
تى. بىردەمدىن كېيىن قىمارخانىنىڭ ئىچى تىمتاسلىقتا چۆ-
مۈپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئادەملەرنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلى-
نىشقا باشلىدى...

مەن ئۆلمىگەنىدىم، ئەمما سول قولۇم بىلەن سول پۇتۇم
يېنىك يارىلانغانىدى. مەن قىمار ئۈستىلىنىڭ تېگىدىن ئاستا
ئۆمىلەپ چىقىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، پارتلاتقۇچنىڭ قويۇق
ئىس - تۈتەكلىرى ئارىسىدىن قىمارخانىنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئى-
شىكىنى تەستە پەرق ئېتىپ ۋارقىرىدىم:

— سىرتتا ئـادەم بـارمـۇ؟ تېز كىرىپ يارىدارلارنى قۇتقۇ-
زۇڭلار!

سىرتتىن ئادەملەر بىر - بىرلەپ، ئەمما دەھشەت قورقۇنچقا
چۆمگەنلىرىچە كىرىپ يارىدار بولغانلارنى يۆلەشتۇرۇشكە باشلى-
دى. مەن تام - تورۇسلارنى كۆزەتتىم، تورۇسقا ۋە يېقىن
جايدىكى ئىككى قىمار ئۈستىلىگە بايا پارتلاشتا ئۆلگەن ئىككى
ئادەمنىڭ قانداقتۇر ئەزالىرى، گۆش پارچىلىرى چاپلىشىپ قال-
غانىدى. چاچرىغان قانلار يەرنى ۋە مېنىڭ ئۈستۈبېشىمنى بويىۋەت-
كەنىدى...

كېيىنكى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، بۇ ۋەقەدە ئىككى
ئادەم ئۆلۈپ، ئوتتۇز ئادەم يارىلانغانىدى. ۋەقە سادىر قىلغۇچى

تەۋەككۇل ئىسمىلىك بىر ياش بولۇپ، مۇشۇ مېھمانخانىنىڭ داڭلىق ئاشپىزى ئىدى.

تەۋەككۇل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇغان، كېيىن ئاشپەزلىك كەسپىنى پۇختا ئۆگىنىپ، مۇشۇ مېھمانخانىنىڭ باش ئاشپەزلىكىگە قوبۇل قىلىنغانىدى. ئۇ تۇرمۇشتا تېجەشلىك بول- غاچقا، ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئون بەش مىڭ سومدەك پۇل ئىقتىساد قىلدى. بىر كۇنى مېھمانخانا خوجايىنى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ قانچىلىك پۇل يىغقانلىقىنى سورىدى. ساددا تەۋەككۇل ئۇنىڭغا راست گەپنى ئېيتتى. خوجايىن ئۇنىڭغا ئۆزد- نىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە يوشۇرۇن بىر قىمارخانا ئاچقانلىقىنى، ئۇنىڭمۇ پۇلىنى دەسمايە قىلىپ قىمار ئويناپ بېقىشىنى، ئامەتى كېلىپ قالسا بىر كېچىدىلا نەچچە ئون مىڭ سومنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ قىمار ئويناپ تېزلا بېيىپ نەچچە يۈز مىڭ سوملۇق بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى قىزىق- تۇردى. تەۋەككۇل بۇ ئىشقا راستىنىلا قىزىقىپ قالدى.

دېگەندەك، ئۇ قىمارخانىغا كىرىپ نەچچە ئاخشام قىمار ئويناپلا ئوتتۇز مىڭ سومدىن ئارتۇق پۇل ئۇتۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ تەۋەككۇل قىمارغا بېشىچىلاپ كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىرمەزگىل تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئۇتقان پۇلى يۈز مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئۇتتۇرغان پۇلى ئانچە كۆپ بولمىدى. لېكىن، باھار پەسلىنىڭمۇ جۇدۇن - چاپقۇنى بولغاندەك، تەۋەككۇلگە تەلەي قىزى داۋاملىق قۇچاق ئېچىپ بەرمىدى. بۇ قىمارخانىغا داڭلىق قىمار ئۇستىلىرى كېلىپ قىمار ئويناشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن مانا مەن دەپ كوزىر كۆرسىتىدىغان قىمارۋازلارمۇ ئۇلارغا ئارقا- ئارقىدىن ئۇتتۇرۇۋشقا باشلىدى. تەۋەككۇلمۇ ئەنە شۇلارنىڭ قاتا- رىدا بىرنەچچە مەيدان قىمار ئويناپ يۈز مىڭ سومدىن ئارتۇق پۇلىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ، قاق سەنەم بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ چۇشكۇن ھالىنى كۆرگەن مېھمانخانا خوجايىنى

ئۇنىڭغا: «غەم قىلما، قىمار دېگەن شۇنداق بولىدۇ، بىردە ئۇتتۇرساڭ، بىردە ئۇتىسەن. مەن ساڭا ئون پىرسەنتلىك ئۆسۈم بىلەن پۇل قەرز بېرىپ تۇراي، تەلىيىڭنى يەنە سىناپ كۆر» دېدى ھېسداشلىق قىلغان قىياپەتتە. قىمارغا خۇددى خروئېنغا خۇمار بولغاندەك ئۆگىنىپ قالغان تەۋەككۇل خوجايىنغا مىڭلاپ تەشەككۇر ئېيتقىنىچە ئۇنىڭدىن قەرز ئېلىپ قىمار ئويناشنى باشلىۋەتتى.

ئۇ بەزىدە ئۇتتى، بەزىدە ئۇتتۇردى. ئۇتقان چاغلىرىدا خوجايىنىنىڭ قەرزىنى ئۆسۈمى بىلەن قايتۇردى، ئۇتالمىغان چاغدا بولسا، خوجايىنىنىڭ پۇتىدىن سۆيگۇدەك بولۇپ ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز ئالدى. ئۇنىڭ قىمارۋازلىق ھاياتى يەنە بىر مەزگىل شۇ تەرزدە داۋاملاشتى، ئۇ قىماردىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلا بولۇپ قالدى، خوجايىنغىمۇ ئەللىك مىڭ سومغا قەرز بولۇپ قالدى. ئۇ قىماردا كۆپلەپ ئۇتتۇرۇپ، قەرز قايتۇرغۇدەك ماجالى قالمىغاندا، ئۆزىنىڭ يىراق بىر يېزىدىكى تويلىشىشقا پۈتۈشكەن سۆيگىنى — ساددا قىز جەمىلەنى ئالداپ ئەكېلىپ خوجايىنغا قەرز ھېسابىدا تۇتۇپ بەردى. خوجايىن ئۇ قىزنى نەچچە ئاخشام مەجبۇرىي خوتۇن قىلغاندىن كېيىن، ئىچكىرى ئۆلكىدىن كەلگەن بىر دوستىغا ئەرزانلا سېتىۋەتتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان تەۋەككۇل سۆيگىنى جەمىلەگە چىدىماي ھەم خوجايىنغا قالغان قەرزنى تۆلەشكە كۆزى يەتمەي، قەيەردىندۇر پارتلاتقۇچ دورا تېپىپ كېلىپ، ھېلىقى كۈنى بۇ جازانىخور خوجايىن بىلەن ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىپ ئۆلۈۋالدى.

بىر چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، تەۋەككۇل پاجىئەسىنىڭ يۇقىرىقىدەك تەپسىلاتلىرىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، بۇ مېھمانخانىنى پېچەتلىدۇق. ئەمما باشقا مېھمانخانا خوجايىنلىرى ۋە خېلى يۈز - ئابرۇيلۇق بىر قىسىم ئەمەلدارلار مېھمانخانا ئالدىغا يىغىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن جازانىخور مېھمانخانا خوجايىنى

ئۇچۇن داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ھەم ئۇنىڭغا دەس-
تە - دەستە گۈل چەمبىرەك تەقدىم قىلدى.
ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ ئىشنى توسىدىغانغا بىرمۇ ئادەم
چىقمىدى. مەنمۇ تۇيۇقسىزلا ئىدارەمدىكى رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپەمدىن قالدۇرۇلۇپ، سىياسىي ئامانلىق
بۆلۈمىنىڭ «باشلىق» لىقىغا ئۆستۈرۈلدۈم. شۇنىڭ بىلەن نەچچە
يىللىق پىشقان رازۋېدكىچىلىق كەسپىمدىن ئايرىلىپ قالدىم.
قىمارخانىدىكى پارتلاش ۋەقەسىنىڭ مەن بىلەن ھېچقانداق ئالاقد-
سى بولمىسىمۇ، مېنىڭ قىمارخانىنى تەكشۈرۈشكە بارغانلىقىم
ۋە پارتلاش يۈزبەرگەن نەق مەيداندا بولغاچقا، مېھمانخانا خوجايد-
نىنىڭ تولۇق جىنايى پاكىتىنىڭ مېنىڭ ئىزچىل تەكشۈرۈشۈم
بىلەن جەمئىيەتكە ئاشكارىلىنىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك (بۇنى
مەن مۇخبىرلارغا تولۇق ئاشكارىلىۋەتكەنىدىم) مېنىڭ ئۆزۈم
سۆيگەن رازۋېدكىچىلىق كەسپىمدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمنى چۈ-
شەنمەك تەس ئەمەس ئىدى. مەن مۇشۇلارنى چۈشىنىپ يەتكەندە،
ئۆز - ئۆزۈمگە ئاچچىق پىچىرلىدىم... «ئاق قاغىمۇ قاغا، قارا
قاغىمۇ قاغا. ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى... مانا بۇ
تورسىمان چىرىكلىشىش، بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام ئەمەلدارلىد-
رىنىڭ جەمئىيەتتىكى پۇلدار خوجايىنلار بىلەن پارا ئېلىش ۋە
پارا بېرىش ئۇستىگە قۇرۇۋالغان بىر - بىرىنى ‹ سەمرىتىش ›
جاھاندارچىلىق سەنئىتى...»
بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدىكى ئاشۇنداق ئۆمۈچۈك تورىدەك
ھەممىلا جايغا تۇتاشقان مۇرەككەپ مۇناسىۋەت تورى، چىرىكلەش-
كەن بۇ خەتەرلىك ئاپەت قاچانمۇ ئوق يىلتىزىدىن تۈگىتىلەر؟
چىرىكلىشىش يولىدا مېڭىۋاتقانلار بۇ يولغا تېخىمۇ ئاشىق سەپەر-
چى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇلاردىن كېيىنكىلەرمۇ بەس - بەستە
شۇ يولنى بېسىپ كېلىۋاتىدۇ. چىرىكلىشىش — بىر دۆلەتكە،
بىر مىللەتكە نىسبەتەن يادرو قورالىدىنمۇ خەتەرلىك، نەچچە ئون

مىليون كۆچلۈك دۈشمەندىنمۇ بەكرەك زور تەھدىت، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن تەبىئىي ئاپەتلەردىنمۇ قورقۇنچلۇق! ئۇ پۈتۈن بىر دۆلەتنى يەپ قۇرۇتىدىغان، پارچىلايدىغان، خەلقنى مۇنقەرز قىلىدىغان ئەڭ دەھشەتلىك يالماۋۇز. ئۇ دەسلەپكى ھالىتىدە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئانچە قوزغىمايدىغان ئۇششاق قۇرتلاردەك كۆرۈنىسمۇ، خۇددى «كوت كاگرە» دېگەن بىر تاغلىق جايدىكى ئۇششاق قۇرتلارغا ئوخشاش بارا - بارا شىردەك يوغىناپ ھەممىنى يوق قىلىۋېتىدۇ. «كوت كاگرە» دېگەن قايسى جاي؟ ئۇ جايدىكى قانداق قۇرت؟ دەپ سورىغىڭلار كېلىۋاتىدۇ ھەرقاچان، مەن بۇ ھەقتە «مەتلەئۇل - ئۇلۇم ۋە مەجمەئۇل - فۇنۇن» دىن بىر رىۋايەتنى نەقىل كەلتۈرەي:

«كوت كاگرە» دېگەن بىر تاغلىق جاي بولۇپ، ئۇ جايدا بىرخىل ئۇششاق قۇرتلار ياشايدىكەن. ئەگەر كىشىلەر بۇ جايدىن يالاڭ ئاياغ ئۆتۈپ قالسا، قۇرتلار پۇتنىڭ بارماقلىرىغا يېپىشىۋېلىپ چاقىدىكەن ۋە قېنىنى شورايدىكەن. ئۇنى ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئاجراتقىلى بولمايدىكەن. قۇرتلار قاننى شوراپ تۇرۇپ ئاستا - ئاستا چوڭىيىشقا باشلايدىكەن - دە، چاشقاندەك بولىدىكەن. ئاندىن ئۇ يەردىن پۇتنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ ئۆمىلەپ، پاچاقنىڭ قېنىنى شورايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئاستا - ئاستا ئىتنىڭ چوڭلۇقىغا يېتىدىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن بەدەننىڭ قېنىنى شورايدىكەن ۋە شىرنىڭ چوڭلۇقىدىكى بىر يىرتقۇچقا ئايلىنىدىكەن - دە، شۇ ئادەمنى پارچىلاپ يەۋېتىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سەھراغا قاراپ يول ئالىدىكەن. بۇ بالادىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر ئامالى — ھېلىقى ئۇششاق قۇرتلار چاپلاشقان پۇتنىڭ بارمىقىنى كېسىۋېتىپ جاننى قۇتقۇزۇش كېرەك ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق چارە يوق ئىكەن.

خوش، بىز چىرىكلىكتىن ئىبارەت ئاشۇ قۇرتنى كىچىك ۋاقتىدىلا سېزەلىدۇقمۇ؟ ئۇ «پۇتىمىزنىڭ بارمىقى» نى

چىشلەشكە باشلىغان چاغدىلا بىز شۇ بارماقنى كېسىۋېتىشكە جۈر-
ئەت قىلالىدۇقمۇ؟...
مېنىڭچە، بىز ئۇ قۇرتنى سەزگەن بولساقمۇ سەزمىگەنگە
سالدۇق، «بارمىقىمىز»نى كېسىۋېتىشكىمۇ تازا جۈرئەت قىلال-
مىدۇق. مانا ئەمدى ئۇ «قۇرت» بەھەيۋەت زورىيىپ يەنە ئۆزد-
مىزنى يېمەكتە...
— ساۋاقداشلىرىم، — دېدى ئازاد سۆزىنى خۇلاسىلەپ، —
مەن مۇشۇنچىلىك سۆزلەي، يەنە سۆزلەۋېرىشكە تىلىم كۆيىدۇ!
مەن لەيلىنى ھازىرغىچە ئۇنتۇيالمىدىم، شۇ سەۋەبلىك ھاراقنىمۇ
تاشلىيالمىدىم. تا بۈگۈنگىچە ھاراقلا مېنىڭ ئۆلپىتىم بولۇپ
كېلىپتۇ. بىرەر قىزغىمۇ تەلەپ قويۇپ باقماپتىمەن. شۇڭا بۈ-
گۈنگىچە بويتاقمەن. ساۋاقداش ساقىي، ماڭا ھاراق قۇي! دىلىم
چاڭقاپ كەتتى.
مەن خېلىدىن بېرى توختاپ قالغان ھاراقنى رومكىلارغا
قۇيۇۋېتىپ دېدىم:
— ئازاد، سەنمۇ ئەتە تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ بىز بىلەن
ئوخشاشلا ھاراق ئىچىشنى مەڭگۈلۈك توختىتىسەن. بىزنىڭ ئە-
تىدىن باشلىنىدىغان XXI ئەسىردىن باشلاپ ھاراق ئىچمەسلىككە
ۋەدىلەشكىنىمىزنى ئۇنتۇپ قالما. بىلىپ قوي، بايا سەن سۆزلى-
گەن ھېلىقى «قۇرت» جەمئىيىتىمىزنى نابۇت قىلىۋاتقان بولسا،
ھاراقتىن ئىبارەت بۇ رەڭسىز سۇيۇقلۇقتىن تەركىب تاپقان
«قۇرت»مۇ سەن بىلەن بىزنىڭ جىسمىمىزنى خوزىتىپ، روھى-
مىزنى بۇلغاپ، ئاخىر ھېچنېمىگە يارىمايدىغان لەقۋا، ساراڭلارغا
ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئالدىدا تۇرىدۇ. شۇڭا مەن مۇشۇ رومكىدىن
كېيىن ھاراق قۇيۇشنى مەڭگۈلۈك توختىتىمەن. ھەرقايسىمىز-
نىڭ دىلىغا تەڭرى ئىنساپ بەرسۇن، ئەتىدىن باشلاپ ھەممىمىز-
نىڭ ھاراق - شارابسىز ھاياتقا قەدەم قويۇشىمىز ئۈچۈن ھۇررا!
سۆزۈم ئاخىرلىششى بىلەن ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى

گۆلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. مەن رومكىنى قولۇمغا ئېلىپ ئازادقا ئاخىرقى سۆزۈمنى ئېيتتىم:

— ئازاد، سەن لەيلىنىڭ ئىشقىدا بۆگۆنگىچە بويتاق ياشاۋېتىپسەن. بىزمۇ بۆنىڭدىن ساڭا ئوخشاشلا ئازابلىنىمىز. لېكىن بىزگە ئىشەنگىنكى، بىز چوقۇم ساڭا لەيلىدەك گۆزەل بىر قىزنى تېپىپ تويۇڭنى قىلىپ قويىمىز. سەنمۇ ئۆزاق يىللىق روھىي ئازابتىن، تەنھالىق دەردىدىن ئازاد بولىسەن.

ئازادنىڭ بۇ تراگېدىيىلىك كەچمىشىدىن ھەممەيلەن جىمىپ كەتكەنىدى.

ئازاد ھېلىدىن - ھېلىغا ئەقىدەگە قاراپ قوياتتى. ئەقىدە بولسا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشقاندەك قىلىسمۇ، لېكىن بىر يىغا دەۋرەپ چىقىدىغاندەك قىلاتتى.

— خوش! گۆزەل ئەتە ئۆچۈن! — دېيىشكىنىمىزچە ھەممىمىز ھاراقلىرىمىزنى ئىچىۋېتىشتۇق.

# ئەركىن كۆرگەن قىسمەتلەر

— ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار، مەن سۆزلەي، — دېدى ئەركىن بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ھەممىمىزگە تەكشى تىكىپ، — بىز ئەمدى يېڭى ئەسىرگە كىرىپ كەلمەكچى، يېڭى ئەسىردە يېڭى ئادەم بولماقچى. ئەمما مەن يەنىلا كونا ئەسىردىن سۆز باشلاي.

ئۇ بىردەم ئويلانغاچ يېرىمى دېگۈدەك مەزگىلسىز ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تىنىمسىز تاراپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى. بىز ئەمدى ئۇنىڭدىن قانداق قىزىقارلىق كەچۈرمىشلەرنى ئاڭلايمىزكىن دەپ، ئۇنىڭ خىيالغا پاتقان بۈركۈت كۆزىگە تىكىلدۇق. ئەركىن ھەرقانداق چاغدا بىرەر پىكىرنى باشلاشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئاشۇ بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى سۈرلۈك تۈسكە كىرىپ، قانداقتۇر نۇر ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كېتەتتى. ئۇ ئاخىر سۆزگە كىرىشتى.

## 1

— ئېسىڭلاردىدۇر، بىز ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغدا ھەممىمىزلا نېتزىنىڭ پەلسەپىلىرىنى ئوقۇشقا، ئۇنى بەس- مۇنازىرە قىلىشقا ئامراق ئىدۇق. شۇڭا مەن ئاۋۋال سۆيۈملۈك نېتزىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ھەرقايسىڭلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن نەقىل كەلتۈرىمەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى تاغ ئارىسىدىكى قىسقا ئارىلىق ئىككى چوققا ئارىلىقتۇر. ئۇزۇن

پۈتۈك بولغاندىلا، بۇ مۇساپىنى باسالايسەن. ھېكمەت بەجايىكى تاغ چوققىسى، ئۇنى تىڭشايدىغان ئادەم ئاددىي ئادەم ئەمەس، بەلكى بۈيۈك ئادەم بولۇشى كېرەك.» شۇنداق، بۇ يەردە ئولتۇر-غانلارنىڭ ھەربىرىڭلار مېنىڭ نەزىرىمدە بىردىن بۈيۈك ئادەم. شۇڭا مەن مەيلى ھېكمەتتىن سۆزلەي ۋە مەيلى باشقا كەچۈرمىش-لەردىن سۆزلەي، سىلەر چوقۇم بۈيۈك ئادەملەرچە ئاڭلايسىلەر.

ھازىر تۇرمۇشنىڭ رىتىمى تېزلىشىپ كەتتى. بۇنى ئاستى-لىتاي دەپمۇ ئاستىلاتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى پۈتكۈل يەرشارى جەمئىيىتى ھازىر ئاشۇنداق تېزلىككە موھتاج. ئىنسانلار تولۇق رىقابەتكە كىردى، بىر - بىرى بىلەن كۈچ سىنىشىدىغان، ھەممە بىرىنچىلىكنى، كۈچلۈكلۈكنى تالىشىدىغان بەيگە مەيدانىغا كىر-دى. رېئاللىق ھەربىر ئادەم، ھەربىر مىللەت، ھەربىر دۆلەت ئۈچۈن شۇنداق قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئاللىقاچان ئىسپاتلى-دى. ئەمدى بىزنىڭ بۇ XXI ئەسىرىمىز تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئىنسانىيەت ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي تۇرمۇش رىتىمىغا ئەگىشىپ «يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دەۋرى»، «بەدەن ئەزالىرى كېسەللىكلىرى دەۋرى» دىن بىراقلا ھالقىپ «روھىي كېسەللىكلەر دەۋرى» گە قەدەم قويدى. بۇ تولىمۇ قورقۇنچلۇق! بولۇپمۇ بىزدىكى بەزى ئادەملەردەك ئۆز روھىنى ئۆزى يوقىتىۋات-قان، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى پايخان قىلىۋاتقان، ئۈمىدسىزلىك، دىتسىزلىق پاتقىقىغا گېلىغىچە پېتىپ كېتىۋاتقانلار، مىللەت ئۈچۈن تېخىمۇ قورقۇنچلۇق. چۈنكى، ھازىر پۈتكۈل يەر شارىدا ھەممە ئويغانغان، ھەممە ئىلىم - پەن بىلەن يول ئېچىپ ئالغا كېتىۋاتقان كۈندە يەنىلا «ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە مانتا يەۋاتىدۇ» بولۇۋاتسا نېمە دېگۈلۈك. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، شۇ بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ قىممەت قارىشى، كىشىلىك دۇنيا قارىشى، مىللەت قارىشى، ھەتتا ئۆزىگە تالىق ئىنسانىي ھايات قارىشىمۇ ئۆزلىرى تەرىپىدىن پايخان قىلىنغان. چۈنكى ئۇلار

نادان، بەك نادان. گەرچە يانچۇقى پۇلغا تولغان، ئۇچىسىغا يارىشىملىق كاستۇم - بۇرۇلكىلارنى كىيىشىپ، قىممەت باھالىق گالىستۇكلارنى تاقىشىپ كوچىلاردا گىدىيىپ يۈرۈشسىمۇ، رېستورانلاردا ئۆزلىرىگە تەمەننا قويغىنىچە بىر - بىرىدىن سۆلەتلىك قېتىپ ئولتۇرۇشسىمۇ، ئۇلار يەنىلا نادان! نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇلاردا ئاڭ، سەۋىيە يەنىلا تۆۋەن، ئاشۇ ئىنسانلىق ۋۇجۇدىدىكى روھىيەت دۇنياسى تەكلىماكان قۇملۇقىدەك قاغجىراق. ئۇلار بىركۈنىنىڭ ئۆتكىنىگە خۇش، ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلىشىشنى خالىمايدۇ، ئەۋلاد غېمى، مىللەتنىڭ كەلگۈسى، تەقدىرى دېگەنلەر ئۇلار ئۈچۈن ئەخمىقانە خىيال بولۇپ تۇيۇلىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئادەملىرىمىز ھازىر ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە بۆسۈپ كىرگەن «روھىي كېسەللىكلەر دەۋرى»گە بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ ئەسلىدىنلا روھى كېسەللەنگەن بۇنداق ئادەملەر ئەمدىكى بۇ يېڭى «روھىي كېسەللىكلەر دەۋرى» ئالدىدا نېمە بولۇپ كېتەر؟... يېقىندا ب د ت دىكى بىر مۇتەخەسسىس ھازىرقى ئىنسانلاردىكى «روھىي كېسەللىك»كە قارىتا: «ھازىردىن باشلاپ XXI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ھەرقانداق بىر ئاپەت كىشىلەرگە پسىخىك توقۇنۇشتەك، روھىي كېسەللىكتەك ئۇنداق ئۇزاق مۇددەت ۋە چوڭقۇر ئازاب ئەكېلەلمەيدۇ» دەپ كۆرسىتىپتۇ. بۇ بېشارەتلىك ئاگاھلاندۇرۇش ناھايىتى توغرا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەگەر مۇشۇنداق بولسا، بىزنىڭ روھى چۈشكۈن ياكى روھتىن ئايرىلىۋاتقان ھېلىقىدەك كىشلەرنىڭ پسىخىك بەرداشلىقى XXI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا نەھالغا چۈشۈپ قالار؟!

بەزى زىيالىيلىرىمىزنىلا ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلاردىكى ئورتاق پسىخىك كېسەللىك كېچە - كۈندۈز ئەمەل تەمەسىدىلا يۈرۈش، قانداقتۇر تاجىغا، تەختكە، دەرىجىگە ئىنتىلىش، بۇ يولدا جېنىنى، تېنىنى، ھەتتا خوتۇنىنىمۇ ئايىماسلىق. نېتىزى بۇنداق ئادەملەر ئۈستىدە ۋە «تەخت» ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق

يازغان: «ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەختكە ئىنتىلىدۇ، گويا بەخت ـ سائادەت تەختنىڭ ئۇستىدىلا باردەك. بۇ ئۇلارنىڭ ساراڭلىقىدىن بولغان. ئەمەلىيەتتە، تەختنىڭ ئۇستىدىكىسى قاسماقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى، تەختنىڭ كۆپىنچىسى مەينەت نەرسىلەر. نىڭ ئارىسىغا قويۇلغان.» شۇ زىيالىيلىرىمىزنى يەنە كۆزەتسەك، ئۇلاردا روھىي قاششاقلىق چېكىگە يەتكەن. غايە، ئۆگىنىش، تىرىشچان روھ دېگەنلەر ئۇلارنىڭ جىسمىدىن، قەلبىدىن بۇرۇنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. ئۇلار ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىق دىپلومى. نى، ئوقۇش تارىخىنى پەش قىلىپ، ئاشۇ تۇتىيادەك «دەسمايە» سىنى ياستۇق قىلىپ بەخىرامان ئۇخلايدۇ، كۇندە دېگۇدەك كەي. پى ـ ساپا سۇرىدۇ، مەيخانا ـ رېستورانلاردىن بېرى كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كاللىسىنى پۇل، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، خوتۇن ـ قىز. لار، تۇرلۇك ئويۇن ـ تاماشىلارلا چىرمىۋالغانكى، كىتاب، پەن. تېخنىكا، تەرەققىيات، مىللەت، ئەۋلاد، ئادەمىيلىك خىسلەت دېگەنلەرنى ئۇلار ئويلىمايدۇ، ئويلاشنىمۇ خالىمايدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ روھىيىتىدىكى قاششاقلىق، مۇنداقچە ئېيتقاندا، مىل. لەتنىڭ زىيالىيلىرى بولمىش ئاشۇنداقلارنىڭ روھىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە كېسەللەنگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئۆلۈۋاتقانلىقى.

دۇرۇس، بىزدە ئاجايىپ بۇيۇك، ئۇلۇغ، ھەقىقىي ئادەم. دەك ياشاشنى بىلىدىغان، چۈمۈلە روھىغا ئىگە زىيالىيلارمۇ، دانكۇدەك ئۆز يۇرىكىنى باشقىلار ئۈچۈن مەشئەل قىلىپ ياندۇرا. لايدىغان زىيالىيلار... مۇ بار. لېكىن ئۇلار نېمە قىلالايدۇ، چۈنكى ئۇلار ھېلىقىدەك قىسمەن ئەمەلدارلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ، شۇلارنىڭ دېگىنىدەك ياشاشقا مەجبۇر. شۇنداق كې. تىۋەرسە ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولامدۇ؟ دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا پۇت تىرەپ تۇرغىلى بولامدۇ؟ دۇنيا. ۋى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش ھەققىدە سۆز ئاچقىلى بولامدۇ؟

بىر ماتېرىيالدىن كۆرۈشۈمچە، يېقىندا ئەنگلىيە دۇنيا بويىچە ئادەمنىڭ تىل تاۋۇشلىرى ئارقىلىق كونترول قىلىنىدىغان يېڭى تىپتىكى تۇنجى پىكاپنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىپتۇ. «ئامېرىكا قىتئەسى يولۋىسى S» دەپ نام بېرىلگەن بۇ ئالىي دەرىجىلىك ئاۋاز ئارقىلىق كونترول قىلىنىدىغان پىكاپ شوپۇرنىڭ «پارنى چوڭراق ئېچىۋەت»، «رادىئونى ئېچىۋەت»، «خانىمغا تېلېفون بېرىۋەت» دېگەندەك بۇيرۇقلىرىنى ئاڭلاپ دەرھال بەجا كەلتۈرەلەيدىكەن. بۇ ئەلۋەتتە پىكاپتىكى مىكرو كومپيۇتېرنىڭ كارامىتى. خوش، ئۇنداقتا بىزچۇ؟ بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز يەنىلا ئات ـ ئېشەك هارۋىلىرى بىلەن XXI ئەسىرگە كىرىپ كەلدى. خەق تۆمۈردىن ياسالغان جانسىز ماشىنىسىغا «جان» كىرگۈزۈپ، ئاغزاكى بۇيرۇق بىلەن ئۇنى هەيدەپ يۈرسە، بىز تېخىچە ئاشۇ ئىپتىدائىي ئات ـ ئېشەك هارۋىلىرىمىزغا «خىت، چۇ، تىر!» دېگەندەك قەدىمىي تىللىرىمىز بىلەن بۇيرۇق بېرىپ يۈرىمىز. كىشىلەر بولسا ئۆزلىرى تىرىشىپ پەن ـ تېخنىكا ئىگىلەپ ياسىغان ئىلغار پىكاپلىرىدا ئولتۇرۇپ خىزمىتىگە ۋاقتىدا بېرىپ، ئۆيىگىمۇ ۋاقتىدا قايتىۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆز تىرىشچانلىقلىرى بەدىلىگە كەشىپ قىلغان زامانىۋى قاتناش قورالى ئارقىلىق ۋاقىتنى تېجەپ قالغاچقا، بىزدەك ئالدىراش ئەمەس، هەممە ئىشلىرى نورمال يۈرۈشۈكلۈك. ئۇلار هەقىقەتەنمۇ ۋاقىتنى ئالدىغا سېلىۋالغان. بىز بولساق ۋاقىتنى ئەمەس، ۋاقىت بىزنى ئالدىغا سېلىۋالدى. شۇڭا بىز هەركۈنى «ئالدىراش» دەپ قاقشايمىز. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئۇنداق قاقشايدىغانغا هەققىمىز يوق ئىدى. چۈنكى بۇ كەلمىشلەرنىڭ ئاساسلىق سەۋەبكارى يەنىلا ئۆزىمىز.

ئەمدى مەن بېشىمدىن ئۆتكەن، كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىم باشتىن كەچۈرگەن بىر قاتار قىسمەتلەرنى سۆزلەيمەن. ئاۋۋال ئۆزۈم هەققىدە سۆزلەي.

ئائىلىمىزدە مەن بالىنىڭ چوڭى، دادام ياشىنىپ قالغان، ئانام خېلى بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن. مەندىن كىچىك يەنە ئىككى سىڭلىم، بىر ئىنىم بار. دادام دېھقان. مەن ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن بۇيان، يۇرتىمىزدىكى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەپەندىچىلىك قىلىپ كېلىۋاتىمەن. مېنىڭ خىزمىتىم ھەپتىسىگە ئون سائەتتىن دەرس ئۆتۈش، كەچكى دەرس تەييارلاش، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش، ئىشتىن سىرت ئوقۇتۇش تەتقىقاتىغا دائىر ماقالە يېزىش بىلەن ئۆتتى. نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلىرىم گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى، مەن تۇتقان سىنىپنىڭ، بەرگەن دەرسلىرىمنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلۈش نىسبىتى خېلى يۇقىرى بولۇپ كەلدى. مەن ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى سۆيگەچكە، قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. ئەمما ئون نەچچە يىل جەريانىدا ئاران بىر قېتىم ناھىيە بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالىنىش شەرىپىگە ئېرىشتىم. بۇ يەردە شىكايەت تۇسىنى ئېلىپ قالسىمۇ شۇنى سۆزلىمەي بولمايدۇكى، بىزنىڭ ئادەملىرىمىزدە، بولۇپمۇ مائارىپچىلىرىمىزدا مائارىپقا بولغان تونۇش يەنىلا كەم، ئۇلاردا ساختىپەزلىك، شەكىلۋازلىق، غەيۋەتخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، ھورۇنلۇق، پۇلغا چوقۇنۇش ئىدىيىسى يەنىلا ئىنتايىن كۈچلۈك. بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار بىر ئاماللار بىلەن مەكتەپ مۇدىرىغا يېقىنلىشىپ، ئەتىسى - ئاخشاملىرى ئۇنى «يوقلاپ» تۇرىدۇ. ئۇنىڭ دېگىنى، قىلىۋاتقىنى توغرا بولسۇن ياكى خاتا بولسۇن، سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدۇ. باشقىلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى، نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى مۇدىرغا ئۇدۇللۇق «دوكلات» قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ خىلدىكىلەر ئەمەلىيەتتە ساپاسى تۆۋەن، ئايدا بىرەر پارچە كىتاب ئەمەس، گېزىتمۇ كۆرۈپ قويمايدىغان ئوقۇتقۇچىلار بولسىمۇ، مۇدىرنىڭ نەزىرىدە يەنىلا ياخشى ئوقۇتقۇچى، يىل ئاخىرىدا ئىلغارلارنىڭ ئوبيېكتى.

بىزدە ساپا مائارىپى يولغا قويۇلغىلى خېلى ئۇزاق بولغان

بولسىمۇ، ماھىيەت جەھەتتىن ئۇنىڭ يەنىلا ئىمتىھان مائارىپىدىن
جىق پەرقى بولمىدى. ئوقۇغۇچىلار يەنىلا كونا ئۇسۇلدا ئوقۇتۇلۇ-
ۋاتىدۇ، دەرسلىك كۆپ، تاپشۇرۇق جىق، ئوقۇغۇچىلارنى قىزى-
قىشىغا، ئىقتىدارىغا قاراپ تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ تالانتىنى باي-
قاش دېگەندىن سۆز ئېچىش قىيىن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئېلى-
مىزدىن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئىختىساسلىق خادىملار چىق-
تىمۇ؟ تېخى چىقمىدى. بۇ ھەممىمىزنىلا چوڭقۇر ئويغا سالىدى-
غان بىر مەسىلە. يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويۇۋاتقان چاغدا مەيدانغا
كەلگەن «يۈكنى يېنىكلىتىش» ساداسى ئىچىدە، مائارىپىمىزغا،
كەلگۈسىمىزگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق كىشىلەر «بىز يۈكنى
يېنىكلىتىپ نېمە ئىش قىلالايمىز؟» دېگەن مەسىلىنى ئويدان
ئويلىشىپ كۆرسە بولاتتى. «يۈكنى يېنىكلىتىش» —
تاپشۇرۇقنى ئازايتىش، كىتاب ـ دەپتەر سومكىسىنى يەڭگىللى-
تىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى روھىي جەھەت-
تىكى بېسىمنى تۈگىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئاچقۇچلۇق
مەسىلە — نۇقتىئىنەزەرنى ئۆزگەرتىشتە ئىدى. ئامېرىكا مائارى-
پىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئامېرىكا مائارىپى «ئاساس سېلىش»قا
ئانچە ئەھمىيەت بەرمەي، تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئو-
قۇغۇچىنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارى، قول سېلىپ
ئىشلەش ئىقتىدارى، ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش
ئۈستىگە قويىدىكەن. ئامېرىكىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇ-
چىلىرى كەررىنى يادلىمايدىكەن. چۈنكى كەررە ھېسابلاش ماشى-
نىسىنىڭ ئىشى دەپ قارىلىدىكەن. ئۇلار ھېسابلاشنىڭ ھەممە
تۈرلىرىنى ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق ئېلىپ بارىدىكەن.
ئامېرىكىلىق بالىلارنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئائىلە تاپشۇرۇقى
بولمايدىكەن. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش، ئويناش ياكى ئۆزى
ئامراق ئىشلارنى قىلىشقا تولۇق ۋاقتى بولىدىكەن. ئامېرىكىلىق-
لار ئويناش — بالىلارنىڭ تۇغما ھوقۇقى، دەپ قارايدىكەن.

دۇرۇس، بىزنىڭ بالىلىرىمىز بىلەن ئامېرىكىلىق بالىلارنى سې-
لىشتۇرغاندا، ئامېرىكىلىق بالىلارنىڭ ئاساسى ھەقىقەتەن ئا-
جىز. ئامېرىكىلىق بالىلار بارماقلىرىنى ساناپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى
سانلارنى قوشۇش، ئېلىشنى ئۆگىنىۋاتقان ۋاقىتتا، بىزنىڭ شۇ-
لار بىلەن تەڭ ياشتىكى بالىلىرىمىز كۆپ خانىلىق سانلارنى
كۆپەيتىش، بۆلۈشنى ئۆگىنىپ بولغان بولىدۇ.

بىزنىڭ بالىلىرىمىز بولسا ئۆز ئەركى بىلەن ئەمەس، باشقى-
لارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئۆسمۈرلۈكىنىڭ شاد - خۇراملىقى،
كۆپ ۋاقتى ۋە ئۆسمۈرلۈك ھاياتىنى خورىتىدۇ، ئىسراپ قىلى-
دۇ. شۇڭا بىز ئەلۋەتتە بۇرۇنراق ئويغىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ يادلى-
تىش، مەجبۇرلاش ئۇستىگە قۇرۇلغان «ئاساس سېلىش» ىمىز
بىلەن ئامېرىكىنىڭ بالىلاردىكى ئىجادىي كۈچنى يېتىلدۈرۈش
ئارتۇقچىلىقىنى بىرىكتۈرۈپ ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم ئىدى.
لېكىن بىز ھازىرغىچە ئۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىمىز.
يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرىدىن تارتىپ مەكتەپلەرگى-
چە ھەقىقىي ئىسلاھاتچى روھىغا ئىگە رەھبەرلەرنى، ئوقۇتقۇچى-
لارنى تاللاپ ئىشقا قويالمايۋاتىمىز. شۇڭا مائارىپ سېپىمىزدە
ھېلىغىچە «چوڭ قازاننىڭ تامىقىنى يېيىش» داۋاملىشىپ، كو-
نىچە، قالاق ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىمىز ئانچە كۆپ ئۆزگەرمىدى.
زىياننىڭ بارىنى ئەۋلادلىرىمىز تارتىۋاتىدۇ.

ئەمدى بىزنىڭ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى-
نىڭ پاجىئەلىك ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەي.

بىزنىڭ بۇ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئاشۇ
باشلىقلىق ئورنىدا ئولتۇرۇۋاتقىلى ئون يىلدىن ئاشقانىدى. نېمە
ئۈچۈندۇر ئۇنى تەشكىل باشقا ئورۇنغا يۆتكىمەي، ئەتىۋارلاپ
ئىشلىتىپ كەلگەنىدى. بىزنىڭ بۇ ناھىيىمىزدە ئۈچ مىڭدىن
ئارتۇق ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئەنە شۇ باشلىقنىڭ
قولىدا ئىدى. ئۇ ئۆزىگە بويسۇنمىغان، كۆزىگە «سەت» كۆرۈن-

گەن، باشباشتاقلىق قىلغان ئوقۇتقۇچىلارنى خالىغانچە ئىشتىن توختىتىپ قويالايتتى، يىراق يېزا ـ قىشلاق مەكتەپلىرىگە يۆت- كىۋېتەلەيتتى. مەكتەپ مۇدىرلىرىنىمۇ خالىغانچە ئالماشتۇرات- تى. شۇڭا ئۇ بىزنىڭ مائارىپ سېپىمىزدە «قاتتىق قول باشلىق» دەپ نام ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ «قاتتىق قول» لۇقى مۇناسى- ۋەتلىك بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار تەرىپىدىن «مائا- رىپنى چىڭ تۇتقانلىق» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ كەلگەنىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭدىن ئىنتايىن قورقاتتى، ئەيمى- نەتتى. ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇدىر- لىق «ئەمىلى» دىن چۈشۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا كېچە- كېچىلەپ سوۋغات توشۇيتتى. كۆپ سانلىق ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۆ- زىنىڭ «يەۋاتقان تامىقى» دىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېلىناتتى، نېمىنى تەلەپ قىلسا بىر ئامال قىلىپ شۇنى ئەكېلىپ بېرەتتى. كېيىنچە ئاڭلىسام، مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭغا قىزىل بولاق تەقدىم قىلار ئىمىش. گۆش، مېۋە ـ چېۋە دېگەنلەر ئۇنىڭ قازناق ئۆيىگە دۆۋىلىنىپ كېتەر ئىمىش. ئەمما ئۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى كىچىك ماشىنى- لار بىلەن كېچىلەپ نەلەرگىدۇر توشۇغۇدەك. بۇلارنى ئاڭلىغان- دىن كېيىن مەن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ «تۆمۈر ئورۇن- دۇق» ىدا شۇنچە ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقىنىنى بىر ئاز چۈشەن- گەندەك بولدۇم. ئۇ تېخى ئىككى يىل بۇرۇنلا ناھىيە بازىرىغا يېقىن بىر جايدىن يەر تەستىقلىتىپ، ئىككى قەۋەتلىك ھەشەمەت- لىك بىر داچىمۇ سېلىۋالغان بولۇپ، مەخسۇس بىر ئادەمنى داچىنى قوغداشقا، ھويلا ـ ئارامنى كۆكەرتىشكە ياللىۋالغانىدى.

بىزنىڭ مەكتەپتە يېڭىلا خىزمەتكە چۈشكەن ئاسىيە ئىسىم- لىك بىر ياش قىز بولۇپ، ئۇ دەسلەپ خىزمەتكە چۈشكەن كۈن- لەردە نېمىشقىدۇر پەرىشان يۈردى. مەن ئۇنىڭدىن:

— ئاسىيە، مۇشۇ كۈنلەردە خىزمەتكە ئورۇنلاشماقنىڭ تەس-

لىكىدە سىز شۇنچە تېزلا خىزمەت ئورنىغا ئېرىشتىڭىز، يەنە كېلىپ ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە دەڭە. خېلى ـ خېلى ياشلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپ خىزمەت كۈتۈپ يۈرۈۋاتسا، سىز بۇ خىزمىتىڭىزدىن رازى ئەمەستەك چۈشكۈنلا يۈرىسىز ياكى ئائىلە-ڭىزدە بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بەردىمۇ ـ يا؟ — دەپ سورىدىم.

بۇ سوئالىمغا ئۇنىڭ بولاقتەك كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياشلار جاۋاب بولۇپ قالدى. شۇڭا مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇقچە سورىمىدىم. لېكىن ئۇنىڭغا چوقۇم بىر ئىش بولغانلىقى ھەققىدە كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە، مائارىپ ئىدارىسىدىن ئاسىيە-نى كاتىپلىق قىلىدۇ، دەپ بىراقلا يۆتكەپ كەتتى. بۇ چاغدىمۇ ئاسىيەنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق خۇشاللىق ئالامىتىنى كۆرمىدىم. ئاسىيە مائارىپ ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ كېتىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن تەتىل يېتىپ كەلدى. تەتىلگە چىققان كۈننىڭ ئەتىسى ئاسىيە مېنى ئىزدەپ ئۆيۈمگە كېلىپتۇ. ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئۇنى-ڭ نـاھايىتــى قىزغىن كۈتۈۋالدۇق. ئـۇ بۇرۇنقىدىــن جۇدەپ قالغانىدى.

— قېنى چاي ئىچىڭ، — دېدىم مەن ئۇنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ.

ئـۇ چـايمۇ ئىچمەستىن بـوقۇلداپ يـىغلىغىنىچە سۆزلەپ كەتتى:

— ئەركىن مۇئەللىم، سىز مۇشۇ مەكتەپتە ئەڭ جىگەرلىك ئادەم. شۇڭا مەن سىزگە مېنىڭ بارلىقىمنى ۋەيران قىلغان ئىشلارنى دېگىلى كەلدىم. سىز بۇرۇنلا مېنىڭ ئەھۋالىمنى سەز-گەن بىردىنبىر ئادەم ئىدىڭىز.

ئۇ ئېسەدەشتىن سۆزلىيەلمەي قېلىۋاتاتتى. مەن ۋە ئايالىم ئۇنىڭغا نۇرغۇن تەسەللى ئېيتتۇق. قانداق گەپ بولسا ئوچۇق سۆزلەشنى، بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلسىلا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدى-

غانلىقىمىزنى بىلدۇردۇق. ئۇ ئاخىر سۆزگە كىرىشتى:
— سىز بىلمەيسىز، مەن بۇ مەكتەپكە خىزمەتكە ئورۇنلى- شىشتىن بۇرۇن مائارىپ ئىدارىسىگە ھەر كۈنى كېلىپ مېنى خىزمەتكە تەقسىم قىلىشىنى، توي قىلىدىغان يىگىتىمنىڭ ناھى- يىدە ئىشلەيدىغانلىقىنى، مېنىڭ ئۆيۈم بولسا ناھىيىدىن ئاتمىش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېزىدا ئىكەنلىكىنى، شۇڭا مېنى مۇشۇ ناھىيىدىكى يېقىن مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىشنى ئىلتىماس قىلى- دىم. مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن مېنىڭ تەقسىماتىمنى كېيىنگە سۈردى. بىر كۈنى مائارىپ ئىدارىسى ئىشخانىسىنىڭ پاكىنەك بىر خادىمى مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، باشلىققا ئازراق سوۋغا ـ سالام ئېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشىمنى ئېيتتى ھەم باشلىقنىڭ ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنىمۇ ئېيى- تىپ بەردى. مەن يېنىمدىكى پۇلنىڭ يېتىشىچە سوۋغات ئېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇ ئۆيىدە يالغۇز ئىكەن. مېنى كۆرۈپ، ئىشخانىدىكى تەكەببۇرلۇقىنى بىر ياققا چۆرۈۋېتىپ، مېنى قىز- غىن قوبۇل قىلدى. مەن يەنە ئەھۋالىمنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم، ئۇ ماڭا قانداقتۇر ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلىپ قالغانىدى. ئۇ مې- نىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ بولۇپ، بىرخىل ھاياسىزلارچە ھىجىيىپ يېنىمغا ئولتۇردى ۋە كاپپىدە قولۇمدىن تۇتۇۋېلىپ:
— مەن ئەسلىي سىزنىلا ساقلاپ ئولتۇرغان. ئىشخانا خىز- مەتچىسى داۋۇت بۇگۈن سىزنىڭ مېنى يوقلاپ ئۆيۈمگە كەلمەكچى بولغانلىقىڭىزنى ماڭا ئېيتقان، — دېدى.
مەن قوللىرىمنى ئىتتىك ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالدىم، تـۇيۇقسىز يـۈرەك سېلىشىم تېزلىشىپ، بـەدىنىم قىزىـق تەرگە چۆمۈلدى.
— ئاسىيە قىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلاپ قويۇڭ جۇمۇ، تەلىپىمگە قوشۇلسىڭىزلا سىزنـى نـاھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە تـەقسىم قىلىپ قـويىمەن، — دېدى ئـۇ ماڭا تېخىمۇ يېقىنلاپ.

— قانداق تەلەپ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن ئەندىكىپ.
— سىز دەك قىزلار مەندەك ئەرنىڭ نېمىنى تەلەپ قىلىشۋاتقىنىنى بىلمەي قالمايسىلەر، — ئۇ شۇنداق دەپلا مېنى يان تەرىپىمدىن قۇچاقلاپ كىرىشلوغا بېسىۋالدى. مەن خېلى تىپىرلىدىم.
— ياۋاش بولۇڭ، بولمىسا ئۆزىڭىزنى ئەتىلا يىراق يېزىغىزدا كۆرىسىز ياكى خىزمەت كۇتۇپ لاغايلاپ يۈرۈۋېرىسىز، — دېدى ئۇ تەھدىت ھەم بۇيرۇق ئاھاڭىدا.
مەن تېخى بۇلتۇرلا يالغۇز ئانام ئۆلۈپ كېتىپ قارا يېتىمغا ئايلىنىپ قالغانىدىم. يېزىدىكى تۇرمۇشىمىز بەك قاتتىق بولغاچقا، تۇغقانلىرىمىزنىڭمۇ ماڭا باشپاناھ بولغۇدەك قۇربىتى يوق ئىدى. ئىككى ئاچام نامرات ئەرلىرىنىڭ قولىغا قاراشلىق ئىدى. مېنىڭ ئارزۇيۇم شەھەردە قېلىپ توي قىلىدىغان يىگىتىم بىلەن مۇشۇ يەردە ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇش ئىدى. ئاناممۇ كۆزى يۇمۇلۇش ئالدىدا ماڭا شۇنداق تاپىلىغان. شۇڭا قەتئىي شەھەردە قېلىش قارارىغا كەلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يىگىتىمنىمۇ بەك ياخشى كۆرەتتىم. مانا ئەمدى يەنە بىر قارا قول مېنىڭ يۈرىكىمگە سوزۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى. قانداق قىلىشىم كېرەك؟... مەن تۇرلۇك زىددىيەتلىك خىياللار ئىچىدە ئاخىر «تەقدىر» گە تەن بەردىم... ئىدارە باشلىقى مەندىن تەلەپ قىلغىنىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئەتە ئىدارىگە بېرىپ تەقسىمات ئۇقتۇرۇشۇمنى ئېلىشىمنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئاشۇ ئىپلاسلىق بەدىلىگە بۇ مەكتەپتە ئىشلەش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. يىگىتىممۇ مېنىڭ ناھىيىدە قالغىنىمدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. مەن ئىدارىگە باشلىقنىڭ كاتىپى بولۇپ يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن، باشلىق ھەتتا ئىشخانىسىدىلا مەندىن ھېلىقى ئىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇۋالدى. ياق دېسەم ماڭا تەھدىت، ھەرخىل قالپاق تەييار. شۇڭا نەچچە ئاخشام باشلىقنىڭ خاس ئىشخانىسىدا ئۆتۈپ كەتتى.

ئىدارىدىكى خىزمەتداشلىرىمۇ ماڭا يەر تېگىدىن ئالىيىپ قارايدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى باشلىق مېنى مەجبۇرىي بىر تانسىخانىغا ئاپاردى. بىز تانسا ئويناۋاتقاندا، مەن بىر كۆزنىڭ ماڭا غەزەپلىك ئالىيىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇ مېنىڭ يىگىتىم ئىدى. مەن باشلىقنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ يىگىتىم تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم. ئۇ «بولدى بەس» دېگىنىچە ئالدى ـ كەينىگە قارىماي تانسىخانىدىن چىقىپ كەتتى… ئاخىر ئۇ مېنى تاشلىۋەتتى. مەن كېيىن كۆپ ئويلاپ، ئۆزۈمنىڭ بەك ياۋاشلىقىنى، ساددىلىقىنى، مەندە چېچەن قىزلارغا خاس ئەقىل ۋە جاسارەتنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلدىم. ئاخىر سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەلدىم، ئەركىن مۇئەللىم. ماڭا ياردەم قىلىڭ، مەن خىزمىتىمدىن ئايرىلىپ قالساممۇ مەيلى، ئۇ باشلىقنى يۇقىرىغا ئەرز قىلىمەن. مەن يەنە ئۇنىڭ نۇرغۇن پارا يېگەنلىكىنىمۇ بىلىمەن. سىز ماڭا بۇ ئىشتا يول كۆرسىتىڭ ھەم ماڭا گۇۋاھچى بولۇپ بېرىڭ.

ئاسىيە سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

مەن ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. تەڭرىم! بۇ دۇنيادا ئادالەت بارمۇ؟ دەپ ۋارقىرىغۇم كەلدى. بۇ جاھان مۇشۇنداق «زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ» بولۇپ كېتىۋېرەرمۇ، دەپ ئويلىدىم، ئەمدى بۇنداق ئىشلارغا يول قويۇشقا بولمايتتى. مەن شۇ كۈنىلا ئاسىيەنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسى ۋە ئۆزۈمنىڭ بىلىدىغانلىرىمنى قوشۇپ تەپسىلىي بىر شىكايەتنامە يېزىپ چىقتىم، ئاندىن ئاسىيەگە ۋاكالىتەن بىر پارچە ئەرزنامە يازدىم ـ دە، ئىككىسىنى كۆپەيتىپ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارغا ماڭدۇرۇۋەتتىم.

بىر ھەپتىدىن كېيىن تۇيۇقسىز ئىدارە باشلىقى مەكتىپىمىزگە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىپ يىغىن ئاچتى ۋە مېنى

ئورنۇمدىن تۇرغۇزۇپ قويۇپ بىر هازا تەنقىدلىدى، هاقارەتلىك تىللار بىلەن تىللىدى. ئاندىن قولىدا تۇتۇۋالغان بىر تۇتام خەتنى مېنىڭ يۈزۈمگە ئاتتى:

— مانا، مېنىڭ ئۈستۈمدىن يازغان ئەرز - شىكايەتلىرىڭ يەنىلا ماڭا قايتىپ كەلدى. ئەمدى كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرد-ەن! ئەتىلدىن كېيىن بۇ مەكتەپتە ئىشلەيمەن دەپ خام خىيال قىلما...

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە مىيىقىمدا كۈلۈپ قويۇپ، يەردە چېچىلىپ ياتقان قەغەزلەرگە نەزەر تاشلىدىم. ئۇلار مېنىڭ پو-چېركام ئىدى...

ئەتىلىمۇ توشتى. مەن ئۆزۈمنىڭ قەيەرگە پالىنىدىغانلىقىمنى كۈتۈپ ئۆيدە ئولتۇردۇم. ئويلىمىغان يەردىن مەكتەپ مۇدىرى خۇشامەتگۈيلارچە ھجىيىپ كىرىپ كەلدى ۋە:

— ئەركىن مۇئەللىم، سىز يەنە مۇشۇ مەكتەپتە ئىشلەيدى-غان بولۇپسىز، بۇ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قارارى، — دېدى قوللىرىنى ئىشقىلاپ، — هازىرلا ئىشخانىڭىزغا بېرىپ نورمال خىزمەت قىلىۋېرىڭ. ئاڭلىسام، ئىدارە باشلىقىنىمۇ خىزمەتتىن توختىتىپ تەكشۈرۈۋېتىپتىمىش.

شۇنداق قىلىپ مەن يەنە ئۆز ئورنۇمدا ئىشلەپ قېلىۋەردىم، ئاسىيەمۇ يەنە بۇ مەكتەپكە قايتىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىقىنى قى-لىۋەردى. باشلىقنىڭ خىزمىتىدىن توختىتىپ قانۇن ئورۇنلىرى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈشى پۈتۈن ناھىيىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. بەزىلەر: باشلىق بوش ئادەم ئەمەس، ئۇ بىر ئاماللار بىلەن ئاقلىنىپ چىقىپ يەنە ئىدارىدە ئىشلەۋېرىدۇ، ئۇ دېگەن ئارقا تۈۋرۈكى كۈچلۈك ئادەم، دېسە، بەزىلەر: ياق، بۇ قېتىم ئۇنداق بولمايدۇ، بۇ دېگەن ناھىيىمىز تەۋەسىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈلگەن چوڭ ئىش... دېيىشەتتى. كۆپ سانلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چېھرى-دىن بولسا يوشۇرۇۋالغۇسىز شاد كۈلكە پارلايتتى.

ئارىدىن ساق ئۈچ ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بۇ تەۋرىمەس، «ھېچكىمدىن قورقماس» باشلىقى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى. بۇ جەرياندا قانۇن ئورۇنلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن ئاجرىتىلغان باشلىقنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش گۇرۇپپىسى پۈتۈن ناھىيىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە باشقا پۇقرالاردىن ئىزچىل ئەھۋال ئىگىلەپ، باشلىقنىڭ پارىخورلۇق قىلمىشى، ئىستىل مەسىلىسى، خىزمەتتىكى مۇستەبىتلىكىگە دائىر تولۇق دەلىل - ئىسپاتلارنى ئىگىلەپ چىققاندى. شۇ ئىشتىن كېيىن نۇرغۇن مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى ئالماشتۇرۇۋېتىلدى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەل بولماي كېلىۋاتقان نۇرغۇن قىيىنچىلىقلىرى ھەل قىلىندى. مەن ئۆزۈم ئىشلەۋاتقان مەكتەپكە مۇدىر بولۇپ تەيىنلەندىم. تېخى مېنى يۇقىرىدىن «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى جەڭگىۋار شەخس» دەپ ئالاھىدە تەقدىرلىدى.

— ھارىقىڭدىن قۇيمامسەن، — دېدى ئەركىن ئۆزى ۋە مائارىپ ھەققىدىكى تەپسىلاتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ. مەن يەنە ھاراق قۇيدۇم، ھەممەيلەن ئەركىننىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن بىر رومكىدىن كۆتۈرۈۋەتتۇق.

— ئەمدى مەن ئىككى سىڭلىم ۋە بىر ئىنىمنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە سۆزلەيمەن. بۇ ئۈچىنىڭ كەچۈرمىشى بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم ئادەملىرىمىزگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئەركىن.

## 2

بىز تۆت بالا ئانىمىزدىن كەينى - كەينىدىنلا تۇغۇلغاچقا يېشىمىز ئىككى - ئۈچ ياشتىنلا پەرق قىلاتتى. چوڭ سىڭلىم دېھقان بولغاچقا، بىر دېھقان يىگىت بىلەن تېپىشىۋېلىپ بالدۇرلا

توي قىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىككى بالىلىق بولغاندا ئېرى بىلەن
يىگىرمە مو تېرىلغۇ يېرىنى بىر ئاققۇنغا مەڭگۈلۈك سېتىۋېتىپ،
باشقا يۇرتقا تىرىكچىلىك قىلىمىز دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنى
ئىزدەپ دادام بارمىغان يېقىن ئەتراپتىكى يۇرت ـ شەھەرلەر
قالمىدى. مەنمۇ گېزىتلەردە ئېلان بېرىپ ئۇلارنىڭ ئىز ـ دېرد-
كىنى قىلدىم، قانۇن ئورۇنلىرىغا ئەنگە ئالدۇرۇپمۇ قويدۇم.
لېكىن هازىرغىچە ئۇلارنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدۇق. كېيىن بىل-
سەم، ئۇلار يېرىگە ئىشلەپ هوسۇل ئالالماي، دۆلەتكە تاپشۇرىد-
غان باج ۋە هەرخىل دېهقانچىلىق سېلىقلىرىنى تۆلىيەلمەي،
يېرىنى بىر ئاققۇنغا نەق پۇلغا سېتىۋېتىپ يۇرتتىن چىقىپ كەت-
كەنىكەن. هازىر بىزنىڭ دېهقانلىرىمىزدىكى هۇرۇنلۇق ئۇلارنى
ئەنە شۇنداق هالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. يەنە تېخى نۇرغۇن دېهقانلى-
رىمىز شۇنداق مۇنبەت يەرلىرىنى باشقىلارغا يىللىق ئىجارىگە
بېرىپ، يىل توشقىچە ئىجارە پۇلىنى خەجلەپ بولۇپ، ئاخىر
ئاشۇ يەرنى ئىجارىگە ئالغۇچىلارغا كۈنلۈك ئىشلەپ جېنىنى بېقى-
ۋاتىدۇ. بۇ ئۆزىنى ئۆزى قۇل قىلىش بولماي نېمە؟ ئۆز ئىلكى-
دىكى يەرنى ئۆزى تېرىيالمىغان ئادەمنى دېهقان دېگىلى بولامدۇ؟
بىزدە «يەر ساتتىڭ — جان ساتتىڭ» دېگەن گەپ بار، شۇنداق
دېهقانلىرىمىزنىڭ ئۆلۈك بىلەن نېمە پەرقى قالدى؟ مانا بۇ XXI
ئەسىرگە قەدەم قويۇۋاتقان بىر قىسىم دېهقانلىرىمىزنىڭ ئەجەل-
لىك ئاجىزلىقى...

ئەمدى مەن ئىككىنچى سىڭلىم توغرۇلۇق سۆزلەي. ئىك-
كىنچى سىڭلىم ئۆزى چىرايلىق، شوخ قىز ئىدى. ئۇ تولۇقسىز
ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بىر ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىدە
ئۈچ يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، مەن نۇرغۇن «يول»لارنى مېڭىپ
يۈرۈپ ئاران دېگەندە يۇرتىمىزدىكى بىر كارخانىغا — پىۋا زاۋۇ-
تىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە ئۇ زا-
ۋۇت راۋاج تاپالماي ۋەيران بولۇپ كەتتى. يولى بارلىرى ۋاقتىدا

باشقا ئورۇنلارغا يۆتكىلىۋاپتۇ، يولى يوقلىرى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپتۇ. سىڭلىممۇ شۇلار ئىچىدە ئىدى. مەن ئۇنى قايتىد- دىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆپ قاتىرىغان بولساممۇ ھېچ ئامال قىلالمىدىم. ئارقا ئىشىكتىن مېڭىپ باقاي دېسەم ئىقتىسادىم يوق، بىر ئايلىق مائاشىم ئاي ئاخىرغىچە ئارانلا يېتىدۇ. چۈنكى ھازىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە تاپشۇرىدىغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي سېلىقى بەك ئېغىرلاپ كەتكەچكە ئىككى بالامنى ئاران ئوقۇتۇۋاتىمەن. شۇنىڭ بىلەن سىڭلىم ئۆزى ئالا- قىلىشىپ يۈرۈپ بىر رېستوراندىن كۈتكۈچىلىك خىزمىتى تېپىپ- تۇ. ئۇنىڭغا ۋاقتىنچە بولسىمۇ مەيلى دېدىم. شۇ «مەيلى»نىڭ كاساپىتىدىن ھازىرغىچە ئازابلىنىمەن. كېيىن ئۇقسام، سىڭلىم شۇ رېستوراندا ھەممە جەھەتتىن «كۈتكۈچىلىك» قىلىپ يولدىن چىقىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئۇنى ئىزدەپ بارسام، رېستوراننىڭ ئايرىم بىر بۆلمىسىدە مېھمانلارغا «ھەمراھ» بولۇۋاتقان يېرىدىن تاپ- تىم. ئۇ مېنى كۆرۈپلا بىر مېھماننىڭ قۇچىقىدىن پەسكە چۈشۈ- ۋالدى ھەم نېمە قىلارىنى بىلەلمەي يەرگە قاراپ تۇردى. قارىسام ئۇنىڭ بويىنىدا ئالتۇن زەنجىر پەيدا بوپتۇ، كىيىنىشىمۇ شۇنداق مودا، بېلى ھەم قورسىقى ئېچىلىپ تۇرىدىغان، كەينى تەرىپى غولىغىچە ئوچۇق قىسقا كۆڭلەك كىيىۋاپتۇ، يوپكىسىمۇ تېقىمىد- نى ئارانلا يېپىپتۇ. نېمە دەيمەن، خەقنىڭ ئالدىدا ئۇنى سەتلەشكە كۆڭلۈم قويمىدى، نائىلاج قايتىپ چىقتىم. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سۈرۈشتە قىلسام، بىر شىركەتنىڭ دىرېكتورى بىلەن ئۈرۈمچىگە چىقىپ كېتىپتۇ. ئاكىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىغان- لىقىمدىن ئۆزۈمنى قاتتىق ئەيىبلەپ كەتتىم، بىرخىل ۋىجدانىي ئازاب يۈرىكىمنى شەمشەر بولۇپ تىلىشقا باشلىدى. ئاخىر ئۇنى ئىزدەپ ئۈرۈمچىگە باردىم، نۇرغۇن شىركەتلەرگە بېرىپ ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدىم، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرىغا ئىلتىد- ماس قىلىپ، ئۇلار ئاجرىتىپ بەرگەن ئۈچ ساقچى يىگىت بىلەن

ئۆرۈمچىنى تۆت كۈن ئىزدىدۇق، تاپالمىدۇق. بەلگىلىمە بويىچە ئۇلارنىڭ تۆت كۈن جەريانىدىكى تاماق، قاتناش ھەققىنى مەن تۆلىدىم. يېنىمدىكى پۇلمۇ تۈگەپ قالدى. تۆتىنچى كۈنى كەچتە مەن قانۇن ئورۇنلىرىغا ئادرېسىمنى ۋە سىڭلىمنىڭ بىر پارچە سۈرىتىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ سىڭلىمنى تېپىپ قالسا ماڭا خەۋەر بېرىشىنى ئۆتۈندۈم.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە، ئۆرۈمچىدىكى قانۇن ئورنىدىن ئەۋەتىلگەن قېلىن بىر كونۋېرت قولۇمغا تەگدى. خەت مۇنداق باشلانغانىدى:

«يولداش ئەركىن، ياخشىمۇ سىز؟ بىز سىڭلىڭىزنى تاپتۇق، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇنى قانۇن بويىچە قولغا ئالدۇق. تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

بىز سىڭلىڭىزنى ئالدامچىلىق جىنايىتى بىلەن قولغا ئالغاندىن كېيىن، مۇنۇ ئەھۋاللارنى ئىگىلىدۇق. سىڭلىڭىز مەلۇم بىر شىركەتنىڭ دىرېكتورى بىلەن بىر مەزگىل ئاپاق-چاپاق بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، سىڭلىڭىز زېرەك ھەم چېۋەرلىك جەھەتتىمۇ دىرېكتورغا ياراپ قېلىپ ئۇنى كاتىپلىققا قوبۇل قىلغان. دىرېكتور ئۆزى قېرى بولسىمۇ كۆڭلى سۆيۈق ئادەم بولغاچقا، ئۇ سىڭلىڭىزنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالغان. سىڭلىڭىز ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى، ياشلىقى، شوخلۇقى ھەم تۈرلۈك ناز - كەرەشمىسى بىلەن قېرى دىرېكتورنى ئۆزىدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلالماس قىلىۋەتكەن. خىزمەتتىمۇ ئۇنىڭغا قەۋەتلا ياراپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىڭلىڭىزغا بىر يۈرۈش ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ بەرگەن ھەم كېچىلەرنى سىڭلىڭىزنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزىدىغان بولغان.

بىلىشىمىزچە، بۇ دىرېكتور پىشقان، باي ھەم ئوتتۇرا ياشلىقلاردا بولىدىغان پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈر-

گەن ئادەم بولۇپ، باشقا ئاياللارغا كۆز تاشلاپ يۈرىدىغان ئەرلەردىن ئەمەس ئىكەن. ئەپسۇسكى، سىزنىڭ سەبىي، گۈزەل، ھېسسىياتچان بۇ سىڭلىڭىز بىلەن تونۇشۇپلا، دىرېكتورنىڭ نىقابى يىرتىلىپ كەتكەن.

سىڭلىڭىز ئاشۇ بىر يۈرۈش كەڭ ـ كۇشادە ئۆيدە دائىم مەززىلىك تائاملارنى ئېتىپ، خۇش پۇراق شاملارنى يېقىپ، ئۆزىگە ۋە ئۆيگە بولۇشچە ئەتىر چېچىپ دىرېكتورنى كۈتىدىكەن. دىرېكتور ئالدىراش خىزمەتلىرىنى تۈگىتىپ بۇ ئۆيگە كېلىپلا ئاشۇ گۈلدەك ئېچىلىپ ئالدىغا چىققان مەشۇقىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدىكەن…

بەزىدە دىرېكتور ئۆزىنىڭ كېچىكىپ قالغانلىقىدىن ئەپۇ سورىغاندا، قىز ئۆزىنىڭ يۇمران لەۋلىرىنى ئۇنىڭ لېۋىگە يېقىپ سۆزلەتكۈزمەيدىكەن. ئۇ يەنە ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن پات ـ پات دىرېكتورنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىكەن. بىر قېتىم دىرېكتور بۇ قىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپ كارتوچكا سوۋغا قىلغاندا، قىز ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، دىرېكتورنىڭ ئايالىنىڭ ئۇقۇپ قالماسلىقىنى ئېيتقان. دىرېكتور بۇنىڭدىن بەكمۇ رازى بولغان. شۇڭا ئۇلار رېستوران، قاۋاقخانىلارغا بىللە بېرىشتىن ۋاز كېچىپ، ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا قىزنىڭ ئۆيىدە بىرگە غىزالىنىپ، ئىچىشىپ، شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرىنى قىلىشقان. قىزنىڭ ئىشقى ـ سەۋداسىغا غەرق بولغان دىرېكتور بىر قېتىم قىزغا ۋە ئۆز ئايالىغا ئوخشاش نۇسخىدىكى بىر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈك ئالغاندا، قىز بىلەزۈكنى ئالغىلى ئۇنىماي: بۇنى ئالمىغىنىمنى باشقىچە ئويلاپ قالماڭ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئايالىڭىز بىلەن بىللە بولۇپ قېلىپ ھەر ئىككىمىزنىڭ بىلەزۈكىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالسا، ئايالىڭىزدا باشقىچە گۇمان پەيدا قىلىپ قويۇشىمىز مۇمكىن. چۈنكى ئاياللار

بۇنداق ئىشلارغا بەك دىققەت قىلىدۇ، دېگەن. بۇنىڭدىن تە-
سىرلەنگەن دىرېكتور: ئۇنداقتا سىزگە نېمە ئېلىپ بېرەي؟
دەپ سورىغاندا، قىز: ھەقىقىي خۇشال قىلاي دېسىڭىز، ماڭا
بىرەر تېخىنىكا ئۆگىتىپ قويۇڭ، دېگەن. قىزنىڭ ئىجتىھاتى-
دىن ھەم ئۆزىگە بولغان سەمىمىي مېھرىبانلىقىدىن سۆيۈنگەن
دىرېكتور، قىزغا پاي چېكى سودىسىنىڭ ئېپىنى ئۆگىتىپ
قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن قىز شىركەتنىڭ خىزمىتىنى ۋە
پاي چېكى سودىسىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلىگەن، شىركەتنىڭ
پايدىسىمۇ ئاجايىپ تېز ئېشىپ ماڭغان. دىرېكتور ئۆزىنىڭ
بۇ ئوماق، زېرەك ھەم يارامىلىق ياردەمچىسىگە يۈزدەيۈز ئىشى-
نىپ، ئۇنىڭغا شىركەتنىڭ پۇتكۇل پاي چېكى سودىسىنى ئوڭ-
چە تاپشۇرۇپ، ئۆزى باشقا سودا ئىشلىرىغا قاتراپ يۈرگەن.
شۇنداق قىلىپ قىزنىڭ قولىدىكى پاي چېكى كۈندىن -
كۈنگە كۆپەيگەن. قىز ھەتتا باشقا بىر پاي چېكى سودىگىرىنىڭ
نامىدا بۇ دىرېكتورنىڭ ھەممە پاي چېكىنى سېتىۋالغان. دى-
رېكتور: مېنىڭ پاي چېكىمنىڭ ھەممىسىنىلا سېتىۋېتىپسىز-
غۇ، كېيىنچە باھا يەنە ئۆسۈپ قالسا، دېگەندە، قىز: مەن
بىر مەخپىي ئۇچۇرغا ئېرىشتىم، سىزگە تەۋە پاي چېكىنىڭ
باھاسى مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە بەكلا چۈشۈپ كېتەرمىش.
شۇڭا سىزنى زىيان تارتىپ قالمىسۇن دەپ ھەممىسىنى سېتى-
ۋەتتىم، ھازىرقى باھا ئانچە تۆۋەن ئەمەس، دېگەن. دىرېكتور
بۇنىڭغا بىر ئىشىنىپ - بىر ئىشەنمەي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ
بىرىدە، بىر يېقىن دوستىدىن: سېنىڭ قولۇڭدىكى پاي چېكى-
نىڭ باھاسى بىر ھەسسە ئۆرلىدى، دەپ تېلېفون كەلگەن.
دىرېكتور شۇئان شىركەتكە كېلىپ قىزنى ئىزدىگەن، تاپالمى-
غان، ئۆيىگە تېلېفون قىلغان، ئۆيىدىمۇ يوق بولۇپ چىققان.
ئۇ دەرھال كومپيۇتېرنى ئېچىپ تەكشۈرگەندە، ئۆزىنىڭ تۆت
يۈزمىڭ يۈەنلىك پاي چېكىنىڭ بىر ھەسسە يۇقىرى باھادا

ئاللىقاچان سېتىۋېتىلگەنلىكىنى بىلگەن.

قىز ئەسلىدە ئۇ تۆت يۈزمىڭ يۈەنلىك پاي چېكىنى بىر ھەسسە يۇقىرى باھادا سېتىۋېتىپ، پۇلنى ئېلىپ نەگىدۇر يوقالغان. دىرېكتورنىڭ شىركىتى ئاساسەن ۋەيران بولغان. بىرمەزگىللىك شېرىن مۇھەببەت ئۇنى شىركىتىدىنلا ئايرىپ قالماستىن، بەلكى جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولۇپ كېلىۋاتقان ئۆمۈرلۈك ئايالىدىنمۇ ئايرىۋەتكەن.

كېيىن بىز پۈتۈن شەھەرنى قامال قىلىپ، ئۇ قىزنى شېنجېنغا ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا چىقىش ئالدىدا قولغا چۈشۈردۇق.»

— ئەمدى ئۆيدىكى بالىلارنىڭ ئىككىنچىسى بولغان ئىنىم توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەي، — دېدى ئەركىن بىرتال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ئىسنى كۆچەپ تارتىپ پۇۋلىۋەتكەندىن كېيىن، — ئىنىم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن بولسىمۇ ئۆتەلمىدى. تەلىيىگە، يېزىلىق مالىيە ئىشخانىسىغا بىر كاسسىر قوبۇل قىلماقچى بولۇپ، يېزا تەۋەسىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەردىن ئىمتىھان ئېلىپ، پەقەت بىرسىنىلا تاللىماقچى بوپتۇ. ئىنىم ئىمتىھانغا قاتناشتى. ئۇ كىچىكىدىنلا ماتېماتىكىغا يامان ئىدى. دېگەندەك، ئىمتىھاندا بىرىنچى بولۇپ ئۆتۈپ، تەكلىپ بىلەن مالىيە ئىشخانىسىنىڭ كاسسىرلىقىغا قوبۇل قىلىندى، دادام ئۇنىڭ تەلىيى كەلگەنلىكىدىن بەكلا خۇشال بولدى. ئىنىم بىر مەزگىلگىچە خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلەپ يېزا رەھبەرلىرىنىڭ كۆزىگە كۆرۈندى. بىر قېتىم يېزا رەھبەرلىرى ئۇنى ھېسابتا پۇختا، ئىشتا ئېپى بار دەپ، قولىغا قىرىق مىڭ سوم نەق پۇلنى تۇتقۇزۇپ، ئۈرۈمچىدىن توپ باھادىكى خىمىيىۋى ئوغۇتتىن ئەكېلىشكە يولغا ساپتۇ. ئىنىم بۇرۇنمۇ نەچچە قېتىم ئۈرۈمچىگە بېرىپ

يېزىغا ئەرزان باھادا خىمىيىۋى ئوغۇت، ئىشخانا بۇيۇملىرى ئە-
كېلىپ بېرىپ، رەھبەرلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ قالغاند-
كەن. ئۇ بۇ قېتىم پۇلنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە پويىزدا مېڭىپتۇ،
بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم پويىزغا ئولتۇرۇشى ئىكەن. ئۇ پويىزغا
چىقىپلا چاچلىرىنى سېرىققا بوياتقان، زىلۋا بوي چىرايلىق بىر
قىز بىلەن بىر ئورۇندا ئولتۇرۇپ قاپتۇ، قىز ئۇنى كۆرۈپ
ناز - كەرەشمە بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويۇپتۇ. ئىنىم ئۇنىڭغا
تەپسىلىي قاراپ چىققاندىن كېيىن، تونۇشقۇسى كېلىپتۇ - دە،
ئاخىر ئۇ قىز بىلەن تېزلا چىقىشىپ قاپتۇ. ئۇلار پويىزدا ئۈرۈم-
چىگە كەلگۈچە بىر - بىرى بىلەن قانماي مۇڭدىشىپ، ۋاقىتنىڭ
قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قاپتۇ. قىزدىن ئىنىمغا
ئاخىر «ئىسسىق» ئۆتۈپ قاپتۇ. ئۇلار بىر مېھمانخانىدىن ئايرىم
بىر ياتاق ئېلىپ ئورۇنلىشىپتۇ. كۈندۈزى ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى
قانغۇچە تاماشا قىلىپتۇ، كەچتە ياتاققا قايتىپ كېلىپ بىللە
يېتىپتۇ. ئىنىم بۇ نازاكەتلىك قىزنىڭ يېقىملىق كۈلۈشلىرىگە،
شېرىن سۆزلىرىگە مەست بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقانلىقى
شەرىپىگە ئاۋۋال يۈز سوم پۇل سوۋغا قىلىپتۇ، قىزمۇ تارتىنمايلا
ئېلىپتۇ. ئۇلار بىرەر - ئىككى سائەتكىچە پەيزە قىلىشقاندىن
كېيىن، ئىنىم قىزغا بەكلا ئامراقلىقى كېلىپ كېتىپ يۈز سوم-
لۇق پۇلدىن يەنە ئىككىنى قىزغا بېرىپتۇ، ئەمما ئويلىمىغان
يەردىن قىز پۇلنى ئېلىشقا ئۇنىماي: بىز شۇنداق يېقىن دوستلار-
دىن بولۇپ قالغان تۇرساق، مەن سىزنىڭ پۇلىڭىزنى ئېلىۋەرسەم
قانداق بولىدۇ، سىز مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز؟ دەپتۇ. ئىنىم
نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا قىز بىردىنلا
كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆككىنىچە: مېنى ئۆيۈمدىكىلەر
مەن خالىمىغان بىرىگە تېگىشكە زورلاپ تۇرۇۋالغاچقا، مەن ئۆي-
دىن قېچىپ چىققان، ئەمدى مېنىڭ بارار يېرىممۇ يوق. خالىسى-
ڭىز مەن بىلەن توي قىلسىڭىز، مەن سىزگە بىر ئۆمۈر ۋاپادار

خوتۇن بولسام، ئەگەر خالىمىسىڭىز ئۇرۇمچىدىكى ئىشلىرىڭىز تۈگىگەندىن كېيىن مېنى يۇرتىڭىزغا بىللە ئەكەتسىڭىز، مېنىڭ كېيىم تىكىش ھۈنىرىم ياخشى، يۇرتىڭىزدا بىرەر تىككۈچىلىك دۇكىنىدا ئىشلەپ قالسام، دەپتۇ. ئىدىيە جەھەتتىن ھېچقانداق تەييارلىقسىز تۇرغان ئىنىم تېخىمۇ قىيىن ھالەتتە قاپتۇ. لېكىن قىزنىڭ پەرىشانلىق ئىچىدە توختىماي يالۋۇرۇشلىرى ئىنىمنى ئاخىر بىر قارارغا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ، قىزنى يۇرتىغا بىللە ئەكې- تىشكە قوشۇلۇپتۇ، يۇرتقا بارغاندىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇ بەك ئويلاپمۇ كەتمەپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئىنىم چامادانىدىكى كىيىملىرى ئارىسىغا سېلىنغان قىرىق مىڭ سوم پۇلنى ئېسىدىن چىقارماي، كېچىچە ناھايىتى ھوشيار يېتىپتۇ، ئەمما قىزدا گۇمانلانغۇدەك بىرەر ئالامەت سېزىلمەپتۇ. تاڭ ئات- قاندا قىز تولىمۇ خۇشال ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، بۇ ھالنى كۆرۈپ ئىنىم قىزغا تولۇق ئىشىنىشكە باشلاپتۇ.

ئۇلار بىللە تاماقلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئىنىم:

— سىز ياتاقتا مېنى ساقلىغاچ تېلېۋىزور كۆرۈپ تۇرۇڭ، مەن سودىلىشىدىغان ئورۇنغا بېرىپ مالنىڭ پۇلىنى تاپشۇرۇۋې- تىپ كېلەي، — دەپ چامادانىدىن پۇلنى ئېلىپ يېنىغا ساپتۇ. قىز ئۇنىڭغا دومسىيىپ:

— ياق، مەنمۇ سىز بىلەن بىللە بارىمەن. ئەگەر سىز مېنى تاشلاپ كېتىپ قالسىڭىز مەن قانداق قىلىمەن؟ — دەپتۇ.

ئىنىم چامادانىنى ياتاقتا قويۇپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتسىمۇ قىز ئۇنىماي تۇرۇۋاپتۇ. ئىنىم قىزغا يەنە بىر قېتىم تولۇق ئىشىنىپتۇ ۋە ئۇنى ئۆزى بىللەن بىللە ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار خىمىيە ئوغۇتى ئالىدىغان ئورۇنغا بارغاندا، بۇ ئورۇننىڭ مەسئۇ- لى يوق بولۇپ چىقىپتۇ، ئۇ كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەن بولۇپ، يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىدىكەن. ئىنىم ئامالسىز قىزنى ئېلىپ ياتاققا قايتىپ كېلىپتۇ. ئۇلار كۈندۈزنى

كوچا ئايلىنىش ۋە ياتاقتا شېرىن مۇھەببەتلىشىش بىلەن ئۆتكۈ-
زۈپتۇ. كەچمۇ كىرىپتۇ، ئۇلار بۇ كېچىنىمۇ ئالدىنقى كېچىسى-
دەك ئۆتكۈزۈپتۇ. ئىنىم ئەمدى بۇ قىزغا پۈتۈنلەي ئىشىنىپتۇ.
ئۈچىنچى ئاخشىمى چارچاپ كەتكەن ئىنىم بالدۇرلا ئۇيقۇغا
كېتىپتۇ...

يېرىم كېچە بولغاندا ئۇ بىر قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپتۇ.
چۈشىدە ئۇ چىرايلىق بىر تۈلكىنى ئوۋلايمەن دەپ پايانسىز يايلاقتا
ئۇياقتىن بۇياققا قوغلاپ يۈرگۈدەك، تۈلكە ئۇنىڭغا پەقەتلا تۇتۇق
بەرمىگۈدەك. ئۇ تۈلكىنى قوغلاپتۇ، قوغلاپتۇ، ئەمما ئۇنىڭغا
يېتىشەلمەپتۇ. بىر چاغدا بىر دەرياغا يولۇقۇپتۇ، تۈلكە بەدەر
كەينىگە قاچقانىكەن، ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ تۈلكىنى تۇتۇۋاپتۇ.
تۈلكە شۇئان زىل ئاۋازدا ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە ھېلىقى قىزغا
ئۆزگىرىپ قاپتۇ. ئۇ، قىزغا شۇنداق بىر قاراپلا ئۇنى مەھكەم
قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئاسماننى قاتتىق
گۈلدۈرماما ئاۋازى قاپلاپ، بىردىنلا قارا بۇلۇتلار ئارىسىدا دادا-
مىنىڭ سىيماسى پەيدا بوپتۇ. دادام ئىنىمغا قاراپ بوم ئاۋازدا
ۋارقىراپتۇ:

— ئەي ئوغلۇم، غەپلەت ئۇيقۇڭدىن ئويغان! سەن شەيتان-
نىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كەتتىڭ...

ئىنىم قارا تەرگە چۆمۈلگىنىچە چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ-
تۇ، ئورنىدىن يېرىم قوپۇپ ئولتۇرسا، ياتاقنىڭ سۇتتەك يورۇق
چىراغ نۇرىدىن كۆزلىرى قامىشىپتۇ، كارىۋاتقا قارىغۇدەك بولسا
ھېلىقى قىز كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ شۇئان چامادانىغا نەزەر تاشلاپتۇ،
چامادانىنىڭ ئاغزى ئوچۇق، كىيىم - كېچەكلىرى پولدا چېچىلىپ
ياتقان. ئىنىم كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ چامادانىنى، كىيىم-
كېچەكلىرىنى قويماي ئاختۇرۇپتۇ، قىرىق مىڭ سوم پۇل ھېچ
يەردە كۆرۈنمەپتۇ. ئىنىم ئۆزىنى كاچاتلىغىنىچە كىيىملىرىنى
كىيىپ پەسكە چۈشۈپتۇ - دە، مېھمانخانىنىڭ قوغدىغۇچىسىدىن

بىر قىزنىڭ چىقىپ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكىنى سوراپتۇ. قوغدى-
غۇچى خادىم بىر سائەت ئىلگىرى سېرىق چاچلىق بىر قىزنىڭ
ئالدىراش چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئىنىم تاڭ ئاتقۇچە
ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا قاتراپ يۈرۈپ ھېلىقى قىزنى ئىزدەپتۇ،
تاپالماپتۇ. تاڭ ئاتقاندا يېقىن ئەتراپتىكى بىر ساقچىخانىغا بېرىپ
ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپتۇ. ساقچىلار بىر ھەپتىگىچە ئىنىم بىلەن
بىرلىكتە ئۇ قىزنى ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالماپتۇ. ئۆزىدىن كى-
چىك بىر قىز تەرىپىدىن ئالدانغان ھاماقەت ئىنىم پۇشايماننى
ئالىدىغانغا قاچا تاپالماي سالپايغىنىچە يۇرتقا قايتىپ كېلىپ،
يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشلارنى مەلۇم قىلىپتۇ. يېزىلىق
ھۆكۈمەت دادامنىڭ ئۈچ مو يېغىنى، ئۆي ـ زېمىنىنى پۇلغا
ھېسابلاپ مۇسادىرە قىلىپتۇ. شۇنداقتىمۇ قىرىق مىڭ سوم تول-
مىغاچقا، ئىنىمنى قانۇن ئورۇنلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ،
يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاشخانىسىدا ئون يىلغىچە رېجىم ئاستىدا
ھەقسىز ئىشلەيدىغانغا بۇيرۇپتۇ. ئۆزىنىڭ تەۋەررۈك زېمىنىدىن
ئايرىلغان، بىر قىزنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى بىلەلمەي يۈرگەن،
يەنە بىر قىزنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىدىن يۈرەك ـ باغرى چۇچۇلا
بولغان بىچارە دادام ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا تۇيۇقسىز بۇ ئالەمدىن
كەتتى.

دېمەك، بىر سىڭلىم ئالدامچىلىق بىلەن قولغا ئېلىنغان
بولسا، بىر ئىنىم ئالدىنىپ رېجىمغا چۈشتى. يەنە بىر سىڭلىم
ئېرى بىلەن تىرىكچىلىك ھەلەكچىلىكىدە نامەلۇم يۇرتلاردا سەر-
سان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك دادامدىنمۇ
ۋاقىتسىز ئايرىلدۇق. بىز بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ پاجىئە-
لىك شەجەرىسى مانا مۇشۇ، — ئەركىن سۆزىنى ئاخىرلاشتۇ-
رۇپ، ئىككى قولى بىلەن ئېڭىكىنى يۆلىگىنىچە كۆزلىرىنى
يۇمدى. ئۇنىڭ كۆزچىيەكلىرىدىن ئىككى تامچە ياش مەڭزىگە
سىرغىپ چۈشكەنىدى. بىز خۇددى دېيىشىۋالغاندەكلا ئۇنىڭ تەڭ-

دىن تولىسى ۋاقىتسىز ئاقىرىپ كەتكەن چېچىغا تىكىلدۇق. ماڭا ئۇنىڭ چېچى يەنىمۇ ئاقىرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ھالىتىدىن ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى، ئۇنىڭغا روھىنى كۆتۈرىدىغان ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشىم كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇنى ئۆزۈمگە قارىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدىم:

— ئەركىن، قەددىڭنى رۇسلا، ئۆكۈنمە، دوستۇم. بىلىمەن، سەن چىداشلىق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ چىدايسەن، ھەممىگە چىدايسەن. ئىچىڭدىكى ھەسرەت تېشىڭغا تېپىپ چىقىپ چېچىڭنى مەزگىلسىز ئاقارتقان بولسىمۇ، سېنىڭ روھىڭنى بويسۇندۇرالىغىنى يوق. سەن - بىز چوقۇنىدىغان نېتىزى بوۋاي: «ئېتىدقادقا ۋە تەۋرەنمەس ئىرادىگە ئىگە يىراقنى كۆرەلەيدىغان روھلا ئېغىر يۈكلەرنى ئۈستىگە ئالالايدۇ، چۈنكى ئېغىر يۈكلەر مەزمۇت روھقا موھتاج» دەپ يازغان. سەن بىلەن بىز ئېغىر يۈكلەرنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ كېتىۋاتقان مەزمۇت روھقا ئىگە كارۋانلارمىز. بەلكىم بىزگە بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتلىق سەپىرىمىزدە ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر يۈكلەر ئارتىلىشى مۇمكىن. يارالغانىكەنمىز، يارالمىشىمىزغا چىدىشىمىز كېرەك، ھاياتلىقتا ئاخىرغىچە چىدىغان ئادەملا ھەقىقىي يەڭگۈچىدۇر. شۇڭا، ئۆتكەنگە سالاۋات، ئالدىمىزغا ئۈمىد بىلەن قارايلى، ساۋاقلار بىزنى ئالغا يېتەكلىگۈسى.

مەن سۆزۈمنى تۈگىتىپ ھەممەيلەننى بىر رومكىدىن ھاراققا تەكلىپ قىلدىم، رومكىلارنىڭ جىرىڭشىغان ئاۋازىدىن ئەكس سادا پەيدا بولدى. رومكىلار بوشىتىلغاندىن كېيىن قارىسام، ھېچكىم مەست بولغاندەك ئەمەس، كۆزلەرمۇ خۇنۇكلەشكەندەك ئەمەس، بەلكى ئوت چاقناپ تۇرىدۇ!

— ماڭا نۆۋەت كەلگەندۇر؟ — دەپ سۇكۇتلىرىمىزگە خاتىمە بەردى ساۋاقدىشىمىز ئارمان دائىم خىيالچان كۆرۈنىدىغان كۆزلىرىنى بىزگە تەكشى تىكىپ، — رۇخسەت قىلساڭلار مەن بىر سۆزلەپ باقسام.

بىز ئۇنىڭ ناتىقلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئاغزىغا تەلمۇردۇق.

— ھەممىمىز بىرخىل كەسىپتە ئوقۇغان بولساقمۇ، تەقدىر زۇۋۇلىمىزنى ئوخشاش ئۇزمىگەچكە ھەرقايسىمىز ھەرخىل كەسىپلەردە ئىشلەپ قاپتىمىز. مانا مەن يۇرتۇمدا چىقىدىغان بىر ئەدەبىي ژۇرنالدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن. مەيلى قايسى تەرەپتىن سۆزلىسەممۇ زېرىكمەستىن ئاڭلاپ بېرىشىڭلارنى ئۇمىد قىلىمەن، — دېدى ئارمان كىشىگە ئۇمىد بېغىشلايدىغان يېقىملىق ھەم جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن بىزنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ.

# ئارماننىڭ ئارمانلىرى

## 1

مېنىڭ ئىسمىم ئارمان، شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ئارمانلىرىممۇ بەك كۆپ، ئارمان قىلىمەنمۇ، ئارمانىمغا يېتەلمەيمەن، ئەڭ ئاددىيسى بىز ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقاندا، ھەممىڭلاردىن بۇرۇن مەن بالدۇراق توي قىلىش ئارزۇيۇمنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ يۈرگەن. ئەمەلىيەتتە بولسا تا ھازىرغىچە بويتاقمەن. سەۋەبى، مېنىڭ دىتىمغا ياققۇدەك بىرەر قىز تاپالماي تېخىچە ئارماندا مەن. تونۇشقان قىزلىرىمنىڭ بىرى تۈزۈكرەك ئوقۇمىغان، ئەمما ئۆزى ساددا، لېكىن قولىدىن تاماق ئېتىشتىن باشقىسى كەلمەيدۇ. بىرى ئوقۇغان، بىلىملىك، ئەمما كىبىرسى بەك ئۈستۈن، مېنى باشقۇرغۇسى بار؛ بىرىنىڭ ھەرھالدا ئىش ئورنى بار، ئاتا ـ ئانىسىمۇ يامان ئەمەس ئادەملەر، ئەممازە ئۆزى پۇلغا بەك ئامراق، تېخى مەندىن «قانچىلىك پۇلىڭىز بار؟» دەپ سورايدۇ؛ يەنە بىرى، ئۆزى گۈزەل، لېكىن بەك شاللاق، گەپدانلىقىقا كەلگەندە خۇددى ئوقى تۈگىمەس پىلىموتقىلا ئوخشايدۇ، ئۆزىنىڭ دېگىنىنىلا راست دەپ تۇرۇۋالىدۇ، بەكلا ئۆزۈمچىل؛ بىرى بولسا چوڭ ئەمەلدارنىڭ قىزى، بىر مەزگىل ئارىلاشقان بولساقمۇ ئاخىر مېنى ياراتماي تاشلىۋەتتى؛ يەنە بىر قىز بىلەن تونۇشسام، ئۇ ئۆزى چىقىشقاق، ھېسسىياتچان قىز بولسىمۇ، ئەمما كوچىغا چىقسىپ قالغان «قىز» ئىكەن… مانا شۇنداق قىلىپ كۆڭلۈمدىكىدەك بىرەر قىز تاپالمىدىم. شۇڭا مەن «ئۆيلىنىش»

دېگەن بۇ ئۇقۇمنى تۇرمۇشۇمدىكى ئىككىنچى قاتاردا تۇرىدىغان
ئىشلار تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ قويدۇم. ئۆزۈمچە «ئۆيلەنمەيمۇ
كۇنۇم ئۆتىدىغۇ، ئۆيلەنسەم بىر ئائىلە بېشىمغا كىيىلىدىكەن،
ئاندىن تۇرمۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ياشاش ئۇچۇنلا تىرىشىپ ـ
تىرمىشىپ ئىشلىشىم كېرەك ئىكەن، ئۆزۈم ئارمان قىلغان
ھېچقانداق ئىشمنى باشقا ئاچىقالمىغۇدەكمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە
مۇھىم تەتقىقاتلارنى قىلاي، قولۇمدىن ئاز ـ تولا شېئىر يېزىش
كەلگەندىكىن شېئىر يازاي، ھاياتىمدا مەنىلىك بىر ئىش قىد ـ
لاي» دەپ ئويلىدىم. مانا ھازىر شېئىر يېزىۋاتىمەن، ئىلمىي
تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن. نۇرغۇن شېئىرلىرىم ئېلان
قىلىندى، ئۆزۈممۇ «شائىر» دەپ ئاتىلىدىغان بولدۇم. توغرا،
توي قىلىپ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپمۇ يەنە شائىر بولغىلى ۋە
باشقا قىممىتى بار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ. ئەمما
مېنىڭ تۇتقان يولۇممۇ بىر ھېسابتا ئانچە خاتا ئەمەستەك قىلىدۇ.

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، مەن گەرچە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ـ
نىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق ئورنىدىكى كەسپىي خىزمەتكە ئورۇنلاش ـ
قان بولساممۇ، خىزمەت جەريانىدا ئۇزاق ئۆتمەيلا ئېكولوگىيە
ئىلمىگە قىزىقىپ قالغانىدىم، بولۇپمۇ يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ
ئېكولوگىيىسى مېنى تېخىمۇ بەك قىزىقتۇردى. شۇڭا مەن ئاۋ ـ
ۋال ئېكولوگىيە بىلەن ھەپىلەشتىم. ستاتىستىكا قىلىش، ماتې ـ
رىيال توپلاش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ جۇڭگودىكى چۆللىشىپ
كەتكەن ئەڭ چوڭ رايون ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتىم. بىزنىڭ
شىنجاڭدا چۆللىشىپ كەتكەن يەر يەتتە يۈز توقسان مىڭ كۋادرات
كىلومېتىرغا يېتىپتۇ. سۇ يالاپ چۆللىشىپ كەتكەن يەر بىر يۈز
ئون مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپتۇ. شورلىشىپ كەتكەن
يەر بىر يۈز ئون مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپتۇ. بۇلارنىڭ
يىغىندىسى بىر مىليون ئون مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ،
پۈتۈن جۇڭگونىڭ چۆللىشىپ كەتكەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى ـ

نىڭ ئوتتۇز پىرسەنتىنى، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 60.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ بىر مىليون ئالتە يۈز ئاتمىش مىڭ كۋادرات كىلومېتىر ئومۇمىي يەر كۆلىمى ئىچىدە بوستانلىق يىگىرمە ئالتە مىڭ بەش يۈز كۋادرات كىلومېتىر ئىكەندۇق. 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يەتمىش مىڭ يەتتە يۈز كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ، قىرىق تۆت مىڭ ئىككى يۈز كۋادرات مېتىر ئاشقان. ئەپسۇسكى، مۇشۇ مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ تاغ ئورمىنىنىڭ بەشتىن بىر قىسمى قولدىن كەتكەن، سەكسەن پىرسەنت ئوتلاقنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىپ كەتكەن، چۆللۈك ئېقىنلىرى بويىدىكى ئورمانلار (توغراقلار) ئاتمىش پىرسەنت ئازىيىپ كەتكەن. چۆللۈك چاتقاللىرى (سۆكسۆك، يۇلغۇن قاتارلىقلار) يەتمىش پىرسەنت ئازىيىپ كەتكەن. زور كۆلەمدىكى تەبىئىي يېپىنچىلار قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن. بىرمۇنچە دەريا ـ ئېقىنلار قىسقىراپ، ئۈزۈلۈپ قالغان. بەش مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق كۆلەمدىكى تەبىئىي كۆللەر قۇرۇپ كەتكەن. سۇمۇ شورلىشىپ كەتكەن، قۇم ـ بوران ھەسسىلەپ كۈچەيگەن.

ئىگىلىشىمچە، شىنجاڭدىكى سەكسەن ناھىيە، بىر يۈز يەتمىش تۆت دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى، توقسان دىن كۆپرەك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن ـ مەيدانىدا قۇملىشىپ كەتكەن يەر خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا يېقىن يەر ۋە ئون ئىككى مىليوندىن كۆپرەك ئادەم قۇملىشىپ كېتىشنىڭ زىيىنى ۋە تەھدىتىگە ئۇچرىماقتا. تولۇق بولمىغان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شىنجاڭدا يەرلەرنىڭ قۇملىشىپ كېتىشى يىلىغا تۆت يۈز نەچچە كۋادرات كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن كېڭەيمەكتىكەن. بۇنىڭ تەسىرىدە ھەريىلى تەخمىنەن ئون مىليون مو ئېتىز قۇم ـ بوراننىڭ

زىيىنىغا ئۇچرايدىكەن. بىر يۈز يىگىرمە مىليون مو يايلاق ئېغىر ھالدا قۇملىشىپ كېتىدىكەن. ھەر يىلى قۇم - بوران ئاپىتى سەۋەبىدىن ئۈچ مىليارد يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈلىدىكەن.

يۇقىرىقىلارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى تەبىئىي چاتقاللىق ۋە ئورمانلىقلارنى بۇزۇپ قارىغۇلارچە كۆپلەپ بوز يەر ئېچىش، تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىغا ئېتىبارسىز قاراش، سۇ بايلىقىدىن مۇۋاپىق پايدىلانماسلىق قاتارلىق ئىشلار ئىكەن.

مەن ئەنە شۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ ماقالە يېزىپ گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بىزنىڭ ژۇرنال رېداكسىيىمىزنىڭ ياچېيكا شۇجىسى تەرىپىدىن قاتتىق تەنقىدكە ئۇچرىدىم. ئۇ:

— ئارمان، سىز تەبىئەتشۇناس ياكى ئېكولوگىيە مۇتەخەسسىسى ئەمەس، سىز دېگەن بىر ئەدەبىياتچى. پۈتۈن زېھنىڭىزنى ئۆز كەسپىڭىزگە قارىتىڭ، ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلاشماڭ، ھازىر ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قىسقارتىش، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش يولغا قويۇلۇۋاتقىنىنى بىلىسىزغۇ دەيمەن، — دېدى ماڭا سۇرلۇك تەلەپپۇزدا.

ئەمما مەنمۇ بوش كەلمىدىم:

— ئىنسانىيەتنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە تاقىلىدىغان ئېكولوگىيىلىك مەسىلە ئۈستىدە سۆزلەش ئەدەبىياتچىنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەسمۇ؟ ئېكولوگىيە — ھازىر دۇنيا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىغۇ! مەركەزمۇ غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئالدى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى بىرىنچى بولۇپ ياخشىلاش، بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرلەرنى قايتىدىن ئورمانلىققا ئايلاندۇرۇپ، قۇم - بوران ئاپىتىنى تىزگىنلەش، سۇ مەنبەسىنى ساقلاپ قېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدىغۇ؟ ئەجەبا مېنىڭ يازغانلىرىم خاتامىكەن؟ — دېدىم.

— ئۇ دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى. سىز بولسىڭىز ژۇرنال خادىمى، شۇڭا ئالدى بىلەن ژۇرنالنى ياخشى چىقىرىشقا كۈچ سەرپ قىلىشىڭىز كېرەك.

— مەن ژۇرنالغا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمىدىمغۇ؟ يېزىقچىلىق، ئىلمىي تەتقىقاتلىرىمنى ئۆيدە قىلىۋاتىمەن.

— سىز تولا گەپ يورغىلاتماڭ، ئارمان. يېقىندىن بۇيان خىزمەتتە سۇسلىشىپ كەتتىڭىز، بۇ پوزىتسىيە مەسىلىسى. خىزمەت ئېغىر كەلگەن بولسا ئوچۇقىنى ئېيتىڭ، سىزنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇشقا تەييارمىز. ھازىر سىياسەت كەڭرى، يەنە قايتىدىن خالىغان ئورۇنغا ئىشقا ئورۇنلىشىۋالسىڭىز بولىدۇ.

— سىز ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش سىياسىتىنى دەستەك قىلىۋېلىپ ماڭا تولا تېرە تاراقشىتماڭ. قانداق ئادەملەرنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلىدىغانلىقىنى مەن ئوبدان بىلىمەن.

— ئىشخانامدىن چىقىپ كېتىڭ! دەرھال تەكشۈرۈشنامە يېزىڭ!

بىزنىڭ سۆھبىتىمىز ئەنە شۇنداق كۆڭۈلسىز ئاخىرلاشتى. مەن ئىشخانىغا چىقىپ كەسىپداشلىرىمغا بۇ ئىشنى قايناپ سۆزلەپ كەتتىم. مەن بىلەن خېلى يېقىن ئۆتىدىغان بىر كەسىپدىشىم مېنى سىرتقا چاقىرىپ، ياچېيكا شۇجىيىمىزنىڭ بىر ئوغلىنىڭ يېقىندا ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى، ھازىر ئۇنىڭغا ئىش ئورنى تاپالمايۋاتقانلىقىنى، بىزنىڭ بۇ ئورۇنغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇراي دېسە شتاتنىڭ تولۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇپ كىرىپ كەتتى. مەن «ئىش ئورنىڭىزدىن بوشىتىلىسىز» دېگەن سۆزنىڭ ۋە ماقالە يازغىنىمدىن بىكاردىن ـ بىكار قۇسۇر ئىزدەۋاتقانلىقىنىڭ تەكتىگە ئەمدى يەتكەندەك بولدۇم. بۇنىڭسىزمۇ بۇ ئادەم مېنىڭ بۇرۇن ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىمغا ئۆزىچە باھا بېرىپ: «ئىددىيىسى ساغلام ئەمەس ئىكەن، ژۇرناللارنىڭ مۇشۇنداق شېئىر-

لارنى ئېلان قىلىۋاتقىنىغا ھەيرانمەن» دېگەنىدى. ھەتتا ئۇ مېنىڭ نوپۇزلۇق بىر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «تۇمانلىق شەھەر» ناملىق شېئىرىمدىكى:

*«شەھەر ئاسمىنىدا كۆرۈنمەس قۇياش،*
*ھاۋانى، يەرنىمۇ قاپلىغان تۇمان.*
*ئېچىشقان كۆزلەردىن تۆكۈلىدۇ ياش،*
*شەھەرگە ئاچچىق گاز، تۈتەك ھۆكۈمران.*
*بۇ شەھەر كۆرىدۇ قەدىم بىر چۈشنى،*
*ماشىنا، سانائەت ـ زاۋۇت بولمىغان...»*

دېگەن مىسرالارنىڭ ئاستىغا سىزىۋېلىپ، ئۇنى ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— شائىر ئۇكام، شېئىرىڭىزدىكى بۇ مىسرالار سەل چاتاق تۇرامدۇ، قانداق؟ بىزنىڭ شەھەر مەملىكەت بويىچە تازىلىقتا پاكىز شەھەر دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن تۇرسا، سىز شەھەر ھاۋاسىنى گاز، تۈتەك قاپلىغان دەپسىز، يەنە تېخى شەھەر ئاسمىنىدا قۇياش كۆرۈنمەيدۇ، دەپ يېزىپسىز، بۇنىڭدا سىز زادى قايسى قۇياشنى كۆزدە تۇتتىڭىز؟ — ئۇ شۇنداق دەپ كۆزۈمە-نىڭ ئىچىگە مەنىلىك بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — مىسرالىرىڭىزدا يەنە ماشىنا، سانائەت ـ زاۋۇت-لارنى تىلغا ئېلىپ قېيىدىغاندەك قىلىسىز، بۇ دېگەن نەچچە ئون يىللىق تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى تۇرسا، سىز تەرەققىيات بىلەن قارشىلاشماقچىمۇ؟...

مەن ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشنىڭ تامغا سۆزلىگەن-دەكلا بىرئىش بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئەلەملىك ھېسسى-ياتىمنى زورىغا بېسىپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۈن ـ تىنسىز چىقىپ كەتتىم. بۇ ئادەم بىزنىڭ ژۇرنالغا بېرىدىغان ئەسەرلىرىمىزنىمۇ

تەھرىرلىكتىن ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن ئۆزى بىر قۇر تەكشۈرۈپ بېكىتىپ بېرەتتى. ئەسەر تاللاشتا مۇھەررىرلەرنىڭلا ئەمەس، ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرىنىڭمۇ بىۋاستە تاللاش ھوقۇقى يوق ئىدى.

ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ سىياسىي بۆلۈمىدىن بىرنەچچە ساقچى كېلىپ مېنى ئايرىم بىر ئىشخانىغا چاقىرتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشانغانراق، چاچلىرى ئاقارغان بىر ئادەم ماڭا ئىللىق چىراي ئېچىپ سۆز باشلىدى:

— ئىسمىڭىز ئارمان، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— بۇ شېئىرنى سىز يازغانمۇ؟

ئۇ ماڭا بىر ژۇرنالنى ئېچىپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىكى مېنىڭ «تۇمانلىق شەھەر» دېگەن شېئىرىم ئىدى. مەن تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردىم:

— ھەئە، مەن يازغان.

— بىزگە تېخى تۇنۇگۈنلا مۇشۇ ژۇرنال بىلەن بىر پارچە نامسىز خەت بېرىپ قالدى. قارىساق سىزنىڭ شېئىرىڭىز ئۈستىدە بەزى تەھلىللەر يۈرگۈزۈلۈپتۇ. شۇڭا خەتتە ئەسكەرتىپ قويۇلغان ئادرېسىڭىز بويىچە سىز بىلەن بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە ئورتاقلىشىپ باقايلى دەپ سىزنى ئىزدەپ كەلگەن.

ئۇ شۇ سۆزدىن كېيىن، «خەت»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مەسىلىلەر» ۋە «ئۇندەشلىك سوئال»لارنى بىر قۇر ئوقۇپ ئۆتتى. ئەمما «خەت»نىڭ پوچېركا يېزىلغان يۈزىنى ماڭا كۆرسەتمىدى. مەن ئۇلارنى ئاڭلاپلا بۇ «خەت»نى كىمنىڭ يازغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ بولدۇم. شۇڭا مەن ئانچە تەمتىرىمەستىن جاۋاب بېرىشكە باشلىدىم:

— يېقىندا ب د ت نىڭ مۇھىت باشقارمىسى ئېلان قىلغان

ماتېرىيالدا كۆرسىتىلىشىچە، بىز ياشاۋاتقان يەر شارىنىڭ مۇھە-
تى يامانلىشىۋېتىپتۇ، يەر شارىدىكى ئون چوڭ مۇھىت ئاپتى
ئىنسانلارنىڭ ياشىشىغا تەھدىت سېلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى-
سى، تۇپراقنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى بولۇپ، نۆۋەتتە يەرشا-
رى بويىچە بىر يۈز ئون نەچچە دۆلەتنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ
مۇنبەتلىك دەرىجىسى يىلمۇ يىل تۆۋەنلىمەكتىكەن؛ ئىككىنچى-
سى، كىلىمات ئۆزگىرىشى نورمالسىزلاشماقتىكەن. يەر شارى
بويىچە ھاۋانىڭ زىيادە ئىسسىپ كېتىشى ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچى-
قىرىش، تۇرمۇشىغا نۇرغۇن يامان تەسىرلەرنى كۆرسىتىۋېتىپ-
تۇ؛ ئۈچىنچىسى، جانلىقلارنىڭ تۈرى ئازىيىۋېتىپتۇ. مۆلچەرلى-
شىچە، XXI ئەسىردە بىر مىليون خىل جانلىق يەر شارىدىن غايىب
بولىدىكەن؛ تۆتىنچىسى، ئورمانلىقنىڭ كۆلىمى كۇنسايىن ئازى-
يىۋېتىپتۇ؛ بەشىنچىسى، تاتلىق سۇ مەنبەسى ئېغىر تەھدىتكە
ئۇچراۋېتىپتۇ. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى كېسەللىككە
گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ سەكسەن ـ توقسەن پىرسەنتىنىڭ كې-
سەللىككە گىرىپتار بولۇش سەۋەبى ۋە ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئۈچتەن
بىر قىسمىنىڭ ئۆلۈش سەۋەبى سۇنىڭ بۇلغىنىشى بىلەن بىۋاستە
ياكى ۋاستىلىك مۇناسىۋەتلىك ئىكەن؛ ئالتىنچىسى، خىمىيە-
لىك بۇلغىنىش كۈنسايىن ئېغىرلىشىۋېتىپتۇ. نۆۋەتتە نەچچە
مىليون خىل زىيانلىق خىمىيىۋى بىرىكمە ھاۋادا، سۇدا، ئۆسۈم-
لۈكلەردە، تۇپراقتا، ھايۋانلاردا ۋە ئادەم بەدىنىدە ساقلانماقتى-
كەن؛ يەتتىنچىسى، شەھەرلەر قالايمىقانلىشىشقا قاراپ يۈزلەن-
مەكتىكەن؛ سەككىزىنچىسى، دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ ئېكولوگى-
يىلىك كرىزىسى ئاشماقتىكەن. دېڭىز ـ ئوكيانلار ئېغىر دەرى-
جىدە بۇلغانغانلىقتىن، بېلىقلار تېنىدىكى ئېغىر تۆمۈر ۋە ئورگا-
نىك فوسفور بىرىكمىلىرى قاتارلىق زىيانلىق ماددىلار بېلىق
يېگۈچىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈۋېتىپتۇ؛ توق-
قۇزىنچىسى، ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى ئېغىرلاشماقتىكەن؛ ئونىنچى-

سى، قۇتۇپلاردىكى ئوزونوسفېرادا پەيدا بولغان يوچۇق. يەرشارى-
نىڭ جەنۇب، شىمال ئىككى قۇتۇپىدىكى ئوزونوسفېرادىكى يو-
چۇق بارغانسېرى چوڭايماقتا، جەنۇبىي قۇتۇپتىكى ئوزونوسفېرا
ئەللىك پىرسەنتتىن كۆپرەك زىيانغا ئۇچرىغان، شىمالىي قۇتۇپ-
تىكى ئوزونوسفېرا يىگىرمە - ئوتتۇز پىرسەنتىكىچە زىيانغا
ئۇچرىغان.

شۇڭا، ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن،
يەرشارىنى قۇتقۇزۇش، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياشاپ كېلىۋاتقان ماكاند-
مىزنى ئاسراش بۈگۈنكى ئادەملەرنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بىر مد-
نۇتمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان مۇشكۈل ۋەزىپە. مەن ئەنە
شۇ مەسىلىلەر ئىچىدە پەقەت ھاۋانىڭ، بولۇپمۇ شەھەر ھاۋاسى-
نىڭ بۇلغىنىشىنى ئاساسىي مەركەز قىلغان ھالدا ئۇ شېئىرنى
يازغان. مۇھىت مەسىلىسىنى سۆزلەش، ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىغا
كۆڭۈل بۆلۈش پەقەت ئالىملارنىڭلا بۇرچى بولۇپ قالماستىن،
بىز ئەدەبىياتچىلارنىڭمۇ بۇرچى. مەن ئۇ شېئىرىمدا قانداقتۇر
بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە شەھەرنى ئەمەس، پۈتۈن دۇنيادىكى ھاۋا-
سى ئېغىر بۇلغانغان، ئىس - تۈتەك دەستىدىن قۇياشنىمۇ كۆر-
گىلى بولمايدىغان شەھەرلەرنى بىرلا شەھەرگە مۇجەسسەملەپ
يازدىم، ئىنسانلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بەردىم، زىيادە سانائەتلد-
شىش، ئىس - تۈتەك قويۇپ بېرىدىغان مىليونلىغان ئاپتوموبىل-
لارنىڭ ھاۋانى بۇلغىشىغا چەك قويۇش ھەققىدە سىگنال بەردىم.
مېنىڭ ئۇ شېئىرىمغا قانداقتۇر سىياسىي غەرەز ئارىلاشقان بول-
ماستىن، بەلكى پۈتۈن دۇنيا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىت مەسىلد-
سى مەلۇم جەھەتتىنلا يورۇتۇپ بېرىلگەن.

— رەھمەت، ئىنىم، بىزگە ھەم تەپسىلىي، ھەم قانائەتلد-
نەرلىك جاۋاب بەردىڭىز، — دېدى پېشقەدەم ساقچى قولۇمنى
چىڭ قىسىپ، — بىزمۇ ئۇ شېئىرىڭىزدا ھېچقانداق باشقىچە
غەرەز يوقلۇقىغا ئىشەنگەن، بىراق بۇ شىكايەتنامە قولىمىزغا

كەلگەندىن كېيىن، قانداقلا بولمىسۇن سىز بىلەن بىر كۆرۈشۈپ قويايلى دەپ كەلگەندۇق. مانا ئەمدى ھەممە ئىش ئايدىڭلاشتى. ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويدۇق، خوش ئەمىسە.

مەن ئۇلارنى ئۇزىتىپ كارىدورغا چىقسام، بىزنىڭ ياچېيكا شۇجىيىمىز كارىدوردا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەنىكەن، ئۇ بىزنى كۆرۈپلا سەل تەمتىرىگەندەك بولدىيۇ، يەنە تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، ساقچىلارغا ئېگىلىپ سالام قىلدى، ساقچىلار ئۇنىڭغا يېنىك باش لىڭشىتىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئىشخانامغا قايتىپ كىردىم. كەينىمدىنلا ياچېيكا شۇجىسىمۇ كىرىپ كەلدى ۋە مەندىن سورىدى:

— ساقچىلار نېمە ئىش بىلەن كېلىپتۇ؟

— بىرى مېنىڭ شېئىرىم ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ ئۇلارغا ئەرز يېزىپتىكەن، شۇ توغرۇلۇق كېلىپتۇ.

ئاغزىمدىن بۇ سۆزلەرنىڭ چىقىشى بىلەنلا ئۇنىڭ چىرايىدىكى قاتار تىزىلىپ چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم. ياچېيكا شۇجىيىمىز بىردە تاتىرىپ، بىردە قىزىرىپ ئوبدانلا چاندۇرۇپ قويدى، شۇنداقتىمۇ چىرايىغا ھەيرانلىق تۈسى بېرىپ:

— بۇ قانداق بولغىنى، ساقچىلارنىڭ شېئىر بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ يا سىز باشقا بىرەر ئىش تېرىپ قويغانمۇ ـ يا؟ — دېدى ماڭا سىناش نەزىرىدە قاراپ.

— بىرەر ئىش تېرىغان بولسام ئۇلار مېنى تۇتۇپ كەتمەي قالامتى.

مەن شۇنداق دەپلا يېزىق ئۈستىلىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

— شۇنداق بولسىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك، ساقچىلارنىڭ بىزنىڭ ئىدارىگە كېلىپ ئادەملىرىمىزنى سوراق قىلىشى تارىختىن بۇيان كۆرۈلمىگەن ئىش. خەق ئاڭلىسىمۇ بۇنىڭ تەسىرى ياخشى بولمايدۇ ـ دە.

مەن ئۇنىڭ ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە، تاماكامنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ جىمجىت ئولتۇرۇۋەردىم. ئىشخانىداشلىرىم يەر تېگىدىن بىردە ماڭا، بىردە ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ ئۆز ئىشلىرىنى قىلىشىۋاتاتتى.

ئەسلىدە، مەن بۇرۇن ئارىلاشقان قىزلارنىڭ ئىچىدە بۇ ياچېيكا شۇجىسىنىڭ قىزىمۇ بار ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ پۇلغا زىيادە ئامراقلىقى مېنىڭ دىتىمغا ياقماي ئۇ قىز بىلەن ئارىلىشىشنى توختىتىپ قويغانىدىم. كېيىن ئاڭلىسام، بۇ ئىشنى ياچېيكا شۇجىسى ئاڭلاپ ماڭا قاتتىق خاپا بولغانىكەن. بارا ـ بارا ئۇ ماڭا ناھايىتى سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇۋالدى. مانا ئەمدى بولسا ماڭا ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق تەھدىت سالىدىغان، گەپتە چېقىۋالىدىغان، ئەسەرلىرىمدىن پۇتاق چىقىرىپ مېنى ئورىغا ئىتتەرمەكچى بولىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق، كىشىلىك ھايات زىددىيەتسىز بولمايدۇ، ئەمما سەن ئۇ زىددىيەتلەرنىڭ ئىچىگە قامىلىپ قالماي قەيسەر بولۇشۇڭ، پىسەنت قىلماسلىقىڭ، نەزەرگە ئالماسلىقىڭ كېرەك. شۇندىلا زىددىيەتلەر ئۆزلۈكىدىن پەسىيىدۇ، يولۇڭ داغداملىشىدۇ. مەن شۇنداق قىلدىم، ياچېيكا شۇجىسىنىڭ ھەرقانداق قىلىشى بىلەن كارىم بولمىدى. چۈنكى بىز تارىختىن بۇيان ئەنە شۇنداق تۇتامغا چىقمايدىغان ھەسەتخورلۇق، مەنمەنچىلىكىمىز تۈپەيلىدىن ھېچقانچە تەرەققىي تاپالمىغان خەقمىز. بىزنىڭ ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىكى ھەسەتخورلۇق زىيالىيلار ئارىسىدىمۇ خېلىلا ئېغىر ئەمەسمۇ؟

ھەممىمىزگە ئايان، بىزدە جەننەتتەك ماكانلار تولۇپ يېتىپتۇ. ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك، بىناكارلىق، ناخشا ـ ئۇسسۇل دېگەنلەردىن باشقا زېمىنىمىزدىن چىقىدىغان رەڭلىك مېتاللار، نېفىت، تەبىئىي گاز، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ خىللىرىچۇ؟! مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىت ۋە بايلىقلاردىن پايدىلىنالىدۇقمۇ؟! بىز ئۆز ماكانلىرىمىزنى ئاسرىدۇقمۇ؟ باشقا ئەللەردەك تەرەققىي

قىلدۇرالىدۇقمۇ؟ ئۇلارغا يېڭى تېخنىكا ئاتا قىلالىدۇقمۇ؟...
كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن نېمە قىلدۇق؟ ياق! بىز تېخى
ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىدۇق، بىز ئۇلارغا قەرزگە بوغۇلدۇق.

بۇنىڭ سەۋەبى بىزدىكى پىسخىك زىددىيەتنىڭ توغرا ھەل
قىلىنماي كېلىۋاتقانلىقىدا. بىزدە ھازىرغىچە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان
ئۇستۇنلۇك تۇيغۇسى بىلەن ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش تۇيغۇسى ئوت-
تۇرىسىدىكى زىددىيەت؛ مۇستەقىللىق بىلەن يۆلىنىۋېلىش ئوت-
تۇرىسىدىكى زىددىيەت؛ ئۆز - ئۆزىنى قامال قىلىش بىلەن
كۈچلۈك ئالاقە - مۇناسىۋەت تورى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت؛
مىللىي قېرىنداشلىق ھېسسىياتى بىلەن تار مىللىي پىسخىك
توسقۇنلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت؛ شەھەر مودىسىنى قوغلى-
شىش پىسخىكىسى بىلەن شەرتلىك چەكلەش ئوتتۇرىسىدىكى زىد-
دىيەت؛ ھېسسىيات بىلەن ئاقىلانىلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت؛
كۈچلۈك بىلىم ئېلىش ئارزۇسى بىلەن پەرقلەندۇرۇش قابىلىيى-
تىنىڭ كەمچىل بولۇشى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت؛ رىقابەتلى-
شىش پىسخىكىسى بىلەن ھەسەتخورلۇق پىسخىكىسى ئوتتۇرىسى-
دىكى زىددىيەت؛ ئۆزىنى غايىۋىلەشتۈرۈش بىلەن ئۆزىنى ئىپادى-
لەش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر بىزنى ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى
ئەڭ مۇرەككەپ ئادەملەر توپىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. يۇقىرىقى-
دەك پىسخىك زىددىيەتلەر، پىسخىك ئىللەتلەر بولۇپمۇ بىزنىڭ
ياشلىرىمىزدا ئەڭ ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىز بۇ جاھاندا
زادى نېمىلەرنى ئويلايدىغان، نېمىلەرنى قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى-
نى پەقەتلا بىلگىلى بولمايدىغان، ئۆزىدە تولىمۇ غەيرىي پىسخىكا
يېتىلدۇرۈۋالغان بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قېلىۋاتىمىز. بۇنىڭغا
ئەگىشىپ پەرزەنتلىرىمىزمۇ غەيرىي پىسخىكىلىق بىر ئەۋلاد بو-
لۇپ ئۆسۈپ يېتىلمەكتە. مەسىلەن، بەزى پەرزەنتلىرىمىز زىيادە
تەنقىد، تەنبىھ شارائىتىدا ياشىغاچقا كىچىككىنە تۇرۇپلا ئەيىب-
لەشنى ئۆگىنىۋاتىدۇ؛ بەزى پەرزەنتلىرىمىز دۈشمەنلىك شارائى-

تىدا ياشىغاچقا قارىغۇلارچە قارشىلىشىشنى ئۆگىنىۋاتىدۇ؛ بەزى پەرزەنتلەر نوقۇل جازالاشنى ئاساس قىلغان شارائىتتا ياشىغاچقا ھۇجۇم قىلىشنىلا ئۆگىنىۋاتىدۇ؛ بەزىلىرى پۈتۈنلەي ھېسداشلىقلا قىلىدىغان شارائىتتا ياشىغاچقا ئىچ ئاغرىتىشتىن باشقىنى بىلمەيۋاتىدۇ؛ بەزى پەرزەنتلەر قويۇق مەسخىرە ھۆكۈم سۈرگەن شارائىتتا ياشىغاچقا قورۇنۇشنى ئۆگىنىۋاتىدۇ؛ بەزىلىرى قىزغانچۇقلۇق شارائىتىدا ياشىغاچقا كۆرەلمەسلىكنى، ئىچى تارلىقنى ئۆگىنىۋاتىدۇ؛ ئۆياتسىزلىق شارائىتىدا ياشىغان باللار جىنايەتخورلۇقنى ئۆگىنىۋاتىدۇ (شۇڭا ھازىر ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنىڭ سانى كۈنسايىن كۆپەيمەكتە). دېمەك، بىزدىكى غەيرىي پسىخىكا، غەيرىي ئىللەتلەر پەرزەنتلىرىمىز تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ۋە بىلىش قابىلىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەم تەرەققىي قىلىشىغا ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە مۇناسىپ تەسىرلەرنى كۆرسەتمەكتە. دېمەك، ئەۋلادلار ئەجدادلىرىنى دورىماقتا.

ئەمدى ھازىرقى زاماندىكى ئاياللىرىمىز ھەققىدە سۆزلىگۈم كېلىۋاتىدۇ.

ئاياللار بىر ئائىلىنى قۇرۇپ چىقىشتىكى دەسلەپكى ئۇل ۋە ئاساس، مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، گۈزەل مەدەنىيەت يارىتىشى ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك.

«مىللەتنىڭ ئىستىقبالى ئانا بولغۇچىلارنىڭ قولىدا.» ئۇلار چەكسىز مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل، ئادەملەرگە ئىللىقلىق ھەم خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان خانىملار، ۋۇجۇدىدىن ياشلىق يېغىپ تۇرىدىغان سىڭىللاردۇر. شۇنداقلا ئۇلار يارامىلىق ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان ھەقىقىي مەكتەپتۇر.

ئەپسۇسكى، ھازىر كىشىلەرنىڭ روھىيىتىدىكى ئۆزگە خاس ئېتىقادى ۋە ئىنسانچىلىق كۆز قارىشى سۇسلىشىپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى شەخسىيەتچىلىك، پۇلپەرەسلىك خاھىشى چېكىدىن

ئاشتى. كۆيۈنۈش، ئىچ ئاغرىتىش، رەھىم ـ شەپقەت، ھېسداش-
لىق، غەمخورلۇق، ئىنساپ، ئادالەت، ھەققانىيەت ـ ۋىجدان،
غۇرۇر، ئىپپەت ـ نومۇس، ھايا، تارتىنىش دېگەنلەرنىڭ ئورنى-
نى رەزىللىك، پەسكەشلىك، نومۇسسىزلىق، نەپسانىيەتچىلىك،
ئابرۇيپەرەسلىك، مەنمەنلىك ۋە شەھۋانىيلىق ئىگىلەشكە باشلى-
دى. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئاياللىرىمىز ئائىلىق ئورنىنى ۋە
قىممىتىنى ئويلىماستىن، بالىلىرى ھەم ئۆي ئىشلىرى بىلەن
كارى بولماي، ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق تۇغىمەس «چاي»لار،
ئولتۇرۇشلار، تانسىخانا قاتارلىق سورۇنلارغا قاتنىشىپ قىممەت-
لىك ۋاقتىنى غەيۋەت ـ شىكايەت، تۇتۇرۇقسىز پاراڭلارغا تېگى-
شىدىغان، دوستلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن باشقا بۇزۇق،
پەسكەش ئاياللارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى قىلغۇسى كېلىپ يامان
يولدىكى ئادەملەرنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ، بىر ئوبدان ئىناق
ئائىلىسى، سەبىي بالىلىرى، كۆيۈمچان ئەرلىرىدىن ئايرىلىپ
ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى خاراب قىلىۋاتىدۇ. ستاتىستىكىدىن قارىغان-
دا، مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەر ئۈچ ئائىلىنىڭ بىرىدە ئائىلە
ماجىراسى بولىدىكەن.

ئايرىم ساندىكى خانىم ـ قىزلىرىمىز باشقىلارنىڭكىنى دو-
راش قىزغىنلىقىغا قارىغۇلارچە بېرىلىپ، قوندۇزدەك قارا، ئات
يايلىدەك ئۇزۇن چاچلىرىنى گەجگىسىدىن كېسىپ قىزىل، سې-
رىققا بوياپ، بىر ئوبدان يارىشىملىق ئەتلەس كۆڭلەكلىرىنى،
چىمەندوپپىلىرىنى تاشلىۋەتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا كۆكسى يېرىم
ئېچىلىپ تۇرىدىغان، قولتۇقىنىڭ تۈكى كۆرۈنۈپ قالىدىغان
كوپتا، ساغرىسىنى ئارانلا ياپىدىغان تامبالغا ئوخشاپ كېتىدىغان
يوپكىلارنى ئالماشتۇرۇپ، ئاشۇ كىيىم، ئاشۇ رەڭلىك چاچلىرى
بىلەن ياۋروپانىڭ بەختسىز، سەرگەردان، پاھىشە ئاياللىرىغا
ئوخشاپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن تېخى رەسىدە بولمىغان مەسۇم
قىزلىرىمىزمۇ ئۇلارنى دوراپ ياسىنىشنى، كىيىنىشنى تەلەپ

قىلىدىغان بولدى. يات جىنسلار ئالدىدىكى ھېيىقىش، ئۆزىنى قاچۇرۇشتەك ئېسىل قىزلىق سۈپەتلىرىنىڭ ئورنىنى بېزىرىپ ئولتۇرۇش، تەپ تارتماسلىق، ھىيلىگەرلىك ۋە قاشاشاڭلىق ئىگىلىدى. بۇنداق قىزلار بالاغەتكە يېتەر - يەتمەيلا مۇھەببەت تورىغا چۈشۈپ قېلىپ ئەس- ھوشىنى يوقاتقان ھالدا بىر - بىرىگە ئېسىلىشىپ ياكى كىنو- تېلېۋىزورلاردىكى پەس كۆرۈنۈشلەرنى دوراپ بەدەنلىرىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرىدىغان، كېچە - كېچىلەپ ھەرخىل ناباب ئولتۇرۇشلاردا ئولتۇرۇپ قالىدىغان، ئۆزىنى ئويلىماستىنلا كوچىلاردا، باغچىلاردا ئوغۇللار بىلەن تەپ تارتماي ئېغىز - بۇرۇن يالىشىدىغان، ھەتتا قارشىلىقسىزلا قىزلىق ئىپپىتىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئۆمۈرلۈك پۇشايمان ۋە دەرد- ئەلەمگە قالىدىغان قىلمىشلار يامراشقا باشلىدى...

يۇقىرىقىلار گەرچە بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە ئومۇمىيلىق ھېسابلانمىسىمۇ، ئەمما ئۇ كۈندىن - كۈنگە ئايىنىماقتا. بۇ بىزدە مىللىي ئەدەپ - ئەخلاق قارىشىنىڭ سۇسلىشىپ كەتكەنلىكى، مىللىي ئەدەپ - ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ تاشلىنىپ قېلىۋاتقانلىقى، خالاس.

بىزدە ئۆزىنى تونۇش، ئۆزىنى قەدىرلەش ئېڭى كۈندىن- كۈنگە يوقىلىپ بارغاچقا، بىز سىرتنىڭ ئۆزىمىزگە، ئۆزىمىزنىڭ خاس مەدەنىيىتىگە يات بولغان ئەجنەبىيچە مەدەنىيەت تەرىپىدىن يۇتۇپ كېتىلمەكتىمىز. بىزدىكى ئۆزىنى قەدىرلىمەسلىك، ئۆزىددىن چەتنەش، ئەسلىنى ئۇنتۇش ئىللەتلىرى بىزنى غۇرۇرىنى يوقاتقان بىر قوۋمگە ئايلاندۇرماقتا.

پارازىت جانلىقلار ئاجىز ھەم كىچىك بولغاچقا كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىكەن. مەسىلەن، چىۋىننىڭ لىچىنكىسى گەرچە كۆزجۇت دانىسى چوڭلۇقىدا بولسىمۇ، ئۆتكۈر چىشى، تىرنىقى بولمىسىمۇ، قارىماققا ئىنتايىن مۇلايىم ھەم ئاجىز كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھەسەل ھەرىسى لىچىنكىسىنىڭ تېنىگە چىڭ چاپلى-

شىۋىلىپ، سۆيۈشۈش ئۈسۈلى ئارقىلىق تاكى ھەسەل ھەرىسى لىچىنكىسى ئۆلگەنگە قەدەر ئۇنىڭ قېنىنى شورايدىكەن. بۇ بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئارىسىدىكى چىرىكلەشكەن پارىخورلارغا، كاززاپ جازانىخورلارغا، پاھىشەلىك يولىغا كىرىپ كەتكەن «سەتەڭلەر» گە، قىمارۋازلارغا نېمىدېگەن ئوخشايدۇ ـ ھە! ھازىرقى ھەشەمخورلۇق، ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغان ئۆمۈرنى ئېكەكلىگۈچى ھاراقتا، نەشىگە، خروئېنغا، تاماكىغا... نېمىدېگەن ئوخشايدۇ ـ ھە!...

خوش، ئەمدى نۆۋەت بەزى ئەمەلپەرەس، ئەمەل تۇتقاندىن كېيىن خەلقنى شىلىدىغان تاجدارلارغا كەلگەندەك قىلىدۇ.

ئاڭلىشىمچە، ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدا بىرخىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇ مەخسۇس كۆممىقوناق، شېكەر قومۇشى ۋە ئاق قوناق قاتارلىق زىرائەتلەرگە تايىنىپ ياشايدىكەن. سىرتتىن قارىغاندا ئۇ يۆگىمەچ ئوتقا ئوخشاپ كېتىدىكەن، غولى ئىنتايىن ئىنچىكە بولىدىكەن. بىراق ئۇ زىرائەتلەرگە يۆگىلىپ ئۆسكەندىن كېيىن، غولى يوغىناپ، زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇقىنى سۈمۈرۈپ ئۇلارنى نابۇت قىلىدىكەن. بۇ خىل ئوتنىڭ ھاياتىي كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدىكەن، ئۇرۇقى كىچىك ھەم يەڭگىل بولۇپ شامال ئارقىلىق ھەر تەرەپكە تارقىلىپ ھەممىلا جايدا ئۆسەلەيدىكەن، بۇ خىل پارازىت ئۆسۈملۈك ئۆز ئىگىسىنى تاپقان ھامان بىخ چىقىرىپ يىلتىز تارتىپ، يىلتىزى ئارقىلىق ئۆز ئىگىسىنىڭ ئوزۇقلۇقىنى سۈمۈرۈپ، تېزلىكتە چېچەكلەيدىكەن، ئۇرۇقى يېتىلگەن ھامان يەنە شامال ئارقىلىق تارقىلىپ باشقا زىرائەتلەرگە زىيان سالىدىكەن...

قېنى ئويلاپ بېقىڭلارچۇ، بۇ خىل ئۆسۈملۈك بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدىكى بەزى ئەمەلدارلارغا ئوخشامدىكەن؟ مېنىڭچە ئوخشايدۇ: بۇ ئىبارىلەردىكى كۆممىقوناق، شېكەر قومۇشى ۋە ئاق قوناقلار، يەنە ئۇ تايىنىپ ياشايدىغان خەلق. سىرتتىن قارى-

غاندا، ئۇنىڭ يۆگىمەچ ئۇتقا ئوخشاپ كېتىشى ئۇنىڭ يۇقىرىغا
ئۆرلەش ئۈچۈن ھەرەج تارتىپ ئاشۇنداق شەكىلگە كېلىپ قالغانـ
لىقى؛ غولىنىڭ دەسلەپتە ئىنتايىن ئىنچىكە بولۇشى ئۇنىڭ ئەـ
مەلدارلىق كويىغا چۈشكەن چاغدىكى ھالىتى، خەلق ئالدىدىكى
«كەمتەرلىكى»؛ ئۇنىڭ زىرائەتلەرگە يۆگىلىپ ئۆسكەندىن كېـ
يىن، غولىنىڭ يوغىناپ، زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇقىنى سۈمۈـ
رۈپ ئۇلارنى نابۇت قىلىشى — ئۇنىڭ خەلققە تايىنىپ ئۆسۈۋالغانـ
دىن كېيىن، يەنە خەلقنى شىلىپ يەپ سەمرىگەنلىكى، بېيىغانـ
لىقى، خەلقنىڭ ئۇنىڭ كاساپىتىدىن نابۇت بولۇپ ھالسىزلانغانـ
لىقى؛ ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇشى ئۇـ
نىڭ ئۆز ئەمەل تەختىگە پۇختا ئاساس تىكلىۋالغانلىقى، ئۇرۇقـ
نىڭ شامال ئارقىلىق ھەممىلا جايدا ئۆسەلەيدىغانلىقى — ئۇنىڭ
ئەمەلدارلىق ۋە مۇناسىۋەتشۇناسلىقتا تولۇق پىششىپ يېتىلگەچكە،
«شامال» دىن ئىبارەت تايانچىلىرى ۋە كۈچلۈك «ئارقا تىرەك»
لىرىنىڭ ياردىمىدە خالىغان جايغا يۆتكىلىپ يەنىلا ئەمەل تۇتالايـ
دىغانلىقى...

مانا بۇلار قىل سىغماس ھەقىقەت. ئەمما ئۇ خىلدىكى ئەمەلـ
دارلارنى بىز «ئاز سانلىق» دېگەن مودا سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە
مەجبۇرمىز. ۋەھالەنكى يەنە شۇنداق ئېيتىشقا ھەقلىقمىزكى،
بۇنداق «ئاز ساندىكى» ئەمەلدارلىرىمىز يەنىلا ئەمەلدار بولۇۋېرىـ
دۇ ياكى ئۆسىدۇ. شۇڭا ھازىر پۇقرالار بۇنداق «ئاز سانلىق»
لاردىن قورقىدۇ، چۈنكى ئاشۇ «ئاز سانلىق» ئەمەلدارلارنىڭ
شۇنچە ئاز تۇرۇپمۇ تۈگىمەيۋاتقانلىقى ئۇلارنى قاتتىق ئازابلايدۇ.
ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى بىر - بىرىگە چېتىلىپ كەتكەن، ئاشكارا
ھالدا پاھىشىۋازلىق قىلىدىغانلار گەرچە ھېلىقى مودا سۆز بويىچە
«ئاز سانلىق» بولسىمۇ، ئۇلار شەھۋانىي مۇلازىمەتنى ئەۋج ئالـ
دۇرۇپ ھەممىلا يەرگە يامرىتىۋەتتى.

مېنىڭ بىر قىسىم ماتېرىياللاردىن ئىگىلىشىمچە، ئىقتىساـ

دىـي جىنـايەت ئۆتكۈزگەن كادىـرلار «ئاز سانلىق» بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەلپازى يامانلىشىپ، نەپسى بارغانسېرى يوغىناپ كەت-كەن، رېكورت يىلمۇ يىل يېڭىلانغان. ئۇلارنىڭ جۆندىگەن پۇل-لىرى مىليون يۈەندىن مىليارد يۈەنگىچە يەتكەن؛ «قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچام» قىلمايدىغان، خەلقنىڭ قان تەرىنى قەدىرلىمەيدىغان ئەمەلدارلار «ئاز سانلىق» بولسىمۇ، مالىيىنىڭ تامىقىنى يەيدىغانلار ئوتتۇز نەچچە مىليونغا يېتىپ، جۇڭگو تارىخىدىكى «ئەڭ»نى ياراتقان.

پاك - دىيانەتلىك بولمىغان ئەمەلدارلار «ئاز سانلىق»، بىراق ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، بىر قى-سىم جايلاردىكى كارخانىلار زاۋۇت باشلىقى، دىرېكتورلارنىڭ خىيانەت قىلىپ چىرىكلىشىشى تۈپەيلىدىن ئېغىر زىيان تارتقان؛ مەملىكەت بويىچە ئاھالىلەرنىڭ بانكىغا قويغان ئامانەت پۇلى بەش تىرىليون تۆت يۈز مىليارد يۈەنگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە «ئاز سانلىق» كىشىلەرنىڭ، يەنى ئون پىرسەنت ئادەمنىڭ بانكىغا قويغان پۇلى ئومۇمىي ئامانەت پۇل سوممىسىنىڭ سەكسەن پىر-سەنتىنى ئىگىلەپ، تۆت تىرىليون ئۈچ يۈز يىگىرمە مىليارد يۈەنگە يەتكەن. ئەگەر بۇنىڭغا چەت ئەللەردىكى ئامانەت قويۇلغان پۇللارنى قوشسا «ئاز سانلىق»لارنىڭ بايلىقى قانچىلىكتۇر؟

كونىلاردا «بېخىل باي بولسا، ئاتىسىنى تونۇماس» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان، كاشكى ئاشۇ «ئاز سانلىق» ئەمەلدارلار يېسىمۇ يېسە، لېكىن خەلقنى ئۇنتۇپ قالمىسا بولمامدۇ! ... ئىچىم ئۆرتىنىپ كەتتى، هارىقىڭدىن قۇيە، ساۋاقداش ساقىي.

مەن رومكىلارنى هاراق بىلەن تولدۇردۇم. هەممەيلەن روم-كىمىزنى قوللىرىمىزغا ئېلىپ ئارمانغا هۆرمەت بىلەن تەڭلى-دۇق. ئۇ رومكىسىنى بىز بىلەن بىرمۇ بىر سوقۇشتۇرۇپ چىق-قاندىن كېيىن:

— بۇرادەرلەر، هەرقايسىڭلارنى زېرىكتۈرۈپ قويمىغاندى-مەن؟ — دېدى.

ھەممىمىز بىر ئېغىزدىن ئۇنىڭ قىممەتلىك سۆزلىرىنى يەنە ئاڭلىغىمىز بارلىقىنى ئېيتتۇق. ئۇ بىزگە قاراپ خۇشال كۈلۈمسىرىدى. ھاراق ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن ئارمان يەنە سۆز باشلىدى.

## 2

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنىڭ باغراش كۆلىگە بېغىشلاپ يېزىلغان بىر شېئىرىم يەنە بىر نوپۇزلۇق ژۇرنالدا ئېلان قىلىندى. ئۇ شېئىرىم مۇنداق يېزىلغانىدى:

*ئەينىكىدەك گۈزەل زېمىنىنىڭ،*
*بىر يېشىللىق ياتار يېيىلىپ.*
*كۆرۈنەر ئۇ چۈشكەندەك ئاسمان،*
*ئۇپۇقتىن كەڭ يەرگە سىيرىلىپ.*

*ئۇ بىپايان باغراش دېڭىزى،*
*تەڭرىتاغقا كېتەر تۇتىشىپ.*
*چاڭقاق دىلغا كەۋسەر تامغاندەك،*
*چېتى دەشتكە تۇرار قۇيۇلۇپ.*

*پايانسىز كۆل ـ ئاسمان ئەينىكى،*
*جىمىرلايدۇ گويا كۈلگەندەك.*
*قومۇشلىرى ئوينايدۇ ئۇسسۇل،*
*يىراقلاردىن مېنى كۆرگەندەك.*

*كەڭ ساھىلى قىزنىڭ باغرىدەك*
*كۆرۈنىدۇ سېھىرلىك يامان.*

توپ ـ توپ ئۇزۇپ يۈرگەن بۇلۇتتەك،
ئېتىكىدە يايلار مال ـ ۋاران.

كۆل سۈيىنى بىلىپ تۇتىيا،
غۇرتۇلدىتىپ ئىچتىم ئوچۇملاپ،
كەتتى بىردىن تىلىم ئېچىشىپ،
قالدىم بىر پەس تېڭىرقاپ قاراپ.

باغراش تامان ماڭار چېغىمدا،
بوۋام ئېيتقان جېكىلەپ مۇنداق:
«باغراش كۆلى ئېسىل كۆل، بالام،
سەيلە قىلغىن ئۇنى ئوبدانراق.

بۇدۇر سېنىڭ تۇنجى بېرىشىڭ،
ئىچكىن چوقۇم تاتلىق سۈيىدىن.
ئالغاچ كەلگىن ماڭا نېلۇپەر
ئىسمىلىك شۇ باغراش گۈلىدىن.»

ماڭا ماختاپ ئاشۇ بوۋامنىڭ
مۇشۇمىدۇر تاتلىق دېگىنى؟
سۇنىڭ شۇنچە قىرتاقلىقىدىن
يېرىلدىغۇ ئادەمنىڭ تىلى!

تۇرغىنىمدا بوۋامدىن رەنجىپ،
بىر قېيىقنى ئېپ كەلدى شامال.
دېدى ئاستا پىچىرلاپ ماڭا:
«ساياھەت قىل كۆلنى سەن ئاۋۋال».

ئۇزۇپ كەتتىم قىيىقنى ھەيدەپ،
تۇرۇم - تۇرۇم دولقۇنغا قارشى.
ئەتراپىمدا بىر توپ ئاق قۇنىڭ
ئۆز تىلىدا ياڭرايتتى مارشى.

باش ئۇستۇمدە ئاسمان گۇمبىزى،
ئاستىمدا كۆل كۆز يەتمەس تىرەن.
يىراقلاردا يېشىل قومۇشلار
گىرەلەشكەن كەڭ ئۇپۇق بىلەن.

يېنىك - يېنىك دولقۇنلايدۇ كۆل،
ئۆرلەپ تۇرغان دىلبەر كۆكسىدەك.
كۆرۈنىدۇ ئۇنىڭ سىيماسى
مۇڭغا چۆمگەن جانان كۆزىدەك.

يېتىپ شۇنداق تەگسىز خىيالغا،
يۇرگىنىمدە قىيىقنى ھەيدەپ.
مېنى ئەگىپ يۇرگەن ئاق قۇلار
قىيىقىمغا قوندى بىر - بىرلەپ.

پەرىزاتنىڭ مۇڭلۇق ئۇنىدەك،
ھالقىپ كەتتى ئاھى دالىدىن.
ھالسىزلانغان جىسمىمنى شۇدەم،
يۇلقۇندى ئاھ ئاچچىق نالىدىن.

مېھرىم بىلەن قويدۇم مەن بەزلەپ
يۇمران، ئاپئاق پەيلىرىن سىلاپ.

«قىي -قۇ، قىي - قۇ» قىلىشىپ ئۇلار،
كەتتى دەردلىك كۈينى باشلاپ.

كۈيدە زاھىر شۇنداق كارتىنا،
قىسسە ئىكەن كۆلنىڭ كەچمىشى.
ئۆتمۈش تامان كەتتى خىيالىم،
باشلاپ ماڭغاچ قىسسىنىڭ بېشى:

ئاق قۇ ئەمەس بىزنىڭ نەسلىمىز،
ئىنسان ئىدۇق — سېنىڭ ئەجدادىڭ،
باغراش كۆلى دېسە جاھاندا
ھەتتا رەشكى تۇتقان خۇدانىڭ.

بۇ كۆل ئىدى ئەسلى بىپايان،
بۇندىن نەچچە ئەسىر مۇقەددەم.
بېلىقلىرى كۆپتى سۇيىدىن،
بۇ ئەمەستۇر مۇبالىغە ھەم.

بىز قۇرغۇچى خەلقتۇر كۆلنىڭ،
بېلىقچىلىق ئاتا كەسپىمىز.
ئەركىن ئىدۇق، شاھ ئىدۇق بۇندا،
يۇرتنى گۈللەش ئىدى ئەھدىمىز.

«زەمزەم كانى، بېلىق ماكانى»
دەيتتى ھەممە بۇ كۆلنى ماختاپ.
بۇندا ياشاپ قېلىشنى ئويلاپ،
كەلگەن كۆپلەر قىتئەلەر ئاتلاپ.

ئۆزگە ئەلدىن كەلگەن مېھمانلار
ئۇزۇلمەيتتى كېچەيۇ كۈندۈز.
دەيتتى بىزنى «قوي كەبى ياۋاش،
يوق بۇلاردا يامانلىق — (مۇڭگۈز).

بىز ئەزەلدىن تىنچلىقنى سۆيگەچ،
بۇ سۆزلەرگە قىلماپتۇق ئېرەن.
شۇ يامانلىق — «مۇڭگۈز يوق»لۇقى
بەختىمىزگە بولدى بىر كىشەن!

كەلدى بىر چاغ جاھانگىر ئەللەر،
باغراش تامان باستۇرۇپ ھايىھات.
مۇڭگۈز يوق، دەپ تۇرساق قول باغلاپ،
نەسلىمىزمۇ قالمايتتى ھايات.

چىقتۇق ئاخىر زورلۇققا قارشى،
قوراللىنىپ كەتمەن - گۈرجەكتە.
باشلاندى جەڭ كۆل ھەم قۇرۇقلۇق،
كوچا - كوي ۋە بۇرجەك - بۇرجەكتە.

ياراغلارنىڭ «جاق - جۇق» ئاۋازى،
ئەل - ئاۋامنىڭ ھۇررا ساداسى،
كۆلنىڭ شىردەك ھۆركىرەشلىرى،
لەرزى بىلەن قۇچتى سامانى…

نەچچە يىللاپ داۋام قىلدى جەڭ،
كۆل بويلىرى ئايلاندى چۆلگە.
چىمەنزارلىق يېشىل ۋادىلار
كۆيۈپ ئوتتا ئورالدى كۈلگە.

كۆلنى قوغداپ نەچچە مىڭ پالۋان
قانلار تۆكۈپ، ئاتەشتە كۆيدى.
شېھىت بولۇپ كەتسىمۇ ئۇلار،
ئىشقى مەڭگۈ تۇپراقنى سۆيدى.

ئۇنۇپ چىقتى يېشىل قومۇش بوپ
ئۇلار كېيىن باغراش بويىدا.
يۇزمىڭلىغان دۈشمەن ئۆلدى ھەم،
مۇشۇ كۆلنىڭ سىرلىق قوينىدا.

بىر قىسمىمىز كەتتۇق ئايلىنىپ،
ئەرك سۆيەر ئاق دىل ئاق قۇغا.
كېچە - كۈندۈز قارايمىز كۆلگە
ھەسرەت بىلەن قىلىشىپ نىدا...

شۇڭا بۈگۈن باغراش سۈيىنىڭ
تەمى قىرتاق، تەمى چۈچۈمەل.
بىلدىڭمىكىن ئارتماقتا تۇزى،
كۈندىن - كۈنگە شۇنداق بىمەھەل.

قانداق پاجىئە، قانداق ئەلەم - ھە،
پايخان بولسا بېلىقلار، كۆللەر!
شۇ چاغ رەقىب يانسا پەيلىدىن،
ئورتاق كۈلەر ئىدى كۆڭۈللەر...

بىز يىغلايمىز، يىغلايدۇ قومۇش،
چۈنكى ئۇلار ئەجداد ئىزناسى.
بىلمىگەنگە بىلدۈرگىن ئۇنى،
بۇ بىر تارىخ — ئاق قۇ ساداسى!

*ئاق قۇلارنىڭ قىسسەسىن ئاڭلاپ،*
*توختاپ قالدىم پالاق ئۇرۇشتىن.*
*شۇركۇندى تەن، شۇركۇندى روھىم،*
*نىمە چىقار قاراپ تۇرۇشتىن؟!*

*ئالدىم شۇئان قولۇمغا قەلەم،*
*يېزىپ چىقتىم «ئاق قۇدىن سادا».*
*ئوقۇ دوستۇم، كۆلنى سەير ئەت،*
*بۇ ساداغا بەر ئاندىن باھا.*

شېئىرىم ئېلان قىلىنغان ژۇرنال بىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمى-مىزگە يېتىپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى، ياچېيكا شۇجىيىمىز ئىشخانامغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئالدىمغا كېلىپ يېنىك يۆتىلىپ قويغاندىن كېيىن دېدى:

— ھە، ئارمان، بۇ قېتىم چىققان شېئىرىڭىز ياخشى يېزى-لىپتۇ، قەلىمىڭىز خېلى پىشىپ قاپتۇ جۇمۇ.

— رەھمەت.

— بىراق، شېئىرىڭىزدا باغراش كۆلىنىڭ سۈيىنى تۇزلى-شىپ كەتتى، دەپ يېزىپسىز. ئەمەلىيەتتە ئۇنى يەنىلا ئادەملەر ئىچىۋاتىدىغۇ. سىز بۇ ئارقىلىق نېمە دېمەكچى؟

— دېمەكچىمەنكى، يېقىندا مۇتەخەسسىسلەر باغراش كۆلى-نىڭ سۈيىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، بۇ كۆل سۈيىنىڭ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە تۇزلىشىپ كەتكەنلىكىنى، تاتلىقلىق دەرىجىسىنىڭ خېلىلا تۆۋەنلىگەنلىكىنى، بۇنىڭدىكى سەۋەب سۇنىڭ ئېغىر بۇلغىنىشىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى، ھەتتا كۆلدىكى سۇ مىقدارىنىڭمۇ بۇرۇنقىدىن ئازلاپ كەتكەنلىكىنى يە-كۈنلەپ چىقتى. بۇ ھەقتە يېزىلغان «ئانا كۆل باغراشنى قۇتقۇ-زۇپ قالايلى» دېگەن تېمىدىكى بىر پارچە ماقالىمۇ گېزىتتە ئېلان

قىلىندى. شۇڭا مەن باغراشقا ھېسداشلىق قىلىش يۈزىسىدىنلا ئۇ شېئىرنى يېزىپ چىققان.

— ئۇنداقتا، شېئىرىڭىزدا ئېيتىلغان ئۇرۇش قاچانقى ئۇرۇش ئۇ؟

— بوۋامنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، نۇرغۇن ئەسىرلەر ئىلگىرى باغراش بويلىرىدا شۇنداق بىر جەڭلەر بولغانمىش. مەن ئۇنى ئۆز تەپەككۇرۇمغا باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلدىم، خالاس. بۇ دېگەن شېئىر - دە.

— ھە، مۇنداق دەڭ. مېنىڭ تەھلىل قىلىشىمچە، سىزنىڭ شېئىرىڭىزدا باغراش كۆلى خۇنۇكلەشتۇرۇۋېتىلگەندەك قىلامدۇ، قانداق؟

— باغراش كۆلىنىڭ سۈيى شېكەردىن تاتلىق، سۇ كۆلگە پاتماي قالدى، دەپ يازسام رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمايدۇ - دە. ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسى رېئال مەسىلىلەرنى سەممىيلىك بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇش. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ كۆل خۇنۇكلەشتۇرۇۋېتىلگەن بولمايدۇ. ھازىرمۇ بۇ كۆل ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىۋاتامدۇ، مەسىلەن، كۆلمى توققۇز يۈز سەكسەن كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ باغراش كۆلى رايونىدا ھېسابسىز قومۇش بايلىقى تولۇپ ياتىدۇ، كۆلدە يىگىرمە نەچچە خىل بېلىق تۈرى ۋە سۇ ھايۋانلىرى ياشاۋاتىدۇ. گەپ — مانا شۇ كۆلنى، كۆلدىكى بايلىق مەنبەلىرىنى قانداق قىلىپ ياخشى قوغداپ قېلىشتا.

— ماقۇل، ھازىرچە سىزنىڭ گېپىڭىز راست بولۇپ تۇرغاي، لېكىن كېيىنچە شېئىرىڭىزغا باشقىچە پىكىرلەر چىقىپ قالسا مەن سىزگە ئىگە بولالمايمەن جۇمۇ. يەنە كېلىپ بۇ ژۇرنالدا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ھەممىمىزنىڭ يۈزىگە سەت بولىدۇ، ئىستىقبالىمىزغا تەسىر يېتىدۇ. سىز «بىرنىڭ پوقى مىڭغا چاچراپتۇ» دېگەن تەمسىلنى بىلىسىزغۇ دەيمەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، شۇجى، پوقۇم چاچراپ قالسا ئۇنى ئۆزۈم تازىلايمەن.

— ۋاقتى كەلگەندە كۆرىمىزغۇ!

شۇجى شۇنداق دېدى - دە، ئىشخانىداشلىرىمغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— توۋا، بۇ ئادەم بۇنچە زىغىرلاپ، ئاۋارە بولۇپ نېمە قىلىدىغاندۇر؟ قىلغۇدەك باشقا ئىش تاپالمىغان بولسا ماتېرىيال كۆرسە بولمامدۇ - ھە، — دېدىم مەن كۈلۈپ.

ئەمما ئىشخـانىداشلىرىم بـېشىنى ئـىچىگە تىقىۋېلىپ ئۈن-دىمىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش مۇھەررىرىمىز ژۇرنالغا بەرمەكچى بولغان قايسىبىر ئەسەر ئۈستىدە ياچېيكا شۇجىيىمىز بىلەن خېلى قاتتىق تالىشىپ قالدى. بۇ ئۇ ئىككىسىگە نىسبەتەن تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس ئىدى.

ياچېيكا شۇجىيىمىز ئاشۇنداق بىرخىل «كېسەل» گە گىرىپ-تار بولۇپ قالدىمۇ بىلمىدىم، ئۇ ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىكى باشقا يولداشلار گېزىت - ژۇرناللاردا ماقالە - ئەسەر ئېلان قىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ يازغان نەرسىلىرىدىن قۇسۇر ئىزدەپ، ئۇنى ھەرخىل تەھلىل قىلىپ نېمىلەرنىدۇر يېزىپ شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە، قانۇن ئورۇنلىرىغا ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى ئورۇنلارغا ئەۋەتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بىزدىنمۇ ھالقىپ باشقا گېزىت - ژۇرناللاردا ئەسەر ئېلان قىلىۋاتقان ئاپتورلارنىڭ ئە-سەرلىرىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ - غارا-يىپ كۆز قاراشلىرىنى يېزىپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەۋەتىش-كە باشلىدى. بەزىدە ئۇنىڭغا شۇ ئورۇنلارنىڭ بىرەرىدىن جاۋاب خەتمۇ كېلىپ قالاتتى. ئۇ بۇ خەتلەرنىڭ بەزىلىرىدىن ئاز - تولا خۇشاللىققا ئېرىشسە، كۆپلىرىدىن خاپا بولۇپ قالاتتى.

شۇ تەرزدە ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە،

ياچېيكا شۇجىيىمىزنىڭ بېشىغا بەخت قۇشى قوندى، ئۇ شەھەر-
لىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن-
دى. بىز ئۇنىڭ ژۇرنىلىمىزدىن يۆتكىلىپ كېتىدىغانلىقىغا ئە-
چىمىزدە خۇشال بولغان بولساقمۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر لېۋىمىز-
نى چىشلەشتۇق. ياچېيكا شۇجىيىمىز چەكسىز خۇشاللىقتا چۆم-
گەن بولۇپ، بىزگە خوشمۇ دېمەستىن، قەددىنى كەرگىنىچە
ئىدارىمىزدىن ئايرىلدى…

ئارىدىن يەنە يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ئارىدا بىز ئىككى
سان ژۇرنال چىقارغانىدۇق. بىر كۈنى ئويلىمىغان يەردىن تەشۋى-
قات بۆلۈمىدىن ئۈچ ئادەم كېلىپ ھەممىمىزنى يىغىن زالىغا
يىغىپ جىددىي يىغىن چاقىردى. ئۇ ئۈچ ئادەمنىڭ بىرى بىزنىڭ
سابىق ياچېيكا شۇجىيىمىز ئىدى. ئۇ بىز چىقارغان ئىككى سان
ژۇرنالنى قولىغا ئېلىۋېلىپ ۋارقىراپ - جارقىراپ سۆزلەپ
كەتتى:

— بۇ ئىككى سان ژۇرنالدا ئېلان قىلغىنىڭلار قانداق ئە-
سەر؟ مۇشۇنىمۇ مەزمۇنى ساغلام ئەسەر دېگىلى بولامدۇ؟ ھەي،
مەن بۇ يەردىن كېتىپلا شۇنچە باشباشتاق بولۇپ كېتىشتىڭما؟
بىلىپ قويۇش، مەن يەنىلا ھەرقايسىڭنىڭ ئۈستىدە، بۇرۇنقىدىن-
مۇ قاتتىقراق نازارەت قىلىش ھوقۇقۇم بار. مۇنۇ بىر پارچە
شېئىرنىڭ مەزمۇنىدا، ھازىر ھەممىلا ئادەمنىڭ رېستورانلىشىپ
كەتكىنىنى، كېچە - كېچىلەپ رېستوراندىن كەلمەيدىغانلىقىنى،
ئاياللارنىڭ تۈگىمەس قاتارچاي ئويناپ رېستوراننى بېشىغا كىيد-
ۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاق، قىزىل ھاراقلارنى ئىچىشكە يۈرۈش
قىلغانلىقىنى… يېزىپتۇ، شېئىرنىڭ ئاخىرى «بىز كىم ئىدۇق،
كىم بولدۇق بۈگۈن؟» دېگەن مىسرا بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلۇپتۇ،
شېئىرنىڭ تېمىسىغىمۇ شۇ مىسرا قويۇلغان. قارىماققا رېستوراد-
لىشىشنى سۆككەندەك قىلغان بۇ شېئىرنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى
توغرا ئەمەس. خەق رېستورانلاشسا نېمە بوپتۇ؟ ھازىر دېگەن

قايسى دەۋر؟ ھازىر ھەممە ئادەمنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى، ۋەزى-
يەت چوڭ ياخشى. شۇنداق بولغاندىكىن ئويناپ - كۈلسە، رېس-
توراندا يايرىسا بولمامدىكەن؟ بۇمۇ بىر خىل مەدەنىيەتقۇ؟ سەن-
لەرچە بولسا ھەممە ئادەم ئۆيىگە بېكىنىۋېلىپ مۇڭلىنىپ ئول-
تۇرسا، بەختىيار زاماننىڭ پەيزىنى سۈرمىسە بولامتىيا؟ ھە،
بولا ئەمەس، مەزكۇر شېئىرنىڭ تېمىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى
تېخىمۇ ياخشى ئەمەس، «بىزكىم ئىدۇق، كىم بولدۇق بۇ-
گۈن؟» دەپ يېزىپ نېمە دېمەكچى؟ سەن بۈگۈن كىم بولۇپ
قالدىغان كىم ئىدىڭ شۇنچە؟ رېستورانلاشقانلارغا، مەي - شا-
راب ئىچىشكە يۈرۈش قىلغان ئاياللارغا دارتىملىغىنىڭمۇ بۇ؟
سەن كىم بولماقچىدىڭ، ئۆتمۈشتە بۈگۈنۈڭگە تاپساڭ ئەتەڭگە
يوق، تېنىڭ يالىڭاچ، قورسىقىڭ ئاچ يۈرگەن، ئاشخانىغا كىرىپ
تاماق يېيىش ئەمەس، بىرقاچا مەنتاڭمۇ ئېلىپ ئىچەلمەيدىغان
خەق ئىدىڭ. ھالا بۈگۈن قورسىقىڭ تويدى، كىيىمىڭ پۈتۈنلەش-
تى، يانچۇقۇڭ تومپايدى، شۇنداق بولغاندىكىن ئوينىماسەن،
ئىچمەمسەن، رېستوراندا كۆڭۈل ئاچمامسەن. مۇشۇنداق ئەۋزەل
شارائىتنىڭ قەدرىنى بىلمەي تېخى ئۇنىڭغا قارشى شېئىر يېزىپ
كەتتىڭ؟ يەنە تېخى ئاياللارنى سۆكۈپ تەنقىدلەپ كېتىشىڭچۇ؟
ھەي، شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ ئاياللار دېگەن يېرىم دۇنيا، ئەرلەر
بىلەن بابباراۋەر ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇلار رېستورانغا بارسا،
ئىچسە، ئوينىسا بولمامدىكەن؟ ياۋروپا، ئامېرىكا ئاياللىرىغا قا-
راپ باقە، ئۇلار قانداق ئوينايدىكەن، قانداق ئىچىدىكەن، قانداق
ياشايدىكەن؟ خوش، بۇ شېئىر ھەققىدە مۇشۇنچىلىك سۆزلەپ
تۇراي. شېئىرنىڭ ئاپتورى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرى يول-
داش ئارمان ئىكەن. ئارمان، سىز ئەتىلا تەكشۈرۈشنامە يېزىپ
ماڭا تاپشۇرىسىز.

سابىق ياچېيكا شۇجىيىمىز پېشانىسىگە بۈژژىدە ئۆرلەپ
چىققان تەرلىرىنى قولىنىڭ ئالقىنى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، يەنە
بىر ژۇرنالنى قولىغا ئالدى.

— مانا بۇ سان ژۇرنالدىكى دۇنيا ھېكايىدە، بىر ۋىلايەتنىڭ ۋالىيسى تەسۋىرلىنىپ، ئۇنىڭ ھوقۇق - ئىمتىيازىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈكلۈكىدىن پايدىلىنىپ، يېقىنلىرىنى ئۆز يېنىغا تارتقانلىقى، ھەرەمگە ھەجگە بارغۇچىلارنى شەخسەن ئۆزى تەستىقلايدىغانلىقى، مۇشۇ ئىمتىيازىغا تايىنىپ ئۇنىڭ ھەجگە بارغۇچىلاردىن نۇرغۇن پۇل، ئالتۇن زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى پارا ئالغانلىقى، ھەجگە بارالمىغانلارنىڭ ۋالىي ئۈستىدىن ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ئەرز يازسا، ئەرزلەرنىڭ ئۇزاق ئۆتمەي يەنە شۇ ۋالىينىڭ قولىغا قايتىپ كەلگەنلىكى، ۋالىينىڭ ئاشۇ ئەرز يازغۇچىلارنى شەرتى توشقان، ھەممە رەسمىيەتلىرى تولۇق بولسىمۇ ھەج قىلىشقا ئەتەي ئەۋەتمىگەنلىكى، ۋەھاكازالار يېزىلىپتۇ. خوش، ئۇ ۋالىي زادى كىم؟ تىخ ئۇچى زادى قايسى ۋالىيغا قارىتىلغان؟ بۇ جاھاندا ئەمەل تۇتقان ئادەم شۇنداق ئەسكىمۇ؟ شۇنى بىلىپ قالايلىكى، بىر يۇرتنىڭ ۋالىيسى دېگەن شۇ يۇرت خەلقىنىڭ ئاتىسى دېگەن گەپ، نەدىمۇ ئاتىسىنى تىللايدىغان بالا بولسۇن! ۋالىيلارنىڭ ئىشى چېچىدىن تولا، ئۇلارمۇ ئىنتايىن جاپالىق ئىشلەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ياخشى تەرىپىنى يېزىپ، ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى گېزىت - ژۇرناللاردا تونۇشتۇرۇشىمىز كېرەك. ئەگەر مۇشۇ ھېكايىنى بىزنىڭ ۋىلايەتنىڭ ۋالىيسى ئوقۇپ قالسا نېمىمۇ دەر؟ ئىشىنىمەنكى، ئۇ چوقۇم بۇ ژۇرنالنى نەشر قىلىنىشتىن توختىتىۋېتىدۇ. شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن ژۇرنال چىقىرىشتا ئۆتكەلنى چىڭ تۇتۇپ، ئىدىيىسى ساغلام، ئانا يۇرت، ئانا ۋەتەن، ئىشچى - دېھقانلار، جاپاكەش رەھبىري كادىرلار، شۇنداقلا تەنتەنىلىك ھېيت - بايراملىرىمىز، مول ھوسۇل شادلىقلىرىمىز، بۈگۈنكى زامانىمىز كۈيلەنگەن ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشىمىز لازىم. ژۇرنالدا يەنە بۇ قېتىمقىدەك چاتاق چىقىدىغان بولسا كاللاڭلار بىلەن جاۋاب قىلىسىلەر. يولداش باش مۇھەررىر، سىزمۇ تەكشۈرۈشنامە يېزىڭ!

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگەندەك قىلاتتى. باش مۇھەررىرىمىز ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز ئالدى:

— مېنىڭمۇ ئازراق سۆزلىشىمگە رۇخسەت قىلسىڭىز. مېنىڭچە، سىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئۇ ئىككى پارچە ئەسەردە ھېچقانداق خاتالىق يوق. ئەسەرلەردە كۆرسىتىلگىنى رېئال جەمئىيىتىمىزدە مەۋجۇت ئىشلار، ھېكايىدىكى «ۋالىي» مۇ قانداقتۇر نوقۇل بىرلا ئادەمگە قارىتىلغان ئەمەس. ئۇ شۇ خىلدىكى بىر تۈركۈم رەھبىري كادىرلارنىڭ تىپىكلەشتۈرۈلگەن پروتوتىپى. بايا سىز، بىزنىڭ ۋىلايىتىمىزنىڭ ۋالىيسى بۇ ھېكايىنى ئوقۇپ قالسا ژۇرنالنى نەشر قىلىنىشتىن توختىتىۋېتىدۇ، دېدىڭىز. مېنىڭچە، بىزنىڭ ۋالىي ياخشى ئادەم، ئۇ ھېكايىدىكى «ۋالىي» غىمۇ ئوخشاشمايدۇ. سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز ئۇنى بىردىنلا پارىخور ۋالىيغا ئوخشىتىپ قويىدى. شۇڭا سىزنىڭ سۆز قىلغاندا ئۇسۇلغا دىققەت قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. توختاپ تۇرۇڭ، مەن سۆزۈمنى داۋالاي، سىز بايا ئېيتقان مەزمۇنلاردىكى ئەسەرلەرنى ئەلۋەتتە ژۇرنالدا دائىم ئېلان قىلىمىز. ئەمما تۇرمۇشنىڭ باشقا تەرەپلىرىگە، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرنىمۇ ئېلان قىلماي بولمايدۇ، بۇ ئەدەبىياتنىڭ، ژۇرنىلىمىزنىڭ ۋەزىپىسى. شۇنداق تۇرۇپ بىز جەمئىيەتتىكى يامان، رەزىل ھادىسىلەرنى قامچىلىيالمىساق، بىرقىسىم چىرىكلەشكەن ئەمەلدارلارغىمۇ تېگەلمىسەك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھالى نېمە بولۇپ كېتەر؟ ژۇرنىلىمىزنى كىممۇ ئوقۇر؟ «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش» دېگەن پرىنسىپقا ئەمەل قىلمىساق، ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرمىسەك تىراژىغا قانداقمۇ كاپالەتلىك قىلارمىز؟… توختاڭ، سۆزۈم تۈگىمىدى. مەن شۇنداق قارايمەنكى، بىزنىڭ ئەخلاق سەۋىيىمىز ۋە مەنىۋى ساپايىمىزنى تۈگەشتى دېيىشكە بولمىسىمۇ، ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالدى. چۈنكى بىزنىڭ غايىمىز ۋە قىممەت قارىشىمىزدا ئېغىر دەرىجىدە ئېغىش يۈز

بەردى. بىز ئەمدىلا مەنىۋى قىياپىتىمىزنى يېڭىلاش ئىرادىسىگە
كېلىۋاتقىنىمىزدا، «پۇل» دېگەن ئۇقۇم قەلبىمىزگە شىددەت
بىلەن بۆسۈپ كىرىپ، ھەممىمىزنى پۇلغا چوقۇنىدىغان قىلىپ
قويدى. بۇنىڭ بىلەن بىز يەنىلا بىلىمسىزلىك، نادانلىق ھالىتىدە
تۇرۇپ قالدۇق، پۇل بولسا ئادەمنىڭ قىممەت ئۆلچىمى بولۇپ
قالدى. مۇشۇنىڭغا ئەگىشىپ، ژۇرناللىرىمىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرى
كۇنسايىن ئازلاشقا باشلىدى. كىتاب ـ ژۇرنال ئوقۇشقا ھېرىس-
مەن كىشىلەرمۇ بىر كۆزىدە پۇلغا قاراپ، بىر كۆزىدە (ۋاقتى
يەتكەندە) كىتاب ـ ژۇرناللارنى ۋە ئەسەرلەرنى تاللاپ ئوقۇيدى-
غان، تاللاپ سېتىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا
بىز ژۇرناللىرىمىزنى كىتابخانلارنىڭ قىزىقىش ئالاھىدىلىكى بو-
يىچە چىقىرىپ، بازار رىقابىتىگە يۈزلەنمىسەك نادانلىق ئۇستىگە
نادانلىق قىلغان بولىمىز. بىزنىڭ سىياسىينى، پۇلنى، روھى-
يەتنى، مەدەنىيەتنى ئاللىقاچان ئوبيېكتىپ ھالدا ئادىللىق بىلەن
ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئورنىغا قويىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ بولغانى-
دى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردە خېلى بۇرۇنلا شۇنداق بولدى، شۇڭا
ئۇلار ھەممە جەھەتتىن بىزگە قارىغاندا ئالغا كەتتى. بىز بولساق
يەنىلا كونا ئىدىيە، كونا ژامكىلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالماي،
ئىدىيىدە تولۇق ئازاد بولالماي، ئۆزىمىزدىن ئۆزىمىز ئۇركۈپ،
قىلغان ئىشلىرىمىزدىن خۇدۇكسىرەپ، قۇسۇر تېپىپ ھەممىلا
ئىشتا كېيىن قېلىۋاتىمىز، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز چۈشەپ قويۇۋا-
تىمىز. شۇڭا ئەدەبىياتىمىزمۇ باشقا مىللەت ئەدەبىياتىدىن كېيىن
قېلىۋاتىدۇ. ياخشى ئەسەر يازىدىغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەر-
لىرى بىزنىڭ ژۇرنىلىمىزدىكىدەك بوغۇپ قويۇلغاچقا، ئۇلار رو-
ھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىۋاتىدۇ، ئۈمىدسىزلىنىۋاتىدۇ، يې-
ڭىلىقچىلىقتىن چېكىنىۋاتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا بىز ئەدە-
بىياتنى ئويۇنچۇققا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىمىز. ئەدەبىيات بولسا
ئەمەلىيەتتە بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى ئىدى. لېكىن

مۇشۇنداق كېتىۋەرسە بۇ مەنىۋى تۈۋرۈك تۈۋرۈك بولالماي قالى-
دۇ ـ دە، مەنىۋىيىتىمىز لوپنۇر كۆلىگە ئوخشاش نامى بار،
مەنبەسى يوق سۇسىز كۆلگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا بىز ئىقتى-
دارلىق يازغۇچىلىرىمىزنى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قەدىرلىشى-
مىز، ھەقىقىي ئەدەبىياتنى بازارغا سېلىپ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ
مەنىۋى ئېتىزىنىڭ قۇرۇپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز
لازىم. بۇ بىزنىڭ تەخىرسىز بۇرچىمىز؛ سۆزۈم تۈگىدى.

باش مۇھەررىرىمىز چوڭقۇر بىر تىنىۋېتىپ جايىغا ئولتۇر-
دى. تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقىمىزنىڭ كۆزلىرى نېمىشقىدۇر ئۇ-
نىڭغا مىختەك قادىلىپ قالغانىدى. ئۇ شۇ يوسۇندا بىرەر مىنۇتچە
جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، بىردىنلا ئورنىدىن تۇر-
دى ـ دە:

— يىغىن تۈگىدى، ئاۋۇ ئىككىڭلار تەكشۈرۈشنامىنى ئەتى-
دىن قالدۇرماي ماڭا يەتكۈزۈپ بېرىڭلار، — دەپلا يىغىن زالى-
دىن چىقىپ كەتتى، بىزمۇ تارقالدۇق.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە، بىزنىڭ باش مۇھەررىرىمىزنى
ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا ئۆستۈ-
رۈپ يۆتكەپ كەتتى. ماڭىمۇ تۇيۇقسىزلا ئۇقتۇرۇش چۈشۈپ،
ژۇرنىلىمىز قارىمىقىدىكى باسما زاۋۇتقا كوررېكتور قىلىپ بەل-
گىلەندىم. ھەممىڭلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغىنىڭلارغا رەھ-
مەت، سۆزۈم تۈگىدى.

بىز بىر پەس سۈكۈتكە چۆمگەندىن كېيىن، ساۋاقدىشىمىز
كۈرەشكە يۈزلەندۇق. ئۇ بىر نەرسە دېمەكچىدەك قىلاتتى.

# كۈرەشنىڭ ئاجايىپ كەچمىشلىرى

## 1

— مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، كادىرلار ئىدارىسىنىڭ تەقسىماتى بويىچە شەھىرىمىزدىكى بىردىنبىر چوڭ كارخانا — «ئاق ئالتۇن پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى» نىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىگە خىزمەتكە چۈشتۈم، — دەپ سۆزىنى باشلىدى كۈرەش.

ئۇ چاغلاردا بۇ زاۋۇت مەخسۇس ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى كارخانا بولۇپ، مائاشى مۇقىم، پايدا - زىيانغا ھۆكۈمەت ئىگە بولاتتى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن زاۋۇت - كارخانىلارنى شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىش، ھۆكۈمەت بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، بىزنىڭ زاۋۇتنى داۋۇت ئىسىملىك بىرمۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ھۆددىگە ئالدى، زاۋۇتنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقى، ئاساسەن شۇ ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتتى. پايدا - زىيانغىمۇ بۇ ئادەمنىڭ ئۆزى مەسئۇل بولۇش توختامنامىسى ئىمزالاندى. نەتىجىدە زاۋۇت بىلەن سېخلار، سېخ مۇدىرلىرى بىلەن ھەربىر ئىشچى - خىزمەتچى ئوتتۇرىسىدا مۇكاپات - جازا ئېنىق بولغان ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاندى. بۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقىدەك «داش قازاننىڭ تامىقىنى يېيىش» كە خاتىمە بېرىلىپ، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ھەق ئېلىش تۈزۈمى بىراقلا يولغا قويۇلۇپ، بۇرۇن ئەركىن - ئازادە ئىشلەپ كەلگەن ئىشچىلار ئەمدى ۋەزىپىنى توشقۇزىمەن دەپ كېچە - كۈندۈزلەپ ئىسمېنا

قوشۇپ ئىشلەيدىغان كەسكىن رىقابەت ۋەزىيىتى شەكىللەندى. زاۋۇت ئورگىنىدىمۇ ئورگان ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، بۆلۈمـلەرنى ئىخچاملاش، ئارتۇق شتاتلارنى قىسقارتىش يولغا قويۇلـدى. بىر قىسىم ياشانغان ئورگان كادىرلىرى تەكلىپ بىلەن ياكى مەجبۇرىي پېنسىيىگە چىقىرىلدى. مەن ئىشلەۋاتقان تەشۋىقات بۆلۈمىدىنمۇ تۆت ئادەم بىراقلا پېنسىيىگە چىقىرىلىپ، ئۈچلا ئادەم قالدۇق.

بىر كۈنى، زاۋۇت باشلىقىمىز داۋۇت مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ قالدى. مەن قىلىۋاتقان ئالدىراش ئىشىمنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم.

ئۇ قىرىق ياشلاردىن ھالقىغان، چېھرىدىن كۈلكە ئىزناسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قاپىقى يامان، قارىمۇتۇق ئادەم ئىدى. ئۇ مېنىڭ كىرگەنلىكىمنى كۆرۈپ كرېسلوغا شەرەت قىلدى، مەن ئولتۇردۇم.

— سىز نېمە ئىش قىلالايسىز؟ — دېدى ئۇ تولۇمدىن توقماق چىققاندەكلا سوراپ.

مەن سەل تېڭىرقاپراق جاۋاب بەردىم:

— قايسى جەھەتتىن دەيسىز؟

مېنىڭ جاۋاب تەرىقىسىدە قويغان سوئالىم ئۇنى تېرىكتۈردى بولغاي، ئۇ يايما قاپاق كەلگەن كۆزلىرى بىلەن ماڭا بىر ئالىيىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئاۋازىنى ئۇنلۈك چىقىرىپ دېدى:

— ھەممە جەھەتتىن!

مەن سەل ئويلىنىۋېلىپ تەمكىنلىك بىلەن جاۋاپ بەردىم:

— ھېساب ئىشلىرىدا كاللام خېلى ئۆتۈپ قويىدۇ، خەنزۇ تىلىدىمۇ تەرجىمە قىلالىغۇدەك سەۋىيەم بار، ئۇنىڭدىن باشقا، يېزىقچىلىق، يەنى كاتىپلىق دېگەندەك ئىشلارغا يارايمەن.

— كىشىلىك مۇناسىۋەت جەھەتتىچۇ؟

— بۇ، خىزمەت جەريانىدا ئاستا ـ ئاستا يېتىلىدۇ ـ دە.

ئۇ مېنىڭ جاۋابىمنى ئاڭلاپ ئۇندىمەستىن قاپاقلىرىنى ساڭ-گىلىتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ئىشلەۋاتقان ئورنىڭىز كارخانا ئورۇن، — دېدى ئۇ بىر كەمدە بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا سوغۇق نەزەردە تىكىلىپ، — هازىر بۇرۇنقى ئىشلار قالمىدى، ھەممە ئادەم قىممەت يارىتىشى كېرەك، جۈملىدىن سىزمۇ قىممەت يارىتىشىڭىز كېرەك. ئەمدى بۇ يەردە قۇرۇق ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ مەن ئالىي مەكتەپنى پۈت-تۈرگەن، دەپ كۆننى بىكار ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ. سىزنى سېخقا چۈشۈرۈپ ئىشچىلار بىلەن بىللە ئىشلىسۇن دېسەك، ھازىرچە سىز ئۇلار قىلغان ئىشنى قىلالمايسىز، سىزدە ئۇلاردا بار ئەمە-لىي تېخنىكا يوق. ئاۋادا مۇناسىۋەتشۇناسلىق ياكى سودا ئىشلىرى-دا، مەسىلەن دەيلى، باشقا ياقلارغا بېرىپ پاختا يىغىپ كېلىش، ئەرزان باھادا تايلانغان پاختىنى، سۈپەتلىك پاختا رەختلەرنى سېتىۋېلىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ ئاز دېگەندە بىر ھەسسە پايدىسىغا سېتىش دېگەندەك ئىشلار قولىڭىزدىن كېلەمدۇ؟

— بۇنداق ئىشلارنى مەن قىلىپ كۆرمىگەن. بىر مەزگىل كۆزۈمنى پىشۇرغاندىن كېيىن قىلىپ كېتەلىشىم مۇمكىن.

— ما گەپنى قاراڭ، بىر مەزگىل كۆزىڭىزنى پىشۇرغىچە ۋاقىت ساقلاپ تۇرامدۇ؟ ھازىر دېگەن ۋاقىت — پۇل دېگەن گەپ. ئاڭغىچە خەق بۇ پۇرسەتنى ئاللىبۇرۇن قولغا كەلتۈرۈپ بولىدۇ - دە. بولدى، سىز بۇگۈندىن باشلاپ زاۋۇت قوغداش بۆلۈمىگە مەسئۇل بولۇڭ. بۇنىڭدىن كېيىن زاۋۇتىمىزنىڭ جەم-ئىيەت تەرتىپىدە ھەرقانداق مەسىلە كۆرۈلسە سىز جاۋاب قىلى-سىز. بۇ ھەقتە زاۋۇتنىڭ يېڭىدىن تۈزۈلگەن بەلگىلىمىلىرى بار، شۇنى ئوبدانراق كۆرۈپ چىقىڭ.

مەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن ئۈن - تىنسىز يېنىپ چىقتىم. كۆڭلۈمدە بۇ خىزمەتكە قەتئىي رازىلىقىم يوق ئىدى. شۇڭا

ئىچىم تىت ـ تىت بولغان ھالدا ئىشخانامغا كىردىم ـ دە، نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدىم.

— باشلىق نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى ئىشخانىدىشىم سالى لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئەجەب نەرسىلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇپ قالدىڭىزا! ؟

مەن ئۇنىڭغا باشلىق بىلەن بولغان سۆھبىتىمىزنى قىسقىلا سۆزلەپ بەردىم.

— ھەي، بۇ بولماپتۇ. سىزدەك بىر ئالىي مەكتەپنى پۈت-تۈرگەن ئادەممۇ زاۋۇتنىڭ قوغداش بۆلۈمىدە ئىشلەمدۇ؟ يا بول-مىسا زاۋۇت باشلىقىغا ئوبدانراق سۆزلەپ باقامدۇق ـ يا؟

— قانداق دەيسىز؟ — دەپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ سورىدىم ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەي.

— قاراڭ، بىزنىڭ باشلىق قاپىقى يامان بولغىنى بىلەن گەپ يەيدىغان ئادەم. ئۇ بۇرۇن بۇ زاۋۇتقا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ ئىشلەۋاتقان چاغدا، مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بىرقانچە قېتىم سوۋغا-سالام ئەكىرىۋىدىم، ئۆيدە بىكار تۇرۇۋاتقان ئىشسىز ئايالىمنى زاۋۇتقا توختاملىق ئىشچىلىققا قوبۇل قىلغان. شۇڭا سىزمۇ ئازراق بەدەل تۆلىسىڭىز يەنە مۇشۇ بۆلۈمدە ئىشلەپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

— بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمىگۈدەك.

— ئۇنداقتا ئىختىيارىڭىز، — سالىنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈ-شۈپ كەتتى، كىچىككىنە كۆزلىرى ماڭا سوغۇق تىكىلدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قويدۇم. بۇ چاغدا ئۇ بىردىنلا شىرەنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ۋىجىك ھەم پاكار بەدىنىنى ئىككى يانغا ئىرغاڭ-لاتقىنىچە ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئىرغاڭشىپ مېڭىش ئۇ-نىڭ يول يۈرگەندىكى ئادىتى ئىدى.

سالى ئوتتۇز ياشلارغا كىرگەن، كۆلۈپلا يۈرىدىغان، بۆلۈم باشلىقى، سىخ مۇدىرى، زاۋۇت باشلىقى دېگەنلەرنى كۆرسە قىل-

غىلى قىلىق تاپالمايدىغان، ئۇلار قانداقلىكى ئىشقا بۇيرۇسا بېشى بىلەن بەجا كەلتۈرىدىغان «ئايىغى چاققان» ئادەم ئىدى. بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەپ كېلىۋاتقاچقا، ئۇنى خېلى ياخشى چۈشىنىپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ ئاز - تولا ھۆسن خەت يېزىپ قويىدىغان ئارتۇقچىلىقىنى دېمىگەندە، ئۇ تولىمۇ بىلىمسىز بىر ئادەم ئىدى. گەرچە ئۇ قايسىدۇر بىر تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ ماشىنىسازلىق كەسپىدە ئوقۇغان بولسىمۇ، كەسپىتىن تۈزۈكرەك بىرنەرسە بىلمەيتتى. ئەمما ئۇ زاۋۇت باشلىقى داۋۇتقا بەكلا يارايتتى. بۇلتۇر زاۋۇت بويىچە باھار بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىدە ئۇنىڭ ئۆز ئايالىنى زورلاپ يۈرۈپ زاۋۇت باشلىقى بىلەن تانسا ئويناتقۇزغانلىقىنى كۆرگىنىمدە، سالىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلىدىغان- لىقىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشەنگەندەك بولغانىدىم.

مەن دەپتەر - كىتابلىرىم ۋە باشقا لازىمەتلىرىمنى قەغەز يەشىككە قاچىلاپ بولۇپ ئەمدىلا ئىشخانىدىن چىقاي دەپ تۇرسام، سالى خۇشال ھىجايغىنىچە ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.

— ھەي - ھەي، قارىماسىز، كۆرەش، زاۋۇت باشلىقى مېنى سىز ئۈنىمىغان ئىشقا بەلگىلەپ قويىدى، بىر ھېسابتا بۇمۇ بولدى دەڭە، مەن ئۇ ئىشلارنى چوقۇم قاملاشتۇرۇپ كېتەلەيمەن.

ئۇ شۇ سۆزنى قىلىپ باشقىچە گىدەيگەن ھالدا ئالدىرىماي مېڭىپ ئورۇندۇقىغا بېرىپ ئولتۇردى.

— راست، بۇنداق ئىشلارنى پەقەت سىزلا قاملاشتۇرۇپ كېتەلەيسىز، — دېدىم مەن قەغەز يەشىكنى كۆتۈرۈۋېتىپ.

ئۇ بۇ گېپىمدىن پەخىرلەنگەندەك ماڭا ھىجىيىپ تۇرۇپ باش لىڭشىتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ مەن زاۋۇتنىڭ ئورگان بىناسى-

نىڭ بىرىنچى قەۋەتتىكى قوغداش بۆلۈمىدە ئىككى قوغداش
خادىمىغا ۋە زاۋۇت دائىرىسىدىكى ئامانلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل
بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدىم. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ماڭا كېچىمۇ
ھارام بولدى. زاۋۇتتىكى بويتاق ئىشچىلار ياتىقىدا كۈندە دېگۈ-
دەك ھاراق ئىچىپ جېدەل چىقارغان ياشلارنىڭ غوۋغاسى، ئۇ-
رۇش - تالاشلىرى بېسىقمايتتى. ئۇنداقلارنى بېسىقتۇرۇپ «جا-
ھاننى تىنچىتقان» ۋاقىتلاردا كۆپ ھاللاردا تاڭ ئېتىپ كېتەتتى.
قىزىق يېرى، زاۋۇت باشلىقى داۋۇتنىڭ دانىيار ئىسىملىك يە-
گىرمە - يىگىرمە بىر ياشلاردىكى بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن
گەدەنكەش، ھېچكىم چېقىلالمايدىغان لۈكچەك بالا ئىدى. زاۋۇت
تەۋەسىدە ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان ئىدى، مەيلى
چوڭ، مەيلى كىچىكلەر بولسۇن ئۇنىڭغا ھەرقانداق شارائىتتا
قاپاق كۆتۈرۈپ قارىيالمايتتى. ئۇ چىراي جەھەتتە دادىسىغا قۇ-
يۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. دادىسىمۇ ئۇنى جېنىدىن ئەزىز كۆ-
رەتتى، دېگىنىنى قىلىپ بېرەتتى. ئۇ باشقىلار بىلەن سوقۇشۇپ
قالسا، ئۇنىڭ يوللۇق بولمىسىمۇ باشقىلار ئىلاجسىز ئۇنىڭدىن
كەچۈرۈم سورايتتى، ئۇنداق قىلمىسا ئەتىسىلا زاۋۇت باشلىقىدىن
تەنبىھ ئاڭلايتتى ياكى «باشقا سەۋەبلەر» بىلەن ئىش ئورنىدا
ۋاسىتىلىك ھالدا ھەرخىل جازالارغا ئۇچرايتتى، يامىنى ئىش
ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن تېخىمۇ ئەنسىرەيتتى.

دانىيار زاۋۇت باشلىقىنىڭ بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئائىلە-
سىدە شاھزادىدەك ئەتىۋارلىناتتى. شۇڭا داۋۇت ئۇنىڭغا زاۋۇت-
نىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى يېنىدىن بىر دۇكان ئې-
چىپ بېرىپ، تاپقان پۇلىنى ئۆزى خەجلەشكە قويۇۋەتتى. ئوغلىغا
يەنە «سۇزۇكى» ماركىلىق موتسىكلىتتىن بىرنى ئېلىپ بەردى.
دانىيار دۇكاننى خالىغاندا ئاچاتتى، خالىمىغاندا موتسىكلىتىنى
غارىلدىتىپ مىنگىنىچە ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىپ يۈرەتتى. ئۇ
تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ياخشى ئوقۇيالمىغاچقا مەكتەپتىن چېكى-

نىپ چىقىۋالغانىدى. دادىسى ئۇنى كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالمى-
سۇن دەپ موتسىكلىت ئېلىپ بېرىپ، دۇكاندىن بىرنى ئېچىپ
بەرگەندىن كېيىن، ئۇ زاۋۇت تەۋەسىدە جاھانغا پاتمايلا قالدى.
زاۋۇت تەۋەسىدىكى كىمدەكىم بولمىسۇن، چوقۇم ئۇنىڭ دۇكى-
نىدىن نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر باشقا
دۇكانلاردىن بىرنەرسە سېتىۋالسا ياكى ئۇنىڭ دۇكىنىدىن مال
سېتىۋېلىشقا ئۇنىمىسا، ئۇ شۇ كىشىنى ياش بولسۇن، قېرى
بولسۇن بېزەپ تىللار بىلەن تىللايتتى، ئۇراتتى. ئۇنىڭ يەنە
جەمئىيەتتىكى ئەڭ لۇكچەك، تاپتىن چىققان بىرقانچە دوست ـ
بۇرادەرلىرى بولۇپ، ئۇ ھايتلا دەپ قويسا، ئۇنىڭغا «شىلتىڭ
ئاتقان» لارنىڭ بىردەمدىلا ۋايجېنىنى چىقىراتتى. شۇڭا زاۋۇتتى-
كى ياش ئىشچىلارمۇ ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ، ئۇنىڭ دۇكىنى-
دىن ھاراق، تاماكا دېگەندەك نەرسىلەرنى مەجبۇرىي سېتىۋالات-
تى، ھەتتا ئۇنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرىغا ھاراق،
تاماكا ئېلىپ بېرەتتى. مەنمۇ ئىككى قېتىم ئاشۇنداق زورلۇققا
ۋىجدانىم چىدىماي دانىيار بىلەن قاتتىق سوقۇشۇپ ئۇنىڭ دوست-
لىرىدىن يەتكۈچە تاياق يېگەنىدىم.

مەن قوغداش بۆلۈمىگە چىقىپ تۆتىنچى كۈنى، ئىشخانىغا
بىر قىز ئىشچى قار ـ يامغۇر يىغلىغىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇ
كىرىپلا دانىيارنىڭ ئۆزىنى دۇكىنىدىن نەرسە سېتىۋېلىشقا زور-
لىغانلىقىنى، نائىلاج بىر يۈز سوپۇن سېتىۋېلىپ دۇكاندىن چى-
قىپ كېتەي دەپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ قىزنى توساتتىن قۇچاقلاپ
پوكەي يېنىدىكى كارىۋاتقا بېسىپ سۆيۈۋالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ
ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ ئۇنىڭ يۈزىنى تاتىلاپ قېچىپ
چىققانلىقىنى سۆزلەپ كەتتى.

مەن قىزغا تەسەللى بېرىپ ئۇنى ياتىقىغا ماڭدۇرۇۋەتكەندىن
كېيىن، ئىككى قوغداش خادىمىنى ئېلىپ دانىيارنىڭ دۇكىنىغا
باردىم. ئۇ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە ئالىقاپ دوستلىرى

بىلەن ماڭا ھۆرپىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سول مەڭزىدە بەش بارماقنىڭ تىرناق ئىزى قالغان بولۇپ، ئۇ يەردىن قان تەپچىرەپ تۇراتتى.

— ئۇكام دانىيار، كۆپكۈندۈزدە ئۇيالماستىن ئۇ قىزغا پوخۇرلۇق قىلغىنىڭ قاملاشماپتۇ، بۇنداق قىلساڭ داداڭنىڭ يۈ-زىگىمۇ سەت ئەمەسمۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا سىلىق - سىپاي-لىق بىلەن.

گېپىمنىڭ ئاخىرى تۈگە - تۈگىمەيلا ئۇ ۋارقىراپ - جارقى-راپ سۆزلەپ كەتتى:

— دادامنى چىشلەپ تارتماي گەپ قىلاۋا، رودۇپاي، دادام ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان؟

— داداڭ ماڭا يامانلىق قىلغىنى يوق، ئۇ دېگەن زاۋۇتىمىز-نىڭ رەھبىرى، سەن بۇنداق بولمىغۇر ئىشنى قىلساڭ داداڭنىڭ ئابرۇيىغا تەسىر يەتمىسۇن دەۋاتىمەن.

— ئۆتەپ باراۋە، ماز پاينەك، تېخى ماڭا تەربىيە قىلغۇدەك بولۇپ كەتتىڭما؟ ھىي، ماڭا تەربىيە قىلىمەن دېگۈچە موماڭنى تېرىپ يە جۇمۇ، ھېلى بىكار ما خۇمسىنى!

ئەمدى مېنىڭ ئاچچىقىم مېڭەمگە تەپتى.

— ھەي، خەقنىڭ قىزىنى بوزەك قىلغىنىڭ يەتمىگەندەك، مېنىمۇ تىللايسەنغۇ، ماڭ، مەن بىلەن قوغداش بۆلۈمىگە بېرىپ تەكشۈرۈشنامە ياز، بولمىسا سەندەك خولىگەننىڭ ھېلى ئەدىپىنى بېرىمەن.

شۇنداق دېيىشىمگىلا «مانا ئەدىپىمنى بېرە» دەپلا ئۇ چاق-ماقتەك تېزلىك بىلەن ماڭا شۇنداق بىر مۇشت ئاتتىكى، مۇشت تەگكەن كۆزۈمدىن ئوت چاقناپ كەتتى. كۆز ئالدىم قاراڭغۇل-شىپ، بېشىم قايدى. يەرگە زوڭ ئولتۇرۇپ قالدىم. شۇئان قورساق، دۈمبىلىرىمگە بىرنەچچە تېپىك تېگىپ مېنى يىقىتىۋەت-تى. مەن چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرغاچ كۆزۈمنى زورىغا ئېچىپ،

مېنى تەپكەنلەرنىڭ دانىيارنىڭ دوستلىرى ئىكەنلىكىنى غۇۋا كۆردۈم ـ دە، دەرغەزەپتە يېنىمدىكى توك كالتىكىنى ئېلىپ ئۇ ناكەسلەرنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ كەتتىم. شۇئان ئىككى قوغداش خادىمى مېنىڭ قوللىرىمدىن تۇتۇۋېلىپ، مېنى ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا ئۈندىدى. دەل شۇ چاغدا ھېلىقىلار چاققانلىق بىلەن قوللىرىغا تاش ئېلىپ بىزگە ياغدۇردى. تاشلاردىن نەچچىسى ئۇچۇپ كېلىپ مېنىڭ جەينەك، دۈمبە ۋە يوتىلىرىمغا تېگىپ زىڭىلدىتىۋەتتى، ئىككى قوغدىغۇچىنىڭمۇ بىرىنىڭ كاللىسى يېرىلدى، يەنە بىرىنىڭ زاڭىقى يېرىلىپ كەتتى. تاياق يېگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭمۇ ئەركەك تۆكى دىڭ بولدى بولغاي، توك كالتەكلىرىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇ ئۆكتەملەرنى سۈر ـ توقاي قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىككىسىنى تۇتۇۋالدى، قالغانلىرى ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قېچىپ كەتتى. دانىيار بولسا دۇكىنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىشىكنى تاقىۋېلىپ بىزگە دېرىزىدىن خۇددى تاماشا كۆرگەندەك مەغرۇر بىر قىياپەتتە ھىجىيىپ قاراپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا غەزەپلىك ئالىيىپ قويۇپ، ئىككى ھەمراھىم تۇتۇۋالغان ئىككى ئۆكتەمنى ئېلىپ ماڭدىم...

ئۇزاق ئۆتمەي زاۋۇت باشلىقى داۋۇت قوغداش بۆلۈمىمىزدە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ غەزەپلىك چىرايى كۆمۈردەك قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇ مېنىڭ تۇخۇمدەك ئىششىپ يۇمۇلۇپ قالغان كۆزۈمنى ۋە بېشى بىلەن زاڭىقى يېرىلغان ئىككى خىزمەتدىشىمنى كۆرۈپ بىر ئاز پەسكويغا چۈشتى ۋە ئاۋازىنى سىلىقراق چىقىرىپ سورىدى:

— سىلەرگە نېمە بولدى؟

مەن ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن بولغان ئىشلارنى غەزەپلىك ئاۋازدا سۆزلەپ بەردىم.

— سىلەرمۇزە، مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ مىجەزىنى بىلگەندىكىن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۈرمەي، ھېلىقى قىزغا چىرايلىق تەربىيە

بىرىپ يولغا سېلىۋېتىپلا مېنى ئىزدىسەڭلار بولماسمىدى، — دېدى ئۇ ئىشخانا ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ.

— بولدى، داۋۇتكا، مەن بۇ خىزمەتنى ئىشلىمەيمەن. بۇ يەرنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدىماق بەك تەس ئىكەن، مېنى سېختىكى بىرەر خىزمەتكە ئالماشتۇرۇۋەتسىلە، — دېدىم مەن كەسكىن قىلىپ.

— ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ، سىز دېگەن ئالىي مەكتەپنى ئوقۇغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە قانۇننىمۇ باشقىلاردىن ياخشىراق بىلىسىز. مەن بۇ قېتىم ئوغلۇم ئۇچۇن سىزدىن ئەپۇ سوراي، خىزمىتىڭىزنى ئىشلەۋېرىڭ. ئۇچىڭلار بۇ قېتىم جىسمانىي جەھەتتىن زەخىملىنىپسىلەر، داۋالىنىش ھەققىڭلارنى زاۋۇت كۆتۈرىدۇ. بۇ ئىش مۇشۇ يەردىلا بېسىقىپ قالغاي، — دېدى ئۇ كۆلكە يولىماس چىرايىنى زورىغا ئېچىپ. ئاندىن يەنە ئۇلاپلا، — ھەي، ماۋۇ ئىككىڭ بارغۇ، بۇگۇندىن باشلاپ ئوغلۇمنى ئىزدىگۇچى بولۇشما. بۇنىڭ ھەممىسى سەنلەرنىڭ كاساپىتىڭ، قاراپ تۇرۇپ قوغداش خادىملىرىنى ئۇرۇشتۇڭما؟ بۇ يەردىن يوقىلىش! — دېدى ھېلىقى ئىككى ئۆكتەمگە ۋارقىراپ.

ئۇلار شۇئان قەپەستىن قويۇۋېتىلگەن مەخلۇقلاردەك پەرتلا قىلىپ يېنىمىزدىن يوقالدى...

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى بېسىقىپ قالدى. مەن ئاچچىقنى ئىچىمگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدۇم. «بۇ يەردە ئىشلىمەيمەن، باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىپ كېتىمەن» دېگەن خىيال كاللامنى چىرمىۋالدى. لېكىن نەگە، كىمگە تايىنىپ يۆتكىلىمەن؟ مۇشۇ كۈنلەردە ئىشقا ئورۇنلىشىش، يۆتكىلىش دېگەنلەر بەكمۇ تەسلىشىپ كەتتى. «يول» ماڭسامغۇ يۆتكىلەلىشىم مۇمكىن ئىدى، ئەمما ئۇنىڭغا پۇل نەدە؟ ۋىجدانىم شۇنداق قىلىشقا چىدارمۇ؟ ئاتا- ئانام بولسا ئادەتتىكى ئىشچى، ئۇلارنىڭ ھېچنېمىگە قۇربى يەتمەيدۇ...

مەن ئاشۇنداق دەرگۇمان خىياللار، ئۈمىدسىز ئويلار بىلەن
نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتىم.
بىر كۈنى كېچىلىك چارلاش ۋەزىپىسى ماڭا كېلىپ قالدى.
مەن ئائىلىلىكلەر قورۇسىنى ئايلىنىپ يۈرەتتىم. تۇساتتىن يان
تەرەپتىكى تۆت قەۋەتلىك بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى ئۆينىڭ
دېرىزە ئەينىكى جاراڭشىپ چېقىلىپ، بىر نەرسە تۇك قىلىپ
يەرگە چۈشتى. ئىتتىك بېرىپ دېرىزىدىن چۈشكەن چىراغ يورۇ-
قىدا كۆردۈمكى، ئۇ دورا ـ دەرمەك سوقىدىغان بىر هاۋانچا تېشى
ئىكەن. شۇئان ئۆي ئىچىگە قۇلاق سالدىم، بىر ئايالنىڭ يىغلى-
غان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئۆينىڭ سالىنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكى
ئېسىمگە كەلدى، سالى نەچچە كۈن ئىلگىرىلا بىر ناھىيىگە خىز-
مەت بىلەن كېتىپ قالغانىدى. كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى ـ دە،
پەلەمپەيدىن يۈگۈرگەندەك چىقىپ سالىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى
چەكتىم. ئىشىك ئېچىلمىدى، ئۆي ئىچىدىن بولسا ئوپۇر ـ
توپۇر ئاۋازلار ئاڭلاندى. گۇمانىم تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئىشىكنى
كۈچەپ بىرنى تەپتىم، ئىشىك جالاقىدە ئېچىلىپ كەتتى، مەن
ئۆيگە ئۈسۈپلا كىردىم. ئۆيدە زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئوغلى دانىيار
ئالدىراپ ـ تېنەپ ئىشتىنىنى كىيىۋاتاتتى، سالىنىڭ چىرايلىق
ئايالى بولسا قىسقا كوپتا بىلەن كۈسارچان هالدا كارىۋاتنىڭ
ئالدىدا ئۆرە تۇراتتى. ئايال مېنى كۆرۈپ ئىككى قولى بىلەن
يۈزىنى ئەتكىنىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. شۇ ئارىدا دانىيار
ئايىغىنىمۇ كىيمەستىن ئىشىك تەرەپكە ماڭدى ۋە بوسۇغىدىن
ئاتلاۋېتىپ ماڭا بېشىنى بۇراپ «هۇ قىلتاقچى! » دەپلا يۈگۈرۈپ
چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاشنى ياكى مۇنۇ يېرىم
يالىڭاچ گۈزەل ئايالغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدىم.
شۇ ئەسنادا ئايال هاپىلا ـ شاپىلا ئۈزۈن كۆڭلىكىنى كىيىپ
ئۈلگۈردى. ئاندىن ئۇ ئېسەدىگىنىچە ماڭا سۆزلەشكە باشلىدى:
— بۇ ماڭا نېمە كۈن، نېمە سەتچىلىك؟ ! بۇ هايۋان ئۆيگە

ئۇسۇپ كىرىپلا ماڭا ئېسىلدى، ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچسام يېنىدىن بىر پىچاقنى چىقىرىپ گېلىمغا تەڭلەپ: بۈگۈن ماڭا ئۇنىمىساڭ بوغۇزلىۋېتىمەن ياكى ئەتە دادامغا دەپ ئېرىڭ بىلەن ئىككىڭنى ئىشتىن بوشاتقۇزۇۋېتىمەن، بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ، دەپ مېنى مەجبۇرىي كارىۋاتقا بېسىۋالدى. ئۇنىڭغا پەقەتلا كۈچۈم يەتمىدى، شۇنداقتىمۇ تىركىشىپ باقتىم، ئۇ مانا ماۋۇ بىلىكىمنى پىچاق بىلەن تىلىۋەتتى. مەن بەك قورقۇپ كەتتىم، پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى، شۇ پۇرسەتتە ئۇ پىچىقىنى گېلىمغا تىرەپ تۇرۇپ بىر قولىدا كىيىمىمنى سالدۇرۇپ مەجبۇرىي نومۇسۇمغا تەگدى. تېخى يەنە تەپ تارتماستىن: بۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى يېنىڭغا كىرىمەن، پۇل دېسەڭ پۇل بېرىمەن، دادامغا دەپ سېنى ياخشى يەردە ئىشلەشكە يۆتكىگۈزىمەن، دەيدۇ. ئاچچىقىمدا ھاۋانچا تېشىنى ئۇنىڭ بېشىغا قارىتىپ ئاتسام تەگمەي قېلىپ دېرىزە ئەينىكىنى چېقىۋەتتى. سىز شۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ كىرگەن ئوخشايسىز. مانا ئەمدى بۇ ئىشنى سىز بىلدىڭىز، مەن يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن، ئېرىمنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ ئۇ نومۇسسىزنى ئەتىلا ئەرز قىلاي دېسەم، ئېرىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ خىزمىتىمىزدىن، كېيىنكى تۇرمۇشىمىزدىن، يۈز - ئابرۇيىمىزنىڭ تۆكۈلۈشىدىن ئەنسىرەيمەن. يېزىدا ئاغرىقچان قېرى ئانىمىز بىلەن دادىمىز بىزنىڭ قولىمىزغا قاراشلىق تۇرسا، يەنە ئىككى سىڭلىمۇ بىزنىڭ ياردىمىمىز بىلەن بىرى ئالىي مەكتەپتە، بىرى ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇۋاتاتتى. ھۇ... ھۇ... ھۇ...

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئازاب ئىچىدە ئۈنسىز تۇرۇپ كەتتىم... ئاخىر ئارتۇقچە گەپ قىلىش ياكى تەسەللى بېرىشكە رايىم بارماي، ئارقامغا بۇرۇلدۇم - دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم...

كېيىنكى كۈنلەردە سالىنىڭ ئايالى ماڭا بىرنەچچە قېتىم

ئۆچۈردى، لېكىن ئۇ مېنى كۆرسىلا بېشىنى يەردىن ئالماي مۈك باسقان چىرايىنى مەندىن يوشۇرغاندەك ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى. زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئوغلى دانىيار بولسا مېنى كۆرگەندە مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدىغان بولدى. مەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر خىل ۋىجدان ئازابىدا قالدىم.

ئارىدىن يەنە بىر ھەپتە ئۆتكەندە، سالىنىڭ ئايالى كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆككىنىچە ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. مەن ئىشخانىدا يالغۇز ئىدىم. ئۇ ماڭا ئاخشام دانىيارنىڭ يەنە ئۆيىگە بۆسۈپ كىرگەنلىكىنى، ئۇ كىرىۋاتقاندا ئۇدۇل قوشنىسىنىڭ ئۇنى كۆرۈپ قالغانلىقىنى، دانىيارنىڭ ئۆزىگە يەنە پىچاق تەڭلەپ مەجبۇرىي ئاياغ ئاستى قىلغانلىقىنى، پىچاقنىڭ گېلىنى تىلىۋەتكەنلىكىنى، ئەتىگەندە قوشنىسىنى بۇ ئىشقا گۇۋاھچى بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ قانۇن ئورۇنلىرىغا ئەرز قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، قوشنىسىنىڭ دانىيارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ھەم زاۋۇت باشلىقىدىن قورقۇپ گۇۋاھچى بولۇشقا قوشۇلمىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— سىز ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز؟ — دەپ جىددىي سورىدىم ئۇ ئايالدىن.

— سىز ماڭا گۇۋاھچى بولۇپ بەرسىڭىز، مەن ئۇ ئىشەكنى سوتقا ئەرز قىلىمەن.

— ياخشى ئويلاپسىز، مەن چوقۇم سىزگە گۇۋاھچى بولۇپ بېرىمەن.

بىز شۇنداق دېيىشىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە سالى كىرىپ كەلدى.

— ۋۇي، كېلىڭ، سالى، ئولتۇرۇڭ، قاچان قايتىپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىۋېتىپ.

— ھېلىلا كەلگەن، قوشنام ئايالىڭىز قوغداش بۆلۈمىگە كەتتى، تېز بېرىڭ دېۋىدى، نېمە ئىش بولغاندۇر دەپ بۇ يەرگە ئالدىراپ كېلىشىم.

مەن دەماللىققا سالىغا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

— سالى! — دەپ باشقىدىن ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى سالىدىنىڭ ئايالى، — مېنى... مېنى زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئوغلى دانىيار بوزەك قىلدى.

— دانىيار؟... نېمىشقا ئەمدى؟

— ئۇ مېنى ئاياغ ئاستى قىلدى!

ئايالىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان سالى ئولتۇرغان ئورۇندۇقىدىن توپتەك قاڭقىپ تۇرۇپ كەتتى، چىرايى تامدەك تاتىرىپ، كىچىككىنە كۆزلىرى غەلىتىلا قىسىلىپ كەتتى. ئەمما بىر مىنۇتتىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ ھالىتى بىردىنلا ئەسلىگە كېلىپ، ئۇ ئورۇندۇققا قايتىدىن ئولتۇردى. ئارىنى جىمجىتلىق باستى... ئالاھازەل بەش مىنۇتلاردىن كېيىن سالىنىڭ ئايالىنىڭ ئىلتىجالىق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— گەپ قىلسىڭىزچۇ؟!

— ھە!... نېمە؟

سالى خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغان ئادەمدەك دىڭگىدە چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— مەن ئۇ توڭگۇزنى ئەرز قىلىمەن! — دېدى سالىنىڭ ئايالى غەزەپ بىلەن توۋلاپ.

— ئالدىرىما، خوتۇن، ھاماقەتلىك قىلىپ قويمايلى يەنە، بەلكىم ئۇ بالا مەستتۇر. بوپتۇ، ئاۋۋال ئۆيگە بارايلى، قانداقلا گەپ بولسا ئۆيدە دېيىشەيلى.

بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا سالىنىڭ ئاۋازى تولىمۇ زەئىپ، پەس ئىدى.

— نېمە دەۋاتىسىز، ئەرز قىلمامدۇق؟ كۆرەش بىزگە گۇۋاھچى بولۇپ بېرىدىغان بولدى.

— ھە، ھە، ئاۋۋال ئۆيگە بارايلى، بامەسلىھەت بىلەن بىر ئىش قىلارمىز.

سالىنىڭ ئايالى بىردە ماڭا، بىردە ئېرىگە مۆلدۈرلەپ قاردۋەتكەندىن كېيىن، ئېرىنىڭ گېپىنى ئېلىپ ئىشخانىدىن سىرتقا ماڭدى، سالىمۇ ئۇنى قولتۇقلىۋالدى.

مەن ئۇلارغا دەسلەپتە ھەيران قالغان بولسامۇ، ئارقىدىنلا ھېسداشلىق قىلىپ قالدىم. بۇ ئىككىسى ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ بىچارە مەخلۇقنىڭمۇ بىچارىسىگە ئوخشاپ قالغانىدى.

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتۈپ كەتتى. سالى ۋە ئۇنىڭ ئايالى كۆل سۈيىدەك جىمىپ كەتتى. ئۇلاردىن سادا چىقمىغاندىكىن مەن ئارتۇقچە ئارىلىشىشنى راۋا كۆرمىدىم. ئون بىرىنچى كۈنى سالىنىڭ يەنە كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. شۇ كۈنى چۈشتە ئىشخانامدا دىجورنىلىق قىلىۋاتاتتىم. تومۇز ياز ئايلىرى بولغاچقا، ھەممىلا ئادەم چۈشلۈك دەم ئېلىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە كىرىۋالغان بولۇپ، سىرتتا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. تۇيۇقسىز بىر ئايالنىڭ ئېچىنىشلىق پەريادى ئاڭلاندى، يۈگۈرگەندەك سىرتقا چىقتىم، قارىسام سالىنىڭ ئايالى چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆڭلىكىنىڭ ئالدى يىرتىلىپ پەسكە ساڭگىلىغان، بىر قولىدىن قان ئېقىۋاتقان ھالەتتە ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي يېقىنلا يەردە مەن سايان قېچىپ كېلىۋېتىپتۇ. مەن چوكاننىڭ ئالدىغا يۈگۈردۈم ۋە تېزلا يېتىپ بېرىپ ئۇنى يۆلىۋالدىم ـ دە، ئۇدۇل ئىشخانامغا ئەكىردىم. ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن سورىدىم:

— يەنە نېمە ئىش بولدى؟

— ئاشۇ... ئاشۇ دانىيار دېگەن لۈكچەك ئۆيۈمگە يەنە باستۇرۇپ كىرىپ مېنى زورلىدى، مەن قەتئىي قارشىلىق قىلغانتىم، ئۇ ماۋۇ كۆرسەتكۈچ بارمىقىمنى پىچىقى بىلەن كېسىۋەتتى. ئۇ مەست ئىكەن، شۇڭا بۇ قېتىم ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قېچىپ چىقالىدىم. جېنىم كۈرەشجان، مېنىڭ بۇنداق خورلۇقتا چىداپ ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى. مەنمۇ ئادەمغۇ، شۇڭا مەن بىر

قارارغا كەلدىم، ئەرز قىلىمەن، سىز ماڭا گۇۋاھچى بولۇپ بېرىڭ. ئەرزىمنى ئاقتۇرالىسام، كېيىن بېشىمغا قانداق كۈن كەلسىمۇ مەيلى.

مەن ئۇنىڭ شۇرۇلداپ قان ئېقىۋاتقان بارمىقىنى ئاپئاق قولياغلىقىم بىلەن تېڭىۋېتىپ سورىدىم:

— بۇنىڭغا سالى قوشۇلامدۇ؟

— ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق.

— ئەمىسە يۈرۈڭ، مەن سىزنى زاۋۇت دوختۇرخانىسىغا ئاپىراي، قولىڭىزنى دورىلاپ تاڭمىسا مىكروبلىنىپ قالىدۇ.

مەن ئۇنى زاۋۇتنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردىم. ئىككى نۆۋەتچى سېسترا ئۇنىڭ قولىنى دورىلاپ داكا بىلەن تېڭىپ قويدى.

سالىنىڭ ئايالى چۈشتىن كېيىنكى يېرىم كۈننى مېنىڭ ئىشخانامدا ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندا مەن دانىيار ئۈستىدىن كېلىشتۈرۈپ بىر پارچە ئەرز يازدىم ۋە ئاخىرىغا ئۆزۈمنىڭ گۇۋاھلىق ئىمزايىمنى قويدۇم.

— مېنى دەپ سىز بالادا قالارسىزمۇ؟ — دېدى سالىنىڭ ئايالى كۆزۈمنىڭ ئىچىگە بىچارىلەرچە تىكىلىپ.

— بىر ئادەم باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك ئېتىلىۋاتسا، خورلىنىۋاتسا، ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ ياردەم قىلماسلىق ۋىجدانلىق ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس، مۇسۇلمانچىلىقمۇ ئۇنى ھەرگىز راۋا كۆرمەيدۇ، — دېدىم مەن. ئاندىن ئىككى خىزمەتدىشىمگە قاردىم، ئۇلار بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى.

— ئاغىنىلەر، سىلەرمۇ گۇۋاھچى بولۇپ بېرەمسىلەر؟

ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىمىغاندەك بىپەرۋا قىياپەتتە ئولتۇراتتى. مەن سوئالىمنى قايتا تەكرارلىدىم. ئۇ ئىككىسى شۇندىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى - دە، دېيىشىۋالغاندەك تەڭلا باشلىرىنى چايقاشتى.

— سىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، — دېدىم مەن سالىنىڭ ئايالىغا، — قوشنىلىرىڭىزنى گۇۋاھچى بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ باقاي، بۇ ئىشتا گۇۋاھچى قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى.

مەن بىرەر سائەتتەك ئاۋارە بولۇپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندە سالىنىڭ ئىككى قوشنىسىنى گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشكە ماقۇل كەلتۈردۇم. ئۇلار بۇ ئىشلارنى مەندىن ياخشىراق بىلسىمۇ، دانىيارنىڭ مۇتتەھەملىك قىلىپ ئۆزلىرىدىن ئۈچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، بىلگەنلىرىنى گۇۋاھلىق ماتېرىيال سۈپىتىدە يېزىپ بەردىيۇ، لېكىن ئىسىملىرىنى ئاشكارا يېزىشقا قوشۇلمىدى. گۇۋاھلىق ماتېرىيالنىڭ ئاخىرىغا پەقەت «شۇ ئىشلارنى بىلگۈچىلەردىن» دەپلا يېزىپ قويۇشتى. قانۇننىڭ ئالدىغا بارغاندا چوقۇم ئىسپاتلىقتىن ئۆتىدىغان رەسمىي گۇۋاھچى بولۇشى كېرەك ئىدى، شۇڭا مەن يالغۇز ئىسپات بەرگۈچى گۇۋاھچى بولۇپ قالدىم.

شۇ كۈنى ئاخشىمى سالىنىڭ ئايالى، دانىيارنىڭ يەنە كېلىپ زورلۇق قىلىشىدىن قورقۇپ، بىزنىڭ قوغداش بۆلۈمىمىزدىن پاناھلىق تىلەپ مۇشۇ يەردە تۈنەپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە بىز بىر ۋېلىسىپىتكە مىنگىشىپ شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە باردۇق. مەن بولغان ئەھۋاللارنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، سوتقا گۇۋاھلىق خەتنى سۇندۇم.

ئانچە كۆپ ئۆتمەي دانىيار باسقۇنچىلىق جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىندى.

بۇ ئىشتىن سالىنىڭ ئايالى چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى، زاۋۇتتىكى باشقا ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ بۇ رايوندىن بىر زوراۋان ئاپەتنىڭ يوقىتىلغانلىقىدىن ئىچىدە قەۋەتلا خۇش بولۇشتى. ھەتتا بەزىلەر خۇپىيانە جايلاردا ماڭا پىچىرلاپ: «ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلدىڭىز!» دېيىشتى. سالى بولسا كۈندىن - كۈنگە شۇكلەپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن زاۋۇت باشلىقىمىز داۋۇت ماڭا قاتتىق ئۆچ بولۇپ كەتتى. سالام ـ سەھەت تۇگۇل، خىزمەت توغرۇلۇق-مۇ ماڭا گەپ قىلمايدىغان بولدى. مەن ئۇنىڭ نەزىرىدە مەڭگۇ-لۇك دۇشمەنگە ئايلانغاندىم. مەن ئەمدى چوقۇم خىزمىتىمدىن ئايرىلىمەن ياكى باشقىچە بىر تەقدىرگە يولۇقىمەن، دەپ ئويلى-دىم، ئەمما ھازىرچە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانىدى.

ئەپسۇسكى، دانىيار قولغا ئېلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي سالىنىڭ ئايالىنىڭ خۇشاللىقىمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى. ئۇ، توختاملىق ئىش-چىلار قىسقارتىلىدۇ دېگەن يەرلىك بەلگىلىمە بويىچە ئىشتىن توختىتىلدى. ئۇنىڭغا يانداپ يەنە ئىككى ئايال توختاملىق ئىشچى خىزمەتتىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارغا زاۋۇتنىڭ ئىچىدە تازىلىق ئىشچىسى بولۇش بەختى نېسىپ بولدى. ئېنىقكى، بۇ زاۋۇت باشلىقى داۋۇتنىڭ ئۆچ ئېلىش ئويۇنىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئەمدىكى نۆۋەت ماڭا ياكى سالىغا كېلىپ قالغانىدى.

بۇ ئىشتىن كېيىن سالى تېخىمۇ روھسىزلىنىپ كەتتى. لېكىن ئۇ زاۋۇت باشلىقى ۋە باشقا تىرناقچىلىك ئەمەلى بارلارنى كۆرسە يەنىلا چېھرىگە كۈلكە يامرىتىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۈچۈك-لىنىپ كېتەتتى، ئىككى پۈكلىنىپ تەزىم قىلاتتى. مېنى كۆر-سە، خۇددى مەن ئۇنىڭغا يامانلىق قىلغاندەك ماڭا يەر تېگىدىن ھومىيىپ قارايتتى. شۇنداقتىمۇ مەن ئادەملەر ئارىسىدىكى بۇ «ئادەم» گە كۆڭلۈمدە زىنھار غۇم ساقلىماي ئۇنى كۆرسەم چىراي-لىقچە سالام قىلىپ يۈردۈم، گەرچە ئۇ مېنىڭ سالىمىمنى ئىلىك ئالمىسىمۇ.

مېنىڭچە، سالىنىڭ ئايالى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئۆچ ـ ئاداۋەت-نىڭ قۇربانى بولۇپ ئىش ئورنىدىن مەقسەتلىك قالدۇرۇۋېتىل-گەنلىكىنى يۇقىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەرز قىلسا ئاقاتتى. ئەمما ئۇ ئەرز قىلمىدى. مەن ئەرز قىلىشىغا ياردەملى-شىشنى ئويلىغان بولسامۇ ئۇنداق قىلمىدىم. چۈنكى ئىشلار

تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.
مۇشۇ كۈنلەردە سالىدىن بەكرەك ئۇنىڭ ئايالىغا ئىچىم ئاغ-رىيدىغان بولۇپ قالدى. سەۋەبى، ئۇ ئايال خىزمىتىدىن ئايرى-لىپ قالغانلىقى دەردىدىن بەكرەك زاۋۇتتىكى قىز - چوكانلارنىڭ ئۆزى ئۇستىدە ھەرخىل سۆز - چۆچەكلەرنى توقۇپ، «بۇلغانغان ئايال، ناپاك... ئېرى بىلەن يەنە بىر ئۆيدە قانداق ياشايدىغاندۇر، ئېرىنىڭمۇ ۋىجدانى قانداق كۆتۈرىدىغاندۇر...» دېگەندەك گەپلەر-نىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىدىن چەكسىز ئا-زابقا پېتىپ، ئۆيدىن تالا - تۈزگىمۇ چىقالماي يۈرەتتى.
ئىككى ئايدىن كېيىن زاۋۇتتا چوڭ يىغىن چاقىرىلدى. يىغىندا، زاۋۇت باشلىقى داۋۇت ئالاقە بۆلۈمىنىڭ كادىرى سالى-نىڭ ئون مىڭ يۈەنگە خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، خىزمىتىدىن توختىتىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ دەرھال زاۋۇتنىڭ ئۆيىنى بىكارلاپ نەدىن كەلگەن بولسا شۇ يەرگە كېتىشىنى جاكارلىدى. سالى يىغىن مەيدانىدىن كالىدەك ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە چىقىپ كەتتى...
شۇ كۈنى كەچتە مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە ھال سوراپ كىردىم. ئەر - ئايال ئىككىسى ئىككى بۆلۈكتە تۇگۈلۈپ ئولتۇراتتى، ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. مەن بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ كېلىپ سالىغا يېقىنراق ئولتۇرۇپ تەسەللى بەردىم:
— ئۆزىڭىزنى ئارتۇقچە ئازابلىماڭ، سالى. يېزىڭىزغا قايت-تىپ بېرىپ قېرى ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاچ دېھقانچىلىق قىلسىڭىزمۇ جاننى بېقىپ كەتكىلى بولىدۇ. بۇ يەردە خەقنىڭ كۆزىگە قاراپ ئىشلىگەندىن، ئەركىن دېھقان بولسىڭىز بۇنىڭدىن مىڭ ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟
ئۇ مېنىڭ سۆزلىرىمگە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— ئېيتىڭە، سىز قانداق بولۇپ ئۇ ئون مىڭ سومنىڭ خىيانەتكارى بولۇپ قالدىڭىز؟ مېنىڭچە، سىز ھەرگىز ئۇنداق قىلمايسىز، بۇنىڭدا چوقۇم بىر ئويۇن بارمىكىن دەيمەن.

ئۇ لىككىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ دېدى:

— چوقۇم ئويۇن بار. سىز بىلمەيسىز، مەن مالىيە بۆلۈمىنىڭ كاسسىرى قاسىم بىلەن كۇچا ناھىيىسىگە تايلانغان پاختا سېتىۋېلىش ئۇچۇن ئەللىك مىڭ سوم نەق پۇلنى ئېلىپ ماڭغاندۇق. بۇگۇر ناھىيىسىگە بارغاندا ماشىنىمىز بۇزۇلۇپ قېلىپ شۇ يەردىكى بىر مېھمانخانىدا قونۇپ قېلىشقا توغرا كەلدى. بىز ماشىنىنى رېمونتقا بېرىپ، ياتاققا ئورۇنلىشىپ بولغىچە كۈن كەچ بولدى. قاسىم بىلەن ئىككىمىز بىر ياتاققا چۈشتۇق، قاسىم مېنى مېھمانخانا دەرۋازىسى ئالدىدىكى كاۋاپخانىدىن يىگىرمە زىخ كاۋاپ ئەكىرىشكە بۇيرۇدى. مەن يېرىم سائەت ئىچىدە كاۋاپنى ئەكىردىم. كاۋاپتىن بىرقانچە زىخ يېگەندىن كېيىن، قاسىم ئۇشتۇمتۇتلا ئورنىدىن تۇرۇپ «زېرىكىپ قالغۇدەكمىز، بىر بوتۇلكا ھاراق ئىچەيلى. ئەمدى مەن چىقىپ كىرەي، ياتاقتىن ھېچ يەرگە چىقماي سومكىدىكى پۇلغا ئوبدان قارا» دېدى ـ دە، چىقىپ كەتتى. تەخمىنەن ئون بەش مىنۇتلاردىن كېيىن ئۇ بىر بوتۇلكا ھاراق كۆتۈرۈپ كىردى. بىز كاۋاپنى زاكوسكا قىلىپ يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى ئىچىپ بولغاندا، قاسىم پۇل سېلىنغان سومكىدا ياخشى تاماكىدىن بىر قاپ بار، شۇنى چېكەيلى، دەپ سومكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپلا ۋارقىرىۋەتتى. نېمە بولدى؟ دەپ ھەيران بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سومكىغا قارىسام، سومكىدىكى پۇللارنىڭ پېچىتى بۇزۇلۇپ قالايمىقان تۇرۇپتۇ. قاسىم دەرھال پۇللارنى كارىۋاتقا تۆكتى ۋە پۇلغا سوغۇق قول تەگكەندەك قىلىدۇ، ساناپ باقايلى، دېدى، مېنىڭ مېڭەمدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى. بىز ئىككى تەرەپلەپ پۇلنى ساندۇق. دېگەندەك، ئون مىڭ سوم كەم چىقتى. شۇئان قاسىم مەندىن گۇمان قىلدى، مەن چاچراپ

ئورنۇمدىن تۇرۇپ كۇسىرىمدىن باشقا ئىشتان، كۆڭلەكلىرىمنى
سېلىپ پۇلنى مېنىڭ ئالمىغانلىقىمنى ئىسپاتلىماقچى بولدۇم.
لېكىن ئۇ چوقۇم سەن ئالدىڭ، بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويدۇڭ
دەپ تۇرۇۋالدى. بىز ياتاقنى ئىزدەپ ئۆرىتۆپە قىلىۋەتتۇق، پۇل
ھېچ يەردىن تېپىلمىدى. مەن سەل غەزەپكە كېلىپ ئۇنىڭمۇ
يانلىرىنى قويماي ئاختۇرۇشقا جۇرئەت قىلدىم، ئەمما تاپالمىدىم.
ئۇ مېنى پۇلنى سەن ئالدىڭ، دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.
بىز يېرىم كېچىگىچە شۇنداق تالىشىپ چىقتۇق. مەن ئاخىر
تۆھمەتكە چىدىماي، ئۇنداق بولسا مۇشۇ ئەتراپتىكى ساقچىخانىغا
بۇ ئىشنى مەلۇم قىلايلى، دېسەم، قاسىم ياتاقتا ئىككىمىزدىن
باشقا ھېچكىم كىرمىسە، ساقچىلار پۇلنى كىمدىن تېپىپ بېرى-
دۇ، ئۇنداق قىلغاننىڭ پايدىسى يوق، دەپ مەلۇم قىلىشقا ئۇنى-
مىدى. يېرىم كېچىدىن كېيىن ئۇ خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كەت-
تى، مەن بولسام يوقالغان پۇلنىڭ غېمىدە تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك
قاقماي چىقتىم. تاڭ ئاتقاندا بىز ماشىنىمىزغا ئولتۇرۇپ زاۋۇتقا
قايتىپ ماڭدۇق... زاۋۇت باشلىقى بۇ ئىشنى پۈتۈنلەي ماڭا
دۆڭگەپ قويدى، مەن ئۇلارنى ئۆزۈمگە ھېچ ئىشەندۈرەلمەي ئاخىر
نان دەسسەپ قەسەم قىلىپمۇ باقتىم، ھەممىسى بىكار كەتتى.
شۇنداق قىلىپ بولار ھالىم مانا شۇ. مەنمۇ ئويلايمەن، ئۇلار
مېنى چوقۇم مەقسەتلىك قىلتاققا دەسسەتتى.

— بۇ ئىشتا زاۋۇت باشلىقى داۋۇتنىڭ قولى باردەك قىلى-
دۇ، — دېدىم مەن، — قاسىمنىڭ بۇرۇندىنلا داۋۇت بىلەن تىلى
بىر، ئۇ دېگەن كونا كاسسىر، ئون مىڭ سوم پۇلنى چوقۇم
قاسىم مەقسەتلىك يوق قىلىۋەتكەن. ئېنىقكى، داۋۇت مۇشۇ
ئۇسۇل ئارقىلىق سىزدىن ئۆچ ئالغان. بىز بۇ ئىشنى مۇناسىۋەت-
لىك ئورۇنلارغا ئەرز قىلساق، ئۇلار چوقۇم ھەق - ناھەقنى
ئېنىقلاپ چىقىپ سىزنى ئاقلايدۇ.

— بولدى، كۇرەشجان، — دېدى سالى چوڭقۇر بىر تىنىۋې-

تىپ، — ئەرز قىلىپمۇ كۆرگەن كۈنىمىز مۇشۇ. ئەرز قىلساق كىمگە، نەگە قىلارمىز؟ ماڭا ئوخشاش يىلتىزسىز ئادەمنىڭ تەقدىرى بەربىر مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ. مەن يېزامغا كېتىمەن!

شۇ سۆزدىن كېيىن سالىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى...

شۇنداق قىلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇلار بۇ يەردىن كەتتى. ئەمدى مېنى قانداق قىلتاقلارنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقى تېخى نامەلۇم ئىدى.

سالى بىلەن ئايالى بۇ يەردىن كەتكىلى ئۈچ ئاي بولدى. مەنمۇ بۇرۇنقىدەكلا ئىشلەۋەردىم. پەمىمچە، زاۋۇت باشلىقى مې-نى «قىلتاق»قا چۈشۈرەلمەي يۈرەتتى ياكى «پەيت» كۈتۈۋاتات-تى. دەل شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا: «ئىشچى - خىزمەتچىلەر شتاتىنى ساقلاپ قېلىپ، خىزمەتتىن توختاپ شەخسىي سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا بولىدىكەن» دېگەن مىش - مىش گەپلەر تارقالدى. مەن بۇ گەپنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ بېقىش ئۈچۈن، زاۋۇتنىڭ مەمۇرىيەت ئىشخانىسىغا كىرىپ سوراۋشتۇردۇم. ئىشخانا مۇدىرى يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينىكىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، ماڭا سىنچىلاپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، جاۋاب بەردى:

— ھە، يۇقىرىدىن شۇ توغرىسىدا ھۆججەت چۈشتى. قان-داق، «دېڭىزغا چۈشۈپ» باقاي دەمسىز؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدىم مەن چۈشەنمەي.

— خىزمەتتىن توختاپ سودا قايىنىمىغا چۈشۈشنى «دېڭىزغا چۈشۈش» دەپ ئاتايدىكەنمىز، قايسى كۈنىدىكى گېزىتتىمۇ شۇن-داق يېزىپتۇ.

— بوپتۇ، دېڭىزغا چۈشسەم چۈشەي، يا قىرغاققا ئۈزۈپ چىقارمەن، يا دېڭىزغا غەرق بولارمەن. ئېيتىڭە، بۇ ئىشنىڭ قانداق رەسمىيىتى بار؟

— ئاۋۋال ئىلتىماس يازسىز، خىزمەتتىن نەچچە يىل توختايدىغانلىقىڭىزنى ئېنىق ئەسكەرتىسىز. ئىلتىماسىڭىز تەستىقلانغاندىن كېيىن زاۋۇت بىلەن توختام تۈزىسىز. توختام كۈچكە ئىگە بولغان كۈندىن باشلاپ زاۋۇتقا ئايدا ئوتتۇز سوم شتاتنى ساقلاپ قېلىش ھەققى تاپشۇرىسىز.

مەن مەمۇرىيەت ئىشخانىسىدىن قايتىپ چىقىپلا ئىلتىماس يېزىشقا كىرىشتىم. چۈنكى مەن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىلا تولۇق بىر قارارغا كېلىپ بولغاندىم.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە ئىلتىماسىم تەستىقلاندى، لېكىن شتاتىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن زاۋۇتقا ھەر ئايدا يۈز سوم تاپشۇرىدىكەنمەن. بۇ زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئۆز ئالدىغا چىقارغان بەلگىلىمىسى ئىكەن. گەرچە مەن دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىدىن يەتمىش سوم ئارتۇق تاپشۇرىدىغان بولساممۇ يەنىلا رازىلىق بىلەن توختامغا قول قويدۇم.

ئەتىسى مەمۇرىيەت ئىشخانىسىدىن مېنى يەنە چاقىرتىپتۇ. ئۇلار توختامدىن يېنىۋالمىسا بولاتتى، دېگەن ئەندىشە بىلەن ئىشخانىغا كىرسەم، ئۇلار مەن زاۋۇت بىلەن تۈزۈشكەن بەش يىللىق توختامنىڭ شتات ساقلاش ھەققى توغرىسىدىكى ھەر ئايدا يۈز سوم تاپشۇرۇش ھەققىدىكى بەلگىلىمىسىنى ئۆزگەرتىپ، بەش يىللىق پۇلنى بىراقلا تاپشۇرۇشۇم كېرەكلىكىنى ئېيتتى. بۇ ئىشلارنىڭ زاۋۇت باشلىقى داۋۇتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە شۇنداق بولۇۋاتقانلىقىنى بىلسەممۇ باشقىچە پىكىردە بولماستىن، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدۇم.

خىزمەتكە چىققاندىن بېرى مائاشىمدىن ئىقتىساد قىلىپ يىغقان ئۈچ مىڭ سوم پۇلۇم بار ئىدى، ئاتا ـ ئانامغا ئەھۋالنى ئېيتىۋىدىم، ئۇلارمۇ باشقىچە پىكىردە بولماي، مېنى ئۆيلەش ئۈچۈن يىغىپ قويغان پۇلدىن ئۈچ مىڭ سوم بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەن بەش يىلغا قارىتا تاپشۇرىدىغان ئالتە مىڭ سوم پۇلنى

زاۋۇتقا نەق تاپشۇرۇپ، «دېڭىزغا چۈشۈش» ئۈچۈن بۇ يەردىن ئايرىلدىم.

مەن يېنىمدا بىر تىيىنمۇ يوق قۇرۇق قول بىلەن ئىگىلىك تىكلىدىم دېسەم سىلەر ئىشەنمەسلىكىڭلار مۇمكىن. لېكىن مەن شۇنداق قىلدىم. زاۋۇتتىكى ئىش ئورنۇمدىن قايتىپ چىقىپ ئۇن كۈنگىچە، بۇنىڭدىن كېيىن زادى قانداق قىلىش، قايسى يول، قايسى پۇل بىلەن تىجارەت باشلاش ئۈستىدە قاتتىق ئويلاندىم. قولۇمدا پۇل يوق، ئاتا - ئانامدىن ئالاي دېسەم ئۇلارغا يەنە ئېغىز ئېچىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭمۇ ھالى- كۈنى تايىنلىق ئىدى. بانكىدىن قەرز ئالاي دېسەم ئۇنىڭغىمۇ «قولىدىن ئىش كېلىدىغان» تونۇش - بىلىشلەر بولمىسا ھەم بەزىبىر «رەسمىيەت»لەرنى بېجىرمىسە پۇل قەرز ئالغىلى بولمايدىكەن. بېشىم راسا قېتىپ تۇرغاندا، ئۆيگە دادامنىڭ يېزىدىكى يېقىن بىر ئاغىنىسى كېلىپ قالدى. ئۇ كېلىپلا دادامغا دەردىنى تۆككىلى تۇردى:

— قارىمامسەن، ئاداش، بۇلتۇر نەشپۈتلۈك بېغىمدىكى نەشپۈتلەرنى تازا ئوخشىدى، قولۇم خېلى پۇل كۆرىدىغان بولدى، دېسەم، نەشپۈتنىڭ باھاسى بىردىنلا چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە نەشپۈتنى تازا ئۈزىدىغان ۋاقتى كەلگەندە تۇيۇقسىزلا قاتتىق بوران چىقىپ، نەشپۈتنىڭ يېرىمىنى تۆكۈۋەتتى، ئارقىدىنلا مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بېرىپ قالغان نەشپۈتلەرنىمۇ مۆلدۈر سوقۇپ پۇلغا ئالغۇسىز قىلىۋەتتى. بۇيىل قارىسام نەشپۈتلەر بەك شالاڭ بولۇپ قېلىپ، ئون بەش مو يەردىكى باغدىن ئون مىڭ سوممۇ كىرىم قىلالمىدىم. كونىلارنىڭ «يىلدىن يىل بەتتەر» دېگىنى شۇ ئوخشايدۇ، ئاداش. شۇڭا بۇ باغدىنمۇ ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ قالدىم. بىز دېھقان خەقنىڭ نېمانداق تەلىيىمىز كاجدۇر دەيمەن...

بۇ ئادەمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بىردىنلا كاللامغا چاقماق

تېزلىكىدە بىر ئۆي كەلدى ـ دە، ئۇنىڭدىن سورىدىم:
— ئاكا، ئاشۇ بېغىڭىزنىڭ كېلەر يىللىق كۆكىنى ماڭا ساتامسىز؟
ئەللىك بەش ياشلارغا كىرگەن، ئۆسكىلەڭ ساقاللىرى چار-لاشقان، ئورۇق، ئورا كۆز بۇ دېھقان مېنىڭ سۆزۈمدىن سەل مەڭدەپ قالغاندەك ماڭا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قارىدى، ئاندىن دادامغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ ئالدىرىماي سۆز ئالدى:
— ئۇكام... سەن چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسەن؟
— ياقەي، بۇ راست گەپ، ئاكا.
— هەي... قويسىنا، ئۇكام، سەن دېگەن ئالىي مەكتەپنى ئوقۇپ كەلگەن كادىر، «دېھقان بالىسى كادىر بولماس، قوناق شېخى بادىر (بادرا) بولماس» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان بولغىي-دىڭ؟ سەن دېگەن ئون نەچچە يىل مەكتەپتە ئوقۇپ پارنىك ئىچىدە ئۆسكەن كۆكتاتتەك چوڭ بولغان بالىسەن، جۇدۇن - چاپقۇن كۆرمىگەن، شۇڭا بىلىمىڭ بولسىمۇ، دېھقانچىلىقنىڭ، باغۋەنچىلىكنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى بىلمەيسەن. ئەگەر باغنىڭ يىللىق كۆكىنى ساڭا ساتسام، شۇ يىللىق پەرۋىشىدىن تارتىپ پايدا ـ زىيىنىغىچە ئۆزۈڭ مەسئۇل بولىسەن. بۇنىڭغا چىداما-سەن؟
— چىدايمەن، ئاكا.
— ۋۇي، گېپىڭ ئەجەب چوڭغۇ، باغنى راستتىنلا ئالامسەن؟
— ئالىمەن.
دېھقان ماڭا خېلى ئۇزاق تىكىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن دېدى:
— نەق پۇل بېرەلەمسەن؟
— هازىرچە مەندە نەق پۇل يوق، باغنىڭ كۆكىنى ئېلىپلا ئالدى بىلەن سىزنىڭ پۇلىڭىزنى بېرىمەن. قېنى، يىللىقىنى نەچچىگە بېرىسىز؟

— نەشپۈت ئـوبدان مېۋىلەپ، بـازىرى چىقىپلا قـالسا ئەللىك ـ ئاتمىش مىڭ سوم پۇل كىرىدۇ. بوپتۇ، داداڭ بىلەن بولغان ئاغىنىدارچىلىقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلاي، ساڭا باغنىڭ بىر يىللىقىنى ئوتتۇزمىڭ سومغا بېرەي، كېلەر يىلى نەشپۈتنى ساتـ. قاندا پۇلىنى نەقلەشتۇرەيلى. لېكىنزە، ھېسابلىق دوست ئايرىلـ. ماس، دەپتىكەن، ئىككىمىز بىر پارچىدىن توختام يېزىشىپ ھۆججەت بېرىشەيلى، بۇنىڭغا داداڭ ۋاستىچى بولسۇن.

شۇنداق قىلىپ بىز بىر پارچىدىن سېتىش ـ سېتىۋېلىش ھۆججىتى يېزىپ ئىمزايىمىزنى قويغاندىن كېيىن، ھۆججەتلىرد. مىزنى ئالماشتۇردۇق ۋە دادامنى ۋاستىچى قىلىپ بېكىتكەنلىك ھەققىدە يەنە بىر پارچە تىلخەت يېزىپ ئۈنىڭغا ئۈچىلىمىز ئىمزا. يىمىزنى قويدۇق.

ئەتىياز كىرىشى بىلەن مەن دادامدىن بەش مىڭ سوم ئېلىپ باغدىكى نەشپۈتلەرنىڭ تۈۋىنى بەش ماشىنا قوي قىغى ئەكەلدۈ. رۈپ ئۆلدىدىم، سۇ قۇيدۇم. زىيانلىق ھاشارات قىزىل ئۆمۈچۈك. تىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، ھەربىر تۈپ نەشپۈتنىڭ غولىنىڭ ئاستى تەرىپىگە بىر ـ بىرلەپ يالتىراق باغلىدىم. 4 ـ ئاي كىرىشى بىلەن نەشپۈتلەر خۇددى ئاپئاق قار چېچەكلىرىدەك غۇچ. چىدە چېچەكلەپ كەتتى. مەن دەرھال چېچەك سۈيى قويدۇم. 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ نەشپۈتنىڭ غورىلىرى يوپۇر. مىقىدىن جىق دېگۈدەك ساڭگىلىشىپ كەتتى. مەن باغۇەنچىلىك تېخنىكلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، يەنە باشقا قۇرتلارغا قارشى دورىلارنى چاچقۇزدۇم، ھەر ئون بەش كۈندە بىر قېتىم پۈركۈش ماشىنىسى بىلەن نەشپۈتلەرگە سۇ پۈركۈپ يۇيۇپ تۇردۇم (بۇلار. نى مەن باغۇەنچىلىككە دائىر كىتابلاردىن كۆرگەنىدىم).

شۇنداق قىلىپ 9 ـ ئايغىچە باغدىن چىقماي نەشپۈت پەرۋە. شى بىلەن يۈرۈپ كەسپىي باغۇەنگە ئايلىنىپ قالاي دېدىم. 9ـ ئايغا ئون بولغان كۈنى نەشپۈتلەرنى رەسمىي ئۈزۈشكە كىرىش.

تۇق. مەن يالغۇز كېلىپ قالغاچقا، بەش ـ ئالتە كۈنلۈكچىنى ياللىۋالدىم. تاكى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگە قەدەر ئۈچ قارارغا بۆلۈپ ئاخىر نەشپۈتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۈزۈپ باغقا چىرايلىق تىزىپ دۆۋىلىۋەتتۇق. مۇشۇ چاغقىچە باغنىڭ ئىگىسى بىرەر قېتىم باغقا كىرمىگەنىدى. نەشپۈتنى ئۈزۈپ بولغان كۈنى ئۇ تۇنجى قېتىم باغقا كىرىپ نەشپۈتلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— پاھ ـ پاھ! ئۇكام، بۇ يىل ساڭا خۇدايىم بېرىپتۇ جۇمۇ، رىزقىلىق ئىكەنسەن، ئالدىڭ ئوچۇق ئىكەن. ئۆتكەندە بىر ئاخشام قاتتىق شامال چىقىپ كېتىۋىدى، ئىنىم كۈرەشجانغا زىيان بولىدىغان بولدى، دەپ ئەندىشىگە چۈشۈپ، سەندىن ھال سوراپ كىرەي دەپمۇ كۆرۈشۈشكە پېتىنالمىغانىدىم. مانا بۇگۈن قارىسام نەشپۈتلەر سېرىق ئالتۇندەك دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. شامال قاقمىغان ئوخشىمامدۇ؟

— كۆرمىدىڭىزمۇ، نەچچە باغلام تانا ئارغامچىلارنى سېتىۋې-لىپ نەشپۈت شاخلىرىنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ تارتىپ راسا چىڭ باغلىۋەتكەنىدىم، شۇنچە قاتتىق بورانمۇ ئۇنى لىڭشىتالمىدى، شۇنىڭ بىلەن نەشپۈتلەر قېقىلىپ كېتىشتىن ئامان قالدى.

— ۋۇي راست، مەن بۇنىڭغا دىققەت قىلماپتىمەن تېخى، ئەقلىڭگە ئاپىرىن، ئۇكام!

دېھقان نەشپۈت دۆۋىسىگە قاراپ يەنە سۆزلەپ كەتتى:

— ئۇكاموي، نەشپۈتلەر بەك بولۇپ كەتسە دانىسى كىچىك بولۇپ قالىدىغان، بۇ نەشپۈتلەرنىڭ ھەربىرى ئىككى يۈز گرام-دىن كەم كەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ، سەن قانداق پەرۋىش قىلدىڭ بۇ نەشپۈتلەرنى؟

— پەن ـ تېخنىكىغا تاياندىم، ئاكا.

— ھەي، ئوقۇغان ئادەم دېگەن يەنىلا باشقىچە بولىدىكەن جۇمۇ. ھە راست، نەشپۈتكە خېرىدار ئۇقۇشتۇڭمۇ؟

— ئۇقۇشتۇم، شياڭگاڭلىق بىر نەشپۈت سودىگىرى ھەممى-

سىنى سېتىۋالىدىغان بولدى. ئۇ يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن كېلىدۇ.

— كىلوسىنى نەچچىدىن پۇتۇشتۇڭلار؟

— بىرىنچى دەرىجىلىك نەشپۈتنى بەش سومدىن، ئىككىنچى دەرىجىلىكىنى ئۈچ سومدىن.

— جايىدا پۇتۇشۇپسەن. بۇ نەشپۈتلەردە داغ - چوقۇردېگەن نەرسىلەر كۆرۈنمەيدۇ، شۇ باھاغا يارىغۇچىلىكى بار ئىكەن زادى.

بىر ھەپتىگىچە نەشپۈتلەرنى ئىككى خىل دەرىجە بويىچە قەغەز يەشىكلەرگە قاچىلاپ تەق قىلدۇق. سەككىزىنچى كۈنى شياڭگاڭلىق نەشپۈت سودىگىرى ئۆزئۆن كوزۇپلۇق سەككىز توننىلىق ئاپتوموبىلدىن ئىككىنى ئەكېلىپ نەشپۈتلەرنى باستى-دە، قولۇمغا نەق ئاتمىش مىڭ سومنى تۇتقۇزدى. ماڭىدىغان ۋاقىتتا ئۇ قولۇمنى سىقىپ تۇرۇپ:

— ئەپەندىم، كېلەر يىلى مەن يەنە سىزنىڭ نەشپۈتىڭىزنى ئالىمەن، ماڭا مۇشۇنداق سۈپەتلىك نەشپۈت چىقىرىپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن، مەن قولۇمدىكى تىزىق - تىزىق تۇرغان پۇللارغا قاراپ ھاياجاندىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم، بۇرنۇم ئېچىشقاندەك بولدى، يۈرەك سوقۇشۇم تېزلەشتى، پۇلنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىم بىلىنەرلىك تىترىدى...

مەن شۇ كۈنىلا بۇ باغنىڭ ئىگىسىگە توختام بويىچە ساق ئوتتۇز مىڭ سومنى تاپشۇردۇم. ئۇ كۆزلىرىگە خۇشاللىق ھەم رازىمەنلىك ياشلىرى ئەگىگەن ھالدا قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ دېدى:

— رەھمەت سىزگە، ئۇكام، مەن مۇشۇنچىلىك پۇل قىلالماي يۈرگەن باغنى سىز بىر يىلدىلا ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ مېنى كۆپ رازى قىلدىڭىز. خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر يىلمۇ سىزگە ساتاي، نەرخى يەنە مۇشۇ باھادا بولسۇن. مەنمۇ سىزگە ھەمكار-

لىشىپ پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ باغ باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋالاي.
نەچچە يىلدىن باغۋەنچىلىك تېخنىكىلىرى بېغىڭىزنى تېخنىكىلىق
باشقۇرۇڭ، دېسە قۇلاق سالماي، ئاتا ـ بوۋامىز تېخنىكا ـ
پېخنىكىغا تايانماي باغ باشقۇرۇپ كەپتىكەن، دېگەنىكەنمەن. ئەم-
دى ئىشەندىم، ئۇكام.

— ئەمىسە گېپىمىز گەپ، ئاكا. كېلەر يىلى باغىڭىز هو-
سۇلى تېخىمۇ ياخشى بولۇپ قالسا، سىزگە يەنە بەش مىڭ سوم
قوشۇپ بېرىمەن، — دېدىم مەنمۇ سەمىمىي ئىپادە بىلدۈرۈپ.

بىز دېهقان بىلەن بىرلىشىپ باغنىڭ كۆزلۈك پەرۋىشىنى
تېخىمۇ ياخشى ئىشلىدۇق. كېيىنكى يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ هەر
ئىككىمىز تا كۈزدە نەشپۈتنى ئۈزۈپ بولغۇچە باغدىن نېرى بول-
مىدۇق. باغ ئىگىسىنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ ئۇلارنىڭ هەممىسى
ئۆز ئالدىغا تۇرمۇشلۇق بولغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي تېرىم
يەرلىرى ۋە هۆددە باغلىرىغا ئىشلەپ، دادىسىغا ياردەملىشىشكە
ۋاقتى يەتمەيتتى. بۇ يىلمۇ بۇ باغنىڭ نەشپۈتى شۇنداق بەك
ئوخشاپ كەتكەنىدى. شياڭگاڭلىق سودىگەر يەنە كەلدى. نەشپۈت
هوسۇلى بۇلتۇرقىدىن ئارتۇق چىقىپ، پۇلى يەتمىش مىڭ سومغا
يەتتى. مەن دېهقانغا بەرگەن ۋەدەم بويىچە، ئۇنىڭغا ئوتتۇز بەش
مىڭ سوم پۇل بەردىم. بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئوغۇللىرى كېلەر
يىلىدىن باشلاپ باغنى ئۆزىمىز باشقۇرىمىز، دەپ چىڭ تۇرۇۋال-
دى. دېهقانمۇ بالىلىرىغا يۈز كېلەلمىدى بولغاي، ماڭا ئۆزرە
ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا چىرايلىقچە رەھمەت ئېيتىپ،
ئىككى يىللىق ئەجىر ـ تەرىم سىڭگەن بۇ باغ بىلەن خوشلاشتىم.
بۇ چاغدا، قىزلارنىڭكىدەك يۇمشاق هەم ئاپئاق تۇرىدىغان قولىلى-
رىم قارىداپ يېرىلغان، قاپارچۇقلاپ كەتكەنىدى.

## 2

خىزمەتتىن توختاپ تىجارەت قىلىۋاتقىنىمغا ئۈچ يىل بولۇپ قالدى. مەن ئۆتكەن ئىككى يىلدا نەشرىياتچىلىقتىن تاپقان پۇلۇمنى دەسمايە سېلىپ، شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىنىڭ بىرىدىن خۇرۇم كىيىملىرى تىجارەت دۇكىنى ئېچىۋالدىم. چۈنكى خۇرۇم كىيىملەر يېقىنلا مودا بولۇۋاتاتتى. شۇڭا دۇكىنىمنىڭ سودىسى ئوبدانلا ئېقىپ قالدى. يازلىقى خۇرۇم كىيىملەرنىڭ سودىسى ياخشى بولمىغاچقا، دۇكىنىمغا يازلىق كىيىملەرنى سالدىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دۇكىنىمدا خېرىدار كۈتكەچ ئولتۇرۇپ گېزىت كۆرۈۋېتىپ، «مىڭدىن ئارتۇق ئامېرىكىلىق ئايغا چىقىپ ساياھەت قىلماقچى» دېگەن تېمىدىكى بىر ماقالىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ماقالىنى قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. ماقالىدە دېيىلىشىچە، ئامېرىكىنىڭ لاسۋېگاس شەھىرىدىكى باي كارخانىچى روبېرت بىگورو بەش يۈز مىليون دوللار مەبلەغ سېلىپ، ئايدا ئاسمان جىسىملىرىنى ساياھەت قىلغۇچىلارنى كۈتۈۋالىدىغان تۇنجى مېھمانسارايىنى سېلىش توختامىغا ئىمزا قويغان. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ئالەم بوشلۇقىنى كېزىشكە ھەۋەس قىلىدىغان بىرمۇنچە ئامېرىكىلىق باي ئايغا چىقىپ ساياھەت قىلغان تۇنجى تۇركۇمدىكى ساياھەتچى بولۇش ئۈچۈن بەس - بەستە تىزىمغا ئالدۇرغان. ۋېرگىنىيەدىكى ئاينى ساياھەت قىلغۇچى ئۇچۇشنى پىلانلاش تۇرىنىڭ مەسئۇلى كىرستوفىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، ھازىرغىچە بىر مىڭ ئىككى يۈز ئادەم ئايغا سەپەر قىلىدىغان ئالەم ئايروپىلانىنىڭ يولۇچى بېلىتىنى زاكاز قىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر يۈز قىرىق تۆت كىشى زاكاز قىلغان ئورۇندۇقنى باشقىلارنىڭ تارتىۋالماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەربىرى توقسان سەككىز مىڭ دوللاردىن زاكالەت پۇلى بېرىپ بولغان. مەبلەغ سالغان روبېرت بىگورونىڭ ئېيتىد-

شىچە، ئۇ ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان كارخانىچى ئىكەن. ئايغا مېھمانساراي سېلىش ئۇنىڭ غايەت زور مەبلەغ سېلىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر قېتىملىق تەۋەككۇلچىلىكى ئىكەن. ئۇ، ئايدىكى مېھمانسارايىنىڭ ئۆزى ھايات چاغدا جەزمەن پۇتۇشىگە ھەم تىجارىتىنىڭ ئېچىلىشىغا، شۇ سەۋەبتىن ئۆز نامىنىڭ تارىخقا يېزىلىشىغا قەتئىي ئىشىنىدىكەن.

لوس ئانژېلېستىكى «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، بۇ خەتەرلىك ئالەم ساياھىتى پىلانى 2001 - يىلىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدىكەن. مۆلچەرلىنىشىچە، ئايدىكى ساياھەت مەركىزى 2007 - يىلى پۈتىدىكەن. شۇ چاغقا بارغاندا، ئالەم ئايروپىلانى بېلىتىنى زاكاز قىلغان ساياھەتچىلەر ئاينى تۇنجى تۇركۇمدە ساياھەت قىلىدىكەن. ھەربىر ساياھەتچىنىڭ خىراجىتى دەسلەپكى قەدەمدە ئون مىليون دوللار قىلىپ بېكىتىلىپتۇ.

«مانا كارامەت!» دېدىم ئۆز ئىچىمدە ئامېرىكىلىقلارغا قايىل بولۇپ، بىزگە ئوخشاشلار يەر شارىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۇششاق تىجارەت بىلەن جېنىمىزنى ئاران بېقىپ كېتىۋاتساق، ئامېرىكىلىقلار يەر شارىدىن ھالقىپ ئاي شارىدا ساياھەت قىلىشقا يۈرۈش قىلىپتۇ. مۇھىمى روبېرت بىگورودەك بىر كارخانىچىنىڭ تەۋەككۇل دەرياسىغا ئات سېلىپ، ئەقىل - ھوشى بىلەن يىراقنى كۆرۈپ ئاي شارىدا مېھمانساراي قۇرۇش ئۈچۈن ساياھەتچىلىككە زور دەرىجىدە مەبلەغ سالغانلىقى ھەرقانداق ئادەمنى قايىل قىلماي تۇرالمايدۇ.

ئەنە شۇ ماتېرىيالدىكى «ساياھەتچىلىك» دېگەن بىر سۆز مېنىڭ كاللامغا چوڭقۇر ئورناپ قالدى. «بىزمۇ ئۆز يۇرتىمىزدا ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرساق بولىدىغۇ» دەپ ئويلىدىم. چۈنكى بۇ بىز ئۈچۈن يېڭى بىر كەسىپ ئىدى. «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دەپتىكەن، مەن گەرچە روبېرت بىگورو بولالمىساممۇ، ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئادەم، ئىسمىم

كۆرەش. مەن چوقۇم ھاياتلىقتىكى مۇشەققەتلەر بىلەن كۆرەش قىلىشىم، كۆڭلۈمگە پۈككەن غايىلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇم كېرەك. ياق، مەنمۇ داڭلىق كارخانىچى بولىمەن!

مەن ئاۋۋال كۆڭلۈمگە پۈتكەن پىلانىم بويىچە شەھەرنىڭ غەربىگە ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى دەريا بويىغا جايلاشقان «تاللىق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تەبىئىي مەنزىرىلىك توقايلىققا باردىم. پۈتۈنلەي سۆگەت تاللىرى بىلەن قاپلانغان بۇ توقايلىق ئەللىك مو كېلەتتى. بۇ يەردىكى تالزارلىق بىر كۆجۇم بوستانلىقنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئاستى ياپيېشىل تەبىئىي چىملىق ئىدى. تاللىقنىڭ يېنىدا بۇ يۇرتنىڭ ئانا دەرياسى يېنىك ئۆركەشلىگىنىچە غەرب تامان ئېقىپ تۇراتتى. ھەرخىل قۇشلار تاللىقنى ماكان تۇتقانىدى.

مەن ئىچىمدە نۇرغۇن چوت سوقۇپ، بۇ يەرنىڭ بىر كىچىك ساياھەتچىلىك رايونى قۇرۇشقا تازا باب كېلىدىغانلىقىنى پەم ئەتتىم ـ دە، زور ئۈمىد بىلەن شەھەرگە قايتتىم.

ئۆيگە كېلىپلا، بۇ جايدا ساياھەتچىلىك رايونى قۇرۇش ھەققىدە كېلىشتۈرۈپ بىر پارچە ئىلتىماس يازدىم، ئىلتىماستا پىلانلىرىمنى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويدۇم.

ئەتىسى ئىلتىماسنى ئېلىپ شەھەر باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا باردىم. ئۇ ئىلتىماسنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، مېنى قوللايدىغانلىقىنى، ئەمما بۇ ئىشنى مۇزاكىرىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن تەستىقلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە ئىلتىماسىم تەستىقلاندى. مەن تەستىق سېلىنغان ئىلتىماسنى كۆتۈرۈپ شەھەرلىك ساياھەتچىلىك ئىدارىسىگە باردىم. بۇ ئىدارىنىڭ مەسئۇلىمۇ مېنى قوللاپ، تەستىق سېلىپ بەردى. مەن تەستىقنامىلەرنى ئېلىپ سودا ـ سانائەت بانكىسىغا قەرز ئېلىشقا باردىم.

«قولنى كەسمىگۈچە قان چىقمايدۇ» دېگەندەك، بانكىدىكى-

لەر ئۆچۈن خېلى كۆپ بەدەل تۆلەش ھېسابىغا ئىككى يۈز مىڭ سوم قەرز ئالدىم. قەرزنىڭ مۆھلىتى بەش يىل قىلىپ بېكىتىلگەندى، بۇ بەك قىسقا ۋاقىت بولسىمۇ، مەن ئۇلارنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن مۆھلىتىگە ماقۇل بولدۇم.

قەرز پۇل ھەل بولۇشى بىلەنلا بىر تۈركۈم خەلق ئىشچىلىرىنى ياللىۋېلىپ، ھېلىقى تاللىقتا ساياھەتچىلىك ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتىم...

يېرىم يىل ئىچىدە بۇ تاللىقتا لاپاستىن ياسالغان كىچىك-كىچىك ئارامگاھلاردىن ئەللىكى، چوڭ بىر ئاشخانا، ئۈستى لاپاسلىق دالا تانسىخانىسى، بىر يۈرۈش كارائوكلۇق تېلېۋىزور، ئېلېكترونلۇق چالغۇ ۋە بىر يۈرۈش مىللىيچە مۇزىكا ئەسۋابلىرى بارلىققا كەلدى. تاللىق ساياھەت رايونىغا كىرىدىغان قوش مۇنارلىق كىرىش ئېغىزدىن بىرنى ياساتتىم ۋە بۇ يەردە ساياھەتچىلەرگە كىرىش بېلىتى ساتىدىغان مەخسۇس بىر ئادەمنى خىزمەتكە قويدۇم.

شۇنداق قىلىپ باھارنىڭ ئاخىرقى ئېيىدىن باشلاپلا بۇ ئادىي ساياھەت رايونىغا ساياھەتچىلەر قەدەم تەشرىپ قىلىشقا باشلىدى. گېزىت - تېلېۋىزورلاردا بەرگەن ئېلاننىڭ تەسىرىمۇ ياكى بىزنىڭ زاماندىشلىرىمىز چەت ئەللىكلەردەك ساياھەت قىلىشنى، تەبىئەتتىن ھوزۇر ئېلىشنى ئۆگىنىۋالدىمۇ، ئىشقىلىپ، كۈندىن - كۈنگە ساياھەتچىلەرنىڭ سانى كۆپىيىپ، ئاخىر بۇ كىچىك ساياھەت رايونىغا ئادەم پاتماس بولۇپ كەتتى.

ئاشخانىدا خىزمەتكە قويغان ئۇستىلاردىن تارتىپ كۈتكۈچى قىزلارغىچە ئەتىگەندىن كەچكىچە دەم ئالغۇدەك ۋاقىتمۇ چىقىرالماس بولۇپ قالدى. بۇ يەردىكى ساپ ھاۋا، خالىغانچە سۈغا چۆمۈلىدىغان ئەزىم دەريا ساياھەتچىلەرنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىۋەتكەنمۇ قانداق، ئاشخانىمىزدا ئېتىلىدىغان پولۇ، لەڭمەن، ئۈگرە، چۆچۈرە، قورداق، بەررەكاۋاپلار، سامسا، گۆشگىردىلەر ئۈلگۈرمەيلا قالىدىغان بولدى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مېنىڭ بۇ ساياھەتچىلىك ئورنۇمدا بۇرۇنقى خىزمەتدىشىم سالى پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ-لا يىغلاپ كەتتى.

— نېمىشقا يىغلايسىز؟ — دەپ سورىدىم ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالماي.

ئۇ خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئېسەدەشتىن توختىمىدى. مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەچ ئالدىغا كاۋاپ ۋە ئۇگرە ئاش كەلتۈردۈم. ئۇ ئاخىر يىغىدىن توختاپ ماڭا بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىز زاۋۇتتىن يېزىمىزغا قايتىپ كېلىپ ئاتا - ئانىمىزنىڭ يېرىگە تېرىقچىلىق قىلىپ كۈنىمىزنى ناھايىتى قىيىندا ئۆتكۈزۈشكە باشلىدۇق. ئۇنى - بۇنى قىلىپ سىزدىن ئايرىلغىلى-مۇ تۆت يىل بولۇپ قاپتۇ. يېزىدا كۆرگەن كۈنلىرىمنى سىزگە دادلاپ يۈرگۈم يوق. لېكىن بىز بۇ تۆت يىلغا يېقىن جەرياندا سىزنى بىر كۈنمۇ ئېسىمىزدىن چىقارمىدۇق. سىزنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى دائىم تىلغا ئالىمىز، مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن. گەپنىڭ نەق ئۆزىنى دېسەم، ھېلىقى دانىيار دېگەن قانخور لۈكچەكنى تۈرمىدىن مۇددەتتىن يېرىم يىل بۇرۇن قويۇپ بېرىپتىكەن. بىر كۈنى مەن ئاغرىقچان دادام بىلەن ئانامنى دوخ-تۇرغا ئاپىرىمەن دەپ شەھەرگە كىرىپ، يېرىم كېچىدە ئاران قايتىپ كەلدىم. ئۆيگە كىرسەم ئايالىم كارىۋات ئۈستىدە يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە قانغا مىلىنىپ يېتىپتۇ. مەن خۇددى ساراڭدەك تۇۋلىغىنىمچە ئايالىمغا ئـۆزۈمنى ئاتتىم... كېيىن خـۇدۇمنى يىغىپ قارىسام ئايالىم ئاللىبۇرۇن ئۆلگەنىكەن. مەن دەرھال يېزىلىق ساقچىخانىغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدىم. ساقچىلار كېلىپ نەق مەيداننى بىر قۇر تەكشۈرگەندىن كېيىن، مەندىن: «سىزنىڭ ياكى ئايالىڭىزنىڭ بىرەر ئادەم بىلەن ئۆچ - ئاداۋىتىڭىز-لار بارمىدى؟» دەپ سورىدى. شۇئان دانىيار ئېسىمگە كەلدى،

مەن ئۇنىڭ بۇرۇن ئايالىم بىلەن بولغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردىم. ئارىدىن بىر ساقچى نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك: «توغرا، نەچچە كۈن ئىلگىرىلا دانىيارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىپتىكەن. مەن ئۇنى تونۇيمەن، بۇ قاتىللىق دېلوسى چوقۇم شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ پۈتۈن بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. ساقچىلار مېنىڭ ئايالىمنى قانۇن دوختۇرىغا تەكشۈرتىمىز دەپ ماشىنىسىغا سېلىپ ئەكەتتى. ئەتىسى مېنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن چاقىرتتى، بارسام بىر قانۇن دوختۇرى ئايالىمنىڭ يۈرەك قىسمىغا پىچاق تىقىلىپ ئۆلگەنلىكىنى، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مەن ئاخىر بۇنداق خورلۇققا چىدىيالماي، دانىيارنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ سىرتقا قاراپ ئېتىلدىم. ئەمما ساقچىلار مېنى تۇتۇۋالدى ھەم دانىيارنىڭ كېچىدىن ئۆز ئۆيىدە قولغا ئېلىنغانلىقىنى، ھازىر ئۇنىڭ سوراقخانىدا سوراق قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن يېرىم كۈن ساقلىدىم. ساقچىلار ئاخىر دانىيارنى ئىقرار قىلدۇرۇپتۇ. ئۇ ئايالىم ھەم مەندىن قىساس ئالماقچى بولۇپ يېرىم كېچىدە ئۆيىمىزگە باستۇرۇپ كىرىپ ئايالىم بىلەن خېلى ئۇزاق ئېلىشىپ ئاخىر ئۇنى پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، ئاندىن تۆپىلەپ ئۇنىڭغا باسقۇنچىلىق قىلىپ بولۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ تېخى ئەيمەنمەستىن ساقچىلارغا: «مەن سالى ئەر - خوتۇن ۋە كۆرەش دېگەن يەنە بىر قىلتاقچىنىڭ كاساپىتىدىن تۈرمىگە كىرىپ قالغان، شۇڭا ئۇچىلىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچىدىم، لېكىن ئىككىسىدىن قىساس ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم» دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن دانىيارغا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. ئۇنىڭ دادىسى داۋۇتمۇ زاۋۇتنىڭ نۇرغۇن پۇلىغا خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ھازىر قاماقتا. مەن ئېغىر قايغۇدا يۈرسەم، يېقىندا تېلېۋىزوردا سىز-

نىڭ مۇشۇ ساياھەت رايونىنى قۇرغانلىقىڭىز ھەققىدە ئېلان بېرىلـ‌دى. ئېلاننى كۆرۈپ، بۇ چوقۇم سىز دەپ ئويلاپ، ئاخىر ئالدىڭىزغا ئىزدەپ كەلدىم. مەقسىتىم، مېنى مۇشۇ يەرگە ئىشقا ئالغان بولسىڭىز، سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى قايتۇرغاچ بۇ يەردە ئىشلەپ قالسام.

مەن سالىنىڭ تەلىپىنى شۇئان قوبۇل قىلدىم. ئۇنى يۇقىرى مائاش بىلەن ساياھەتچىلىك شىركىتىمنىڭ زاپخوزلۇقىغا تەيىنلىـ‌دىم. بۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان بىردىنبىر ھېسداشلىقىم ئىدى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە، ساياھەت رايونۇمنىڭ تاپاۋىـ‌تىدىن كىرگەن كىرىم بىلەن بانكىدىن ئالغان قەرزنى ئۆسۈمى بىلەن مۇددەتتىن ئۇچ يىل بۇرۇن تۆلىۋەتتىم. كېيىنكى ئىككى يىلدا يەنە ئىككى يۈز مىڭ سومدىن ئارتۇق ساپ پايدىغا ئېرىشتىم.

ساياھەتچىلىك شىركىتىم بەشىنچى يىلىغا قەدەم قويغاندا، مەندە بۇ ساياھەتچىلىك رايونىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ قۇرۇپ، دەرـ‌ياغا ماتورلۇق كېمىدىن بىرقانچىنى سېلىش، بىليارتخانا ئېـ‌چىش، ساياھەت رايونۇمنىڭ غەربىدىكى دەرياغا تۇتاش كەتكەن دەل ـ دەرەخسىز توقايلىقتا بىر بېلىق كۆلى بەرپا قىلىش خىيالى پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن پۇختا تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، ساياھەتچىلىك ئورنىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى سالىغا تاپـ‌شۇرۇپ، ئايروپىلان بىلەن گۇاڭجۇغا قاراپ ئۇچتۇم. گۇاڭجۇدا ماتورلۇق ساياھەت كېمىسىنىڭ ئەرزانلىقىنى ئۇچۇر ئىگىلەپ يۈرۈپ بىلىۋالغانىدىم. ئىگىلىشىمچە، بەشتىن ئارتۇق ماتورلۇق كېمە سېتىۋالغۇچىلارغا كېمە شىركىتى كېمىنى ھەقسىز يەتكۈـ‌زۈپ بېرىدىكەن. مەن ئاۋۋال بۇ ئىشنى مەن بىلەن قەدىناس بولۇپ قالغان بانكا باشلىقلىرىغا ئېيتقىنىمدا، ئۇلار ماڭا قانچىـ‌لىك قەرز پۇل لازىم بولسا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. چۈنكى مەن ھازىر شەھەردىكى داڭلىق ياش كارخانىچى، بانكىنىڭمۇ

ئىشەنچلىك مۇئامىلىدارىغا ئايلىنىپ قالغانىدىم. شۇڭا بانكا يېتەرلىك پۇلنى مېنىڭ ھېساباتىمغا كىرگۈزۈپ گۇاڭجۇدىكى بىر بانكىغا ئاغدۇرۇپ بەرگەنىدى. مەن مۇشۇنداق قەرزگە تايانمىسام، دەسمايەم يېتىشمەيتتى، ئەلۋەتتە.

بىز ئولتۇرغان ئايروپىلان ئىككى سائەتچە ئۇچقاندىن كېيىن، تۇساتتىن ئايروپىلان كانىيىدىن: «يولۇچىلار دىققەت، يولۇچىلار دىققەت، ھازىر ھاۋا تۇتۇلۇپ سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. شۇڭا ئايروپىلاننىڭ سۈرئىتى ئاستىلىتىلىدۇ، بىخەتەرلىك كەمىرىنى پۇختا باغلىۋالغايسىزلەر» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەتراپتىكىلەر سەل جىددىيلەشتى، مېنىڭمۇ بۇ تۇنجى قېتىم ئايروپىلانغا ئولتۇرۇشۇم بولغاچقا، ئۇلاردىن بەكرەك جىددىيلىشىپ بىخەتەرلىك كەمىرىنى شۇئان پۇختا باغلىۋالدىم.

يېنىمدا ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرغان يەنە بىر سەپەردىشىم بولۇپ، ئۇ گۈلنار ئىسىملىك، يىگىرمە بىر ياشلاردىكى قىز ئىدى. بىز ئۈرۈمچى ئايروپورتىدا ئايروپىلانغا چىقىشىۋېتىپ تونۇشۇپ قالغاندۇق. ئۇ يۈزى سوزۇنچاقراق، قوشما قاش، جادۇ كۆز، كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، ئۆڭى مەرمەردەك ئاپئاق قىز بولۇپ، ئۇنىڭ يەلكىسىگە چۈشكەن قاپقارا چاچلىرى، ئىنچىكە قىرلىق بۇرنى، ئويماقتەك لەۋلىرى شۇنداقلا ھەربىر قاراشتا ئادەمگە «سۆزلەپ» تۇرىدىغان قاپقارا جادۇ كۆزلىرى مېنى جەلپ قىلىۋالغانىدى. شۇڭا مەن ئۇ قىزغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۆزلەپ ھەم ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈرۈمچىلىك ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلىۋالغانىدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇن سەككىز ياشقا كىرگەن بىر سىڭلىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن تۇيۇقسىز يوقىلىپ كېتىپ، يېقىندا، گۇاڭجۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىدىن بىر پارچە جىددىي ئۇقتۇرۇش كەلگەنلىكى، ئۇقتۇرۇشتا، سىڭلىسىنىڭ ئادەم

سودىگەرلىرى تەرىپىدىن گۇاڭجۇغا ئالداپ ئەكېتىلىپ باشقىلارغا سېتىۋېتىلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇ يەردىكى بىر مەخپىي پاھىشىخانىدا بىر يىلغا يېقىن پاھىشىلىككە سېلىنغانلىقى، كېيىن قىزنىڭ ئۇ يەردىن تەستە چىقىپ قانۇن ئورگانلىرىغا ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى مەلۇم قىلغانلىقى، شۇڭا قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دەرھال گۇاڭجۇغا كېلىپ قىزىنى ئەكېتىشى يېزىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى ھەمدە دادىسىنىڭ ئون بەش كۈن ئىلگىرى گۇاڭجۇغا كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆز قىزىنى تاپقانلىقىنى، ئەمما كوچىدا ھەمياندىكى پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ئوغرىغا بېرىپ قويۇپ، ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى، شۇڭا گۇلنارنىڭ نەچچە مىڭ سوم پۇل ئېلىپ گۇاڭجۇغا دەرھال كېلىشىنى جىكىلەپ تېلېفون قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ شۇ ئىش بىلەن گۇاڭجۇغا كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدى. مەن ئۇنىڭغا گۇاڭجۇغا بارغاندا دادىسىنى ئىزدەپ تېپىشىپ بېرىدىغانلىقىم ھەققىدە ۋەدە بېرىپمۇ ئۈلگۈرگەنىدىم. ئۇ مەندىن قەۋەتلا خۇش بولۇپ، «سىزنى ماڭا خۇدايىم ئۇچراشتۇردى» دېگەنىدى.

مانا ئەمدى بىز ئايروپىلان كانىيىدىن ئاڭلانغان بايىقى يېقىمسىز مەزمۇندىكى سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۆزئارا سىردىشىشتىن شىپپىدە توختاپ، بىر ـ بىرىمىزگە ئەنسىز بىر كەيپىيات ئىچىدە قاراپ ئولتۇراتتۇق. ئايروپىلان كانىيىدىن يەنە ئادەمنى شۈركۈندۈرىدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

— يولۇچىلار، دىققەت، ھازىر سىرتتا قاتتىق گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر يېغىۋاتىدۇ، چاقماقنىڭ چېقىلىشىمۇ ناھايىتى دەھشەتلىك بولۇۋاتىدۇ، گەرچە ھازىر كۈندۈز بولسىمۇ ھاۋانى بىر خىل قارا تۇمان قاپلاپ كەتتى. بىزنىڭ قوماندانلىق سۇپىسى بىلەن بولغان ئالاقىمىزمۇ ئۈشتۈمتۇت ئۈزۈلۈپ قالدى، بىز ھاۋا يولىمىزدىن چەتنەپ كەتكەندەك قىلىمىز. شۇڭا بىز دەرھال مۇشۇ ئەتراپقا يېقىن بىرەر ئايروپورت بىلەن ئالاقىلىشىشنى ئوي-

لىشىۋاتىمىز. يولۇچىلارنىڭ كۆپ ئەندىشە قىلماي بىزگە ماسلى-
شىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىزگە ئىشىنىڭلار، چوقۇم
بىخەتەر بولىدۇ.

— باشقا بىر ئايروپورتقا قوندۇق دەپ دېگىنىزغا چۈشۈپ
كەتسەك ياكى بىرەر تاغقا ئۇسۇۋالساقچۇ؟ — دېدى گۈلنار ئايرو-
پىلان بۆلمىسىدىكى كانايغا دوق قىلىۋاتقاندەك ئۇنىڭدىن كۆزىنى
ئۈزمەي.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى تەمكىن
تۇتۇشقا تىرىشىپ، — قانداقلا بولمىسۇن بىرەر ئايروپورتقا قونۇ-
ۋېلىشقا مۇمكىن بولىدۇ.

قىز ئىختىيارسىز مېنىڭ بىر بىلىكىمنى چىڭ تۇتۇۋالدى،
مەنمۇ ئۇنىڭ پاختىدەك يۇمشاق قولىنى چىڭ سىقىپ، ئۇنىڭغا
روھىي مەدەت بەرمەكچى بولدۇم. ئۇنىڭ قولى چوغدەك قىزىق
ئىدى.

بىر چاغدا ئايروپىلان ئېگىز - پەس چايقىلىپ بەش - ئون
مىنۇتلارچە ماڭغاندىن كېيىن ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشى نورماللاش-
تى. بىز چۈشكەن ئايروپىلان يامغۇرلۇق ھاۋا بوشلۇقىدىن ئو-
چۇق ھاۋاغا بىخەتەر ئۆتۈپ، ئايروپىلان سىلىق، بىر خىل ئۇچۇ-
ۋاتاتتى، مەن ھەدەپ گۈلنارغا سۆزلەيتتىم.

مەن سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ تۇرۇشۇمغا، چىرايلىق بىر
كۇتكۇچى قىز ئالدىمىزغا كېلىپ ئەدەپ بىلەن سالام قىلغاندىن
كېيىن دېدى:

— ئايروپىلانىمىزدا سىلەر ئىككىڭلارلا ئۇيغۇر ئىكەنسىلەر،
شۇڭا سىلەرگە مۇسۇلمانچە پېچىنە، بولكا ئەكەلدىم. مۇسۇلمانچە
باشقا يېمەكلىكلەرمۇ يوق ئىكەن، بىزنى كەچۈرگەيسىلەر. مانا
بۇ قۇتىدىكىسى سوۋۇتۇلغان قايناق سۇ.

مەن سائىتىمگە قارىسام چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغا-
نىدى. گۈلنار بىلەن ئىككىمىز ئالدىرىماي تاماقلىنىشقا

باشلىدۇق. گۈلنارنىڭ چىرايىغا قارىسام، يەنىلا غەم بۇلۇتلىرى قاپلىۋاپتۇ.

— گۈلنار، تولا غەم يېمەڭ. دېسەم - دېمىسەم سىڭلىڭىزنىڭ قايغۇسىدا ئازابلىنىۋاتىسىز. قانداقلا بولمىسۇن سىڭلىڭىز تېپىلىپتۇ، ساق - سالامەت ئىكەن. ئەمدى ئۇنى يۇرتقا قايتۇرۇپ ئەكېلىۋالساڭلارلا خاتىرجەم بولىسىلەر، — دېدىم ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن ئاھاڭدا.

— مەن ئۇنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن.

— ئەنسىرىمەڭ، ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ئالدانغان قىز، ھەرگىزمۇ ئۆزى خالاپ ئۇ يەرگە قېچىپ كەتكەن ئەمەس. ھازىر جەمئىيەتتە سىڭلىڭىزدەك قىسمەتكە دۇچار بولۇپ ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن خوتۇن - قىزلىرىمىزمۇ خېلى بار. ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا سىلەر خۇشال بولساڭلار بولىدۇ.

— ھازىرقى ئادەملەر نېمانچە رەھىمسىز، شەپقەتسىز بولۇپ كەتكەندۇر؛ ئاشۇنداق ئالدامچىلارنىڭمۇ ئانىلىرى، ئاچا - سىڭىللىرى باردۇر، ئەگەر شۇلارنىڭ ئاچا - سىڭىللىرىمۇ باشقا ئادەم سودىگەرلىرى تەرىپىدىن ئالداپ سېتىۋېتىلسە ئۇلار چىدارمۇ؟!

— بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئادەمنى ئالداپ سېتىش جىنايىتى دۇنيادىكى باشقا ئەللەرگە سېلىشتۇرغاندا يېنىكرەكمىكىن دەيمەن، — دەپ گەپ باشلىدىم ئۇنى ئازابلىق خىياللىرىدىن بىردەم بولسىمۇ چالغىتىش مەقسىتىدە، — بىلىشىمچە، ھازىر دۇنيادا ئاياللار ۋە بالىلارنى ئالداپ سېتىش جىنايىتى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان ئاپەت خاراكتېرلىك مەسىلە بولۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، دۇنيادا ھەر يىلى ئالداپ سېتىۋېتىلىدىغان ئاياللار ۋە بالىلار بىر مىليوندىن ئېشىپ كېتىدىكەن. بۇنىڭ يىللىق پايدىسى بولسا نەچچە يۈز مىليون دوللارغا يېتىپ، تەشكىللىك جىنايى ھەرىكەتلەر ئىچىدىكى زەھەر سېتىش

ۋە قورال - ياراغ ئەتكەسچىلىكىدىن قالسا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادا ھەريىلى ئىككى - ئۈچ يۈز مىڭ ئايال ۋە بالا ئادەم ئېلىپ - ساتقۇچىلار تەرىپىدىن سېتىۋېتىلىدىكەن. ھەربىر كىشىنىڭ سېتىلىش باھاسى ئالتە مىڭ دوللاردىن ئون مىڭ دوللارغىچە بولىدىكەن. مۆلچەرلىنىشىچە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھەريىلى ئالداپ سېتىۋېتىلىدىغان ئايالالار بىر يۈز ئەللىك مىڭدىن ئىككى يۈز مىڭغىچە، سېتىلىش باھاسى ئون بەش مىڭدىن ئوتتۇز مىڭ رۇبلىغىچە بولغان. ئايالالار ۋە بالىلارنى ئالداپ سېتىش جىنايىتىنىڭ بۇ دەرىجىدە يامراپ كېتىشىدىكى سەۋەب، بۇ خىل ئالدامچىلىقتا كۆپ دەسمايە كەتمەيدۇ، بۇ خىلدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە بېرىلىدىغان جازامۇ نىسبەتەن يېنىك. شۇڭا، ھەربىر ئاتا - ئانا بولغۇچىنىڭ يەنىلا ئۆز پەرزەنتلىرىگە بولغان ئەخلاقىي، ئەقلىي تەربىيىنى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىگە، پەرزەنتلەرگە قاتتىق مەسئۇلىيەتچان بولۇشىغا توغرا كېلىدۇ.

مەن سۆزدىن توختاپ گۈلنارغا زەن سېلىپ قارىدىم. ئۇنىڭ جادۇ كۆزلىرىدە قانداقتۇر غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ئەلەڭگىپ قالغانىدى.

بىز گۇاڭجۇغا كەلگەن كۈنىلا ئادرېس بويىچە گۈلنارنىڭ دادىسى بىلەن سىڭلىسىنى تاپتۇق. ئۇنىڭ سىڭلىسى ئورۇقلاپ قوناق شېخىغىلا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ئاچىسىنىڭكىگە ئوخشايدىغان كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ، قارىچۇقلىرى پىلدىرلاپ قالغانىدى. مەن ئۇلارغا ياردەم ھېسابىدا ئىككى مىڭ سوم پۇلنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي قولىغا تۇتقۇزدۇم - دە، ئۇلار بىلەن خوشلاشتىم. گۈلنار مېنى ئۇزاتقىلى چىقىپ ماڭا شۇنداق دېدى:

— كۈرەش ئاكا، مەن يەنە بىر يىلدىن كېيىن مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، سىزنىڭ شىركىتىڭىزگە بېرىپ ئىشلەيمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم، قوبۇل قىلامسىز؟

— ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىمەن. ماڭا سىزگە ئوخشاش قىز، ھە ياق، سىزدەك كەسپتە ئوقۇغان ئادەم كېرەك. بۇنى مەنمۇ يولدا كېلىۋېتىپ ئويلىغان، لېكىن كۆڭلىڭىز پاراكەندە بولغاچقا ئۇنى ئېيتىشقا تىلىم بارمىغانىدى.

قىز گەپلىرىمنى ئاڭلاپ ۋىللىدە قىزىرىپ يەرگە قارىدى ـ دە، باشقىچىلا يېقىملىق بىر ئاۋازدا دېدى:

— ئەمىسە كېلەر يىلى چوقۇم بارىمەن، خوش...

ئۇ شۇ سۆزنى قىلىپ كۆزۈمگە لەپپىدە بىر قاراپ قويدى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپلا سىڭلىسى بار ياتاققا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئاشۇ بىر لەھزە سېھىرلىك قارىشىغا قانداقتۇر يوشۇرۇن سىر سىڭىپ كەتكەندەك قىلاتتى، ۋۇجۇدۇم مەۋھۇم بىر كۈچنىڭ تەسىرىدە يېنىك جۇغۇلداپ كەتتى.

«مەن سىزنى كۈتىمەن» دەپ پىچىرلىدىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قىيمىغان ھالەتتە قارىغىنىمچە.

مەن ئايروپىلاندا كەلگۈچە ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ تېخى ئۆيلەنمىگەنلىكىنىمۇ بىلدۈرۈپ قويغانىدىم. چۈنكى بۇ قىز بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن يۈرىكىم باشقىچە رىتىمدا سوقۇشقا باشلىغانىدى...

مەن گۇاڭجۇدىكى ئىشلىرىمنى بىر ھەپتىدە تۈگىتىپ، يەنە ئايروپىلان بىلەن يۇرتۇمغا قايتىپ كەلدىم. ئارىدىن يىگىرمە نەچچە كۈن ئۆتكەندە، بەش دانە يېپيېڭى ماتورلۇق ساياھەت كېمىسىمۇ يېتىپ كەلدى.

ئادەملەر ھەرقانداق نەرسىنىڭ يېڭىسىغا قىزىقىدۇ. ساياھەت رايونۇمدا ئىلگىرى يوق بولغان بۇ ماتورلۇق كېمىلەر دەرياغا سېلىنىۋىدى، ساياھەتچىلەر ئۇنىڭغا يېپىشىپلا قالدى. تەلىيىمگە دەريا سۈيى ناھايىتى ئاستا ئاقىدىغان بولغاچقا، ماتورلۇق كېمە سۇنىڭ ئېقىشىغا ياكى قارشىسىغا بولسۇن ناھايىتى بىخەتەر يۈرەلەيتتى.

سودام شۇنچە ئۇبدان يۇرۇشۇۋاتقان بولسىمۇ بىرلا ئىش كۆڭلۇمنى غەش قىلاتتى: شەھىرىمىزگە يۇقىرى - تۆۋەندىن كەلگەن تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى، شەھەرنىڭ ھەردەرىجىلىك رەھ- بەرلىرى، ئىدارە باشلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، بالا - چاقىلىرى بۇ يەرگە كېلىپ ھەقسىز ساياھەت قىلاتتى، تامىقىمۇ ھەقسىز ئىدى. بۇنداق ھەقسىز يەپ - ئويناشلار يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ، مېنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىمگە ئۇبدانلا تەسىر كۆرسەتتى. مەن ئۇلارغا يېرىم باھادا بولسىمۇ ھەق تۆلە- شىنى ئېيتقىنىمدا، ئۇلارنىڭ بىرلىرى: «بىز خىزمەت تەكشۈ- رۈشكە كەلگەنلەر، شەھەردىن بىزنى قانداق ئورۇنلاشتۇرسا شۇ بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بارىمىز. شەھەردىن بىزنى بۇ رايوندا ھەقسىز ساياھەت قىلىسىلەر، دەپ تونۇشتۇرۇش يېزىپ بەرگەن، مانا كۆرۈپ بېقىڭ» دەپ ماڭا «تونۇشتۇرۇش»لىرىنى كۆرسەت- سە، بىرلىرى: «بىز دېگەن پۇستانى باشلىقىنىڭ...، بىز دېگەن پوكۇنى جۇيجاڭنىڭ بالا - چاقىلىرى ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى» دەپ، مېنى تەڭلىكتە قوياتتى.

مەن شەھەر رەھبەرلىرىگە بۇ ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىپ، مېنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن روناق تېپىشىمدا ئۇبدانلا «قىزىل رەقەم» كۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى ئېيتقىنىمدا، ئۇلار مۇرەمگە پەپىلەپ تۇرۇپ: «يولداش كۇرەش، سىز دەسلەپتە بۇ ئىشنى باشلىغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بىز سىزنى قوللاپ، مەدەت بېرىپ كې- لىۋاتىمىز، ئەمدى ئالدىڭىزدا بىزنىڭ شۇنچىلىكمۇ يۈزىمىز بولمامدۇ؟!» دەپ مېنىڭ ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ قوياتتى. بۇنىڭ- سىزمۇ يەنە مېنىڭ ئالدىمغا: «پۇستانى مەكتەپكە ياردەم قىلغان بولسىڭىز، پارتا - ئورۇندۇقلىرىمىز كونىراپ كەتتى؛ پوكۇنى مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىنى سېمونتلاپ بەرگەن بولسىڭىز؛ ئۆزىڭىز ئوقۇغان ئانا مەكتىپىڭىزگە بىرنەچچە تونna كۆمۈر چۈ- شۈرۈپ بەرگەن بولسىڭىز؛ پۇستانى يېزىنىڭ پوكۇنى كەنتىدىكى

مانچه نامرات دېھقان ئائىلىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇ-
چۇن ھۆددىگە ئالغان بولسىڭىز؛ مەسچىتلەرگىمۇ يارده‌م
قىلغان بولسىڭىز...» دېگەندەك تەلەپكارلار دائىملا كېلىۋالاتتى.
مەن ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرمىدىم ئەمەس، تەكرار - تەكرار
قاندۇردۇم، «بېيىغاندا باشقىلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىق» دېگەن بۇ
ئىبارىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزلۈكىمدىنمۇ كۆپ قېتىم جەمئىيەتكە
سېخىي قولۇمنى يايدىم. لېكىن، بىر سېغىن ئىنەكنىڭمۇ سۈتى
چەكلىك بولىدۇ - دە، ھەممىلا ئادەم سېغىۋەرسە ئىنەك نېمە
بولماقچى؟ تېخى بۇمۇ ئازلىق قىلغاندەك، ئاخبارات - ژۇرنال
تەھرىر بۆلۈملىرىدىن كېلىدىغان مۇخبىرلارنىڭ «سىزنى گېزىت-
كە ياكى ژۇرنالغا تونۇشتۇرۇپ يازساق، مانچە مىڭ سوم بەرسى-
ڭىز، تېلېۋىزوردا مەخسۇس پروگراما قىلىپ ئىشلىسەك...»
دېگەندەك تەلەپلىرىمۇ ماڭا دائىملىق مېھمىنىمدەكلا بىر ئىش
بولۇپ قالدى. مەن ئۇلارنىمۇ ئاساسەن قۇرۇق قايتۇرمىدىم،
ئەمما ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۆزۈمنى تەشۋىق قىلدۇرۇشقا قىزىقمىدىم
ھەم قوشۇلمىدىم. بۇنىڭسىزمۇ مەن خېلى داڭلىق ئاخبارات
شەخسكە ئايلىنىپ قالغان تۇرسام. مېنىڭ نامىم چىققانسېرى
مېنى ئىزدەيدىغانلار، پاناھ تارتىدىغانلار، ئۆلپەتلەر، دوستلار،
تەلەپكارلار كۆپىيىۋەردى. مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولغان
بولساممۇ، لېكىن ئىقتىسادىي ئاساسىمنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلا-
ۋاتقانلىقى، بانكىدىكى قەرز پۇلۇمنىڭ يىلدىن - يىلغا ئۆرلەۋات-
قانلىقى مېنى ئەندىشىگە سالماي تۇرالمىدى. بۇنىڭغا يەنە تۇرلۇك
ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭمۇ قالايمىقان سېلىق سېلىشلىرى سەۋەب-
چى بولۇۋاتاتتى.
بىر يىلدىن كېيىن گۈلنار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مېنى ئىزدەپ
كەلدى. مەن ئۇنى ساياھەتچىلىك شىركىتىمنىڭ مۇئاۋىن دىرېك-
تورلۇقىغا تەيىنلىدىم. ئۇ ئىشنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ماڭا
نۇرغۇن ئەقىل كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن بانكىدىن يەنە بىر

نەچچە يۈزمىڭ سوم قەرز ئېلىپ، ساياھەتچىلىك رايونۇمىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى بوش يەرلەرگە بىر يۈرۈش دۇكان سېلىپ تۈرلۈك ماللارنى كىرگۈزدۇم، مەخسۇس بالىلار ئويۇنچۇقخانىسى بەرپا قىلدىم، بىر كىتابخانا قۇردۇم. بۇ چاغدا، ئالدىنقى يىلى قۇرۇلۇش باشلىغان بېلىقچىلىق كۆلىمۇ پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈ-رۈلگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ يەنە بىرىيىل ۋاقىت كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى. ئىشلىرىم تېخىمۇ روناق تېپىپ، ساياھەتچىلىك رايونىمىز خۇددى بىر كىچىك شەھەرگە ئوخشاش ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. بىزمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، يەنە بىر ماشىنا توختىتىش مەيدانىنى قۇرۇپ چىقتۇق - دە، بۇنىڭدىمۇ ھەقلىق مۇلازىمەتنى يولغا قويدۇق. مەن يەنە قوشۇمچە يۈك - تېرە توپ سېتىۋېلىش مەركىزىدىن بىرنى قۇرۇپ، تۆت ئادەمنى مەخسۇس يۈك - تېرە يىغىۋېلىشقا ياللىۋالدىم. يىغىلغان يۈك - تېرىلەرنى قەرەللىك ھالدا تېرە سودىگەرلىرىگە ئۆتكۈزۈپ تۇردۇم، بەزىدە توختام تۈزۈپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ماڭدۇردۇم. كونىلارنىڭ «مويچىلىق — چىلىق - چىلىق» دېگىنى راست بولسا كېرەك، تېرە - يۇڭچىلىقتىن كىرگەن كىرىممۇ كۈندىن - كۈنگە كۆپە-يىشكە باشلىدى.

بۇ بىر يىلمۇ ئالدىراشلىقتا ئۆتۈپ كەتتى. چەككەن رىيازە-تىمىزغا تۈشلۈق، بانكىدىن ئالغان قەرزلەرنىڭ يېرىمىنى قايتۇ-رۇپ بولدۇق. گۈلنار بىلەنمۇ ياخشى بىر كۈننى تاللاپ توي قىلىۋالدىم. ھازىر ئۈمىد ئىسىملىك بالام ئۈچ ياشقا كىرىپ قالدى.

كۈرەش كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ بولدى. بىز ئۇنىڭ ئوغلى ئۈچۈن بەس - بەستە ھاياجان بىلەن سەممىي تىلەكلىرىمىزنى بىلدۈرۈشتۇق.

كۈرەشنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاپ ھەممىمىزلا ئاجايىپ ھاياجانغا

چۆمۇلگەنىدۇق، ھېچكىمنىڭ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس،
كۆزلەر يۇلتۇزدەك چاراقلاپ يېنىپ تۇراتتى.
ئاز ـ ئازدىن، يەنە كېلىپ ھەرقايسىمىز ئۆز كەچمىشلىرىد-
مىزنى سۆزلەپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ، ئاستا بولغاچقىمۇ ھەممىسى-
نىڭ روھى ناھايىتى جۇشقۇن ئىدى. لېكىن ھېچكىم قىزىغان،
مەست بولۇپ قالغاندەك ئەمەس ئىدى. پەقەت ئەقىدەلا بىردە
ناھايىتى روھلىنىپ كەتسە، توساتتىنلا جىمىپ كېتەتتى. ئاز
بولسىمۇ ئىچىلگەن ھاراق ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىۋاتسا كېرەك.
مەڭزلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرى ئۆزگىچە چاقناپ تۇراتتى. تو-
ساتتىن ئۇ رومكىسىنى ئۆزى تولدۇرۇپ ھاراق قۇيدى ـ دە،
ھەممىمىزگە تەكشى قاراپ:
— كەچۈرۈڭلار، ئېھتىمال مېنىڭمۇ ئاخىرقى ھاراق ئىچى-
شىم بولۇپ قالار، مەنمۇ دوستلار قاتارىدا ھاراق تاشلايمەن،
ھاراقنىلا ئەمەس، ئۆزۈمدىكى بارلىق بولمىغۇر نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسىنى تاشلايمەن، ئەتىدىن باشلاپ يېڭى ئادەم بولۇپ چى-
قىشقا تىرىشماقچىمەن، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە بىر كۆتۈرۈپلا
رومكىسىدىكى ھاراقنى ئىچىۋېتىپ، سەل تىترىگەندەك قىلدى ـ
دە، — رۇخسەت قىلساڭلار، ئەمدى مەن سۆزلەپ باقسام، —
دېدى.
ھەممىمىز كېلىشىۋالغاندەكلا ئۇنىڭغا باش لىڭشىتىپ قو-
شۇلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈشتۇق. ئۇ «خوش» دېگىنىچە ھېكا-
يىسىنى باشلىدى.

# ئەقىدەنىڭ ھېكايىسى

## 1

مېنىڭ دادام يۇرتىمىزدا ناھايىتى ئابرۇيلۇق كاتتا ئەمەلدار ئىدى. ئانام يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، بالدۇرلا خىزمەتتىن بوشانغان ئائىلە ئايالى ئىدى. بىز ئۈچلا بالا بولۇپ، ئىككى ئاكامدىن قالسا مەن يالغۇز قىز ئىدىم. بالىلىق چاغلىرىمدا ئەركىلىكىمدىن خۇددى يىپسىز لەگلەكتەك ئەركىن ئويناپ چوڭ بولدۇم. مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ماڭا «يىپ» بېكىتىلدى. مەن ئاستا ـ ئاستا مەكتەپ ھاياتىغا كۆنۈپ قالدىم...

ئاخىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا باردىم. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئوقۇش باشلىنىپ بىر ھەپتىگىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مۇشۇ بەشىڭلار بىلەن ئەڭ بۇرۇن تونۇشۇپ، بارا ـ بارا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. شۇنىڭدىن باشلاپ مەكتەپتىكى ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى پائالىيىتىمىز ئاساسەن بىرگە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى.

كۈنلەر ئۆتمەكتە، دەرسلەر كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاشماقتا ئىدى. مەن دەرسلەرنىڭ سالمىقىغا، سۈرئىتىگە يېتىشەلمەيلا قېلىۋاتاتتىم. سىناش ئىمتىھانلىرىدىكى نەتىجەممۇ ئانچە ياخشى بولمايۋاتاتتى. سىلەرگە راست گەپنى قىلسام، مەن ئەسلىدە ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەنىدىم. ئەمما ئەمەلدار دادام «يول» مېڭىپ يۈرۈپ، ماڭا تېزلا بىر سان ھەل قىلىۋەتكەچكە، سىلەر بىلەن بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا بىللە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن

تەلەيلىك قىز بولۇپ قالغانىدىم. ئەپسۇسكى، ئەسلىدىنلا ئاساسىم
ئاجىز بولغاچقىمۇ ياكى قان ـ قېنىمغا سىڭىپ كەتكەن ئەركە-
نايناقلىق تۇپەيلىدىنمۇ ئىشقىلىپ مەكتەپتە دائىم ئىچىم سىقى-
لىپ يۈرىدىغان، نېمىگىدۇر تىت ـ تىت بولىدىغان، دەرسكە
قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدىم. سىلەر مېنىڭ بۇ ھالىتىمنى كۆ-
رۈپ ماڭا كۆپ قېتىم سەمىمىي ياردەم بەردىڭلار، ماڭا مەسلىھەت
بېرىپ يول كۆرسەتتىڭلار. لېكىن مەن ئۆزۈمدە قىلچە بۇرۇلۇش
ياسىيالمىدىم. بارغانسېرى مەندە ھەممە نەرسىدىن بىزار بولىدى-
غان كەيپىيات شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ بەلكىم مەندىكى بىر
خىل پسىخىك كېسەل بولسا كېرەك. ئادەم ھەرقانچە ئېغىر
جىسمانىي كېسەللەرنى يېڭىپ كېتىشكە قادىر بولسىمۇ، پسىخىك
كېسەلنى يېڭىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىكەن.

ئۈچىنچى ئوقۇش يىلى ئاخىرلاشقاندا، بىزنىڭ ئىمتىھان
نەتىجىمىز ئېلان قىلىندى. مەن ئاساسلىق ئۈچ پەندىن ئۆتەلمەي
قالدىم. مېنىڭ ئائىلە تۇرمۇشۇم ھەرقايسىڭلارنىڭكىدىن نەچچە
ھەسسە ياخشى ئىدى. ھەر ئايدا قولۇمدىن پۇل ئۈزۈلۈپ قالمايد-
تى. تېخى سىلەر مەندىن پات ـ پات پۇل قەرز ئېلىپ تۇراتتىڭ-
لار. بۇنىڭدىن سىرت مەن يەنە سىلەرنى ئايدا بىرەر قېتىم
مېھمان قىلىپ تۇراتتىم. بۇنداق چاغدا بىز تانسىخانا ياكى باغچى-
لاردا ئوينايتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن مېنىڭ كۆڭلۈم باشقىچە
شادلىققا تولۇپ، مەكتەپتىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى، ھەممىدىن
بىزارلىق تۇيغۇلىرىمنى ئۇنتۇپلا كېتەتتىم.

مەن يازلىق تەتىلدە يۇرتقا بارغاندا، ئۆيگە كىرمەي تۇرۇپلا
شۇم خەۋەر ئاڭلىدىم — ئەمەلدار دادام تۈرمىگە قامالغان، شۇ
سەۋەبلىك ئانامنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ دوختۇرخانىدا يې-
تىپ قالغانىدى. مەن ئۆيگىمۇ بارماستىن ئۇدۇل دوختۇرخانىغا
چاپتىم...

ئانامغا ئاسما ئوكۇل سېلىنغان بولۇپ، چىرايى تاتارغان،

لەۋلىرىنى گەز باغلىغان، ئورۇقلاپ كۆزلىرى پۇلتىيىپ قالغان ھالەتتە ياتاتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا ئۈنسىز ياش تۆكتى. مەنمۇ ئانامنىڭ ھالىغا چىدىماي ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم.

ئاڭلىسام، دادام ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ نەچچە يۈز مىڭ يۈەن پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىپ ئىككى ئوغلىغا شىركەت قۇرۇپ بەرگەنلىكى، يۈز مىڭ يۈەنگە يېقىن پارا يېگەنلىكى ۋە سوۋغات قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ۋەزىپىسىدىن توختىتىلىپ قاماقتا تەكشۈرۈلۈۋاتقانىدى. ئىككى ئاكام بولسا قانۇنسىز شىر-كەت قۇرۇپ، باج ئوغرىلىغانلىقى ۋە زەھەر ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن شىركىتى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۇلارمۇ قولغا ئېلىنغانىدى.

مەن تەپتىش ئورگىنىغا بېرىپ دادامنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈش-تۈردۈم. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، دادام دۆلەتنىڭ نۇرغۇن پۇلىغا خىيانەت قىلغان، كېيىن باشقىلاردىن بىلدىمكى، يەنە ئىستىل جەھەتتىمۇ كۆپ خاتالىق سادىر قىلغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ئېنىقلىشىچە، يىگىرمە يەتتە ئايال ۋە توي قىلمىغان قىز بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلغان. ئالىي دەرىجىلىك مېھمانسارايلاردا، ئۆۋۋ-لاشخانىلىرىدا خوتۇن - قىزلار بىلەن ناتوغرا مۇناسىۋەتتە بول-غان. مەخسۇس شۇلارغىلا خەجلىگەن پۇلى يۈز مىڭ يۈەنگە يې-تىپ قالغانىدى. مەن دادامنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدە سو-رىغىنىمدا، تەپتىش خادىملىرى: «ئۇ ھايات قالسا تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى» دەپ سوغۇق جاۋاب بېرىشتى.

ئەزەلدىن ئازاب دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي چوڭ بولغان مەندەك بىر ئەركە قىز ئۈچۈن بۇ تالاپەتلەر بەكمۇ ئېغىر تۇيۇل-دى. دۇنيادىن، ھاياتتىن بىراقلا ۋاز كەچتىم. ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ بازاردىن بىر بوتۇلكا DDW سېتىۋالدىم. ئانامنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىش ئىستىكىدە دوختۇرخانىغا باردىم. ئانام كارىۋاتتا ياستۇققا يۆلەنگىنىچە يېرىم قوپۇپ ئولتۇراتتى.

ئـۇ مېنـى كـۆرۈپلا مۆڭلۈق ھەم سولغۇن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.

— كەل، قىزىم، بەكمۇ يالغۇزسىراپ ئولتۇراتتىم. ھۇي، ساڭا نېمە بولدى؟ چىرايىڭ بـاشقىچىلا كـۆرۈنىدۇ! مىجـەزىڭ يوقمۇ؟

ئۇ شۇنداق دېگەچ ئورۇق قوللىرى بىلەن پېشانەمنى تۇتتى، مەڭزلىرىمنى سىلىدى. شۇ ھامان ۋۇجۇدۇمغا ئىللىق بىر ئېقىم تارقىغاندەك بولۇپ، تېنىم راھەتلىك بىر تۇيغۇدا يەڭگىل تىترەپ كەتتى... ئاھ! ئانا دېگەن نېمانچە مېھرىبان ـ ھە. ئۇنىڭ قوللىرى نېمانچە سېھىرلىك ـ ھە. «مىجەزىڭ يوقمۇ؟» مانا بۇ ئانىنىڭ، مېنىڭ ئانامنىڭ سۆزى! ئاشۇ ئاددىي سۆزگە قانچىلىك مېھرىبانلىق، كۆيۈنۈش سىڭگەن ـ ھە؟ ... شۇنداق، ئانام، پەقەت مۇشۇ پەرىشتىدەك ئانىملا بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا مۇشۇنداق دەيدۇ. ئاشۇ تەڭداشسىز سۆزلىرى، كۆيۈنۈشلىرى بىلەن جاراھەتلىك بۇ قەلبىمگە شىپالىق مەلھەم بېرەلەيدۇ، مۇزلىغان يۈرىكىمنى ئىللىتالايدۇ...

مەن بىردىنلا ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم. كۆزلىرىمدىن بۇلاق سۈيىدەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ياشلار ئانامنىڭ ئالىقىنىغا چۈشۈپ ئاندىن ئاپئاق كارىۋات كىرلىكىدە ھۆل داغلارنى پەيدا قىلدى.

— يىغلىما، قىزىم. مېنى ھەم ئۆزۈڭنى ئايىغىن. تەقدىرگە تەن بەرمەي ئامال قانچە. ئارتۇقچە دۇنيا باشنى يارار، دېگەن شۇ ئوخشايدۇ، ئۇ ئەسلىي ئۇنداقمۇ ئادەم ئەمەس ئىدى.

ئانام سۆزلەۋېتىپ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم. كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولغان، لەۋلىرى ياپراقتەك تىترەيتتى، ئۇ دادامنىڭ ئاياللار بىلەن قىلىشقان ناشايان ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىشتىن ئەيمىنىپ، ئىچىدە چەكسىز ئازابلىناتتى، خورلۇق بىلەن تولغان ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتاتتى ئىدى.

مەن يىغىدىن توختاپ، ئانامنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتۈم، ئۈسسۈزلۈق ئىچۈردۈم. ئانام ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ شۇنداق تاتلىق كۈلۈپ قويىدىكى، ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى كەچ كۈزدە ئېچىلغان ئەتىرگۈلنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ كەتتى.

ئانامنىڭ سۆزلىرى، ئانامنىڭ ھالىتى، ئانامنىڭ كۈلكىسى مېنىڭ «ئۆلۈۋېلىش» نىيىتىمنى بىردىنلا سۇسلاشتۇرۇپ، قەلبىمدە قايتىدىن ياشاش ئۈمىدىنى تۇغدۇردى. مۇشۇ چاغدىلا مەن ئانىنىڭ، ئانىنىڭ مېھرىبانلىقىنىڭ، ئانىنىڭ كۈلكىسىنىڭ نەقەدەر زور قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم.

«ياشايمەن! نېمىشقا ياشىمايدىكەنمەن؟ مۇشۇ پەرىشتىدەك پاك، ۋاپادار ئانام ئۈچۈن بولسىمۇ ياشايمەن، مەن ئۇنى تاشلاپ كەتسەم، ئۇ مېنىڭ ئوتۇمدا كۆيۈپلا ئۆلۈپ كېتىدىغۇ، ئاخىر. ئۇچاغدا مەن ئۇنىڭ قاتىلى بولۇپ قالامدىمەن؟» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. خۇداغا شۈكرى، ھېلىمۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە كىرىپ، ئانام بىلەن كۆرۈشمەيلا ئۆلۈۋالماپتىمەن. مېنى ئانام قۇتقۇزدى!

مەن ئانامغا قاراپ ئىللىق تەبەسسۇم قىلدىم. ئانام بۇ ھالىتىمنى كۆرۈپ گۈلدەك ئېچىلىپ ئۇنسىز كۈلگىنىچە ماڭا باش لىڭشىتتى. ئاندىن ئۇ بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېتىپ، دېدى:

— داداڭنىڭ تۇپەيلىدىن ئائىلىمىزدىكى مال - بىساتلارمۇ مۇسادىرە قىلىندى. ئەمدى بىزنىڭ بۇ يەردە تارتىشقۇدەك ھېچنېمىمىز قالمىدى. مەن دوختۇرخانىدىن چىقسام يېزىدىكى تاغاڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرىمەن. ئۇمۇ ساقايسامىلا مېنى ئەكەتمەكچى بولغان. تاغاڭنىڭ سودىگەر ئوغلى — ھېلىقى نەۋرە ئاكاڭ تۇرغۇن يېقىندا ئىچكىرىدىن كېلىپتىكەن. ئۇ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى بىلگەندىن كېيىن، ئەقىدە خاتىرجەم ئوقۇۋەرسۇن، مەن ھەر ئايدا ئۇنىڭغا يېتەرلىك پۇل ئەۋەتىپ تۇرىمەن، دېدى. بۇنىڭدىن

كېيىن نامرات ئۆتسەكمۇ بىر ھېسابتا خاتىرجەم ياشايدىغاندەك قىلىمىز.

ئانامنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىنى ئاڭلاپ، كىتابتىن ئوقۇغان نېتىزىنىڭ مۇنۇ ئىبارىسى ئېسىمگە كەلدى: «ئەركىن ھايات يەنىلا ئۇلۇغ روھلارنىڭ بەھرىمەن بولۇشىنى كۈتمەكتە. دەرھەقىقەت، مال ـ مۈلكى قانچىكى ئاز ئادەم، ئۇنىڭ دەردىنى شۇنچە ئاز تارتىدۇ، ئۇنىڭغا شۇنچە ئاز تۇتۇلىدۇ. مۇۋاپىق نامراتلىق بەخت ـ سائادەتتۇر». شۇنداق ئەمەسمۇ، نېتىزى ناھايىتى توغرا ئېيتقان. كۆرۈۋاتىمىز، زىيادە مال ـ دۇنيا توپلىغۇچىلارنىڭ قايسىبىرى خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ؟ سىرتتىن قارىسا ئۇلار ئىنتايىن غەمسىز، باياشات ياشاۋاتقاندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۇنچە خاتىرجەم ئەمەس، بەختلىك، غەمسىز ئەمەس. ئۇلار خۇددى تويماس كالىغا ئوخشاش يېسەملا دەيدۇ، كېچە ـ كۈندۈز پۇل، مال ـ دۇنيانىڭ غېمىدىلا يۈرىدۇ. تاپقانسېرى تاپقۇسى كېلىدۇ. پۇل ئۈچۈن ھەرخىل، ھەرتۈردىكى رەزىللىكلەرنى، ئالدامچىلىقلارنى، پەسكەشلىكلەرنى قىلىشتىن يانمايدۇ. پۇل — ئۇلار ئۈچۈن ھەممە. لېكىن ئۇلار ناباب يوللار بىلەن ئېرىشكەن ئاشۇ بايلىق، ئاشۇ پۇللىرىنى خاتىرجەم خەجلىيەلمەيدۇ، خاتىرجەم ساقلىيالمايدۇ. خۇددى «غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى» دېگەندەك، «ئوغرى» نىڭمۇ كەينىدە ئوغرى بار: ئۇلار دائىم دېگۇدەك بۇلاڭچىلارنىڭ، لۈكچەكلەرنىڭ، تېررورچىلارنىڭ تەھدىتىگە، ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. پارىخور ئەمەلدارلارمۇ ھارامدىن بېيىغاچقا، ئۆز ـ ئۆزىدىن، پارا بەرگۈچىلەردىن خۇدۇكسىرەپ ياشايدۇ، ئەندىشىدە يۈرىدۇ. قانۇننىڭ بىر كۈنى ئۆز گېلىغا سىرتماق سېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدۇ. داداممۇ بۇرۇن شۇنداق ئىدىغۇ؟ پەقەت خاتىرجەم ياشىيالمايتتى. سىرتتا كۈلۈپ يۈرگەندەك قىلىسىمۇ، ئۆيگە كەلسىلا چىرايى تۈتۈلۈپ غەمكىن يۈرەتتى، ئارقا ـ ئارقىدىن تاماكا چېكەتتى، نېمە-

لەرنىدۇر ئويلايتتى، ئاخشىمى ئۇيقۇسى ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كېچىلىرى ئېغىر ـ يېنىك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇلار بىلەن ئايرىم خانىسىدا نېمىلەرنىدۇر ئوغرىدەك مەخپىي سۆزلىشەتتى، پىلان قۇرۇيتتى. ئىشقىلىپ، دادام زادىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. دادام بىلەن يېزىلىرىمىزدىكى توپا چىراي، تېنىدىن ئېغىر ئەمگەكنىڭ يادنامىسى بولمىش سېسىق تەر پۇرىقى كەتمەيدىغان ئاشۇ سۆلەتسىز، جاپاكەش دېھقانلىرىمىزنى سېلىشتۇرساق، گەرچە ئۇلار جىسمانىي ئەمگەكنىڭ ئېغىر بېسىمىدا پۇچىلانغاندەك قىلسىمۇ، چېھرىدىن سەمىمىي، شاد كۈلكە كەتمەيدۇ. تېنى بېجىرىم، ئەقلى ساز، روھى كۆتۈرەڭگۈ، تاپقىنىغا شۈكرى ـ قانائەت قىلىپ، ئارتۇقچە غەم ـ ئەندىشىدىن مۇستەسنا ھالەتتە ياشايدۇ. ئاشۇ سۆلەتۋاز باي غوجاملاردەك يىلدا نەچچە قېتىم دوختۇرخانىغا كىرىپ قالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ھالالاپ ئىشلەپ ھالال ياشايدۇ، ئۆزگىنىڭ رىزقىغا چاڭ سالمايدۇ. شۇڭا ئۇلار غەمسىز پاك ئېتىقادى بىلەن قانائەتچان ياشايدۇ. ئاڭلىسام، قانائەتچان ئادەمگە تەڭرى ئەڭ يېقىن ئىمىش.

— ساۋاقداش ساقىي، ھارىقىڭىزنى قۇيۇڭە، چاڭقاپ كەتتۇق، — دېدى ئەقىدە تەلەپچان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ.

مەن ۋە باشقا ساۋاقداشلار ئەينى ۋاقىتتىكى ئەقىدەگە ئوخشاشماي قېلىۋاتقان مۇنۇ ئەقىدەگە ھەيران بولۇۋاتساقمۇ، لېكىن قىلچە ھەيرانلىقىمىزنى چاندۇرمىدۇق. ئەكسىچە، ئۇنىڭغا ھەمدەم، ھەمدەرد بولۇپ تولدۇرۇلغان رومكىلاردىكى بولاق سۇيىدەك سۈزۈك، ئەمما كەكرىدەك ئاچچىق مەينى چىرايىمىزنى پۈرۈشتۈرمەستىن ئىچىۋەتتۇق. ئەقىدە مەينى ئىچىپ بولۇپ، چىرايىنى مىتمۇ قىلماستىن قورۇمىلاردىن بىر ـ ئىككى چوكا ئېلىپ ئالدىرىماي، ئاۋازمۇ چىقارماي چايناپ يۇتۇۋەتكەندىن

كېيىن، چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، قول سۇرتكۈچى قەغەز بىلەن لەۋلىرىنىڭ ئەتراپىنى ئېرتىۋەتتى.

— سۆزلىرىم سىلەرنى زېرىكتۇرۇپ قويمىغاندۇر؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھەممىمىزگە تەكشى نەزەر تاشلاپ.

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

— ناھايىتى ياخشى سۆزلەۋاتىسىز.

— قېنى سۆزلەڭچۇ، ئاخىرى قانداق بولدى؟ — دەپ تەقەززالىقىمىزنى، قايىللىقىمىزنى بىلدۇردۇق ھەممەيلەن.

— ئالىي مەكتەپتە تولۇق ئوقۇيالمىغانلىقىمنىڭ سەۋەبى ئەمدى يېشىلىدۇ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئەقىدە.

## 2

شۇنداق قىلىپ تەتىلىم توشاي دېگەندە، ئانامنىڭ كېسىلى ياخشىلىنىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى. ئانام شاھنىڭ ئوردىسىدەك ھەشەمەتلىك سېلىنغان قورۇ - زېمىنىمىزنى باھا تالاشمايلا ئەرزان سېتىۋەتتى ۋە ئۆزى يېزىدىكى تاغامنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالدى. بۇ چاغدا دادامنىڭ تەقدىرىدىن ئۈمىد قالمىغانىدى. ئىككى ئاكام بولسا قانۇن بويىچە ئون بەش يىلدىن كېسىلىپ كەتتى.

ئەنە شۇنداق كۆڭۈلسىز كۈنلەردە، نەۋرە ئاكام تۇرغۇن ماڭا ئالاھىدە تۇغقانچىلىق مېھرىنى كۆرسەتتى. ئۇ مېنى كۈندە دېگۈدەك شەھەردىكى ئالىي رېستوران، تانسىخانىلارغا ئەكىرەتتى، قىز - ئوغۇل دوستلىرىغا تونۇشتۇراتتى. ئۇ گەرچە مەندىن يەتتە - سەككىز ياش چوڭ بولسىمۇ، ئۆزى ئورۇقراق، زىلۋا، يۈزى كىچىك ھەم ئاقپىشماق بولغاچقىمۇ مەندىن ئانچە چوڭ ئەمەستەك كۆرۈنەتتى. بىر قانچە قېتىملىق سورۇننىڭ پەيزى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى پىغانلىرىمنى نەلەرگىدۇر ئۇچۇرۇۋەتتى. مەن تېزلا ئەسلىمگە قايتىپ، بۇرۇنقى شوخ، ئەركە ھالىتىمگە

كېلىپ قالدىم. مەكتەپتە ئۆتەلمىگەن ئۈچ پەندىن قايتا تەكرار قىلىشمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. مەن تۇرغۇنىنىڭ ۋە ئۇ-نىڭ قىز - ئوغۇل دوستلىرىنىڭ زورلىشى، قىزىقتۇرۇشى بىلەن قىزىل هاراق ئىچىشنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم. ئىچكەنسېرى ئىچكۈم كېلىدىغان، هاراق تەسىر قىلغانسېرى ئۆزۈمنى چەكسىز خۇشال هېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. شۇنىسى، مېنى سورۇندا سەل تەڭلىككە سالىدىغان، نومۇس قىلدۇرىدىغان ئىش — تۇرغۇنىنىڭ جۈپ- جۈپ قىز - يىگىت دوستلىرىنىڭ سەللا كەيپ بولغاندىن كېيىن، بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈشلىرى، بىئە-دەپ چاقچاقلارنى قىلىشىشلىرى، تانسا ئويۇنغاندا قوللىرىنى بىر- بىرىنىڭ بويىنىدىن گىرەلەشتۇرۇپ، بەدىنىنى بىر - بىرىگە مەهكەم چاپلاپ ئويناشلىرى ئىدى.

كېيىنچە مەن بۇنداق ئىشلارغىمۇ كۆنۈپ كەتتىم. تۇرغۇن دەسلەپكى بىرنەچچە قېتىملىق سورۇندا ناهايىتى ئەدەپ بىلەن ئولتۇردى، مەن بىلەن تانسا ئويۇنغاندىمۇ كەڭرى ئارىلىق قالدۇ-رۇپ سىپايە ئوينىدى. بارا - بارا ئۇ مېنىڭ قولۇمنى مەهكەم تۇتۇۋالىدىغان، چىڭ - چىڭ سىقىپ قويىدىغان بولدى. بۇنداق چاغدا مەن بەك ئوڭايسىزلانغان بولسامۇ، ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. چۈنكى ئۇ مېنى خۇشال قىلىمەن دەپ هەركۈنى دوستلىرىغا سورۇن تۈزەتتى. سورۇنغا هەم ماڭا پۇلنى ئايىماي خەجلەيتتى. شۇنداق قىلىپ بىرقانچە قېتىملىق سورۇندىن كېيىن، ئۇ مېنىڭ كەيپىلىكىمدىن پايدىلىنىپ مېنىڭ مۈرەمدىن قۇچاقلاپ ئولتۇرىدىغان، تانسا ئويۇنغاندا ئۇنىمىغد-نىمغا قارىماي بويىنۇمدىن چىڭ گىرە سېلىپ، كۆكرىكىنى كۆك-سۈمگە چاپلاپ ئوينايدىغان بولدى.

بىر قېتىملىق سورۇندا (ئايرىم خانىدا ئولتۇرۇۋاتاتتۇق) هەممەيلەن تازا قىزىغاندۇق. يىگىتلەر قىز دوستلىرى بىلەن ئاچ كۆزلەرچە سۆيۈشكىلى تۇردى. شۇنىڭغا هەيرانمەنكى، بۇ

قىز- ئوغۇللارنىڭ بىر - بىرى بىلەن ھەقىقىي يورۇۋاتقان ئاشىق - مەشۇقلار ياكى «غەيرىي ئاشىق - مەشۇق» لار ئىكەنلىكىنى پەقەتلا بىلمەيتتىم، ئۇلار شۇنداق يېقىن، شۇنداق ئەركىن، شۇنداق ھېيىقماس ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراۋېرىشتىن ئەيمىنىپ يەرگە قارىۋالدىم. تۇرغۇن ھاراقتىن قىزارغان كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە كۈچلۈك پۇشۇلداپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش ھەۋىسى قوزغالغان بولسا كېرەك، ئۇشتۇمتۇتلا مېنى كاپپىدە قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى. مەن بېشىمنى ئىچىمگە تىقىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئۇنىسىز قارشىلىق كۆرسەتتىم. ئۇ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ مېنى بىر قولىدا چىڭ قۇچاقلاپ، يەنە بىر قولىدا كۆكسۇمنى قاتتىق مۇجىدى. مەن چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— مېنى كىم كۆرۈۋاتىسىز؟ مەن دېگەن سىزنىڭ نەۋرە سىڭلىڭىز، سىزمۇ مېنىڭ نەۋرە ئاكام. نومۇس قىلسىڭىزچۇ! — دېدىم غەزەپلىك ئاۋازدا.

بۇنى ئاڭلىغان باشقىلار شۇ ھامان ھەرىكەتتىن توختاپ جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىشتى. تۇرغۇن بولسا چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەستىن بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ئىسنى كۈچ بىلەن ئىچىگە تارتىپ ئاندىن يۇقىرىغا پۈرقىۋەتتى. مەن ئۇنىڭغا مىختەك قادالغىنىمچە ئورنۇمدا قىمىر قىلمىدىم. ئەمما ئاچچىقتىن پۈتلىرىم دىرىلدەپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان قايسىدۇر بىر ئىدارىنىڭ كىچىك ماشىنىسىنى ھەيدەيدىغان قاپقارا بورۇتلۇق يىگىت ئورنىدا بىر ئاز قىمىدىنىپ قويۇپ سۆزگە كىرىشتى:

— ماڭا قاراڭ، ئەقىدە، نەۋرە دېگەن ھەم تۇغقان، ھەم تۇغقان ئەمەس. ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ نەۋرىنى نەۋرىگە چېتىپ توي قىلغانلىقىنى، ئۇ نەۋرىلەرنىڭ بالىلىق بولغىنىنى ئاڭلىمىغانمۇ سىز؟ نەۋرىنى نەۋرىگە چېتىش دېگەن بىزدە ئەزەلدىن بار ئادەتقۇ. راست گەپنى قىلسام، تۇرغۇن ئۆزۈڭدىن بېرى

سىزگە كۆيۈپ يۈرۈپتىكەن. لېكىن ئىچكىرىدە ئىش - ئوقەت قىلىپ يۈرگەچكە سىز بىلەن كۆرۈشۈپ كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشقا پۇرسەت بولماپتۇ، كېيىن سىز ئوقۇشقا كېتىۋېلىپ تېخىمۇ پۇرسەت بەرمەپسىز. مانا ئەمدى پۇرسەت كەلگەندە، سىزمۇزە•••

— شۇ ئەمەسمۇ، تۇرغۇننىڭ مەقسىتى سىز بىلەن توي قىلىش، — دېدى يەنە ۋىجىك كەلگەن بۇدۇر چاچلىق يىگىت، — ئۇ دېگەن شۇنچە باي ھەم مەرد. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسىڭىز بىر ئۆمۈر بەختلىك ياشايسىز. «قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونچۇڭغا» دەپتىكەن كونىلار، تۇرغۇننىڭ تاپقىنى يەنىلا سىزنىڭ، شۇنداقلا ئانىڭىزنىڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ. تۇغقان دېگەننىڭ يىراق بولىسىمۇ تۇغقاندارچىلىقى بولىدۇ. سىلەر توي قىلساڭلار تېخىمۇ يېقىن بولىسىلەر، كېيىنچە، تۇرغۇن مەردلىك بىلەن پۇل چىقارسا ئىككىڭىزنى تۈرمىدىن چىقىرىۋالغىلىمۇ بولىدۇ. ھازىر دېگەن پۇللا بولسا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا ئىككى قىز ئورنىدىن تۇرۇپ لىق قىزىل ھاراق قۇيۇلغان ئىستاكانلىرىنى كۆتۈرۈپ يېنىمغا كەلدى ھەم مېنىڭ ئىستاكانىمنىمۇ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، ئىككىسى ئىككى تەرەپتىن قۇلىقىمغا پىچىرلاپ تۇرغۇننىڭ تەرىپىنى قىلغىلى تۇردى. ئۇلار بىر ھازاغىچە تۇرغۇننى ماختىدى، مېنىڭ ئوتۇمدا ئۇزاقتىن بېرى كۆيۈپ - پىشىپ يۈرگەچكە، ھېچقانداق قىزغا تەلەپ قويماي، ھېچكىم بىلەن تويمۇ قىلماي كەلگەنلىكىنى سۆزلەشتى. ئۇلار ئاخىر مېنى يۇمشاتتى. «ئايال خەق ئۆچكە يېغى كېلىدۇ» دېگىنى راستىكىن، مەن تۇرۇپلا ئېرىپ كەتتىم. ئانام، ئىككى ئاكام ۋە ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشۇم كۆز ئالدىمغا كەلدى. بوپتۇ، «تۇنجى قەدەمنى خاتا باسساڭ ئاخىرغىچە خاتا باسىسەن» دېگەن گەپمۇ بار. مۇشۇ تۇنجى قەدىمىم مېنى ئۆمۈر بويى بەختكە ئېرىشتۈرسە ئەجەب ئەمەس، شۇڭا بۇ ئامەتتىنمۇ يانماي. تۇرغۇن ھەقىقەتەن باي يىگىت، باشقىسىنى تاپسام

شۇ بىرەر ئايلىقچىنى تاپارمەن. ئايلىق بىلەن تۇرمۇشنى قانداق قامدىغىلى بولسۇن. بالىلىقمۇ بولارمەن، ئانامنى ئوبدان باقمىسام بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇل دېگەن نەرسە كۈندىن - كۈنگە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ... دېگەنلەرنى ئويلىدىم - دە، لەپ قىلىپ تۇرغۇنغا قارىدىم. ئۇ ماڭا بىرخىل تەلمۈرگەندەك كەيپىياتتا قاراپ ئولتۇراتتى.

— تۇرغۇن، رومكىڭىزنى قولىڭىزغا ئېلىڭ، — دېدىم مەن. ئۇ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ رومكىنى قولىغا ئالدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدىم ئۇنىڭ رومكىسىغا ئىستاكىنىمنى سوقۇپ تۇرۇپ، — دوستلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا دەپ قوياي، ئەگەر باياتىن قىلىنغان گەپلەر راست بولسا بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا ھاراق ئىچۈرمەڭ. بۇ ھەر ئىككىمىزگە دۇرۇس ئەمەس. قېنى كۆتۈرەيلى!

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قىيقاس - چۇقان ئىچىدە مېنىڭ رومكامغا رومكىلىرىنى سوقۇشتۇرغاچ تۇرغۇن بىلەن ئىككىمىزنى قىزغىن تەبرىكلەپ ھاراقلىرىنى ئىچىۋەتتى. مەنمۇ لىق بىر ئىستاكان قىزىل ھاراقنى بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋەتتىم. بىردىنلا بېشىم قايغاندەك قىلدى، ئاستا ئورنۇمغا ئولتۇرۇۋالدىم. سورۇن بولسا قايتىدىن جانلىنىپ كەتتى، تۇرغۇنمۇ باياتىن ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا بىر قولىنى بوينۇمدىن گىرە سېلىۋالدى.

مەن ئىككى قولۇم بىلەن بېشىمنى چىڭ تۇتۇپ، كۆزلىرىمنى يۇمغىنىمچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتىم. بېشىم پىرقىراۋاتاتتى. كۆڭلۈمدە، ئۆزۈمنىڭ بايىقى تۇرغۇنغا دادىل سۆزلەپ كەتكەنلىرىمنى ئەسلەپ، مەن مەست بولۇپ قالدىممۇ نېمە دەپ ئويلاپ قالدىم. بىز ئىچكىلىكمۇ خېلى ۋاخ بولۇپ قالغانىدى. مېنىڭ بايامقى دادىللىقىم بەلكىم ھاراقنىڭ كۈچىدىن بولغان بولسا كېرەك.

— ئەقىدە، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، ھېچنېمە بولمىغانسىز؟ — دېدى تۇرغۇن.

مەن كۆزۈمنى ئېچىپ، قولۇمنى چۇشۇردۇم. ئۇنىڭغا قاراپ يېقىملىق كۈلۈپ قويدۇم. ئۇ مەندىن خاتىرجەم بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ماڭا بىر پىيالە شورپا سۇندى.

— قىزدىقىدا گۆپ ـ گۆپ ئىچىۋېتىڭە، ئوڭشىلىپ قالىسىز.

مەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىزىق شورپىنى پۈۋلەپ تۇرۇپ ئىچىۋەتتىم. ئۇزاق ئۆتمەي پېشانەمدىن بۇژژىدە تەر چىقتى. دېگەندەك سەل ئوڭشالغاندەك بولدۇم.

— ماڭا هاراق قۇيۇڭە، — دېدىم تۇرغۇنغا.

— مانا بۇ گېپىڭىز يارايدۇ، مانا ئېلىڭ.

— سىزمۇ ئىچىڭ، مەن سىز بىلەن سوقۇشتۇرىمەن.

تۇرغۇن ئاق هاراق رومكىسىنى قولىغا ئالدى. ئىككىمىز جاڭگىدە سوقۇشتۇرۇپ ئىچىۋەتتۇق. ئەتراپتىكىلەر چاۋاك چېلىپ كېتىشتى.

ئانچە ئۆتمەي هاراق مېنى رەسمىي تۇتۇشقا باشلىدى. مېڭەمدە گەپ ـ سۆز، ھەممە ئىشنى سېزىپ تۇرساممۇ، هاراقنىڭ كۈچىدىنمىكىن نېمىدۇر بىر نەرسە ئىچىمگە پاتمايۋاتقاندەك، قانلىرىم خۇددى دەريا سۈيىگە ئوخشاش ئۆركەشلەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. تۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينىغۇم كەلسە، تۇرۇپ ۋارقىراپ ناخشا ئېيتقۇم كېلەتتى. ئۆزۈمچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىۋاتاتتىم...

رومكىلار كەينى ـ كەينىدىن يەنە ئۈچ قېتىم ئايلاندى. قىيا ـ چىيالار، شوخ كۈلكىلەر، چوكۈلدىتىپ سۆيۈشۈشلەر سورۇننى بىر ئالغاندى. مەن ئىككى يانغا ئىرغىپ ئاران ئولتۇرغىنىمچە كۆزۈمگە غۇۋا كۆرۈنۈۋاتقان بۇ كۆرۈنۈشلەرنى تاماشا قىلاتتىم. تۇرغۇن بولسا مېنى ياندىن قۇچاقلىۋېلىپ ئاچ كۆزلەرچە سۆيمەكتە، كۆكسۈمنى نېپىز كوپتام ئۇستىدىن مىجىقلاپ ئوينىماقتا ئىدى. مەن ئۇنىڭ سۆيۈشلىرىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرمى-

ساممۇ ياكى قاچۇرالمىساممۇ، كۆكسۇمنى مىجىقلاشلىرىغا قارىتا
كۈچسىز قوللىرىم بىلەن ئاندا ـ ساندا بوش قارشىلىق قىلىپ
قوياتتىم. ئەمما كۈلەتتىم، كۈلەتتىم، توختىماي كۈلەتتىم.
تۇرۇپلا توختىماي سۆزلەپ كەتكىنىم ئېسىمدە:

— ئىچە، ئەقىدە، ئىچە! سەن ئىچمەي كىم... كىم ئىچەتتى
بۇ هاراقنى... سەن مۇشۇنداق... مۇشۇنداق ئەقىدەما؟... توغرا
سەن دېگەن شۇنداق ئەقىدە، هاراقكەش... هاراقكەش ئەقىدە!
ياق... مەن هاراقكەش ئەمەس... مەن... مەن يەنە ئىچىمەن...

كۆزۈمنى غۇۋا ئېچىپ قارىدىم. تۇرغۇن ماڭا چاپلاشقىنىچە
بىر ئىستاكان هاراقنى تەڭلەپ تۇراتتى. ئۇنى ئېلىپلا گۇپۇلدى-
تىپ ئىچىۋەتتىم، لېكىن ئىچىپ بولۇپلا قاتتىق سەسكىنىپ
كەتتىم. ئۇ گەرچە قىزىل هاراق بولسىمۇ ئاق هاراقنىڭ كۈچلۈك
پۇرىقى دىماغلىرىمنى ئېچىشتۇرۇپ، مەيدەم پىژژىدە ئېچىشىپ
كەتتى.

— سىز... ماڭا نېمە بەردىڭىز؟

مەن شۇنداق دەپلا تۇرغۇننىڭ قۇچىقىغا قىيسىيىپ قالغى-
نىمنى هېس قىلدىم. تۇراي دېسەم ماجالىم يوق ئىدى. بۇ چاغدا
تۇرغۇن مېنى قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ توختىماي سۆيۈشكە
باشلىدى. مەن كاللام گاراڭ، كۈچسىز هالەتتە ئۇنىڭ قۇچىقىدا
يېتىپ قالدىم...

بىر چاغدا ئۇ مېنى سىلكىشلەپ ئورنۇمدىن تۇرغۇزغاندەك
قىلدى. مەن ئىككى يانغا پۇلاڭشىپ ئۇنىڭغا يۆلىنىپ قالدىم.
بىرىنىڭ:

— تۇرغۇن، بۈگۈن جەننەت هۆزۈرىنى سۈرىدىغان بول-
دۇڭ ـ دە. ياشاپ كەت، ياشىۋال، — دېگىنىچە قاقاقلاپ
كۈلگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئەمما ئۇنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىنى
پەقەتلا ئاڭقىرالمىدىم. كۆزۈمنى ئېچىپ قاراي دېسەممۇ ئاچال-
مايتتىم.

— ھەي ئاداش، بىزنى ماشىناڭدا «دىلداشلار» مېھمانخانىسىغا ئاپىرىپ قوي.

بۇنىڭ تۇرغۇننىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئاران پەرق ئېتەلىدىم. مەن نېمىنىدۇر دېمەكچى بولغان بولساممۇ ئاغزىم گەپكە كەلمەيتتى.

— چاتاق يوق، — دېدى يەنە بىر ئاۋاز تۇرغۇنغا جاۋابەن.

— ئەقىدە، سورۇن ئاياغلاشتى، كېتىمىز. تۇز مېڭىڭ، تۇز، — دېگىنىچە تۇرغۇن مېنى قولتۇقۇمدىن يۆلەپ ماڭدى. پۇتلىرىم كالۋالىشىپ سۆرىلىپ قېلىۋاتاتتى…

بىرچاغدا ماشىنىدەك بىرنەرسىگە چىققاندەك قىلدۇق. ئىدىشكلەر گۇپ قىلىپ يېپىلدى. كۆزۈمنى يېرىپ دېگۈدەك ئېچىپ قاربدىم. كوچا… رەڭگارەڭ چىراغلار يېنىپ كەتكەندەك… كۆزۈم يەنە يۇمۇلۇپ قالدى…

… ياتاق بولسا كېرەك، يۇمشاق بىرنەرسىنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇلغانلىقىمنى، ئاندىن كىيىملىرىمنىڭ ئاستا ـ ئاستا سالدۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى خىرە ـ شىرە ھېس قىلدىم.

— سىز… كىم؟ — زەئىپ بىر ئاۋازدا سورىدىم.

— مەن تۇرغۇن. سىز ئۇخلاۋېرىڭ…

بىرچاغدا بەدىنىم، كۆكسۈم بىر قول تەرىپىدىن ئۈزلۈكسىز سىلىنىشقا باشلىدى. بۇ سىلاش ماڭا خۇشياقتىمۇ ياكى ھاراقنىڭ كۈچى ئاخىرقى قېتىم كارامىتىنى كۆرسەتتىمۇ غەرق ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن…

— قەدىرلىك ساۋاقداش ساقىي، ھارىقىڭىزدىن ھەممەيلەنگە تولدۇرۇپ بىر قۇيۇڭە! — دېدى ئەقىدە ماڭا ئىلتىجالىق بېقىپ.

مەن رومكىلارغا ھاراقنى تولدۇرۇپ قۇيدۇم. ھەممىمىز ئۈن ـ تىنسىز كۆتۈرۈۋەتتۇق. پەقەت رومكىلارنىڭ سوقۇلغاندىكى لەرزان ئاۋازلىرىلا كەينى ـ كەينىدىن جىرىڭشىپ ئاستا يوقىلىپ كەتتى.

— مېنى بەلكىم بەك قېلىن خوتۇن ئىكەن دەپ ئىچىڭلاردا ئەيىبلەۋاتقانسىلەر. قانداقلا ئويلىماڭلار، مەن مۇشۇ كەچمىشلىرىمنى سىلەرگە ئەينەن سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن ئاشۇ يىراقتىكى يۇرتۇمدىن بۇ يەرگە كەلدىم. مېنى سىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇشقا سەۋەبچى بولغان ساۋاقداش ساقىيغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن. جېنىم ساۋاقداشلىرىم! مېنى چۈشىنىڭلار. مەن ئاشۇنداق پەس، تىلغا ئالغۇسىز قىسمەتلەرنىڭ قۇربانى بولغان ئايال. كەچمىشلىرىمنىڭ بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر يېرى تېخى ئەمدى چىقىدۇ. سىلەر بولساڭلار ئەركەك، مەن بولسام ئايال. لېكىن بۈگۈن ئەر - ئاياللىق پەردىشەپنى ئېگىمىزدىن ساقىت قىلىپ، تەڭلىك بەلگىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ سۆزلىشەيلى. ساقىي ساۋاقداش، ئاڭلىسام سىز خېلى تونۇلغان يازغۇچى بولۇپ قاپسىز. كىتابلىرىڭىزنىمۇ ئوقۇدۇم. سىز بىلەن بىر كۆرۈشۈپ بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بەرسەم بولاتتى دېگەن ئارزۇدا يۈرسەم، مېنىڭ يۇرتۇمدا هايات ياشاۋاتقانلىقىمنى نەدىن بىلدىڭىزكىن، نەق ئادرېسىمنى تېپىپ تەكلىپ ئەۋەتىپسىز. تەكلىپنامىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىمدىن ۋاقىدە يېرىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدىم. ئاغزىمدا كۈلكە، كۆزۈمدە ياش ئۇدۇل مۇشۇ يۇرتقا قاراپ چاپتىم. مانا، ساق ئون تۆت يىلدىن كېيىن سىلەر بىلەن دىدار كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولدى.

— سىز مەكتەپتىن تۈيۈقسىز يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن كۆپ ئىز - دېرىكىڭىزنى قىلدۇق. ئەمما ئىشەنچلىك خەۋەرگە ئېرىشەلمىدۇق. ئوقۇش پۈتۈپ، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ ساۋاقداشلار خەت يېزىشىپ سىز توغرۇلۇق ئەھۋال ئىگىلەپ تۇردۇق. يەنىلا خەۋەر يوق. تېخى يېقىنقىدىلا «شىنجاڭ گېزىتى»گە لىق بىر بەت سۈرىتىڭىز بىلەن بېرىلگەن «ياش كارخانىچى، ئۆز مەبلىغى بىلەن فابرىكا قۇرغان ئايال مىليونېر» دېگەن تېمىدىكى ئاخبارات ئوچېركىنى كۆرۈپ، سىزنىڭ هايات ئىكەنلىكى-

ڭىزدىن خەۋەر تاپتىم. ماقالىدە ئېيتىلىشىچە، «مىليونېر خا-
نىم، ياش كارخانىچى» دەپ نام ئېلىپسىز. مەخسۇس يې-
تىم - يېسىرلار مەكتىپى قۇرۇپسىز، يەنە «ئۈمىد باشلانغۇچ
مەكتىپى»دىن بىرنى قۇرۇپسىز. بۇ ئىككى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە بولغان ئوقۇش راسخوتىنى
ئۆز ئۈستىڭىزگە ئېلىپسىز. يەنە نۇرغۇنلىغان قارىغۇچىسى يوق
قېرى، ئاجىز، مېيىپلارنى ھەم نامرات دېھقانلارنى يۆلەش ئۈچۈن
ئىككى يۈزمىڭ يۈەن پۇل ياردەم قىلىپسىز. مۇشۇلارنى ئوقۇۋات-
قىنىمدا، كۆز ياشلىرىمنى تۇتۇۋالالمىدىم. ئاخىرى ئالتە ساۋاق-
داش بىر يەرگە جەم بولۇپ، سىزنى ۋە يېڭى ئەسىر، يېڭى
يىلىمىزنى بىرلىكتە مەنىلىك تەبرىكلەش مەقسىتىگە كەلدىم -
دە، ھەرقايسىڭلارغا جىددىي تەكلىپ تېلېگراممىسى يوللىۋەتتىم.
قېنى ئەمىسە، ئەقىدە، بۇ رومكىنى سىز ئۈچۈن كۆتۈرد-
مىز، — دېدىم ئورنۇمدىن تۇرۇپ.

ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. سەمىمىي تەبرىك، تى-
لەكلەر ئىچىدە ئەقىدە ئۈچۈن رومكىلار كۆتۈرۈلدى.

— مېنى ئەمدى بىرئاز بولسىمۇ چۈشەنگەنسىلەر. ئەمدى
مەن تېخىمۇ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرىمنى سۆزلەيمەن. ساقىي،
سىز چوقۇم مېنىڭ كەچمىشلىرىمنى ئەينەن يېزىپ چىقىشقا ۋەدە
بېرىڭ.

— ۋەدە بېرىمەن.

ئەقىدە كەچۈرمىشىنى سۆزلەشنى داۋاملاشتۇردى.

## 3

بىرچاغدا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام ناتونۇش بىر
ياتاقتا يېتىپتىمەن. كۈن نۇرلۇق لامپىلىق چىراغ ياتاق ئىچىنى
كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى. ئورنۇمدىن قوپماقچى بولدۇم،

ئەمما بېشىم تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر ھەم لوقۇلداپ ئاغرىۋاتاتتى. پۈتۈن بەدىنىممۇ ئۆرۈپ لەختە - لەختە قىلىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىيتتى، ۋۇجۇدۇمدا كۈچ دېگەن نەرسە قالمىغاندەكلا قىلاتتى. شۇڭا خېلى ئۆرۈنۈپمۇ ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم. بېشىمنى ئاستا پەسكە ئاغدۇردۇم. كۆردۇمكى، ئاندىن تۇغما ھالەتتە قىپيالىڭاچ ياتاتتىم. كۆكسۈمگە سەپسىل كۆك چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، مىدىرلىساملا ئاغرىيتتى. مەن ئىچ - ئىچىمدىن ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم. ياشلىرىم ياستۇقنى ھۆل قىلىۋەتتى. بېشىمنى ئاستا ئوڭ تەرىپىمگە بۇرىدىم، تۇرغۇن قىپيالىڭاچ پېتى تەرگە چۆمگەن ھالدا پۇشۇلداپ ئۇخلاپ ياتاتتى.

مەن ھەممىنى چۈشەندىم. ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەن قىزىلگۈلدەك چېغىمدا نەۋرە ئاكام تەرىپىدىن يىگىرمە يىللىق خۇش پۇراق گۈلۈم دەسسەپ چەيلەنگەنىدى!

مەن كۈچۈمگە كېلىۋېلىش ئۈچۈن پۇت - قولۇمنى ئاستا مىدىرلاتقاچ بىردەم ياتتىم. دېرىزىدىن سىرتقا قارىسام تاڭ يورۇپ كەتكەنىدى. مەن تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ ئاخىر ئۆرە بولۇپ ئولتۇردۇم - دە، ئاياغ تەرىپىمدە تۇرغان ئەدىيالنى ئېلىپ تۇرغۇننىڭ ھاياسىزلارچە تاشلىنىپ ياتقان بەدىنى ئۈستىگە تاشلاپ قويدۇم. ئاندىن ئاستا كارىۋاتتىن پەسكە چۈشۈپ دەلدەڭلىگىنىمچە بېرىپ پولنىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرىدە قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان ئىچ - تاش كىيىملىرىمنى ئېلىپ كىيىۋالدىم. سۇخانىغا كىرىپ پاكىز يۇيۇنۇپ تاراندىم. چايداندىن قايناق سۇ قۇيۇپ ئىچتىم. شۇندىلا تېنىمگە بىرئاز جان كىرگەندەك بولدى. ئەمما كۆڭلۈم قاتتىق ئېلىشىپ تۇراتتى. بۇمۇ ئاز كەلگەندەك تۆۋەنكى كالپۇكۇم يېرىلىپ كەتكەچكە ئېچىشىپ ئاغرىپ تۇراتتى. مۇشۇ چاغدىلا مەن ئاخشامقى سورۇندا ئىچىلگەن ھاراق، بولۇنغان گەپ - سۆز، ھەرىكەتلەرنى ئاستا - ئېسىمگە ئېلىشقا باشلىدىم. ھاراق، تۇرغۇننىڭ مېنى قۇچاقلاشلىرى… بىر چاغدا

مېنىڭ ئۇنىڭغا ئاچچىقلانغانلىقىم... يەنە ئەپلىشىپ قالغىنىدىمىز... هاراق، هاراق... يەنە هاراق... مەن قالغان ئىشلارنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. بىردىنلا كارىۋاتقا كۆزۈم چۈشتى. مەن ياتقان يەردىكى ئاپئاق كىرلىكنىڭ ئۈستىدىكى داغ ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. مەن ئىختىيارسىز ئۈنلۈك ئاۋازدا يىغلاپ تاشلىدىم. تۇرغۇن ئويغاندى. ئۇ ماڭا ئۇيقۇلۇقتىكى كۆزلىرى بىلەن خىرە ـ شىرە قاراپ قويۇپ:

— نېمىگە يىغلايسىز؟ بولدى ئۇخلاڭ، — دەپلا ئەديالنى تارتىپ بېشىنى پۈركىۋالدى.

مەن ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆكسۈپ يىغلاۋاتىمەن، ھەرخىل خىياللار كاللامنى چىرمىۋالدى: «قانداق قىلاي، بۇ يەردىن كېتىپ، ئانامنىڭ يېنىغا بارايمۇ؟ قايسى يۈزۈم بىلەن ئانامغا قارايمەن. تۇرغۇننىڭ قىلمىشلىرىنى تاغامغا دەيمۇ ـ يا؟ بۇ ماڭا مۇمكىنمۇ! مەكتەپكە شۇنداقلا كېتىۋەرسەمچۇ؟... تۇرغۇننى ئۆلتۈرىمەن! ئۇنىڭدىن ئۆچۈمنى ئالىمەن... لېكىن، ئىزنىغا كېلەمدۇ؟... ياق، مەن ئۇنى ئۆلتۈرەلمەيمەن. ئاخشام ئۇنىڭ مەن بىلەن توي قىلىش تەلىپىگە قوشۇلغاندەك قىلىۋاتاتتىم. ئۇنىڭغا ئانچە كۆڭلۈم بولمىسىمۇ توي قىلمەنمۇ؟ مەن مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە ئۇ ساقلارمۇ؟... ئۇنى ئويغىتاي.»

مەن تۇرغۇننى تۇرتۇپ قوپۇشقا زورلىدىم. ئۇ ئاخىر قوپتى، كىيىملىرىنى كىيدى، يۇيۇنۇپ چىقىپ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى.

— تۇرغۇن، مېنى نېمە قىلغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟

— ئەمدى شۇ... كەيپچىلىكتە...

ئۇ مەندىن كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى.

— ئاخشامقى سورۇندا نېمە دېگەنلىكىڭىزنى بىلەمسىز؟

— سىزگە توي قىلىش تەلىپى قويدۇم.

— بۇ گېپىڭىز راستمۇ؟

— راست بولمايچۇ!

— ئەمىسە نېمە ئۈچۈن مەندەك بولغۇسى ئايالىڭىزغا بەتقىلىقلىق قىلىسىز؟

— بۇ قانداق بەتقىلىقلىق بولىدىكەن؟ بۇ ئىش بۇرۇن بولسىمۇ، تويدىن كېيىن بولسىمۇ ئوخشاشقۇ.

— مېنىڭ ئوقۇشۇم يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن پۈتىدۇ. شۇنىڭغىچە مېنى ساقلىيالامسىز؟

— ئەخمەق قىز، ئەمدى ئوقۇپ نېمە قىلىسىز؟

— نېمە؟ بۇ قانداق گەپ؟

— مەن بىلەن گۇاڭجۇغا كېتىسىز.

— ئۇخلاپ چۈشىڭىز!

— قوشۇلمىسىڭىز ئىختىيارىڭىز. كىم بىلەنلا توي قىلماڭ، بەربىر بەختلىك بولالمايسىز. ئەرلەر بۇ ئىشقا كەلگەندە بەك نازۇك.

— ئۇنداقتا، مېنىڭ ئوقۇشۇمچۇ؟ كەلگۈسى ئىستىقبالىمچۇ؟

مەن ئۆز - ئۆزۈمگە بولغان چەكسىز ئېچىنىش، قىلمىشىمغا بولغان پۇشايمان ئىچىدە يەنە يىغلاپ كەتتىم.

تۇرغۇن بايىقى بىپەرۋا قىياپىتىدىن بىراقلا مۇلايىم قىياپەتكە كىردى - دە، مېنى مۇرەمدىن قۇچاقلاپ، مېھرىبانلارچە تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— بولدى، ئەقىدە، بىكاردىن يىغلاپ ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلماڭە. ئوقۇمىسىڭىز نېمە بوپتۇ، ھازىر ئوقۇغانىنىڭمۇ قانچىلىك پايدىسى بار؟ پۇل دېسىڭىز مەندە تۇرۇپتۇ. گۇاڭجۇغا بارغاندا شاھنىڭ مەلىكىسىدەك ياشايسىز. نېمە دېسىڭىز شۇ تەل. زېرىكسىڭىز مەن بىلەن بىللە سودا قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ. ھەپتىدە بىر قېتىم دېڭىز بويلىرى، باغچىلارغا ئاپىرىپ ساياھەت قىلدۇرىمەن. خالىسىڭىز چەت ئەلگىمۇ چىقىمىز تېخى! بولدى،

مەن كۆپ سۆزلىمەي. ئەمەلىيەتنى بارغاندا كۆرەرسىز. ئىشىنىمەنكى، شۇچاغدا سىز ماڭا رەھمەت ئېيتماي قالمايسىز.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھەم ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ تازا ئىشىنەلمەيۋاتاتتىم. شۇڭا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ كەتتىم. مەكتەپتىكى ئوقۇشتىنغۇ بىزار بولۇپ يۈرەتتىم. مەكتەپنى، ئانا يۇرتۇمنى، مېھرىبان ئانامنى تاشلاپ ئاشۇ ناتونۇش يات شەھەرگە بارسام كۆنەلەرمەنمۇ؟ كېيىنكى كۈنلىرىم قانداق بولار؟... مەن بۇ گادىرماچ سوئاللارنى داۋاملاشتۇرۇشقا ھەم ئۇنىڭغا تېگىشلىك جاۋاب بېرىشكە ئاجىز ئىدىم.

— يۈرۈڭ، چىقىپ تاماق يەيلى، — دېدى تۇرغۇن.

مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ياتاقتىن چىقتىم. بىز مېھمانخانىدىن سىرتقا چىققاندا، ئەتىگەنلىك قۇياش ئۇپۇقتا نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەنىدى.

بىز بىر ئاشپۇزۇلدا تاماقلانغاندىن كېيىن، تۇرغۇن مېنى يېڭىلا ئېچىلغان ئالتۇن بۇيۇملىرى زىبۇ زىننەت دۇكىنىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇنىمىغىنىمغا قويماي ماڭا قىممەت باھالىق بىر ئالتۇن زەنجىر بىلەن بىر تال ئالتۇن ئۈزۈك ئېلىپ بەردى. ئاندىن بىز بىر كىيىم - كېچەك دۇكىنىغا كىردۇق. ئۇ ماڭا يەنە ئىككى قۇر مودا كىيىم ئېلىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز كوچا ئاپتوبۇسىغا چۈشۈپ تاغامنىڭ ئۆيىگە ماڭدۇق. يولدا بارغۇچە تۇرغۇن ماڭا نۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى قىلدى، كۆپ ۋەدىلەرنى بەردى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ مېنى قايىل قىلدى. مەنمۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ ئۇنىڭ دېگىنىگە قوشۇلدۇم. لېكىن، مېنىڭ گۇاڭجۇغا بارىدىغانلىقىمنى ئانام بىلەن تاغامغا ئېيتماسلىق ھەققىدە تۇرغۇن ماڭا قاتتىق تاپىلىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئانام بۇنى ئاڭلىسا، يۈرەك كېسىلى قايتا قوزغىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئويلاپ باقسام، ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرا. يەنە كېلىپ ئانام

مېنىڭ ئوقۇشتىن قېلىشىمغا قەتئىي قوشۇلمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، گۋاڭجۇدىن ئۇنىڭغا قارىتىپ «ئوقۇۋاتىمەن، تەتىلدىمۇ بارالمايمەن» دەپ خەت يېزىۋەتسەم بولمىدىمۇ. تۇرغۇنمۇ يىلدا بىر قېتىم يۇرتقا كېلىپ تاغام بىلەن ئانامنى يوقلاپ تۇرىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتىغۇ. لېكىننزە، ئۇ تويىمىزنى گۋاڭجۇدا ئۆتكۈزدىمىز، يۇرتتىكىلەرگە كېيىن كەلگەندە باشقىدىن توي چېيى بېرىمىز، دەپ تۇرۇۋالدى. مەنمۇ بوپتۇ دېدىم.

شۇنداق قىلىپ بىز ئۇرۇمچىگە كېلىپ، ئۇرۇمچىدىن پويىزغا ئولتۇرۇپ گۋاڭجۇغا قاراپ يۇرۇپ كەتتۇق. شىئەنگە كەلگەندە پويىز ئالمىشالماي، بىر ياتاقنى ئىجارىگە ئالدۇق ـ دە، بىر كېچىنى يەنە «ئەر ـ خوتۇنچىلىق» بىلەن ئۆتكۈزدۇق. ئەتىسى گۋاڭجۇغا جۆنىدۇق.

گۋاڭجۇغا كېلىپلا بىر مېھمانسارايدىن ئىككى كىشىلىك ياتاق ئالدۇق. گۋاڭجۇنىڭ چوڭ ھەم گۈزەل شەھەر ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ بولار. گۋاڭجۇدىكى تۇنجى ئاخشاممۇ يەنە شۇنداق ئۆتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە بىز تاماقلىنىپ بولغاندىن كېيىن، كوچا ئايلاندۇق. ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان بۇ يات شەھەردە، يات ئادەملەر ئارىسىدا مەن بىردىنلا قورقۇنچقا چۈشتۈم ـ دە، تۇرغۇننىڭ بىلىكىدىن چىڭ تۇتۇۋالدىم. تۇرغۇن ماڭا ئۇيەر ـ بۇ يەرلەرنى، ماگىزىن ـ سودا سارايلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن تونۇشتۇراتتى.

چۈش بولاي دېگەندە، بىز بىر ھەشەمەتلىك ئاشپۇزۇلغا تاماق يېگىلى كىردۇق. ئۇدۇلدىكى شىرەدە قىرىق بەش ياشلاردىكى تۈلۈمدەك سەمرىگەن، يۈزىگە بولۇشىغا گىرىم قىلغان سەتەڭ بىر ئۇيغۇر ئايال ئولتۇراتتى. تۇرغۇن ئۇنى كۆرۈپلا ئىككى چىشلىق بولۇپ ھىجايغىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى. مەنمۇ ئەگەشتىم. بىز شىرە يېنىغا كەلگەندە ئۇ ئايال ئورنىدىن بوش قوزغىلىپ قويۇپ سالام قىلغان بولدى. بىز تېگىشلىك ئورۇنلارغا

كېلىپ ئۆلتۈردۇق. تۇرغۇن ئۇ ئايالدىن قايتا - قايتا ئەھۋال سوراپ كەتتى. ئايال بولسا ئانچە پېتىندىن چۈشمەي ئولتۇراتتى. تۇرغۇن ئاۋۋال ئۇ ئايالنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ دېدى:

— بۇياق ئالتۇن خېنىم، ئا لوبەن (خوجايىن). ئۆزى چوڭ - چوڭ تىجارەت قىلىدىغان كاتتا باي. ئۇ بۇ يەردە ھەممىمىزگە ئاتا ھەم ئانا.

مەن ئۇ ئايالغا يېنىك باش لىڭشىتقاچ، تەقى - تۇرقىغا تېز كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ ئىچىمدە: «راستىنلا ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئالتۇن خېنىم ئىكەن» دەپ ئويلاپ قالدىم. چۈنكى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىۋالغان ئىككى سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى بۆلاپكىلىق ئالتۇن زەنجىرى، قۇلىقىدىكى ھەربىرى قاقتەك چوڭلۇقتا نەپىس ياسىتىلغان ئالتۇن ھالقىسى، ئىككى بىلىكىدىكى ھەربىرى تۆت يۈز گرامدىن كەم كەلمەيدىغان ئالتۇن بىلەزۈكى، ئىككى قولىنىڭ ئۈچتىن ئالتە بارمىقىغا سېلىنغان چوڭ - چوڭ ئالتۇن ئۈزۈكلىرى مېنى بۇ ئايالغا بەكرەك تىكىلىپ قاراشتىنمۇ ئەيمەندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى.

— بۇ تۇمۇچۇق كىم بولىدۇ؟ ئەجەبمۇ چىرايلىق قىزنى تېپىۋاپسەنغۇ؟ — دېدى ئۇ بىرخىل يېقىمسىز خىڭىلداق ئاۋازدا.

— ھە، بىزنىڭ يۇرتنىڭ تۇمۇچىقى، ئىسمى ئەقىدە، — دېدى تۇرغۇن ئۇ ئايالغا ئىتتىك بىر كۆزىنى قىسىپ قويۇپ.

مەن ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن بىرئاز غەلىتىلىك ھېس قىلدىم، ھەيران بولدۇم.

— يارىغۇچىلىكى بار ئىكەن، — دەپ خىڭىلداپ كۈلدى ئۇ ئايال.

مەن بۇ گەپكە چۈشىنەلمەي ئىتتىك تۇرغۇنغا قارىدىم. ئۇ شۇئان نېمە ئۈچۈندۇر باشقا ياققا قارىۋالدى. تۇرغۇننىڭ «بىزنىڭ يۇرتنىڭ تۇمۇچىقى» دېگەن سۆزى بىلەن مۇنۇ ئايالنىڭ «يارىغۇچىلىكى بار ئىكەن» دېگەن سۆزى ۋە يەنە تۇرغۇننىڭ ئۇ

ئايالغا مەنىلىڭ كۆز قىسىپ قويۇشى مېنى گۇمانغا سېلىپ قويۇ-ۋاتاتتى.

— قايسى مېھمانخانىغا چۈشتۈم دېگەنتىڭ؟ — سورىدى ئايال.

— ھېلىقى، ھېلىقى مېھمانخانىچۇ، مەن شىئەندىلا سىزگە تېلېفوندا ئېيتقانغۇ، — دېدى تۇرغۇن چىرايلىرىنى بىر قىسما قىلىپ.

مەن ئۇنىڭ شىئەندە قانداق ۋاقىتلاردا بۇ ئايالغا تېلېفون قىلغىنىنى پەقەتلا ئېسىمگە ئالالمىدىم.

شۇ ئەسنادا بىر كۈتكۈچى قىز ئالدىمىزغا تاماق ئېلىپ كەلدى. بىز ئۈن - تىنسىز تاماق يېيىشتۇق. بىر چاغدا ئالتۇن خېنىم مەندىن تۇيۇقسىزلا:

— نەچچىگە كىردىڭىز، خانقىز؟ — دەپ سوراپ قالدى.

مەن لەپپىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم. يالغان كىرپىك سېلىنغان نۇرسىز كۆزلىرى ماڭا سوغۇق نەزەردە قادىلىپ تۇ-راتتى. مەن ئىختىيارسىز بۇ كۆزلەردىن شۈركۈنۈپ يەرگە قارى-ۋالدىم ۋە جاۋاب بەردىم:

— يىگىرمە ياشقا.

— ياخشى، — دەپ سەت ھىجىيىپ قويدى ئۇ.

ئۇنىڭ ئاشۇ ئېقى تولا، كىچىك قارىچۇقلۇق كۆزلىرى بىلەن خىڭىلداق ئاۋازى ماڭا پەقەتلا ياقمىدى. كۆزى بىلەن ئاۋازىدىن قانداقتۇر بىرخىل شۇملۇق يېغىپ تۇرغاندەكلا ئىدى.

ئالتۇن خېنىم تامىقىنى تېز - تېز يەپلا: «خوش، مەن ماڭغاچ تۇراي» دەپ ئورنىدىن تۇردى - دە، تۇرغۇنغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ لوڭۇلداپ مېڭىشى خۇددى بوغاز ئېيىقنىڭ مېڭىشىغىلا ئوخشايتتى.

چۈشتىن كېيىن بىز ھېلىقى مېھمانخانىدىكى ياتىقىمىزغا يېنىپ كەلدۇق. تۇرغۇن مېنى ياتاققا ئەكىرىپ قويۇپ، ھازىرلا

كىرىمەن، دەپ چىقىپ كېتىپ، ئۆزاق ئۆتمەي بىر بوتۇلكا ئاق هاراق، بىر بوتۇلكا قىزىل هاراق كۆتۈرگەن هالدا قايتىپ كىردى.

— يەنە ئىچەمسىز؟ — دەپ سورىدىم ئىختىيارسىز چۆچۈپ. لېكىن نېمىشقا چۆچۈگىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمىدىم.

— ئىچەمسىز ئەمەس، ئىچىمىزمۇ دەپ سوراڭ. شۇنداق، يەنە ئىچىمىز. بۈگۈن سىز بىلەن قانغۇچە ئىچىشىۋالمىسام بولمايدۇ، — دېدى ئۇ ماڭا ئۆتكۈر نەزەردە تىكىلىپ.

ئۇ تومپۇچكا ئۇستىدىكى ئىككى ئىستاكاننىڭ بىرىگە يېرىم ئاق هاراق قۇيدى، يەنە بىرىگە لىپمۇلىپ قىزىل هاراق قۇيۇپ ماڭا سۇندى.

— كېلىڭە، ئەقىدە، ئىككىمىزنىڭ گۇاڭجۇغا كەلگەنلىك شەرىپى ئۈچۈن بۇ تۇنجى رومكىنى كۆتۈرۈۋېتەيلى.

مەن رومكىنى قولۇمغا ئالماي تۇرۇپ ئۇنىڭغا دېدىم:

— يۇرتىمىزدىكى هېلىقى سورۇندا سىز ماڭا بۇنىڭدىن كېيىن هاراق زورلىمايمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنتىڭىزغۇ؟

— ۋەدەمدىن تېخى يېنىۋالغىنىم يوققۇ. يېقىندا ئىككىمىز توي قىلىمىز. تويدىن كېيىن مەن ئەزبىرايى سىزگە هاراق زورلىمايمەن، چۈنكى، ئۇ چاغدا سىز مېنىڭ رەسمىي خوتۇنۇم بولىسىز ـ دە!

— هازىرمۇ پەرقى يوققۇ.

— پەرقى بار، پەقەت بۈگۈنلا. ئەتىدىن باشلاپ ئۇنداق بولمايدۇ. گېپىمگە ئىشىنىڭ، قېنى ئەمىسە، رومكىنى قولىڭىزغا ئېلىڭە!

— ئەتىدىن باشلاپ راستتىنلا پەرقى بولمايدۇ؟

— راستتىنلا.

مەن رومكىنى قولۇمغا ئېلىپ ئۇنىڭغا جىمجىت قاراپ تۇرۇپ كەتتىم. بىردەمدىن كېيىن رومكىنى سوقۇشتۇرمايلا گۈپ-

پىدە كۆتۈردۈم. ئەمما يېرىمىنى ئارانلا ئىچەلىدىم. چۈنكى بۇ مەن يۇرتۇمدا ئىچكەن قىزىل هاراقتەك ئۇنداق تاتلىق بولماستىن، چۈچۈمەل هەم قاڭسىق ئىدى.

— جەرىمانە هارىقىڭىزنى ئىچىسىز، — دېدى تۇرغۇن رومكىنى ئەمدى قويۇپ تۇرۇشۇمغا، — سىز مېنىڭ رومكامغا سوقۇشتۇرمىدىڭىز.

ئۇ رومكامنى قايتىدىن لىقلاپ قويدى.

— جېنىم تۇرغۇن، مەن مۇشۇ نەرسىنى ئىچمەيچۇ. سىز قانچىلىك ئىچسىڭىز ئىچىڭ، مەن سىزگە ناخشا ئېيتىپ بېرەي، ماقۇلمۇ؟

— بولمايدۇ! سىز دېگەن مېنىڭ خوتۇنۇم بولۇش ئالدىدا تۇرغان قىز. هېلىتىدىن مېنىڭ گېپىمگە كىرمىسىڭىز، ئەتە-ئۆگۈن سىزنى باشقۇرالماي قالامدىم قانداق؟ — دېدى ئۇ بىرخىل كەسكىن هەم تەئەددى ئاۋازدا.

بۇ ئۇنىڭ ماڭا تۇنجى قېتىم قوپال تېگىشى ئىدى. قارىسام، ئۇنىڭ كۆزلىرى هېچقاچانقىغا ئوخشاشمايدىغان بىر قىياپەتتە چەكچىيىپ تۇراتتى.

— ئىچىڭ! هەممىنى تولۇق ئىچىۋېتىسىز، — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئۇ چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن.

مەن رومكىنى قولۇمغا ئالدىم. «ئىچە، ئەقىدە، سېنى ۋە سېنىڭ تۇرمۇشۇڭنى بىردىنلا ئۆزگەرتىۋەتكەن مۇشۇ هاراق بولغاندىكىن ئىچە. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە تارتىنىشىپ نېمە قىلىسەن ئەمدى؟ سەن دەرستىلا دۆت بولۇپ قالماستىن، باشقا جەهەتتىمۇ ئەقلىڭ بەكلا كالتە ئىكەن. شۇنداق بولغاندىكىن ئىچە!» دەپ ئويلىدىم-دە، رومكامنى ئۇنىڭ رومكىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ، تىنماي تۇرۇپ بىر رومكا قىزىل هاراقنى ئىچىۋەتتىم.

— يارايسىز، — دېدى تۇرغۇن ئۆزىنىڭ هارىقىنى سۇ

ئىچكەندەك غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپ. ئۇ رومكامغا يەنە لىققىدە تولدۇرۇپ هاراق قۇيدى.

— كېلىڭ، بۇنى ئىككىمىز ئۇچۇن، بولغۇسى تويىمىز ئۇچۇن ئىچىمىز.

بۇ قېتىممۇ جىمجىتلا ئىچىۋەتتىم. بىردىنلا كۆزۈم تورلاشتى، بېشىم بوش قېيىشقا باشلىدى، تىلىم گەپكە كەلمەيۋاتاتتى.

— تۇرغۇن، بۇ قانداق... قانداق هاراق؟ ئەجەب تېز تەسىر قىلىدىيا؟

— بۇ دېگەن مۇشۇ بىر بوتۇلكىسى يەتمىش سوملۇق ئالىي هاراق. پەيزىنى هېلى كۆرىسىز.

شۇنداق قىلىپ ئۈچىنچى، تۆتىنچى رومكىمۇ ئىچىلىپ كەتتى. بوتۇلكىدا يەنە بىر رومكىدەكلا هاراق قالغانىدى. بېشىم رەسمىي پىرقىراپ، ئۆزۈمنى كىرېسلوغا تاشلىۋەتتىم. هاراق مېنى تېخىمۇ تۇتقىلى تۇردى.

— مەن... يېتىۋالاي، — دېدىم تۇرغۇنغا ئەلەڭ ـ سەلەڭ قاراپ.

ئۇ مېنى يۆلەپ كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويدى... بىرچاغدا كۆزۈم شېرىن ئۇيقۇغا ئىلىنغاندا تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. كۆزۈمنى غۇۋا ئېچىپ قارىسام، تۇرغۇن تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ، ماڭا شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ بوش ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى.

— هە ـ هە، ئالوبەنمۇ سىز؟ دېيىشىپ قويدىڭىزما؟ ئەتە ئۆزۈم جۆندەيمەن... ئۇ مەست... قەيەردە كۆرۈشىمەن؟... هە، بىلدىم... هە راست، ئالوبەن، بىزنىڭ يۇرتتىكى هېلىقى قىزلار تولۇق كېلىپ بولغاندۇر؟ ئۇلارنى قاتتىق تاللىدىم جۇمۇڭ، ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ بولغىچىمۇ نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلدىم. ھەققىنى دېيىشكەن باهادا ئەتىلا بېرىۋېتەرسىز جۇمۇ... هە ـ هە، ماقۇل، خوش...

مەن يېرىم ئۇيقۇلۇق هەم مەستلىكتە ياتساممۇ، ئۇنىڭ گەپ-

لىرىنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئاڭلاپ تۇردۇم. ئەمما ئۇ گەپلەرنىڭ نېمە توغرۇلۇق بولۇۋاتقانلىقىنى زادىلا ئاڭقىرالمىدىم. پەقەت ئىسمى ئاتالغان «ئا لوبەن» نىڭ ھېلىقى ئالتۇن خېنىم ئىكەنلىكىنىلا ھېس قىلالىدىم.

تۇرغۇن تۇرۇپكىنى قويۇپلا يېنىمغا كېلىپ مېنى قۇچاقلىدى··· شۇ كۈنى ئۇ پۈتۈن بىر كېچە مېنى ئاساسەن ئۇخلاتمىدى دېسەممۇ بولىدۇ.

بىز ئەتىسى ۋاخچە ئورنىمىزدىن تۇردۇق. تۇرغۇن سائىتىگە قاراپلا:

— ئاپلا! ۋاقىت بەك ئۆتۈپ كېتىپتۇ. تېز بولۇڭ، — دەپ مېنى ئالدىراتتى.

— نېمىگە شۇنچە ئالدىرايسىز؟ — دېدىم مەن چىڭقىلىپ ئاغرىۋاتقان بېشىمنى ئىككى چېكەمدىن ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ.

— بىر يەرگە بارىمىز.

بىز مېھمانخانىدىن چىقىپلا بىر تاكسىغا ئولتۇردۇق ـ دە، ماشىنا ناتونۇش كوچىلارنى بويلاپ ئالاھازەل يېرىم سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن، شەھەرنىڭ قانداقتۇر بىر ئارقا كوچىسىغا كېلىپ ماشىنىدىن چۈشۈپ قالدۇق. يول بويىدا ياداڭغۇ چىراي، قومۇشنىڭ يېرىقىدەك كۆزلىرىنىڭ خۇنى قاچقان ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئادەم بىزگە قاراپ ھىجايغىنىچە يېتىپ كەلدى ـ دە، تۇرغۇن بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ماڭا باش لىڭشىتىپ قويۇپ باش ـ ئايىغىمغا سىنچىلاپ قاراپ قويدى.

— لاۋ لى، يۈرۈڭ، بىز ئاۋۇ دۇكاننىڭ ئىچىدە پاراڭلىشايلى، — دېدى تۇرغۇن ئۇ ئادەمگە راۋان خەنزۇ تىلىدا.

بىز ئۇدۇلىمىزدا تۇرغان دۇكانغا كىردۇق. بۇ ئاددىيلا بىر كىچىك يېمەكلىكلەر دۇكىنى بولۇپ، ئىشىكنىڭ قارشى تەرىپىدە يەنە بىر ئىچكىرىكى ئۆي بار ئىدى. تۇرغۇن مېنى بىر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، «لاۋ لى بىلەن قىلىشىدىغان پارىڭىمىز

بار، سىز مۇشۇ يەردە مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ» دەپلا ھېلىقى لاۋ لى ئىسىملىك بىلەن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

مەن ئۇلارنى يىگىرمە مىنۇتتەك ساقلىدىم. بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ كۇسۇرلىشىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشكەنلىرى قۇلىقىمغا غۇۋا ئاڭلىنىپ تۇردى. يىگىرمە مىنۇتلاردىن كېيىن لاۋ لى دېگەن كىشى ئىچكىرىكى ئۆيدىن بىر قىسىملا ھىجايغان ھالدا ئۆزى يالغۇز چىقىپ كەلدى. مەن ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇ-رۇپ كەتتىم. ئۆزۈم خەنزۇچىنى ياخشى سۆزلىگەچكە لاۋ لىدىن سورىدىم:

— تۇرغۇن قېنى؟

— ئۇ ھېلى كېلىدۇ، خېنىم. مۇھىم بىر سودا ئىشى بىلەن چىقىپ كەتتى.

— نە بىلەن چىقىپ كەتتى؟ مەن مۇشۇ يەردە قاراپ ئولتۇر-غان تۇرسام.

— ئارقا ئىشىك بىلەن چىقىپ كەتتى.

مەن ئۆزۈممۇ سەزمەستىن ئىچكىرىكى ئۆيگە قاراپ ئېتىل-دىم. دېگەندەك بۇ ئۆينىڭ بىرئارقا ئىشىكى بار ئىدى. ئىشىكنى ئېچىپلا ھەيران قالدىم. بۇ ئىشىكتىن چىقسا ئۆينىڭ ئارقا تەرد-پىدىكى يەنە بىر تار كوچىغا چىققىلى بولىدىكەن. تار كوچىدا ئادەملەر ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، ئەمما تۇرغۇننىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. مەن قايتىپ كىرىپ لاۋ لىدىن سورىدىم:

— تۇرغۇن زادى نەگە كەتتى؟

— ھەي، قورقماڭ. دېدىمغۇ، بىرمۇھىم سودا ئىشى بىلەن چىقىپ كەتتى. ئۇ سەل تۇرۇپ بىزنىڭ ئۆيگە بارىدۇ. ئىككىمىز ئۇنى شۇ يەردە ساقلايدىغان بولدۇق. مەن بىلەن مېڭىڭ.

— مەن مۇشۇ يەردىن ھېچ يەرگە بارمايمەن! تۇرغۇن بىر يەرگە بارىدىغانلىقىنى ئەجەب ماڭا ئېيتمايلا ئارقا ئىشىكتىن

چىقىپ كېتىپتا؟ سىلەر زادى نېمە ئويۇن ئويناۋاتىسىلەر؟

قورقۇنچ ھەم غەزەپتىن پۈتلىرىم غال ـ غال تىترەپ كەتتى. بېشىم تېخىمۇ زىڭىلداپ ئاغرىشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا تەمبەل ئىككى يىگىت دۇكانغا كىرىپ كەلدى ـ دە، لاۋ لىغا گۇاڭدۇڭ شېۋىسىدە بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلدى. لاۋ لى بېشىنى لىڭشىتتى. شۇئان ئۇلاردىن بىرى قولىدىكى قاتلاقلىق داكىنى چاققانلىق بىلەن بۇرنۇمغا باستى. مەن ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچتىم، چىرقىرىدىم، «تۇرغۇن!» دەپ قاتتىق ۋارقىرىدىم. ئەمما يەنە بىر تەمبەل يىگىت ئارقا تەرىپىمدىن قوللىرىمنى قوشۇپ قۇچاقلاپ تۇرۇۋالدى. مىدىر ـ سىدىر قىلالمىدىم. يەنە بىرى قولىدىكى داكىنى يەنە بۇرنۇمغا باستى. داكا ئۆتكۈر پۇراقلىق بولۇپ، قانداقتۇر سۇيۇقلۇققا چىلانغاندەك قىلاتتى. مەن شۇ ئىشلاردىن باشقا ھېچنېمىنى سەزمەيلا ھوشسىزلاندىم...

بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام ناتونۇش بىر تارغىنە ئۆيدىكى كارىۋاتتا ئانىدىن تۇغما ھالەتتە يېتىپتىمەن. يېنىمدا ھېلىقى لاۋ لى دېگەن مەلئۇن قىپيالىڭاچ ھالدا كۆكسۈمنى ئويناپ يېتىپتۇ. چاچراپ ئورنۇمدىن قوپۇپ ئولتۇرۇۋالدىم، قولۇم بىلەن كۆك-سۈمنى دالدا قىلىپ يىغلىۋەتتىم.

— يىغلىما، نېمىگە يىغلايسەن؟ — دېدى لاۋ لى يېرىم قوپۇپ ئولتۇرۇپ.

ئۇنىڭ ئاغزى كۈلكىدىن يۇمۇلمايلا قالغان بولۇپ، ئوتتۇرى-دىكى ھىڭگايغان چىشلىرى خۇددى ھازىرلا بىر يېرىمنى چىشلەپ ئۈزۈۋالىدىغاندەك دىڭگىيىپ تۇراتتى.

— بولدى، تولا ئىچىمنى پۇشۇرۇپ يىغلىما. سېنى قىز دەپ تۇرغۇندىن ئوتتۇز مىڭ سومغا سېتىۋالسام، قىز ئەمەس ئىكەنسەن ئەمەسمۇ. لېكىنزە بەدىنىڭ بەك ئىسسىق، بىر پارچە ئوتنىڭ ئۆزىلا ئىكەن! — دېدى ئۇ نومۇسسىزلارچە مېنى قۇچاقلاپ.

شۇئان مېڭەمگە تېپىپ چىققان خورلۇق كۈچىدىن ئۇنى كېلىشتۈرۈپ بىر تەستەك سالدىم. ئۇ «ئەييا!» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە كاپلا قىلىپ ئۇزۇن چاچلىرىمدىن قاماللاپ تۇتۇپ كارىۋاتتىن يەرگە سۆرەپ چۈشۈردى. ئاغرىق دەستىدىن چىرقىراپ كەتتىم. ئۇ نالە - پەريادىمغا پەرۋا قىلماي ئۇدۇل كەلگەن يېرىمگە ئۇرۇپ - دەسسەپ كەتتى. بىردەمدىلا يۇمران بەدىنىمنىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرى كۆكىرىشكە باشلىدى. مەن ئەزەلدىن ئاتا - ئانامدىنمۇ بىرەر قېتىم تاياق يەپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭ رەھىمسىزلەرچە تايىقىغا زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەي، يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يالۋۇردۇم:

— بولدى، مېنى ئۇرماڭ! مېنى كەچۈرۈڭ.

شۇندىلا ئۇ مېنى ئۇرۇشتىن توختىدى. ھاسىرىغىنىچە بىر پارچە قەغەزنى ئالدىمغا تاشلىدى:

— ماۋۇنى كۆرۈپ قوي، بۇ دېگەن تۇرغۇننىڭ ماڭا ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن ھۆججىتى. مەن سېنى ئۇنىڭدىن ئوتتۇز مىڭ سومغا سېتىۋالدىم. سەن ئەمدى مېنىڭ ئادىمىم. سېنى قانداق قىلسام ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارى. گېپىمگە كىرمىسەڭ ياكى قاچىمەن دېسەڭ مۇشۇ يەردىلا ئۆلۈكۈڭنى كۆرىسەن.

مەن ئىچ - ئىچىمدىن ھېقىقداپ يىغلىغىنىمچە ھۆججەتكە كۆز تاشلىدىم. ئۇ راستتىنلا تۇرغۇننىڭ مېنى لاۋ لىغا ئوتتۇز مىڭ يۈەنگە سېتىۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى تىلخەت ئىدى. شۇئان ئاخشام مەستلىكىمدە تۇرغۇننىڭ تېلېفوندا قىلغان گەپلىرى ئېسىمگە كەلدى. بىردىنلا ئاچچىق يىغا ئارىلاش قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم. مانا ئارزۇلۇق قىزنىڭ ھالى! مانا ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرگەننىڭ شورى!...

مەن تاياق زەربىسى، ئاچ قورساقلىق، ھالسىزلىق ۋە گاراڭلىق ئىلكىدە يەردە يېتىپ قالدىم. لاۋ لى مېنى يەنە بىرنى تېپىپ تۇرۇپ دېدى:

— ئورنۇڭدىن تۇرە، پاسكىنا، كارىۋاتقا چىق!

مەن يەنە تاياق يېيىشىمدىن قورقۇپ كارىۋاتنىڭ لېۋىگە تىرەپ تۇرۇپ ئۆرە قوپتۇم ۋە كارىۋاتقا چىقىپ كىيىمىمنى كىيمەكچى بولدۇم.

— كىيمەيسەن، مۇشۇ پېتى يېتىپ پۈتۈن بەدىنىمنى سىلايسەن، ئۇۋۇلايسەن، — دېدى لاۋ لى ۋە يېنىمغا كېلىپ ياتتى. مەن ئۇ نېمە دېسە شۇنداق قىلدىم. ئۇ پات - پاتلا لەۋلىرىمگە سۆيەتتى، ماڭا تىلىنى شورىغۇزاتتى. ئۇنىمىسام بىقىنلىرىمغا قاتتىق مۇشتى بىلەن ئۇراتتى ھەم: «گېپىمگە كىرمىسەڭ ھېلىلا دىۋىدەك يىگىتلىرىمدىن ئونىنى چاقىرىپ سېنى ھەممىسىگە ئاياغ ئاستى قىلدۇرىمەن. ئۇ چاغدا تىرىك تۇرۇپ دوزاخ ئازابىنى كۆرىسەن!» دەپ تەھدىت سالاتتى. مەن قورققىنىمدىن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلاتتىم. ئۇنىڭ ئاغزى شۇنچىلىك سېسىق پۇرايتتىكى، خۇددى چىرىپ كەتكەن جەسەتنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. تېنى ئۇنىڭدىنمۇ سېسىق ئىدى. بىر چاغدا چەكسىز سەسكىنىشتىن غاررىدە ياندۇرۇۋەتتىم. قۇسۇقلىرىم ئۇنىڭ يۈز - كۆزى ھەم مەيدىسىنى بۇلغىۋەتتى. ھاپىلا - شاپىلا قۇسۇقلارنى تازىلىۋەتتىم. ئەمما ئۇ مېنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ خېلى ئۇردى، بۇرنۇمدىنمۇ ئوقتەك قان كەتتى...

گۇاڭجۇدىكى رەسمىي ھاياتىم ئەنە شۇنداق پاجىئە بىلەن باشلاندى. بىر ھەپتىگىچە لاۋ لى مېنى ئاشۇ تار ئۆيدە خوتۇن قىلىپ ئۆزىنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇردى. مېنى ئادەم ئويلاپمۇ باقمىغان رەزىل ھەرىكەتلەر بىلەن قىينىدى، خورلىدى. بۇ چاغدا مەندە ھېس - تۇيغۇ دېگەن نەرسە قالمىغانىدى. كاللام گاراڭ، ھېچنېمىگە ئىشلىمەيتتى. ۋۇجۇدۇمغا پەقەت چۆچۈش، قورقۇش سېزىمىلا ھۆكۈمران ئىدى.

بۇ قىسقىغىنە بىر ھەپتە ئىچىدە مەن بۇ جاينىڭ كۆڭۈل ئېچىش سالونى نامىدىكى بىر پاھىشىخانا ئىكەنلىكىنى، ئۆزۈم-

نىڭ بۇيەردە مەخسۇس پاھىشەلىك قىلىپ لاۋ لىغا ئاتمىش مىڭ سوم پۇل تېپىپ بېرىدىغانلىقىمنى، ئاندىن بۇ جايدىن ئازاد قىلىدىغانلىقىمنى بىلدىم. بۇنى بىلگەن ۋاقتىمدا ئىختىيارسىز ھوشۇمدىن كەتتىم...

بىر ھەپتىدىن كېيىن، بۇ پاھىشىخانىدىكى مەخسۇس ھۆسن تۇزىگۇچى، گىرىمچى خېنىملار مېنىڭ چېچىمنى سېرىق رەڭدە بوياپ، قاش ـ كىرپىكىمنىمۇ سارغايتىۋەتتى. ئۇلار مېنى رۇس قىزى سىياقىدا ياساپ بازارغا سالماقچىدى. ئۆڭۈم بەكلا ئاق، كۆزلىرىم چوڭ، قاڭشىرىم ئېگىز بولغاچقا، سېرىققا بويالغان چاچلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ راستىنلا بىر گۇزەل رۇس قىزىغا ئايلىنىپ قالغانىدىم. ئۇلار ماڭا يەنە ئون كۈن ۋاقىت ئاجرىتىپ مەجبۇرىي ھالدا پاھىشىلىكتە كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغان كەسپىي رۇس تىلىنى ئۆگەتتى. ئۆزۈممۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا كېچە ـ كۈندۈز كەسپىي گەپلەرنى ھەتتا پاھىشىلىكتىكى ناز ـ كەرەشمىلەرنى ئۆگەندىم.

بۇ جەرياندا مەن نەچچە قېتىم قېچىپ كېتىشنى ئويلىدىم. ئەمما ئارقا كوچىغا جايلاشقان بۇ قورۇنىڭ ئەتراپى ئېگىز خىش تاملار بىلەن قورشالغانىدى. قورۇنىڭ بىرلا دەرۋازىسى بولۇپ، ئۈستىگە «مۇزىكىلىق چايخانا» دېگەن خەتلەر يېزىلغان چوڭ ۋىۋىسكا ئېسىلغانىدى. قورۇنىڭ ئىچىدە دەرۋازىغا قارىمۇ قارشى سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك ئۇزۇن بىر كورپۇس ئۆيلەر بولۇپ، ئاستىنقى قەۋىتى تانسىخانا، «ئاشىق ـ مەشۇق» لار سىردىشىدىغان كارائوكلۇق كىچىك ـ كىچىك ئايرىم خانىلاردىن تەركىب تاپقانىدى. ئۈستۈنكى قەۋىتى بولسا بىرلا كارىۋات قويۇلغان، قىزىل رەڭلىك چىراغلار ياندۇرۇلغان كاتەكتەك كىچىك ياتاقچىلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، پاھىشىۋازلار بۇ جايدىكى قىزلارنى مانا مۇشۇ ئۆيلەرگە سولىۋېلىپ ئىشرەت سۇرۇشەتتى. بۇنداق ئىشلار كېچە ـ كۈندۈز داۋاملىشىۋېرەتتى.

بۇ كۈنلەردە مەن ھودۇقۇش، تەمتىرەش، قورقۇش، ياتسىراش، بىچارىلىق، غېرىبلىق ئىچىدە ئۆزۈم ئەمەستەكلا بولۇپ قالغانىدىم. كالىلام ھېچنېمىگە ئىشلىمەيتتى. ھېلى قىلغان سۆزۈمنى ھېلى ئۇنتۇپ قالاتتىم. نېمىنى خىيال قىلىۋاتقىنىمنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتىم. بۇ يەردە مەن راستتىنلا بىر توپ ئالۋاستىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان يېتىم قىزغا ئوخشاپ قالغانىدىم.

ئەمدى ئۇلار مېنى ھەقىقىي تۇردە خېرىدار كۈتىدىغان پاھىشەلىك «خىزمەت»كە سالدى. ئىشقا چۈشكەن تۇنجى كۈنۈم ئەتىگەندىلا مەن بىرىنچى قەۋەتتىكى بىر ئايرىم خانىنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە خېرىدار ساقلاپ تۇردۇم. ئۇچامغا ئىككى چېكى تىقىمىمىغىچە ئېچىلغان نېپىز قىزىل كۆڭلەك كىيدۈرۈلگەنىدى. باشقا ئايرىم خانىلارنىڭ ئىشىكى يېنىدىمۇ ماڭا ئوخشاش خېرىدار كۈتىدىغان قىزلار ناز ـ كەرەشمە بىلەن جىلمىيىشىپ تۇراتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە مېنى ئىما قىلىشىپ تۇمشۇقلىرىنى ئۇچلايتتى، لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرەتتى، قاپاقلىرىنى سۈزۈشەتتى، نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ مېنى مازاق قىلاتتى، چىرقىراپ كۈلۈشەتتى. ھويلىدا بولسا قاۋۇل كەلگەن سەككىز ـ ئونچە قوغدىغۇچى، چاپارمەن يىگىتلەر ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشىپ يۈرەتتى. سائەت ئونلارغا يېقىن ئالىپتە ياسىنىۋېلىشقان يىگىتلەردىن بەشى دەرۋازىدىن خۇشال كۈلۈشكىنىچە كىرىپ كېلىشتى. ئۇلارنى كۆرگەن پاھىشە قىزلار بىردىنلا جانلىنىپ تۈمەن خىل ياسىما ناز ـ كەرەشمىلەرنى قىلغىنىچە يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشتى. ھەر بىرى بىردىن يىگىتكە ئېسىلىپ ئايرىم خانىلارغا سۆرەشكە باشلىدى. يىگىتلەر ئۇلارنى ئەركىلىتىپ ئېڭەكلىرىنى سىلاپ قويغاچ ئەتراپقا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلىشتى. مەن ئورنۇمدا مىدىرسىدىر قىلماي ئۇلارغا قاراپ تۇراتتىم. يىگىتلەر مېنى كۆرۈپ قېلىشتى ـ دە، بىر سىركۈنتچە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قېلىشقاندىن كېيىن، بىردىنلا يېنىدىكى قىزلارنى تاشلاپ ماڭا قاراپ

بۆرىدەك ئېتىلىپ كېلىشتى. ئۇلار مېنى ئورىۋېلىپ «سىز رۇس قىزىمۇ؟… بۇ يەرگە قاچان كەلدىڭىز؟…» دەپ سوراپ كېتىشتى. مەن ئۆزۈممۇ سەزمىگەن هالدا «هەئە، مەن رۇس قىزى، تېخى بۇگۇنلا ئىشقا چۈشتۇم» دەپ ئۇدۇللا خەنزۇ تىلىدا جاۋاب بېرىۋېتىپتىمەن، يىگىتلەر چۇرقىراشقىنىچە: «پاھ! خەنزۇ تىلىنى ئەجەب راۋان سۆزلەيدىكىنا بۇ كاساپەت» دېيىشىپ كېتىشتى. شۇ ئەسنادا بۇ يەرنىڭ چاپارمەنلىرىدىن بىرى توپ ئىچىگە قىستىلىپ كىرىپ يۈزۈمگە بىر تەستەك سالدى ـ دە:

— هەي پاسكىنا، ئۆز تىلىڭدا سۆزلىمەمسەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

شۇئان هېلىقى يىگىتلەر ئۇنى توپ ئىچىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىپ تىللاپ كېتىشتى. هەتتا ئېگىز بوي كەلگەن بىر يىگىت «يوقال!» دېگىنىچە ئۇنىڭ كاسىسىغا بىرنى تەپتى. ئاندىن ئۇ دوستلىرىغا قاراپ:

— سىلەر تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، هۇجۇمنى ئاۋۋال مەن باشلايمەن، — دەپ قويۇپلا مېنى يېتىلەپ پەلەمپەي ئارقىلىق ئۈستۈنكى قەۋەتكە ئېلىپ ماڭدى. قورققىنىمدىن پۈت ـ قولۇمدا جان قالمىدى. شۇ پەيتتە، يېنىمىزدا لاۋ لى پەيدا بولدى.

— يىگىت، تەخىر قىلىڭ، — دېدى ئۇ ئېگىز بويلۇق يىگىتكە يۇمشاق ئاۋاز بىلەن، — سىز تېخى بۇ قىزنىڭ هەققىنى تاپشۇرماپسىز.

— قايتىپ چىققاندا بەرسەممۇ ئوخشاشتىغۇ، مانا ئېلىڭ، — يىگىت ئۇنىڭغا يۈز سوم پۇل تۇتقۇزدى.

— هەي يىگىت، بۇ دېگەن يېڭى مال، يەنە كېلىپ رۇس قىزى. سىزمۇ بۇ يەرنىڭ قائىدىسىنى بىلىسىز، يەنە يۈز سوم قوشۇۋېتىڭ، — دېدى لاۋ لى هىڭگاڭ چىشىنى چىقىرىپ سەت هىجايغىنىچە.

يېنىمدىكى يىگىت ئۇنىڭغا گەپ ـ سۆز قىلمايلا يەنە يۈز

سوم قوشۇپ بەردى - دە، مېنى بېلىمدىن قۇچاقلىغىنىچە يۇقىرىغا ئېلىپ ماڭدى. مەن ئىختىيارسىز كەينىمگە قارىدىم، لاۋ لى ماڭا سىرلىق ھىجىيىپ قويدى. مەن خۇددى ئۆلۈمگە قاراپ كېتىۋاتقاندەك شۇنچىلىك قورقۇپ كەتتىمكى، پۇتلىرىم تىترەپ پەلەمپەيدە لوككىدە ئولتۇرۇپ قالدىم. يىگىت شۇئان مېنى بالىچىلاپ كۆتۈرگىنىچە تىك پەلەمپەيلەردىن قۇشتەك يەڭگىل مېڭىپ، مېنى بىر ياتاق ئۆيگە ئەكىرىپ كارىۋاتقا ياتقۇزدى. ئاندىن كىيىملىرىمنى سالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭكىنىمۇ پۈتۈنلەي سېلىۋەتتى. مەن نېمە ئۈچۈندۇر قارشىلىق قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدىم...

بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، ياتاقتىكى تام سائىتى ئون ئىككى يېرىم بوپتۇ. ئېگىز بويلۇق يىگىت چارچىغان بىر ھالەتتە تورۇسقا قاراپ يېتىپتۇ. مەن ھالسىز قوللىرىم بىلەن كۆڭلىكىمنى ئېلىپ كىيىۋالدىم.

— سىز راستىنلا رۇس قىزىمۇ؟ — دەپ ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى يىگىت.

— ھەئە.

— قالتىس پەيزىڭىز بار ئىكەن.

شۇئان يۈزۈم ۋىللىدە ئوت ئالغاندەك بولۇپ كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم.

— خەنزۇچىنى قاچان ئۆگەنگەن؟

— تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپلا ئۆگەنگەن. ماڭا خەنزۇ تىلى ئۆگىتىدىغان مەخسۇس بىر خەنزۇ ئوقۇتقۇچىم بار ئىدى.

مەن ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي يالغان ئېيتتىم. چۈنكى لاۋ لى ماڭا شۇنداق دېيىشىمنى بۇيرۇغانىدى.

تۇيۇقسىز سىرتتىن بۇ يىگىتنىڭ دوستلىرىنىڭ ئۇنى چىقىشقا ئالدىرىتىپ چاقىرغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. يىگىت ئورنى-

دىن تۇرۇپ كىيىندى. چىقىپ كېتىدىغاندا كەينىگە بۇرۇلۇپ مەندىن سورىدى:

— خوجايىنىڭىز سىزگە قانچە پۇل مائاش بېرىدۇ؟

— ئايلىقىمغا ئۈچ يۈز سوم دېيىشكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يىگىت ماڭا باشتىن - ئاياغ بىر قۇر نەزەر تاشلاپ چىققاندىن كېيىن، يانچۇقىدىن يۈز سوم پۇل چىقىرىپ كارىۋاتقا تاشلاپ قويدى - دە، كۆزۈمگە بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— مەن سىزنى يەنە ئىزدەپ كېلىمەن، — دەپلا چىقىپ كەتتى.

ئۇ چىقىپ كېتىشىگىلا، ئۇنىڭ دوستلىرىدىن بىرى ياتاققا كىرىپ كەلدى...

شۇنداق قىلىپ ئۈچىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى يىگىتمۇ كىردى. لېكىن ئۇلار باشتىكى ئېگىز بويلۇق يىگىتكە ئوخشاش ماڭا پۇل بەرمىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شەھۋانىي نەپسلىرىنى قاندۇرۇپ بولۇپ بۇ يەردىن كېتىشكەندە، كۈن كەچ بولۇپ ئەتراپ گۇگۇم پەردىسىگە ئورالغانىدى. مەن كۆڭلىكىمنى كىيىۋېلىشقىمۇ ماغدۇرۇم يەتمىگەن ھالدا كارىۋاتتا ئۆلۈكتەك يېتىپ قالغانىدىم. كۆز ئالدىمدا تۇرغۇننىڭ تولكىدەك ھىجىيىشلىرى، سىلىق - سىپايە مۇئامىلىسى، ماڭا بەرگەن ۋەدىلىرى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. شۇئان بىر خىل سوغۇق تىترەك پۇتۇمنىڭ ئۇچىدىن باشلىنىپ، مېڭەمدىن چىقىپ كەتتى. مۇزدەك تەرلەپ كەتتىم. كۆزۈمنىڭ چىيەكلىرىدىن توختاۋسىز ئاققان ياش قۇلىقىمغا كىرىپ، قۇلاقتىن سىرغىپ ياستۇقنى ھۆللىدى. بىردىنلا تۇرغۇننىڭ ماڭا ئېلىپ بەرگەن ئالتۇن زەنجىرى بىلەن ئالتۇن ئۈزۈكى يادىمغا كەلدى، مەن ئۇنى بوينۇمدىن يۇلۇپ ئېلىپ بۇلۇڭغا ئېتىۋەتمەكچى بولدۇم. كۈچسىز قوللىرىم بىلەن بوينۇمنى سىلاپلا ھەيران قالدىم. بوينۇمدا زەنجىر يوق تۇراتتى.

بارمىقىمغا قارىدىم، ئۇزۇكمۇ يوق. بايىقىلارنىڭ بىرى ئېلىۋاپتۇ ـ دە، دەپ ئويلىدىم. قەلبىمدە ئازراقمۇ ئۆكۈنمىدىم. چۈنكى ئۇ تۇرغۇن دېگەن ۋىجدانسىز مەلئۇننىڭ نەرسىسى ـ دە.

مەن چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ ئاستا ئۆرە بولۇپ ئولتۇرۇپ ئەمدىلا كۆڭلىكىمنى كىيەي دەپ تۇرۇشۇمغا، ياتاق ئۆيگە يەنە بىر خېرىدار كىرىپ كەلدى. ئۇ كىرىپ ھېچقانداق گەپ ـ سۆزسىزلا ماڭا تاشلاندى...

بۇ ئاخشام تاكى يېرىم كېچىگىچە يەنە تۆت خېرىدارنى كۈتتۇم. يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا جاھان تىنچىدى، تېنىمنى قىمىرلاتقۇدەكمۇ ھالىم قالمىغان ھالدا باش ئۇستۇمدىكى قىزىل رەڭلىك لامپۇچكىغا قارىغىنىمچە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن...

ئىشىكنىڭ تاراقلاپ ئېچىلىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. كۆزۈمنى ئاچسام كارىۋىتىم ئەتراپىدا بىرنەچچە پاھىشە قىز ماڭا ھومىيىپ قاراپ تۇرۇشۇپتۇ. مەن ئۇلارغا ھەيران بولۇپ ئورنۇمدىن قوپۇپ ئولتۇردۇم ۋە تام سائىتىگە لەپپىدە قارىۋالدىم. ئەتىگەن سائەت ئالتە يېرىم بولغانىدى.

— ھەي جالاپ، ئاڭلاپ قوي، نەدىن كەلگەن بولساڭ شۇ يەرگە كەت! سەن بىزنىڭ رىزقىمىزغا ئولتۇردۇڭ، — دېدى ئۇلاردىن بىرى سەت چىرقىراق ئاۋازدا.

— سەن كېلىپلا بىز يەۋاتقان ئېشىمىزدىن قۇرۇق قالدۇق. ئەرلەرنىڭ ھەممىسىلا ساڭا يېپىشىۋالدى، بىز پۇل تاپالمىساق خوجايىن بىزگە مائاش بەرمەيدۇ. بىزنى سەن باقامسەن، كەلگۈندى، گەپ قىلە! — دېدى يەنە بىرى مېنى سىلكىشلەپ. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە بىرى قوپتى:

— ھەي تويماس جالاپ، ئۆزۈڭگىمۇ ئىچىڭ ئاغرىسا بولمايدۇ؟ ھۆي ئەرسىراپ كەتكەن پاسكىنا. بىلىپ قوي، بۇ يەردىن يوقالمايدىغان بولساڭ سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز.

— توختاڭلار، ھەدە ـ سىڭىللار، مېنىڭمۇ گېپىمنى ئاڭلاپ

قويۇڭلار، — دېدىم مەن ھالسىز ئاۋازدا يىغلامسىراپ، — مەنمۇ بۇ يەرگە ئۆزۈم كېلىۋالغان ئەمەس، بىر ناكەس تەرىپىدىن سېتىۋېتىلگەن! قېچىپ كېتەي دېسەممۇ بۇ قەپەستىن قاچالمىغۇدەكمەن. ئەرلەرگە قارشىلىق قىلاي، ئۇلارنى قوبۇل قىلماي دېسەم خوجايىن بىلەن ئۇنىڭ چاپارمەنلىرىنىڭ تايىقىدىن قۇتۇلالمايدىكەنمەن. ماڭىمۇ نېمە ئامال؟ ماڭا ئىشىنىڭلار، مېنىڭ ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى تارتىۋېلىش نىيىتىم يوق. ھەممىمىز ئايال خەق بولغاندىكىن مېنى چۈشەنسەڭلار، ياردەم قىلىپ مېنى بۇيەردىن قاچۇرۇۋەتسەڭلار، ماقۇلمۇ؟!

مەن شۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم. توۋا دەيمەن، ئۇلار ماڭا ئىچ ئاغرىتىشنىڭ ئەكسىچە، ئۈستۈمگە مىنىۋېلىپ يۈزۈمدىن باشقا ئۇدۇل كەلگەن يېرىمگە ئۇرۇپ كېتىشتى. مەن ئاغرىق ئازابىدىن چىرقىراپ كەتتىم، ئەمما ئاۋازىم كېسەلمەن ئادەمنىڭكىدەك ئىڭراپ ئارانلا چىقتى. ياتاققا بېسىپ كىرگەندە ئەڭ ئاۋۋال ماڭا تىل ياغدۇرغان قىز ئۈستۈمدىن چۈشمەي تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— ھەي تېگى پەس قەلەندەر، بىلىپ قوي، ياخشى ئادەم ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ باشقا يۇرتقا چىقمايدۇ. سەن ھەقىقىي ياخشى قىز بولساڭ بۇ يۇرتقا كېلەمتىڭ؟ تويە مانا، بىزنىڭ شەگە كەلگىنىڭگە تازا توي!

ئۇ شۇنداق دەپ بىقىنلىرىمغا مۇشتلاپ كەتتى. مەن ئەمدى ئىڭراپمۇ قويمىدىم، قارشىلىقمۇ بىلدۈرمىدىم. چۈنكى «راستىنلا مەن ياخشى قىز بولسام تۇرغۇنغا ئەگىشىپ نېمىشقا بۇ يۇرتقا كەلدىم؟!» دېگەن خىيال قەلبىمنى چىرمىۋالغانىدى. شۇڭا مەن ئەمدى بار كۈچۈمنى يىغىپ:

— ئۇرۇڭلار، مېنى تازا قانغۇچە ئۇرۇڭلار. سىلەر توغرا ئېيتتىڭلار، مەن ياخشى قىز بولسام بۇ شەھەرگە چىقامدىم؟ ئۇرۇڭلار... تويە، ئەقىدە، بۇ يەرگە كەلگەندىكىن ھەممىگە توي،

قىنىۋال، — دەپ ئۈنلۈك سۆزلەپ كەتتىم. بىراق، شۇنچە كۈچىسەممۇ ئاۋازىم يەنىلا بوش، زەئىپ چىقىۋاتاتتى.

— تېخى ماڭا ياردەم قىلىپ مېنى قاچۇرۇۋېتىڭلار، دەيسىنا، شاپاقچى. سېنىڭدەك ماكانسىز كەلگۈندىنى دەپ بىز خوجايىنىڭ ئاھانىتىگە قالىمىزما؟ — دېدى بىر قىز چاچلىرىمدىن تارتقۇچلاپ.

— تېخى ھەممىمىز ئايال خەق دېيىشلىرىچۇ بۇ پاسكىنىنىڭ. سەن بىزگە ئوخشامسەن؟ سەن كىم — بىزكىم؟ بىز ھەرقانچە ئەسكى بولساقمۇ، سېنىڭدەك يۇرتىدىن پالاندى بولۇپ بۇ يەرگە كەلمىدۇق. يەنىلا ئۆز يۇرتىمىزدىن ئايرىلماي ياشاۋاتىمىز، — دېدى يەنە بىرى.

مەن بىر - بىرىدىن چىرايلىق بۇ قىزلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بېزەپ گەپلەرگە، ئۇلارنىڭ شۇ دەرىجىدە تاش يۈرەكلىكىگە، ئايالىلارغا خاس مېھىر - شەپقەت، ئىنسانىي ھېسسىياتتىن مەھرۇم ئىكەنلىكىگە ھەيران قالدىم. مۇشۇنداق مۇھىتتا ياشاپ يولدىن چىققان قىزلار شۇ ھالغا كېلىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. توۋا، بۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى يوقمىدۇر؟ نېمىشقا بۇنداق يەردە ئىشلەيدىغاندۇر؟ ئۇلار بۇ يەرگە ئۆزى خالاپ كەلگەندىمۇ؟ تۇرمۇشتا ئۇلارغا بۇنىڭدىن باشقا چىقىش يولى يوقمىدۇر؟...

مەن دۇمبالىنىۋاتىمەن، تىللىنىۋاتىمەن. ئەمما بۇنىڭغا بىپەرۋا ھالدا چەكسىز خىياللارغا غەرق بولۇۋاتىمەن...

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاۋازدىن قىزلار چىپپىدە توختاپ قېلىشتى.

— ھەي، ھەي، قىزلار، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ ئۇنى نېمىشقا ئۇرىسىلەر؟ نېرى تۇرۇڭلار. سىلەرمۇزە...

بۇ، خوجايىن لاۋ لىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ قولىدا بىر چىنە گۈرۈچ تامىقى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، سۆزلىگەچ تاماقنى كارىۋاتـ

نىڭ يېنىدىكى تومپۇچكا ئۈستىگە قويۇپ قويدى. شۇ چاغدىلا مەن ئۆزۈمنىڭ تۈنۈگۈن ئەتىگەن تاماق يېگەنچە ھېچنېمە يېمەگەنلىكىمنى ئېسىمگە ئالدىم. تاماقنى كۆرۈپ ئاغزىمغا سۇ يۈگۈرۈپ كەتتى، قورسىقىم ئېچىپ ئېچىگە تارتىشىپ كەتكەنىدى.

— بۇ جالاپ كېلىپلا ئەرلەر بىزنى تاشلىدى. بۇنداق كېتىدۋەرسە بىزقانداق جان باقىمىز؟ — دېدى بىر قىز دومسىيىپ.

— خوجايىن، ئەگەر سىز ئۇنى كەتكۈزۈۋەتمىسىڭىز بىز باشقا بەزمىخانىلارغا كېتىمىز. شۇ چاغدا بۇ جالاپنىڭ ھالىنىمۇ كۆرەرسىز، بىزنىڭمۇ قەدرىمىزگە يېتىپ قالىسىز، تېخى، — دېدى يەنە بىر قىز.

«جالاپ؟ توغرا، مەن ھازىر جالاپ دەپ ئاتىلىمەن. مەن ئەمدى جالاپ بولدۇم» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. لېكىن سېپى ئۆزىدىن بۇ جالاپلارنىڭ مېنى «جالاپ» دېگىنىگە كۈلگۈم كەلدى.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭلار. مەن دېگەن بۇنى بىرىنىڭ قولىدىن سېتىۋالغان. شۇ پۇلنى بولسىمۇ ئۇندۇرۇۋالمىسام بولامدۇ؟ سىلەرگىمۇ خېرىدارلار كەم ئەمەس. قورسىقىڭلارنى كەڭ تۇتۇڭلار، مېنىڭمۇ يۈزۈمنى قىلىڭلار، — دېدى لاۋلى قىزلارغا مۇلايىملىق بىلەن.

قىزلار ماڭا قاراپ «تۇفىي» دەپ تۈكۈرۈشۈپ قويۇپ، بىر-بىرلەپ چىقىپ كەتتى. قىزلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، لاۋلىنىڭ چىرايى يەنە ئەسلىدىكى سۈرلۈك قىياپەتكە قايتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ باشقا قىزلارغا ئوخشاشمايدىغان قىزلىقىمنى ئەمدى چۈشەندىم.

— ئاخشامقىلار ساڭا ئايرىم پۇل بەردىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ماڭا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— بىرى بەرگەن، — دېدىم مەن ھالسىزغىنە جاۋاب بېرىپ. ئاندىن ياستۇقۇم تېگىگە تىقىپ قويغان يۈز سوم پۇلنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردىم.

— يالغان ئېيتما، ئاران بىرىلا بەردىما؟ — دېدى ئۇ يېنىم-نى ۋە كارىۋات كىرلىكىنىڭ ئاستىلىرىنى ئاختۇرۇپ. مەن ئۈن-دىمىدىم.

— بۇنىڭدىن كېيىن كىملا پۇل بەرسە ماڭا تاپشۇرىسەن. گەدىنىڭدىكى قەرز قانچە بۇرۇن تۈگىسە سېنى شۇنچە بۇرۇن قويۇپ بېرىمەن، — دېدى لاۋ لى چىقىپ كېتىدىغان چاغدا.

«قەرز! — دەپ پىچىرلىدىم ئۆز - ئۆزۈمگە، — بىكاردىنلا ئاتمىش مىڭ يۈەنگە قەرز بولدۇمما؟ بۇ يەردە مۇشۇنداق ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئادەمىي ھايۋانلارنى باشقۇرىدىغان ئادەملەر يوقمىدۇر؟ بۇ يەردىكىلەر پۇل ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىش-تىن يانمايدىغان ئوخشايدۇ. خۇدايىم توۋا، مەندەك بىر قىزنىڭ تەقدىرىنىڭ مۇشۇ كۈنگە قالغىنىنى. بۇلار مەن ئۈچۈن قاباھەت-لىك بىر چۈشلا بولۇپ قالغان بولسا - ھە!… خەپ، تۇرغۇن، نەۋرە سىڭلىڭنى مۇشۇ ھالدا قويۇشقا چىدىدىڭ - ھە؟ ئالدىرىماي تۇر. مەن ئۆلۈپلا كەتمىسەم سەندىن چوقۇم ھېساب ئال-مەن…»

## 4

«مۈرىكىلىق چايخانا»غا تۇتقۇن بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي (ھې-لىقى كۈننىڭ ئۈچىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن) قورۇ ئىچىدە ئۆزۈمگە ئوخشاش ياساندۇرۇلغان يىگىرمە ئىككى - يىگىرمە ئۈچ ياشلاردىكى بىر قىزنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ تولىمۇ چۈشكۈن ھالەتتە تۇراتتى. مەن ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدىم:

— تىنچلىقمۇ؟ سىزمۇ بىز تەرەپتىن كەلگەن ئوخشىما-سىز؟

— ھەئە.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— رىزۋانگۈل.

— قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟

— تۇرغۇن ئىسىملىك بىر سودىگەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپتىمەن، — قىز شۇ سۆزىنى قىلىپلا مىڭ يېرىدىن تۆكۈلۈپ يىغلاپ كەتتى.

مەن «تۇرغۇن» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم. بەدىنىم تىكەنلەشكەندەك بولدى.

— يەنە شۇ تۇرغۇن؟ — دەۋەتتىم ئۆزۈممۇ سەزمەي.

— نېمە، ئۇنى سىزمۇ تونۇمسىز؟

— تونۇيمەن! — بۇ سۆز چىشلىرىمنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى. غەزەپتىن يۈز تېرىلىرىم تارتىشىپ، يۈرەك سوقۇشۇم تېزلەشتى...

سىردىشىش ئارقىلىق بۇ قىزنىڭ مېنىڭ يۇرتۇمدىكى يىراق بىر يېزىدىن ئىكەنلىكىنى، تۇرغۇننىڭ ئۇنى ئىچكىرى ئۆلكىدىكى ئۆزى ئاچقان رېستوراندا ئايلىقىغا مىڭ سوم مائاش بېرىپ كۈتكۈچىلىككە قويىمەن، ياتاق، تاماق، كىيىم - كېچەكلىرىڭىز مەندىن بولىدۇ، دەپ ئالداپ ئۆيدىكىلىرىگە ئۇقتۇرماستىن ئاچىققانلىقىنى، قىزنىڭمۇ ئىچكىرىگە بارغاندىن كېيىن ئاتا- ئانىسىغا خەت يېزىپ ئۆزىنىڭ يۇقىرى مائاشلىق ئورۇندا ئىشلەۋاتقانلىقىنى، ھەرئايدا ئۇلارغا يەتتە - سەككىز يۈز يۈەن پۇل ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇم. بۇ قىز ماڭا يەنە ئۆزىگە ئوخشاش ئالدانغان قىزدىن ئون نەچچىسىنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بۇ شەھەرگە ئەكېلىنگەنلىكىنى، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ تۇرغۇننىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئۆيىدىن قېچىپ چىققانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە سېتىۋېتىلگەنلىكىنى، باشقا قىزلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن بۇ يەرگە كىم ئەكەلدى؟ — دەپ سورىدىم سەل ھەيران بولۇپ.

— تۇرغۇن بىزنى ئىككى ئادەمگە تاپشۇرۇپ، ئۆزى يۇرتتا قالغان. بىزنى شۇ ئىككى ئادەم بۇ يەرگە ئەكېلىپ ئالتۇن خېنىم ئىسىملىك بىر سېمىز ئايالغا تاپشۇردى. ئۇ بىزنى بىر تۆمۈر ئىشىكلىك ئۆيگە نەچچە كۈن سولاپ قويۇپ، ھەر كۈنى بىر - ئىككى قىزنى ئاچىقىپ كېتىپ، ئۆزى يالغۇز قايتىپ كېلىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلساق «خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم» دەپلا جاۋاب بېرىدۇ. بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇ مېنى ئاچىقىپ مانا مۇشۇ يەرگە سېتىۋەتتى. ئۆزۈمنىڭ سېتىۋېتىلگەنىمنى شۇ كۈنى لى خوجايىندىن ئۇقتۇم. ئۇ مېنى بىر ئاخشام بوزەك قىلغاندىن كېيىن، ئەتىسىدىن باشلاپ ھەر ئاخشىمى بىردىن ئاغىنىسىگە سولاپ بەردى. ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ دېيىشىچە، ھەممىسىلا چوڭ - چوڭ ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئەمەلدارلار ئىمىش. ئۇلار مېنى يەتكۈچە خورلىدى، ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان ئەسكىلىكلەرنى قىلدى. مەن بۇ يەرگە كەلگىلىمۇ ئون بەش كۈن بولۇپ قالدى. مانا بۈگۈن مېھمانلارنى كۈتسەن دەپ مۇشۇ يەردە تۇرغۇزۇپ قويدى. قېچىپ كېتەي دېسەم ئامال قىلالمىدىم. بۇ يەر خۇددى بىر تۈرمىگىلا ئوخشايدىكەن.

قىز شۇلارنى دەپ بولۇپ ماڭا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭغا نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلمىدىم. پەقەت ئۆزۈمنىڭمۇ ئالدىنىپ نەچچە كۈن ئىلگىرىلا بۇ يەرگە سېتىۋېتىلگەنلىكىمنى قىسقىلا سۆزلەپ بەردىم. شۇ ئەسنادا دەرۋازىدىن چوشقىدەك سەمرىگەن، تەمبەل بىر خېرىدار كىرىپ كەلدى. بۈگۈن نېمىشقىدۇر خېرىدارلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. لاۋ لى شۇئان ئۆزىنىڭ خاس «ئىشخانا» سىدىن چىقىپ، ھېلىقى سېمىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۈچۈكلىنىپ تۇرۇپ:

— ھە، كېلىڭ، مېھمان. سىزگە ئەرزىنى لازىممۇ، قىممىتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قىممىتى، يېڭى كەلگىنى بولسۇن، — دېدى ھېلىقى سېمىز.

لاۋ لى يېنىمدا تۇرغان رىزۋانگۈلنى چاقىردى. بىچارە قىز ماڭا ئىلتىجالىق قاراپ قويدى، مەن گەپ - سۆز قىلماي يەرگە قارىۋالدىم. ئۇ ئىلاجسىز خوجايىنىنىڭ يېنىغا كەتتى. خوجايىن ئۇنىڭغا:

— مېھماننى ئوبدان كۈت، نېمە دېسە شۇنى قىل! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەندىن كېيىن، سېمىزگە قاراپ بارماقلىرىنى ئىشقىلىدى. سېمىز خېرىدار ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ يانچۇقىدىن يۈز سوم ئېلىپ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە:

— مەن تېخى بۇ قىز بىلەن هاراق ئىچىمەن، ئاندىن پەيزىنى سۈرىمەن. قالغىنىنى ئىش تۈگىگەندە ھېسابلىشايلى، — دېدى-دە، رىزۋانگۈلنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىغىنىچە بىرىنچى قەۋەتتىكى كارائوكلۇق ئايرىم خانىغا ئەكىرىپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ چاقىرتىلمىغانلىقىمغا ئىچىمدە مىڭ شۈكرانىلەر ئېيتىپ، رىزۋانگۈل كىرىپ كەتكەن ئۆيگە نەپرەت بىلەن قاراپ قويدۇم.

تۇرغۇنىنىڭ ھېلىقى كۈنى ياتاقتا مەن بىلەن هاراق ئىچكەندە تېلېفوندا: «ئا لوبەن، بىزنىڭ يۇرتتىكى ھېلىقى قىزلار تولۇق كېلىپ بولغاندۇر؟ ئۇلارنى قاتتىق تاللىدىم جۇمۇ... ھەققىنى دېيىشكەن باھادا ئەتىلا بېرىۋېتەرسىز...» دېگەن سۆزلىرى ئېسىمگە كەلدى. مەن ئەمدى ھەممە ئىشنىڭ تېگىگە يەتتىم. تۇرغۇن بىلەن ئالتۇن خېنىم قانداقتۇر كاتتا سودىگەرلەر بولماستىن، ئادەم قېلىپىدىن چىققان ئادەم سودىگەرلىرى ئىدى. مەن ئىچىمدە ئاشۇ ئالتۇن خېنىم دېگەن جادۇگەر خوتۇننىڭ بويۇن، بىلەك، بارماقلىرىدىكى هارامدىن كەلگەن ئالتۇن زىبۇزىنەتلىرىنىڭ ئالتۇن مىخقا ئايلىنىپ بەدىنىگە سانجىلىشىنى، زەھەرلىك يىلانغا ئايلىنىپ ئۇنى بوغۇپ، چېقىپ ئۆلتۈرۈشىنى تەڭرىدىن تىلىدىم. تۇرغۇنىمۇ مىڭنى قارغاپ، تاپقان پۇللىرىنىڭ

بىركۈنى بېشىغا چىقىشىنى، ئۇنىڭ مېنىڭ ئالدىمغا بىر قېتىم بولسىمۇ قەلەندەر سىياقىدا كېلىپ، پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكۈشىنى تىلىدىم.

... بىر چاغدا رىزۋانگۈلنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىتتىك بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم. ئۇ قىز ئېغىر مەست بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ھېلىقى سېمىز نىڭ بوينىغا ئېسىلغىنىچە ئىشىكتىن چىقىپ كېلىۋاتاتتى. سېمىزنىڭمۇ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇلار پەلەمپەيدىن ئېگىز - پەس دەسسەپ ئۇستىگە چىقىپ كەتتى...

شۇنداق قىلىپ مېنىڭ بۇ يەردىكى كۈنلىرىم ھەركۈنى كېچە- كۈندۈز مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇپ ھاراق ئىچىش، كارىۋاتتا ھەمراھ بولۇش دېگەندەك ئىپلاسلىقلار ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. مەنمۇ بارا - بارا بۇ ئىشلارغا كۆنۈپ قالدىم. خېرىدارلىرىم كېچىسى، كۈندۈزى يېنىمدىن ئۈزۈلمەيتتى. بارا - بارا ھاراق خۇمارىم تۇتىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا ھاراق دېگەننى سۇنىڭ ئورنىدا ئىچىدىغان بولدۇم، تاماكىنىمۇ قاتتىق چېكىدىغان بولۇپ كەتتىم. ھەر كۈنى مىڭ سوملاپ پۇل لاۋ لىنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ تۇرغاچقا ھەم مېنىڭ ئىلگىرىكى مىجەزلىرىم تەدرىجىي ئۆزگىرىپ بۇگۈنكىدەك تارتىنمايدىغان، تارتىشمايدىغان «تەشەببۇسكار» ھالەتكە يەتكەچكە، لاۋ لىنىڭمۇ پوزىتسىيىسى بۇرۇنقىدىن مۇلايىملىشىپ قالدى. بەزىدە كونا - يېڭى خېرىدارلىرىم مېنى تالىشىپ جېدەللىشىپ قالسا، لاۋ لى يوتىسىغا ئۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى - دە، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي خېرىدارلارغا مېنى باھادا تالاشقۇزاتتى. ئۆز ئابرۇيىنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇشىنى خالىمىغان بۇ ئەركەكلەر بىر - بىرىدىن يۇقىرى باھا قويۇپ مېنى تالىشاتتى. ئاخىر مېنىڭ بىر كېچىلىكىم يەتتە - سەككىز يۈزيۈەن، ھەتتا مىڭ يۈەنگىچە قىممەتكە توختايدىغان بولدى. ئەلۋەتتە بۇنداق مىڭ يۈەنلەپ پۇلنى پەقەت بىر ئاخشاملى-

قىم ئۇچۇن خەجلەيدىغان نوچىلار «لاۋبەن» دەپ ئاتىلىدىغان
پۇلدار خوجايىنلار بولاتتى. تالاشتا قالغان چاغلاردا مەن ئەنە
شۇلارغا مەنسۇپ بولاتتىم. بۇنداق «لاۋبەن»لەرنىڭ خاراكتېرى
مەرد، كىبىرى ئۇستۇن كېلەتتى. ئۇچىسىغا كىيىۋالغان كىيىم-
لىرىمۇ ئەڭ قىممەت باھالىق، ئالىي دەرىجىلىك كىيىملەردىن
ئىدى. بارماقلىرىدا قوش - قوش ئالتۇن ئۈزۈكلەر پارقىرايتتى،
قوللىرىدا يانفونلىرى توختىماي سايراپ تۇراتتى. بۇلارغا قاراپ
يۇرتىمىزدىكى بىرموچەنگە زار بولۇپ ئۆتۈۋاتقان نامرات دېھقانلى-
رىمىز، قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇشسىز قېلىۋاتقان باللار،
مائاشىنى ئاي ئاخىرىغا ئۇلىيالماي قاقشاۋاتقان نامرات زىيالىيلى-
رىمىز كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى - دە، كۆزۈمدە ياش، لەۋلى-
رىمدە سوغۇق كۈلكە ئويىنىغىنىچە «خوجايىن»لارنىڭ قوينىغا
كىرىپ كېتەتتىم.
شۇڭا مەن بارا - بارا پۇل تېپىشنىڭ كويىغا چۈشتۈم.
قانداقتۇر بىر غايە مېنى پۇل تېپىشقىلا ئۈندەيتتى. مەن بىراقلا
ئۆزۈمنى قويۇۋېتىپ، خېرىدارلارنى يۈكسەك قىزغىنلىق بىلەن
كۈتىدىغان، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى تولۇق قاندۇرىدىغان بولدۇم.
ھەتتا بۇ يەردىكى مەن بىلەن تەقدىرداش قىزلار بىلەن خېرىدارلار-
نى تالىشىدىغان، ئۇلارنى ئامال قىلىپ ئۆزۈمگە رام قىلىۋالىدى-
غان بولدۇم. قانداقلا خېرىدار بولسا ئۇنى ئالدى بىلەن ھاراق
ئىچىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئۆزۈممۇ تەڭ ئىچەتتىم (بۇ ۋاقىتتا
ھاراقنى ئاجايىپ كۆتۈرىدىغان بولۇپ كەتكەنىدىم). خېرىدارلى-
رىم تازا تەڭشەلگەندە ئۇلاردىن ھەق تەلەپ قىلاتتىم. ئۇلارمۇ
ئانچە تارتىنىشىپ تۇرماستىنلا ماڭا ئاتىغىنىنى بېرىشەتتى. بەزى
بېخىللارنى بولسا تۈرلۈك نازلىرىم، چاقچاقلىرىم، ئەركىلەشلى-
رىم... بىلەن «ئىنساپ»قا كەلتۈرۈپ، ئۇلاردىنمۇ پۇل ئۈندۈ-
رۈۋالاتتىم. لېكىن خېرىدارلىرىمغا ماڭا پۇل بەرگەنلىكىنى لى
خوجايىنغا ئېيتماسلىقنى تاپىلاشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتىم.

ئۇلارمۇ غۇرۇرىغا ئېلىپ ئاسانلىقچە ئۇنىڭغا ئېيتمايتتى. لاۋ لىمۇ مەن ئارقىلىق قولىغا كىرىۋاتقان تاپاۋىتى ئاز بولمىغاچقا مەندىن بارا - بارا پۇل تەلەپ قىلمايدىغان بولغانىدى. بەزىدە ئالاھىدە مېھمانلارنى كۈتكىنىمدە ئۇنىڭغا ئۆزلۈكۈمدىن ئەللىك ياكى يۈز سومنى بېرىپ «بۇنى خېرىدارلار بەردى» دەپ قوياتتىم. ئۇ مېنىڭ بۇنداق تەشەببۇسكارلىقىمنى، «مەرد» لىكىمنى كۆرگەندىن كېيىن، ئايلىق مائاشىمنى تۆت يۈز يۈەنگە ئۆستۈردى. بۇ يەردە مەن بىلەن رىزۋانگۈل ئىككىمىز «ئالاھىدە كوزىر مەھسۇلات» قا ئايلىنىپ قالغانىدۇق. شۇنىسى، مەن ئوبدانلا ئورۇقلاپ قالغانىدىم. رىزۋانگۈل بولسا ئۆزىنىڭ دومىلاقلىقىدىن ئانچە كەتمىگەن بولسىمۇ، هاراقنى كۆپ ئىچىپ يۈرۈپ ئۆزىگە ئاشقازان كېسىلى تېپىۋالغانىدى. يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى، بۇيەردە ئەڭ دەسلەپ مەن بىلەن تونۇجى بولۇپ ئىشقۋازلىق قىلغان هېلىقى ئېگىز بويلۇق يىگىت مېنى پەقەتلا تاشلىمىغانىدى. ئۇ هەپتىدە بىر قېتىم دېگۈدەك بۇ يەرگە كېلىپ تۇراتتى. كېلىپلا مەن بىلەن هاراق ئىچەتتى، كاراۋوكتا ناخشا توۋلايتتى، مېنى مەيدىسىگە چاپلاپ تۇرۇپ تانسا ئوينايتتى، شەھۋەت نەپسىنى قاندۇراتتى. ئۇ ماڭا: «مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ئۇنتۇپ كېتەي دەپمۇ ئۇنتۇيالمايۋاتىمەن. سىز بىلەن توي قىلاي دېسەم خوتۇنۇم بار» دەيتتى سەمىمىيلىك بىلەن. ئۇ هەر قېتىم كەلسە ماڭا ئايىماي پۇل بېرەتتى. ئاندىن مېنىڭ باشقىلار بىلەن كۆپ بىرگە بولماسلىقىمنى ئۆتۈنەتتى. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ مۇشۇ شەھەردىكى چوڭ بىر شىركەتنىڭ باش دېرىكتورى ئىكەن. دادىسى بىر دوختۇرخانىنىڭ ئاتاقلىق ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى هەم تېببىي پەنلەر مۇتەخەسسىسى ئىكەن. ئۇنىڭ دادىسى يەنە بانكىدا نەچچە مىليون يۈەن نەق پۇلى، چوڭ بىر داچىسى بار كاتتا باي ئىكەن. داچا ۋە مىليونلاپ پۇللار بۇ يىگىتنىڭ بوۋىسىدىن دادىسىغا قالغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە بىر قىز،

بىر ئوغۇل ئىككىلا پەرزەنت بولۇپ، قىز بۇ يىگىتنىڭ ئاچىسى ئىكەن. يىگىت ئاچىسىغا دادىسىدىنمۇ بەك ئامراق ئىكەن. شۇڭا ئۇ بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى بىر باھار ئەتىگىنى دادىسىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، ئامراق ئاچىسىنى ساياھەتكە ئاپارماقچى بوپتۇ ـ دە، ئاچىسىنى ئېلىپ كىچىك ماشىنا بىلەن يولغا چىقىپ-تۇ. ئۇ يولدا ماشىنىنى بەك تېز ھەيدىۋەتكەچكە بىر ئاچا يولدىن چىققان چوڭ يۈك ئاپتوموبىلىغا كىچىك ماشىنىسى سوقۇلۇپ كېتىپتۇ. ئاچىسى نەق مەيداندىلا قازا قىلىپتۇ. ئېگىز بوي يىگىت بولسا تەلىيىگە ماشىنىنىڭ ئېچىلىپ كەتكەن ئىشىكىدىن قاڭقىپ چىقىپ كېتىپ ئامان قاپتۇ. ئەمما دادىسى بۇ ئىشلارغا قەتئىي ئىشەنمەي، سەن مەندىن قالىدىغان مىراسقا كۆزۈڭنى قىزارتىپ، ئاچاڭنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ يىگىت دادىسى بىلەن ئانچە ئىناق ئۆتمەيدى-كەن. ئۇنىڭ ئانىسىمۇ قىزىنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ بىر يىلدىن كېيىنلا تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن. ئارقا ـ ئارقىدىن قىزى بىلەن خوتۇنىدىن ئايرىلغان دوختۇر: ئاناڭنىڭ ئۆلۈمىگىمۇ سەن سەۋەبچى، ئاچاڭ ئۆلمىگەن بولسا، ئاناڭمۇ ھەسرەتتىن تۇگىشىپ ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتمەيتتى، دەپ يىگىتنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. يىگىت توي قىلغاندا ئۇنىڭ تويىغىمۇ قاتناشماپتۇ. لېكىن يىگىت دادىسىنى ئايدا بىر قېتىم يوقلاپ تۇرىدىكەن. دادىسى يەنىلا ئۇنى ياقتۇرمايدىكەن.

كۈنلىرىم ئەنە شۇنداق ئۆتمەكتە، تېنىم كۈندىن ـ كۈنگە زەئىپلەشمەكتە ئىدى. ھېسابلاپ كۆرسەم مەن بۇيەرگە كەلگىلى ئىككى يىلچە بولۇپ قاپتۇ. لاۋ لىمۇ گەدىنىمگە ئارتىپ قويغان ئاتمىش مىڭ سومدىن ئارتۇق پۇلنى ئابىيالا تاپتى. مەنمۇ ئۇنىڭ-دىن ئالغان مائاشىم ۋە باشقا تاپاۋەت پۇللىرىمنى ھېسابلاپ كۆر-سەم جەمئىي ئەللىك مىڭ سومغا يېقىن پۇل تېپىپتىمەن. ئەمدى بولار، لاۋ لىغا نەق گەپنى ئېيتىدىغان كۈن يېتىپ كەلدى، يەنە

مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم ئۆزۈم بالدۇرلا تۈگىشىپ كېتىدىغاندەك قىلىمەن، دېگەنلەرنى ئويلىدىم ـ دە، مۇۋاپىق پەيتنى تاللاپ تۇرۇپ لاۋ لىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. قارىسام ئۇ ئون ئالتە ياشلاردىكى بىر قىزنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ تازا سۆيگىلى تۇرغانىدى. قىز مېنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ تىزىدىن پەسكە چۈشۈۋالـ دى. لاۋ لى چىرايىنى دەرەخ قوۋزىقىدەك پۈرۈشتۈرۈپ مەندىن سورىدى:

— نېمە ئىش بارتى؟ ئىشىكنى چېكىپ كىرىشنىمۇ بىلمەمـ سەن؟

— سىز بىلەن سۆزلىشىدىغان مۇھىم ئىشىم بار، خوجاـ يىن، — كەسكىنلا ئېيتتىم مەن.

— شياۋخۇڭ، سىز چىقىپ تۇرۇڭ، — دېدى ئۇ ھېلىقى قىزغا مۇلايىم كۈلۈپ. ئاندىن چىرايىنى يەنە ئەسلىدىكىدەك پۈرۈشتۈرۈپ، قومۇشنىڭ يېرىقىدەك كۆزلىرى بىلەن ماڭا سو- ئال نەزىرىدە قارىدى. قىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتتىم:

— مەن ئەمدى كېتىمەن.

— نەگە؟ — ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن كېرىلدى.

— يۇرتۇمغا.

— قەرزىڭنى تۈگەتمەيلىما؟

— مېنى ئۇنچە دۆت چاغلىماڭ، لى خوجايىن، مەنمۇ ئوقۇـ غان. ھېساب دېگەننى ئوبدان بىلىمەن. مەن سىزگە كۈنۈمگە يۈز سومدىن تېپىپ بەرسەممۇ ئاتمىش مىڭ سومنى تولۇق تۆلەپ بولغان بولىمەن. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ سىزگە قانچىلىك پۇل تې- پىپ بەرگىنىم سىزگە كۈندەك ئايدىڭ. ئەمدى ماڭا رۇخسەت قىلىڭ.

گەپلىرىمنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ قىسىق كۆزلىرى تېخىمۇ قىسىـ لىپ كەتتى، يۈز تېرىلىرى لىپىلدىدى.

— بولمايدۇ، سەن تېخى ياتاق هەققىڭ بىلەن تاماق هەققىڭنى تۆلىمىدىڭ.

— مېنىڭ سىزگە تېپىپ بەرگەن پۇللىرىم ياتاق، تاماق هەققىدىنمۇ ئېشىپ چۇشىدۇ، خوجايىن. سىزدەك ئادەملەردىن ۋىجدان دېگەننى كۈتكىلى بولمىسىمۇ، ئەركەك بولغاندىكىن ئەركەكتەك راست سۆزلەپ باقسىڭىزچۇ، — دېدىم بىردىنلا ئۆزۈمنى تۇتالماي.

— ماڭا تولا گەپ ئويناتماي ئىشىڭغا ماڭ، — دېدى ئۇمۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ.

مەن مۇشۇنداق بولۇشىنى مۆلچەرلەپ بۇرۇنلا قوينۇمغا تىقىۋالغان گۆش چانايدىغان پىچاقنى چىقاردىم - دە، «مېنى قويۇپ بېرەمسەن، يوق؟» دېگىنىمچە ئۇنىڭغا ئېتىلدىم. ئۇ «ئەيياء...» دەپ توۋلىغىنىچە ئۆزىنى تالاغا ئاتتى. مەنمۇ دەمبەس قەدەم يۈگۈرۈپ بېرىپ قولۇمدىكى پىچاقنى ئۇنىڭغا قارىتىپ چاپتىم. ئۇ بوسۇغىغا پۇتلىشىپ دۈم چۈشتى. چاپقان پىچىقىم ئۇنىڭغا تەگمەي قالدى. مەن ئۇنى ئىككىنچى قېتىم چاپماقچى بولۇپ قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈمگە، ئۇ ئۆزىنىڭ يېشىغا ماس كەلمەيدىغان بىر خىل چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ پەرتىدىلا قېچىپ قورۇنىڭ بىر چېتىگە بېرىپ بولدى. ئاڭغىچە ئەتراپنى ئۇنىڭ بەش - ئالتە چاپارمىنى قورشىۋالدى.

— كېلىشە، قايسىڭ نوچى؟ پىچاقتىن قورقمايدىغىنىڭ، ئاشۇ هايۋان ئۇچۇن جېنىڭنى سېلىپ بېرەلەيدىغىنىڭ كېلە! — دەپ ۋارقىرىغاچ، قولۇمدىكى پىچاقنى ئۇيان - بۇيان توختىماي شىلتىدىم. چاپارمەنلەر هەيۋە قىلىپ تۇرسىمۇ بىرەرى ماڭا ئېتىلىپ كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

— بېرىڭلار، ئۇ ياۋايىنىڭ قولىدىكى پىچاقنى تارتىۋېلىڭلار! — دەپ ۋارقىرايتتى لاۋ لى.

دەل مۇشۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە دەرۋازىدىن هېلىقى ئېگىز

بويلۇق يىگىت، مۇنداقچە ئېيتقاندا مېنىڭ ئاشنام كىرىپ كەلدى.

— ھەي، نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ كەينىڭلارغا يېنىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ چاپارمەنلەرگە.

— يىگىت، قارىماسىز بۇنىڭ تەلۋىلىكىگە، ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دەپ ئىشخانامدىن مۇشۇ يەرگە قوغلاپ چىقتى، — دېدى لاۋ لى كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ.

— ئەقىدە، قارامىلىق قىلماڭ. قانداق ئىش بولسا مەن بىلەن سۆزلىشىڭ. ئۇلار بىلەن نېمە دېيىشىۋاتىسىز؟ — دېگىنىچە ماڭا ئاستا يېقىنلاشتى يىگىت.

— كېتىمەن دېسەم ئۇ مېنى كەتكىلى قويمىدى. شۇڭا مەن قولۇمغا پىچاق ئالدىم. ئەگەر ئۇ مېنى يەنە كەتكىلى قويمىسا، مەن ئۇنى چوقۇم بوغۇزلىۋېتىمەن، — دەپ ۋارقىرىدىم، — سىزمۇ يېقىن كەلمەڭ!

— ھە، شۇ ئىشمىدى؟ مەنمۇ دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلگەن.

— ئۇنداق بولسا مېنى بۇ دوزاختىن ئەكېتىڭ.

— كەتسۇن، كەتسۇن، ھازىرلا، — دېدى لاۋ لى بىردىنلا كەسكىن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، پۇتلىرى قوناق شېخىدەك تىترىمەكتە ئىدى. يۈرىكىمدىن تەپكەن بىرخىل ئىچكى ھاياجان ياشقا ئايلىنىپ كۆزلىرىمدىن ئېتىلىپ چىقتى. مەن يېشىمنىمۇ سۈرتمەستىن يېنىمدىكى بىر قاتار ئۆيلەرگە قارىدىم. ئىشىك ئالدىلىرىغا چىقىۋالغان قىزلار ماڭا ھەيرانلىق، يەنە قانداقتۇر چۈشىنىكسىز مەنىلەرگە تولغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ قېلىشقانىدى. ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرى ئالدىدىمۇ بىرقانچە جۈپ يېرىم يالىڭاچ قىز - ئوغۇللارنىڭ گەۋدىسى پەيدا بولغان بولۇپ، ماڭا قاراپ تۇرۇشاتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە رىزۋانگۇلنى كۆرۈپ توۋلىدىم:

— رىزۋانگۈل، بۈياققا چۈشۈڭ، بۈيەردىن كېتىمىز.
— سىز كېتىۋېرىڭ، مەن ئەمدى يۇرتۇمغا بارالماي-مەن، — دېدى ئۇ ئويلىمىغان يەردىن. ئۇ ماڭا ئۆز ئانا تىلىدا جاۋاب بېرىۋاتاتتى.
— يۇرتىڭىزغا بارمىسىڭىز باشقا ياقلارغا كەتسەكمۇ بولىدۇ. ئىشقىلىپ، بۇ دوزاختىن كېتەيلى، تېز چۈشۈڭ! — دېدىم مەن يەنە.
— ياق، ئەقىدە، مەن ساقايماس بىر كېسەلنى يۇقتۇرۇۋاپتىمەن. ئانچە ئۇزاق ياشىيالمايدىغان ئوخشايمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە بىزنى دەپسەندە قىلغان مۇشۇنداق پاھىشىۋازلارغا مەنمۇ بۇ كېسەلنى يۇقتۇرۇپ ئۇلارنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ئۇ دۇنياغا ئەكەتىكىنىم تۈزۈك ئىكەن. خەير خوش!
ئۇ شۇنداق دەپلا دېرىزىدىن غايىب بولدى. بۇ چاغدا ئېگىز بويلۇق يىگىت يېنىمغىلا كېلىپ قالغانىدى.
— ئۇ قىز نېمە دەيدۇ؟ — دېدى ئۇ رىزۋانگۈلنىڭ تىلىنى بىلەلمەي.
— مەن بىلەن خوشلاشتى، — دېدىم قىسقا جاۋاب بېرىپ، — مەن ياتاقتىن چامادانىمنى ئېلىۋالاي، سىز ياتاق ئىشىكىدىن ھېچكىمنى كىرگۈزمەڭ. لاۋ لىنىڭ گېپىدىن يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن.
يىگىت مەن بىلەن مېڭىپ ياتاق ئىشىكىدە قالدى. مەن ئالدىنقاچان تەييارلاپ قويغان چامادانىمنى ئالدىم ـ دە، ياتاقتىن چىقتىم.
— ئەمدى پىچاقنى تاشلىۋېتىڭ، — دېدى يىگىت.
— ياق، مەن تولۇق بىخەتەرلىككە ئېرىشكەندە ئاندىن تاشلىۋېتىمەن.
بىز بۇ مۇدھىش زىنداندىنمۇ بەتتەر جايدىن ئاخىر تالاغا — يورۇقلۇققا چىقتۇق. مەن ئىككى يىلدىن بېرى سىرتقا چىقالمى-

غاچقا، شەھەرنىڭ كەڭ كەتكەن گۈزەل كوچىلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئاغزىمنى چوڭ ئېچىپ شەھەر ھاۋاسىنى سۈمۈردۈم. ئۆزۈمنى قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشتەك ئەركىن - ئازادە ھەم يەڭگىل ھېس قىلدىم. بىز خېلى ئۇزاق پىيادە ماڭغاندىن كېيىن، مەن قولۇمدىكى پىچاقنى كۆڭلۈم قىيمىغان ھالدا بىر ئېرىقنىڭ ئىچىگە تاشلىۋەتتىم. ئېگىز بويلۇق يىگىت يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر تاكسىنى توستى. بىز تاكسىغا چۈشۈپ يىگىتنىڭ دادىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدۇق.

— مەن دادىڭىزنىڭكىدە تۇرامدىم؟ — دەپ سورىدىم كېتىۋېتىپ.

— ھەئە، دادام يالغۇز بولغاچقا تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالدى. سىز ئۇنىڭ تامىقىنى ئېتىپ، كىرىنى يۇيۇپ بەرسىڭىزلا بولدى. ئەسلىدە سىزنى ئۇ يەردىن بۇرۇنراق ئاچىقىپ دادامنى بىر خۇش قىلىۋەتسەم بوپتىكەن. بۇ ئەقىل ئېخى يېقىندىلا كاللامغا كەلدى.

— لېكىن لاۋ لى ئۇنىمايتتى - دە.

— پۇل بېرەتتىم.

— ئەمەلىيەتتە ئاشۇ بىر پىچاق پۇلىڭىزنىمۇ ئىقتىساد قىلىپ قالدى.

— شۇنداق، سىز بەك جاسارەتلىك ئىكەنسىز.

— جاسارەت بۇرۇن مەندە يوق ئىدى، كېيىن يېتىلدى.

— مەن سىزنى پات - پات كېلىپ يوقلاپ تۇرىمەن، بولۇپمۇ دادام ئۆيدە يوق چاغدا.

مەن ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ئارتۇق گەپ قىلمىدىم.

تاكسى ئەتراپى رەڭلىك خىشتا قوپۇرۇلغان ئېگىز تاملىق بىر قورۇنىڭ تۆمۈر رېشاتكىلىق دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بىز ماشىنىدىن چۈشتۇق. يىگىت دەرۋازا كۇنۇپكىسىنى بېسىۋىدى، شۇ ھامان پاكىنەك كەلگەن بىر بوۋاي چىقىپ بىزگە دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى. ئۇ يىگىتكە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ،

«خۇش كېلىپسىز، بايۋەچچە» دەپ ئەھۋال سورىدى.
— دادام ئۆيدە بارمۇ؟ — سورىدى يىگىت.
— بار، بار.
بىز بۇ كەڭرى قورۇنىڭ بىر تەرىپى گۈلزارلىق، بىر تەردە-پى ھەرخىل مەنزىرە ئورمىنى بىلەن قاپلانغان فارفور چاقچۇق ياتقۇزۇلغان ئازادە يولىنى بويلاپ بەش يۈز مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن، كىرىش ئىشىكىنىڭ ئالدى پەلەمپەيلىك سۇپا، ئۈستى راۋاق شەكىللىك سېلىنغان ھەشەمەتلىك داچىغا يېتىپ كەلگەندە مېڭىشتىن توختىدۇق. پەلەمپەينىڭ سول يېنىدىكى چوڭ بىر تۈپ دەرەخ ئاستىدا چاچلىرى چارلاشقان، ئۆزى سەل سېمىز-رەك، ئېگىز بوي بىر ئادەم بامبۇك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ گېزىت كۆرمەكتە ئىدى. ئۇ بىزنى كۆرۈپ نەزىرىنى ئىتتىك ماڭا يۆتكىدى، باش - ئايىغىمغا بىر قۇر نەزەر سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ماڭا بىلىنەر - بىلىنمەس باش لىڭشىتىپ قويۇپ يىگىت-تىن سورىدى:
— بۇ قىز كىم؟ چەت ئەللىكمۇ؟
ئۇنىڭ ئاۋازى ۋە قاراشلىرىدىن يىگىتكە قانداقتۇر بىر ئۆچ-مەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. يىگىت يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي جاۋاب بەردى.
— ئىسمى ئەقىدە، ئۇ شىنجاڭلىق ئۇيغۇر قىز.
— ئۇيغۇر؟ — بۇ ئادەم ئىختىيارسىز ھالدا لىككىدە ئورنى-دىن تۇرۇپ كەتتى. ئالدىغا ئىككى قەدەم مېڭىپ بىزگە يېقىن كەلدى، ماڭا يەنىمۇ سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، — ئاجايىپ چىرايلىق ئىكەنسىز، ياۋروپالىقلارغىلا ئوخشايدىكەن-سىز، — دېدى.
ئەمدى ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتكەنىدى.
— قېنى، ئۆيگە مەرھەمەت.
ئۇ مېنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئۆيگە باشلاپ، ئۆزى

ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى. يىگىتمۇ بىزگە ئەگەشتى.
بىز دالاندىكى ئازادە مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ يۇمشاق كرېسلولاردىن ئورۇن ئالدۇق. يىگىت ئىستاكانلارغا چاي قۇيۇپ ئالدىمىزدىكى شىرەگە قويغاچ سۆز ئاچتى:
— بەلكىم ھېس قىلىپ بولغانسىز، بۇ مېنىڭ دادام. فامىلىسى ۋاڭ، — ئاندىن ئۇ دادىسىغا يۈزلىنىپ دېدى، — دادا، سىز تۇرمۇشتا كۆپ قىينىلىپ قالدىڭىز، شۇڭا بۇ قىزنى سىزگە ياردەملىشىشكە ئەكەلدىم.
— قانداق بولۇپ شىنجاڭدىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى يىگىتنىڭ دادىسى.
مەن جاۋاب بېرەي دەپ ئاغزىمنى ئېچىشىمغا، يىگىت گېپىمنى تارتىۋالدى:
— تىجارەت بىلەن كېلىپتىكەن.
— ياخشىغۇ، — دېدى يىگىتنىڭ دادىسى، — ياپياش تۇرۇپلا تىجارەتكە كىرىشكەن بولسىڭىز كەلگۈسىدە روناق تېپىپ كەتكۈدەكسىز. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇيغۇرلار ئەزەلدىنلا تىجارەتكە پىششىق خەق. تارىختىن سۈرۈشتۈرگەندىمۇ سىلەرنىڭ سودا مەدەنىيىتىڭلار بۇرۇنلا تەرەققىي قىلغان. شىنجاڭدىكى داڭلىق يىپەك يولىمۇ بۇنىڭغا گۇۋاھ بولالايدۇ.
مەن ئۇنىڭ بالىسىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ قېلىپ، ماڭا سەمىمىيلىك بىلەن سۆزلەپ كەتكىنىدىن ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ يىگىتكە قارىدىم، ئۇ ماڭا كۆزىنى قىسىپ قويدى.
— بۇ يىل نەچچىگە كىردىڭىز؟ — يەنە سورىدى ۋاڭ فامىلىلىك ئادەم. نېمىشقىدۇر ئۇ مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپلا تۇراتتى.
— يىگىرمە ئىككى ياشقا كىردىم.
— سىز بۇ يەرگە تىجارەت بىلەن چىققان تۇرۇپ، ئەجەب

مېنىڭ ئۆيۈمدە ئائىلە خىزمەتچىسى بولۇشقا كېلىپ قاپسىزغۇ؟
بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈزۈم ۋىللىدە قىزاردى. ئۇ چىڭ يەردىن تۇتۇۋالغانىدى.
— ھە، ئۇ... ئۇ پۇللىرىنى ئوغرىغا بېرىپ قويۇپتۇ. كوچىدا ماڭا ئۇچراپ قېلىپ ئەھۋالىنى ئېيتتى. شۇڭا مەن سىزنى ئويلاپ بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن، دادا، — دېدى يىگىت يەنە يالغاندىن بىرنى توقۇپ.
— مۇنداق دېگىن. سىزگە بەك ئۇۋال بوپتۇ، قىزچاق.
مەن ئۇندىمىدىم. پۈتۈن خىيالىم بۇنداق يالغانچىلىقنىڭ ھامان بىر كۈنى ئاشكارىلىنىپ قالسا، بۇ ئادەمنىڭ ماڭا بىردىنلا نەپرەتلىنىپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشىدە قالغانىدى.
— سىز تاماق ئېتەلەمسىز؟ — سورىدى ئۇ ئادەم.
— ئېتەلەيمەن.
— ئۇنداق بولسا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان تامىقىنى ئېتىپ باقامسىز؟
— ماقۇل.
دادا ـ بالا ئىككىسى مېنى ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپ قازان بېشى بىلەن بىرەر قۇر تونۇشتۇرۇپ چىقتى.
— بىز ئاساسەن كالا گۆشى يەيمىز. توڭلاتقۇدا كالا گۆشى بار. خاتىرجەم ئىشلىتىڭ، — دېدى يىگىتنىڭ دادىسى.
مەن بىر سائەت ئىچىدە ئوخشىتىپ لەڭمەن ئېتىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاچىقتىم. دادا ـ بالا لەڭمەندىن ئىككى ـ ئۈچ چوكىدىن يېگەندىن كېيىن، مېنى بەس ـ بەستە ماختاپ كېتىشتى، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق ئوخشىغان لەڭمەننى ئۆمرىدە يەپ باقمىغانلىقىنى ئېيتتى.
— سىز مۇشۇ ئۆيدە قېپقېلىڭ، مائاشىڭىزنى قانچىلىك دېسىڭىز شۇنچىلىك بېرەي، — دېدى يىگىتنىڭ دادىسى. ئاندىن ئۇ ئوغلىغا قاراپ، — شياۋ ۋاڭ، ماڭا مۇشۇنداق قىزنى ئەكې-

لىپ بەرگىنىڭگە رەھمەت، — دېدى تۇنجى قېتىم ئوغلىغا ئوچۇق چىراي ئېچىپ.

شياۋ ۋاڭنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ يو-شۇرۇن ھالدا باش بارمىقىنى چىقىرىپ ماڭا «بەك ياخشى بولدى» دېگەن ئىشارىنى قىلىپ ئۇلگۇردى.

مەن تاماقتىن كېيىن چىنە - قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ پاك - پاكىز يۇيۇپ جايلاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، مېھمانخانا ئۆينى قايتىدىن بىر تازىلاپ چىقتىم. ئىشىمنى تۈگىتىپ كىرىش-لوغا كېلىپ ئولتۇرۇشۇمغا، شياۋ ۋاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— دادا، مەن ماڭاي، كەچ كىرەي دەپ قاپتۇ. ئەقىدە، خوش، دادامغا ياخشى قاراڭ، — دېدى - دە، مېنىڭ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— ۋاڭ خوجايىن، چاي ئىچەمسىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭ ئوغلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن.

— ھەي، مېنى لاۋ ۋاڭ دەپ چاقىرىۋېرىڭ، — دېدى ئۇ خۇشال كۈلۈپ.

— كىر كىيىملىرىڭىز بولسا يۇيۇپ بېرەيمۇ؟

— ياق، كىيىملىرىم پاكىز.

— ئەمىسە سىزگە نېمە ئىش قىلىپ بېرەي؟

— ھېچ ئىش قىلماڭ، ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ بېرىڭ، مەن نەچچە ۋاقىتتىن يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى كۆپ تارت-تىم، بىرەر ھەمراھ ئەكېلىۋالاي دېسەم، ماڭا ئۇچرىغانلا ئايال-نىڭ مېنىڭ پۇلۇمنى كۆزلەيدىغانلىقىنى بىلىپ قالدىم. ئۆمۈر-لۈك جۈپتىڭىز بولىدىغان ئادەم سىزگە سادىق بولمىسا، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە ياشىغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ شياۋۋاڭنىڭ ئانى-سى بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ بەك مۇلايىم، ماڭا ساداقەتمەن ئايال ئىدى.

— بۇنى بىلىمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزى

تۆگىشىگە، — يەنە بىر قىزىڭىزنىڭمۇ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدـ
ـمەن. بۇ ئىشلارنى شياۋ ۋاڭ ماڭا سۆزلەپ بەرگەن.
— بىلگىنىڭىز ياخشى بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھىنىمۇ
سۆزلەپ بەردىمۇ؟
— سۆزلىدى. بىراق ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، ۋاڭ ئەپەندىم.
شياۋ ۋاڭنى كەچۈرۈۋېتىڭ. ئۇ يەنىلا سىزنىڭ بالىڭىز ئەمەسمۇ.
— خەنزۇچىنى ئەجەب ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز. سىز خەنـ
ـزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغانمۇ؟
— ياق، ئەمما مەن ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇغان. تولۇق
پۈتتۈرەلمىگەن.
— نېمىشقا؟
— مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن.
— ماڭا ئىككى تەخسە خام سەي قىلىپ بېرەمسىز؟
— ماقۇل.
مەن بىردەمدىلا ئۇنىڭغا ئىككى تەخسە خام سەي تەييارلاپ
بەردىم. ئۇ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر بوتۇلكا ئالىي
ئاق هاراق ئاچىقتى. مەن ئۇنىڭغا رومكا ئاچىقىپ بەردىم.
— سىزمۇ ئىچىپ قويامسىز؟ — دېدى ئۇ.
— مەن... مەن ئىچمەي، — دۇدۇقلاپ قالدىم مەن.
— ئىچىپ قويۇڭ، ياخشى ئارام ئالىسىز.
— ماقۇل.
— مانا، ماڭا ھەقىقىي بىر ياخشى ھەمراھ تېپىلدى دېگەن
گەپ.
لاۋ ۋاڭ شۇنداق دېگەچ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئىككى
رومكىغا هاراق قۇيدى.
— مەن بۇرۇن هاراق ئىچمەيتتىم. ئايالىم بىلەن قىزىم
ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىچ پۇشۇقىدا بۇ
نەرسىگە ئۆگىنىپ قالدىم، بارا ـ بارا كۈندە ئىچمىسەم تۇرالمايـ

دىغان بولدۇم. قېنى كېلىڭ، — دېدى ئۇ رومكىسىنى قولىغا ئېلىپ.

مەن رومكىنى قولۇمغا ئېلىپ ئۇنىڭ رومكىسىغا بوش تەگكۈزۈپ قويۇپ ئاستا كۆتۈرۈۋەتتىم.

— ياخشى، يەنە بىر رومكا ئىچەيلى، — ئۇ رومكىلارنى يەنە تولدۇردى، كۆتۈرۈۋەتتۇق.

هاراق تۆت رومكىدىن ئايلانغاندىن كېيىن، لاۋ ۋاڭ سۆزگە كىرىشتى:

— بىلەمسىز، مەن سىزنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگەندە ئىنتايىن هاياجانلىنىپ كەتتىم. چۈنكى بۇنىڭ سەۋەبى بار. مېنىڭ بىر ئاكام بۇرۇن ئازادلىق ئارمىيىگە قاتنىشىپ شىنجاڭغا بارغانىكەن. ئۇلار شىنجاڭدا گومىنداڭ قالدۇقلىرىنى پاك - پاكىز تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، يۇقىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭدا بىكىتۇەن قۇرۇپ بوز يەر ئېچىش بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. ئۇ يەردىكى تۇرمۇش ئىنتايىن جاپالىق، ئەمگەك ئېغىر ئىكەن. شۇ چاغلاردا ئاكام ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى شۇ يەردىكى ئۇيغۇر دېهقانلارنىڭ نۇرغۇن شەپقىتىگە ئېرىشكەنىكەن. ئۇلار ئاچ قالسا دېهقانلار ئۇلارغا ئاشلىق، چارۋا بېرىپتۇ. يالىڭاچ قالسا كىيىم - كېچەك بېرىپتۇ، توڭلىسا يوتقان - كۆرپە، هەتتا ئۆزىنىڭ ئۆيلىرىنىمۇ بېرىپتۇ. ئىشقىلىپ، ئۇلارنىڭ قىلمىغان ياخشىلىقلىرى قالماپتۇ. بىر قېتىم ئاكام ئېغىر جىگەر كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا، ئۇيغۇر دېهقانلار ئۇنىڭغا هەرخىل يەرلىك دورىلارنى، پاقلاننىڭ جىگىرىنى ئەكېلىپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاكام ئاخىر ساقىيىپ سەپداشلىرى بىلەن تەڭ ئىشلىيەلەيدىغان بوپتۇ. كېيىن ئاكام بىر تۇەنگە باشلىق بوپتۇ. دېهقانلار ئۇنى يەنە بۇرۇنقىدەكلا يوقلاپ تۇرۇپتۇ. ئاكام ئالەمدىن ئۆتكىلى ئون يىلچە بولدى. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ماڭا يازغان بىر پارچە خېتىدە: «... ئىنىم،

سىلەر مېنى قايتىپ كەل دەپ نەچچە رەت خەت يازدىڭلار، كۆڭۈلۈڭلارغا رەھمەت. مەن يۇرتقا قايتمايمەن. قەبرەمنىڭ شىنجاڭدا تىكلىنىشىنى، روھىمنىڭ بۇ يەردىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلار بىلەن مەڭگۈ بىللە بولۇشىنى ئاللىبۇرۇن قارار قىلدىم. بۇھەم مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۈيۈك ئارزۇيۇم. سەن بىلمەيسەن، ئۇيغۇرلار ئاجايىپ بىر خەلق، كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىمايدۇ، بەكمۇ ئەپۇچان، كۆكسى - قارنى خۇددى تەكلىماكاندەك كەڭ، خاراكتېرى خۇش چاقچاق، ناخشا - ئۇسسۇلخۇمار، چىقىشقاق. بۇلارنىڭ مېھماندوستلۇقىنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. ئۆزى يېمەي - ئىچمەي، ھەتتا مېھمان كېلىپ قالسا ئالدىغا قويىمىز دەپ بالىلىرىدىنمۇ قىسىنىپ ساقلاپ قويغان نەرسىلىرىنى مەيلى تونۇش، ناتونۇش مېھمانلىرى كەلسۇن كۈلۈپ تۇرۇپ شۇلارنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. شۇڭا مەن ئۇيغۇرلارنى ئاجايىپ بىر مىللەت دەيمەن، ئۇلارغا ئىچ - ئىچىمدىن قايىل بولىمەن، ئۇلارغا ھەۋەس قىلىمەن. مەن ھازىر ئۇلار بىلەن ئۇرۇق - تۇغقاندەك بولۇپ كەتتىم. شىنجاڭ — مېنىڭ ئىككىنچى يۇرتۇم. شۇڭا مەن بۇيەردە قالماقچىمەن».

— شۇنداق قىلىپ ئاكامنىڭ ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە مەندىمۇ ئۇيغۇرلارغا بولغان غايىۋى مۇھەببەت، ھۆرمەت تۇيغۇسى شەكىللەندى، — دېدى لاۋ ۋاڭ بىرخىل قايناق ھېسسىيات بىلەن، — مەن بىزنىڭ گۇاڭجۇدا بەزىدە ئۇيغۇرلارنى ئاز - تولا ئۇچرىتىپ قالىمەن. ئەمما ئۇلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ سىردىشىش پۇرسىتى بولمىغانىدى. مانا بۈگۈن سىز بىلەن سىردىشىش بەختىگە ئېرىشتىم. سىزمۇ ئاجايىپ ئوچۇق - يورۇق ئىكەنسىز.

— رەھمەت، سىزمۇ بەك ياخشى ئادەم ئىكەنسىز، ئوچۇق مىجەز، مۇڭداشقاق ئىكەنسىز، — دېدىم مەنمۇ جاۋابەن.

— مەن شىنجاڭغا بېرىپ باقمىغان. شىنجاڭنىمۇ پەقەتلا

چۈشەنمەيمەن. شىنجاڭنىڭ يەر مەيدانى چوڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ قىزىقىش بىلەن.

— بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ يەر مەيدانى بىر مىليون ئالتە يۈز مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

— پاھ، نېمىدېگەن كەڭ زېمىن ئۇ! ئاھالىسىچۇ؟

— ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن، لېكىن ئون مىليون ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن.

— مۇنداق دەڭ، مەن تېخى ئۇ يەردە ئادەم ئىنتايىن ئازدەپ ئويلاپتىمەن. بايلىق جەھەتتە قانداقراق؟

— يەر ئۈستى، يەر ئاستى بايلىقى خېلى مول، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى قىرىق سەككىز مىليون موغا يەتكەنلىكى مەلۇم؛ يەنە ئېچىشقا بولىدىغان يەتمىش ئۈچ مىليون مو بوز يەر بارلىقى مۆلچەرلەندى. شىنجاڭ جۇڭگودىكى بەش چوڭ چارۋىچىلىق رايونىنىڭ بىرى، شىنجاڭدا پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەتتە يۈز يىگىرمە مىڭ مو ئوتلاق بار. گېئولوگلارنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، بىر يۈز ئوتتۇز سەككىز خىل كان بايلىقى بايقالغان، بۇنىڭ ئىچىدە بەش خىل كان مەھسۇلاتى جۇڭگو بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن. نېفىت بايلىقىنىڭ زاپىسى ئوتتۇز مىليارد توننىدىن ئارتۇق، بۇ جۇڭگو بويىچە قۇرۇقلۇقتىكى نېفىت زاپىسىنىڭ ئوتتۇز بەش پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، تەبىئىي گاز بايلىقىنىڭ زاپىسى بىر يۈز ئوتتۇز مىڭ كۇب مېتىر كېلىدۇ، بۇ جۇڭگو بويىچە قۇرۇقلۇقتىكى ئومۇمىي تەبىئىي گاز زاپىسىنىڭ ئوتتۇز تۆت پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

— يارايسىز، يارايسىز! سىز ئالىي مەكتەپنى ياخشى ئوقۇپتىكەنسىز جۇمۇ، سىزگە قايىلمەن، — دەپ مۇرەمگە پەپىلەپ قويدى ئۇ.

— ئەمەلىيەتتە مەن ياخشى ئوقۇيالمىغان. زېھنىم ئوچۇق بولسىمۇ دەرسلەرگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتىم. دۇنيادىكى ئاجا-

يىپ ـ غارايىپ ئىشلار، ئېچىلمىغان سىرلار، بايلىقلار، جۇغرا-
پىيىلىك ئالاھىدىلىك دېگەندەك، دەرسكە ئانچە مۇناسىۋەتسىز
ماتېرىياللارنى كۆرۈشكە قىزىقاتتىم. ئۇنىڭدىن باشقا، ئويۇن ـ
تاماشىغا بەك قىزىقاتتىم، — دېدىم مەن سەممەدى جاۋاب
بېرىپ، — شۇڭا بىرنەچچە پەندىن ئۆتەلمەي جازالانغانتىم.
— ئاخىرقى گەپلىرىڭىزگە ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.
— سىزنىڭ سەممىيلىكىڭىزگە قاراپ مەنمۇ راست گەپ
قىلىۋاتىمەن. مەن ئائىلىمىزدە بىرلا قىز ئىدىم. شۇڭا بەك
ئەركە چوڭ بولغان. بىر ئىشلارنى ئانچە چوڭقۇر ئويلاپ كەتمەيتە-
تىم. ئاشۇ خىل ئەيىبىم ئاخىر مېنى مۇشۇ كۇنگە قويدى، —
دېدىم مەن بۇ ئادەمگە راست گەپنى ئېيتىش قارارىغا كېلىپ.
— گەپلىرىڭىزنى تازا چۈشىنەلمەيۋاتىمەن.
— ۋاڭ ئەپەندىم، ئەگەر سىز ماڭا راستىنىلا ئىشەنسىڭىز،
مەن ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى سىزگە سۆزلەپ بېرىمەن.
بىرلا شەرتىم، ئوغلىڭىز شياۋ ۋاڭنى ئەيىبلىمەيسىز، مېنى
ئۆيىڭىزدىن قوغلاپ چىقارسىڭىزمۇ مەيلى، ئەمما غۇرۇرۇمغا
تېگىپ مېنى ھاقارەتلىمەيسىز. ماڭا ۋەدە بېرىڭ، — دېدىم بىر
رومكىنى قولۇمغا ئېلىپ.
لاۋ ۋاڭ رومكىسىنى قولىغا ئېلىپ ماڭا ۋەدە بەردى. بىز
ھاراقنى ئىچىۋەتتۇق.
مەن ئالىي مەكتەپتىكى ئەھۋالىم، ئائىلىمىزنىڭ ئەھۋالى
ۋە ئۆزۈمنىڭ گۇاڭجۇغا ئالداپ ئەكېلىنگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە
باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىمنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەر-
دىم. ئەمما ئۇنىڭ ئوغلى شياۋ ۋاڭنىڭ مەن بىلەن بۇرۇندىن
تونۇشلۇقى بارلىقىنى ئۇنىڭدىن سىر تۇتتۇم. مەن سۆزۈمنى
ئاخىرلاشتۇرۇپ بولۇپ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم. ئۇ چوڭقۇر
خىيالغا پاتقان بولۇپ، ياپما قاپاق، ئەمما دۈگىلەك كەلگەن
كۆزلىرى قىسىلىپ كەتكەنىدى.

— كېلىڭ، بىر رومكا كۆتۈرۈۋېتەيلى، — دەپ مېنى هاراققا تەكلىپ قىلدى ئۇ چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېتىپ.

رومكىلار بوش سوقۇشتۇرۇلدى. ئۇ ئالدىدىكى تاماكا قېپىدىنى ئېلىپ، ماڭا بىرتال سىگارت سۇندى. مەن گەپ قىلماي ئالدىم. ئۇ تاماكامغا چاقماق يېقىپ بېرىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭكىنى تۇتاشتۇرۇپ ئىسىنى ئىچىگە قاتتىق شوراپ بىراقلا سىرتقا پۈۋلىدى.

— مەن دەردمەنمىكىن دېسەم، سىز مەندىنمۇ ئۆتەر دەردمەن ئىكەنسىز. دۇنيادا دەردى يوق ئادەممۇ بارمىدۇر؟ سىز هەم بەك چىدامىلىقكەنسىز، — دېدى ئۇ ماڭا بىرپەس تىكىلىپ.

— شىياۋ ۋاڭنى كەچۈردىڭىزمۇ؟

— كەچۈردۈم. ئۇمۇ سىزنى دەپ يالغان سۆزلەشكە مەجبۇر بولغان - دە. قايسىبىر زات «ئادەمگە زىيانلىق راست گەپتىن پايدىلىق يالغان گەپ ياخشىراق» دەپتىكەن. مەن سىزنىمۇ هاقارەتلىمەيمەن هەم هاقارەتلەشكە هەققىممۇ يوق. هاقارەتلەش توغرا كەلسە نەۋرە ئاكىڭىزنى، هېلىقى سېمىز خوتۇننى (ئالتۇن خېنىمنى دېمەكچى)، لاۋ لىغا ئوخشاش شەرمەندە ئادەملەرنى هاقارەتلەش كېرەك. ئاشۇنداق ئادەملەرنى ئۆز قوينىغا سىغدۇرغان، ئۇلارنى ياشىتىۋاتقان مۇشۇ جەمئىيەتنى هاقارەتلەش كېرەك.

— رەهمەت سىزگە، ۋاڭ ئەپەندىم. سىز بەك ياخشى ئادەم ئىكەنسىز. مەن ئەمدى جىسمانىي جەهەتتىنلا ئەمەس، روهىي جەهەتتىنمۇ هەقىقىي ئەركىنلىككە ئېرىشتىم! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا. بۇ چاغدا كۆزلىرىم لىققىدە ياشقا تولغانىدى.

بىز ئاخىر بىر بوتۇلكا هاراقنى ئىچىپ بولدۇق. هەر ئىككىمىز خېلى قىزىشقانىدۇق.

— ئەقىدە، بىز ئۇ دەرد - ئەلەملىرىمىزنى ئۇنتۇپ كېتەيلى. مەن بارغانسېرى سىزنى ياقتۇرۇپ قېلىۋاتىمەن. كېلىڭ،

تانسا ئوينايلى، — دېدى لاۋ ۋاڭ ئۇنئالغۇنى ئېچىپ قويۇپ. ئۇنئالغۇدىن لەرزان ۋالىس مۇزىكىسى ياڭراشقا باشلىدى. بىز ئۆزۈلدۈرمەي بىرنەچچە مەيدان تانسا ئوينىدۇق. لاۋ ۋاڭنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى جۇشقۇن، خۇشال ئىدى. ئۇ ماڭا بارغانسېرى قىزغىن ھەم مېھرىبان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بىر ئاز چارچىغان-دىن كېيىن مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۆزىمۇ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى.

— مەن سىزدىن بىر سوئال سوراي، قانداقلا بولسا سەمە-مىي جاۋاب بېرىڭ، — دېدى لاۋ ۋاڭ.

— سوراۋېرىڭ.

— سىز پۇلغا قىزىقامسىز؟

— دۇنيادا پۇلغا قىزىقمايدىغان ئادەم يوق، پۇل ھاياتلىقنىڭ مۇھىم بىر بۆلىكى. مەن پۇلغا قىزىقىمەنلا ئەمەس، ئالاھىدە قىزىقىمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟

— بىرىنچىدىن، مەن باشقىلارغا ئاشۇ پۇل دېگەن نەرسىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتىم. شۇڭا قىزىقىمەن؛ ئىككىنچىدىن، مەن پۇل تېپىپ بېيىسام، ئۆزۈمنى ئاشۇ رەقىبلىرىمگە بىر تونۇتۇپ قويسام دەيمەن. ئاندىن تاپقان پۇلۇمغا يۇرتىمىزدىكى نامراتلار ئۈچۈن چوڭ - چوڭ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىپ، ئۆزۈمنىڭ ئاتا - ئانام ۋە ئەل - يۇرت ئالدىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى يۇسام دەيمەن.

— سىز ئۇنچىۋالا پۇلنى قانداق تاپىسىز؟

— قولۇمدا ھازىر ئەللىك مىڭ يۈەن پۇلۇم بار. گەرچە ئۇ پۇل بىزدە ھارامدىن تاپقان پۇل دەپ قارالسىمۇ، مەن ئاشۇ پۇلنى دەسمايە قىلىپ بىرەر ئاقىدىغان سودا بىلەن شۇغۇللىناي دەيمەن. سودام راۋاج تېپىپلا قالسا ھامان بىر كۈنى بېيىپ كېتىمەن. مەن ئۆزۈم قانائەت قىلغۇدەك پۇل تاپمىغۇچە بۇ يەردىن ھەرگىز كەتمەيمەن.

— مەسلەن، سىز مېنىڭ خانىمىم بولۇپ قالسىڭىز مېنىڭ پۇللىرىمغا قىزىقامسىز؟
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ۋاڭ ئەپەندىم؟
— مەسلەن دەۋاتىمەن، سۆزۈمگە جاۋاب بېرىڭ.
— قىزىقمايمەن. چۈنكى سىزنىڭ پۇلىڭىزدا مېنىڭ ھەققىم يوق - دە.
— شۇنداق بۈيۈك پىلانلىرىڭىزنى ئەمەلگە تېزرەك ئاشۇ- رۇش ئۈچۈن مەندىن پايدىلىنىشنى خالىمامسىز؟
— ياق.
— نېمىشقا؟
— چۈنكى سىز ئاق كۆڭۈل ئادەم. ناۋادا سىز ھېلىقىدەك كاززاپ، ئاچ كۆز، پەسكەش ئادەملەردىن بولۇپ قالغان بولسى- ڭىز، مەن ئەلۋەتتە سىزنىڭ پۇلىڭىزدىن پايدىلىناتتىم.
— ئاپىرىن سىزگە! سىز ئالتۇنغا تەڭ قىلغۇسىز قىز ئىكەنسىز. ئەمدى مېنىڭ بىر تەلىپىم بار، گەرچە سىز مېنىڭ قىزىمدەك ئادەم بولسىڭىزمۇ بۇ تەلىپىمگە قوشۇلۇشىڭىزنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن.
— ئېيتىپ بېقىڭ، ۋاڭ ئەپەندىم.
— مەن... مەن سىزنى بەك ياقتۇرۇپ قالدىم. شۇڭا... ئىككىمىز توي قىلساق.
— ۋاڭ ئەپەندىم، — دېدىم مەن ھەيرانلىق ھەم تەئەججۇپ ئىچىدە، — ھاراقنىڭ تەسىرىدە شۇنداق دەۋاتقانلىقىڭىزنى چۈ- شىنىمەن. مېنىڭچە، ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولسا كېرەك.
— ئۇنداق ئەمەس. ئىشەنمىسىڭىز بۇ سۆزۈمنى ئۇنئالغۇدا لېنتىغا ئېلىۋېلىپ ئەتە قايتا ئاڭلاڭ. مەن ئەتىمۇ يەنىلا مۇشۇ تەلىپىمنى قويىمەن.
— مەن دېگەن بىر پاھىشە تۇرسام، سىزنىڭ مېنى خوتۇن

قىلىشقا قانداقمۇ كۆڭلىڭىز كۆتۈرىدۇ؟
— سىز ئۆزىڭىز خالاپ پاھىشە بولمىغان، بەلكى باشقىلارنىڭ زورى بىلەن شۇنداق بولغان. زورلۇق بىلەن قىلىنغان ئىش ئادەمنىڭ جىسمىنى، قىسمەن تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەلىسىمۇ، لېكىن بۈيۈك قەلبىنى، ۋىجدانىنى، روھىيىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇڭا سىزنىڭ قەلبىڭىز ھازىرمۇ ئالتۇندەك ساپ تۇرغان، قىلچە ئەسلىي تەبىئىتىدىن ئۆزگەرمىگەن، بەلكى بۇ ئىككى يىلدا تېخىمۇ تاۋلىنىپ، تېخىمۇ ساپ ئالتۇنغا ئايلانغان. بۈيۈك ئىنسانىي خىسلەتكە تويۇنغان. بىزدە يەنە ئاياللارغا قارىتا مۇنداق بىر سۆز بار: «جىسمى ئۆزگەرسىمۇ قەلبى ئۆزگەرمەيدۇ». بۇ سۆز سىزگە ئوخشاش ئاياللىق جىسمى خورلانغان، ئەمما قەلبى قىلچىمۇ ئۆزگەرمىگەن ساپ، ياخشى نىيەتلىك ئاياللارغا قارىتىلغان.
— گېپىڭىزغۇ بىر تەرەپتىن ناھايىتى توغرا، ئەپەندىم، لېكىن مەن سىزگە ياخشى بىر ئائىلە خىزمەتكارى بولايكى، ھەرگىز تۇرمۇشىڭىزدىكى ئۆمۈرلۈك خوتۇنىڭىز بولۇپ قالماي. گەپنى ئوچۇقلا ئېيتقىنىمنى كەچۈرۈڭ.
— سىز ماڭا ئائىلە خىزمەتچىسى بولسىڭىز، قانداق قىلىپ جىق پۇل تاپالايسىز؟ بۈيۈك مەقسەتلىرىڭىزنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرالايسىز؟
— سىزگە ئۈچ ۋاخ تامىقىڭىزنى ۋاقتىدا ئېتىپ بېرىپ، ئاخشىمى كىر ـ قاتلىرىڭىزنى يۇيۇپ، قالغان ۋاقىتتا سودا قىلىمەن.
— سىزنىڭ سودىدىن ئانچە خەۋىرىڭىز يوق ئوخشايدۇ، سودا قىلىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. گېپىمگە كىرىڭ، مەن سىزگە قانچىلىك دېسىڭىز شۇنچىلىك دەسمايە سېلىپ بېرەي، سودىڭىزنى قىلىۋېرىڭ. يەنە باشقا ھەرقانداق جەھەتتىن سىزگە تولۇق شارائىت يارىتىپ بېرەي، مەن بىلەن توي قىلىڭ!

مەن بۇ ئادەمگە ئەمدى نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىمنى، ئۇنى بۇ نىيىتىدىن قانداق ياندۇرۇشنى پەقەتلا بىلەلمىدىم. بۇ كىشى مېنىڭ ئاشنامنىڭ دادىسى تۇرسا، مەن قانداقمۇ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلالايمەن؟ بۇ ھەرگىزمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ـ دە.

لاۋ ۋاڭ ماڭا يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن تەلەپ قويۇۋەردى، نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بەردى، ھەتتا كۆزلىرىدىن ياشمۇ تۆكۈلدى. مەن بۇ ئادەمنىڭ مېنى بىرلا كۆرۈپ خۇددى ياش يىگىتلەردەك ئاشىق بىقارار بولۇپ قالغىنىغا قاتتىق ھەيران قالدىم. ئەمما كۆڭۈل دېگەنگە ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ ـ دە. ھازىر ئۇنىڭغا تەسەللىمۇ كار قىلمايتتى. تۇيۇقسىز خىيالىمغا بىر ئىش كەل-دى، مەن شۇنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىش قارارىغا كەلدىم.

— قاراڭ، مەن دېگەن بىر پاھىشە، سىز بۇ نۇقتىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىز كېرەك. ئەگەر مەن باشقىلاردىن ئەيدىز كېسىلىنى يۇقتۇرۇۋالغان بولسامچۇ؟ — دېدىم مەن. ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنداق ئەمەسلىكىمگە ئىشىنەتتىم.

— مېنىڭچە سىزدە ئۇنداق كېسەل يوق. مەن ئەتىلا سىزنىڭ قېنىڭىزنى ئېلىپ دوختۇرغانىدىكى تەجرىبىخانامدا تەكشۇرۇپ كۆرەي.

— ئۇنداق بولسا بوگۇنچە دەم ئالايلى، قالغان گەپنى ئەتە سۆزلىشەرمىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قوش مەنىدە.

ئۇ مېنىڭ بۇ سۆزۈمدىن قانداقتۇر ئۇمىد بار دەپ قارىدىمۇ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزۈمگە قوشۇلدى ۋە مېنى قولۇمدىن يېتىلەپ ئاپىرىپ ئايرىم بىر ياتاق ئۆيگە باشلاپ قويدى. ئۆزى بولسا باشقا ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن لۆم ـ لۆم كارىۋاتقا چىقىپلا ئۇزاق ئۆتمەي ئۇخلاپ كەتتىم.

ئەتىگەندە قوپسام كۈن نۇرى دېرىزىدىن ئۆيگە كىرىپ بوپ-تۇ. ئويلىسام، ئىككى يىلدىن بېرى پەقەت مۇشۇ كېچىدىلا ناھايىتى راھەتلىنىپ، خاتىرجەم ئۇخلاپتىمەن. ئىككى مەڭزىم-

گىمۇ قان يۈگۈرگەندەك بولۇپ قاپتۇ، روھىممۇ شۇنداق كۆتۈ-
رەڭگۈ. مەن دەرھال سۇخانىغا كىرىپ يۇيۇندۇم - دە، مېھمانخانا
ئۆيگە چىقتىم. لاۋ ۋاڭ ئاللىقاچان ناشتىلىق تەييارلاپ مېنى
ساقلاپ ئولتۇرغانىكەن.

— ھە، كېلىڭ، ياخشى ئۇخلاپسىزمۇ؟ — دەپ ئەھۋال
سورىدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قىزغىنلىق بىلەن.

— بەك بەلەن ئۇخلاپتىمەن.

— ئۇنداق بولسا سىز ئاۋۋال ناشتا قىلماي تۇرۇڭ، مەن
سىزنىڭ قېنىڭىزدىن ئازراق ئېلىۋالاي. ئاخشامقى گەپلىرىمىز
يادىڭىزدىمۇ؟

— يادىمدا.

مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن ئاخشام مەست ئەمەسلىكىنى ھېس
قىلدىم. مەندە ئۇنداق كېسەل يوق چىقىپ قالسا قانداق قىلار-
مەن، دېگەن خىيال بىلەن كرېسلودا تەييار بولۇپ تۇردۇم. ئۇ
لازىملىق سايمانلىرىنى ئەكېلىپ، كىچىككىنە پروبىركىغا مېنىڭ
قېنىمنى ئېلىۋالدى. ئاندىن ئولتۇرۇپ مەن بىلەن بىللە ناشتا
قىلدى. ناشتىدىن كېيىن ئالدىراپ دوختۇرخانىغا چاپتى. مەن
ئۆيلەرنى بىرقۇر يىغىشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، تېلېۋىزور كۆ-
رۈپ ئولتۇردۇم.

ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتكەندە شياۋ ۋاڭ ئۆيگە خۇشال
كىرىپ كەلدى. بىز قىزغىن ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، ئۇ
مېنى ئۆزىگە تارتىپ سۆيۈپ قويماقچى بولدى. لېكىن مەن چاق-
قانلىق بىلەن ئۆزۈمنى قاچۇردۇم.

— ئەمدى سىزگە نېمە بولدى؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ.

مەن ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان قايناق سۇ قۇيۇپ بەرگەندىن
كېيىن، دادىسىنىڭ ماڭا توي قىلىش تەلىپى قويۇپ تۇرۇۋالغان-
لىقىنى ئېنىقى بىلەن سۆزلەپ بەردىم.

— مـاۋۇ ئـىـشـنـى كـۆرۈڭ، — دېدى ئۇ تېرىككەن

ئەلپازدا، — بۇنىڭدا قانداق بولىدۇ؟
— شۇ ئەمەسمۇ، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئىشنى يا دادىڭىزغا ئاشكارىلىغىلى بولمىسا. ئەگەر ئاشكارىلىساق ئۇنىڭغا بەك قاتتىق زەربە بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.
— ياق، دادامغا قەتئىي ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ. ئۇ ئەمدىلا خۇشاللىققا ئېرىشكەندە، بۇ ئىشنى بىلسە ئۇزىنى يوقىتىپلا قويىدۇ. ئەستا... قانداق قىلارمىز ئەمدى؟ دادامنىڭ ئۆز قارارىدىن يانمايدىغان خۇيى بار ئىدى.
— ياكى بولمىسا، مەن يۇرتۇمغا كېتىمەن دەپ باشقا جايلارغا كەتسەم قانداق بولار؟
— ئوخشاش ئەمەسمۇ، ئۇ يەنە ئوخشاشلا ئازابلىنىدۇ. سىز بىلمەيسىز، دادام تا هازىرغىچە بىرەر ئايال زاتىنى ياقتۇرۇپ باقمىغان، هەي، سىزنى مەن بۇ ئۆيگە ئەكېلىپ خاتا قىلىپتىمەن.
هەر ئىككىمىز خېلى ئۇزاققىچە جىمىپ كەتتۇق. شياۋ ۋاڭنىڭ چىرايىنى بارغانسېرى غەم - ئەلەم بۇلۇتلىرى قاپلاشقا باشلىدى. بىرچاغدا ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ هەسرەتلىك بىر تىنىۋەتتى - دە، زۇۋان سۈردى:
— ئەقىدە، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئىش ئۇنتۇلۇپ كەتسۇن. سىز دادامغا ماقۇل بولۇڭ. بۇ دۇنيادا مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىمدىن مۇشۇ دادىملا قالدى. دادامنىڭ يېشىمۇ ئەللىك بەشلەرگە يېتىپ باردى، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا كۆڭلىرىنى خۇشال ئۆتكۈزسۇن. بۇ ئىشتا هەر ئىككىمىز زور ۋىجدان ئازابى تارتىمىز. شۇنداقتىمۇ بۇ يەنىلا دادام ئۈچۈن.
شياۋ ۋاڭ شۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
مەن تۇرلۇك خىيال دولقۇنلىرى ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرتەندىم. زىددىيەتلىك خىياللار كاللامنى

ئۇماش چالغاندەك چېلىۋەتتى. بىرياقىقا قارىسام شىياۋ ۋاڭ، بىر ياقىقا قارىسام لاۋ ۋاڭ، بىر ياقىقا قارىسام پۇل — گۈزەل ئارزۇلىرىم...

«قولنى كەسمىگۈچە قان چىقمايدۇ». مەن ئاخىر بىر قارارغا كەلدىم. لاۋ ۋاڭنىڭ ئۆز بالىسى بولغان شىياۋ ۋاڭ بۇ ئىشقا چىداشلىق بەرگەن يەردە، مەنمۇ ۋىجدانىمنى قۇربان قىلىشىم كېرەك. بۇ خىل قۇربان بېرىشمۇ يەنىلا ۋىجدانىم ئۈچۈن، ئۇلۇغ غايىلىرىم ئۈچۈن. ئامالسىزلىقتىن تۆلەۋاتقان بۇ ۋىجدان بەدىلىنى كەلگۈسىدە چوقۇم تولدۇرۇۋالىمەن.

شۇ خىياللاردىن كېيىن مەن بىرئاز يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدۇم. دەل مۇشۇ چاغدا لاۋ ۋاڭ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— ئەقىدە، خۇش خەۋەر، سىزدە ھېچقانداق كېسەل يوق ئىكەن.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدۈم. مېنىڭ كۈلكەم ئۆزۈمگە ئانچە تەبىئىي ئەمەستەك بىلىنىۋاتسىمۇ، لېكىن لاۋ ۋاڭنىڭ كۈلكىسى خۇددى كىچىك بالىنىڭ خۇشاللىق كۈلكىسىگە ئوخشىشىپ قالغانىدى.

— قانداق، ئاخشامقى تەلىپىمنى ئويلاشتىڭىزمۇ؟ مېنى بەك تەقەززا قىلىۋەتمەڭ، — دېدى ئۇ ماڭا يېقىن كېلىپ.

— بىزنىڭ تونۇشۇشىمىز، بىر كېچىدىلا بۇنداق ھېسسىياتقا كېلىشىمىز بەك تېز بولۇپ كەتمىگەنمىدۇر؟

— نېمىشقا تېز بولغۇدەك؟ بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىش دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ سىز؟

— ئاڭلىغان، بىراق سىز مېنىڭ نەرىمنى شۇنچە ياخشى كۆرۈپ قالغانسىز؟

— قەلبىڭىزنى، چىرايىڭىزنى، جاسارىتىڭىزنى. ئەگەر سىز ماڭا ماقۇل بولسىڭىزلا مەن كېيىن شىنجاڭغا سىز بىلەن

بىللە بېرىپ، ئۇ يەردە ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئارزۇلىرىڭىزغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىمەن. بۇنداق دېسەم مېنىڭ مۇھەببىتىمنى پۇلغا سېتىۋالماقچى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭ. بۇ مېنىڭ ياخشى كۆڭلۈم، شۇنداقلا سىزگە بولغان ئەڭ چوڭقۇر، سەمىمىي ھېسسىياتىم. قېنى ئېيتىڭە، بىر قارارغا كەلدىڭىزمۇ؟

— كەلدىم.

— قانداق قارارغا؟

— سىزگە ماقۇل بولۇش قارارىغا.

— ياشاڭ، تۇمەنمىڭ يىللار ياشاڭ!

لاۋ ۋاڭ شۇنداق دەپلا مېنى تۇنجى قېتىم قۇچاقلىدى، ئۇزاققىچە قويۇۋەتمىدى. مەن ئۇنى بوش ئىتتىرىپ كۆزلىرىگە قارىدىم، كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولغانىدى.

— كەچۈرۈڭ، مەن بەك ھاياجانلىنىپ كەتتىم. بۇنداق بەخت ئالدىدا ھەرقانداق ئادەم كۆز يېشى قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سىزنىڭ ئارزۇلىرىڭىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ياردەم بېرەلىسەم، شىنجاڭ تۇپرىقىدا ياتقان ئاكامنىڭ روھىمۇ خۇش بولغۇدەك. مەن بايلىقىمنى مەنىلىك ئىشلارغا سەرپ قىلالايدىغان بولدۇم، — دېدى ئۇ كرېسلودا ئولتۇرۇۋېتىپ.

مەن بىردىنلا ئۇزاقتىن بېرى خەت يازالمىغان، دېرىكىنىمۇ بىلمەيدىغان ئانامغا خەت يېزىشنى ئېسىمگە ئالدىم ـ دە، لاۋ ۋاڭدىن قەغەز ـ قەلەم سورىۋېلىپ، ئانامغا خەت يېزىشقا باشلىدىم. خەتتە، ئۆزۈمنىڭ ھازىر ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتقانلىقىمنى، بىريىلدىن كېيىن مەكتەپ پۈتتۈرۈپ مۇشۇ يەردە خىزمەتكە چۈشىدىغانلىقىمنى يازدىم. ئەمەلىيەتتە بۇ پۈتۈنلەي يالغان سۆز بولسىمۇ، ئەمما ماڭا شۇنداق دېمەي ئىلاج يوق ئىدى. مەن خەتنى لاۋ ۋاڭغا بېرىۋىدىم، ئۇ ئۇنى ئۆز قولى بىلەن تېز يوللانما قىلىپ سېلىۋېتىپ كېلىپتۇ. مەن ئەمدى ئانامدىن تېزرەك جاۋاب خەت

كېلىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە مەجبۇر ئىدىم.

بىز لاۋ ۋاڭ بىلەن قۇتلۇق بىر كۈننى تاللاپ داچىنىڭ ئۆزىدىلا توي مەرىكىمىزنى ئۆتكۈزدۇق. تويغا لاۋ ۋاڭنىڭ دوستلىرى، كەسىپداشلىرى، كاتتا بايلار قەدەم تەشرىپ قىلغانىدى. ئۇلار مېنى تويلۇق كىيىم بىلەن كۆرگەندە، «ساھىبجامال، پەرىشتە، گۈزەللەر شاھى» دەپ ماختاپ كېتىشتى. شياۋ ۋاڭ تويدا روھسىز بىر قىياپەتتە يۈرسىمۇ، چىرايىدىن ياسىما كۈلكىنى ئۆچۈرمىدى. ئۇنىڭ ئايالى مەن دېمەتلىك بولۇپ، چىرايلىق زىلۋا چوكان ئىدى. ئۇ مېنى كۆرگەندە ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمايلا قالدى...

تويدىن كېيىن بىز ناھايىتى بەختلىك ياشىدۇق. ئەمدى مەن بۇ رەسمىي ئېرىمنى لاۋ ۋاڭ دەپ چاقىرىدىغان بولدۇم. بىز ھەتتا گۋاڭجۇنىڭ گۈزەل جايلىرىدا ئون نەچچە كۈن شېرىن ئايىنى ئۆتكۈزۈپ كەلدۇق. تويدىن كېيىن لاۋ ۋاڭ ماڭا تېخىمۇ بەك ئامراق بولۇپ كەتكەنىدى.

ئارىدىن بىر ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە، مۇشۇ داچىنىڭ ئادرېسىغا قارىتىپ يېزىلغان بىر پارچە خەت كەلدى. بۇ ئانامدىن كەلگەن خەت ئىدى. مەن خەتنى ئېلىپلا يىغلاپ كەتتىم ھەم كۆز ياشلىرىمنى توختىتالمىغان ھالدا خەتنى ئوقۇپ چىقتىم. ئانام ھايات بولسىمۇ، مېنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىمنى بىلىپ ئاغرىقچان بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، تۇرغۇن يۇرتقا بىر قېتىم كېلىپ، مېنى ئىچكىرىدە كۆرگەنلىكىنى، مېنىڭ ئۇ يەردە پاھىشە بولۇپ كەتكىنىمنى، راست - يالغاننى قوشۇپ دوستلىرىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ گەپ ئانامنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، ئانام ئۈچ كۈن ھوشسىز ياتقانىمىش. مەھەللە - كويدىكى خەقلەرمۇ مەن ھەققىدىكى سۆز - چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ ياقىسىنى تۇتۇپ تۇۋا تۇۋا ئۈستىگە تۇۋا دېيىشىپتۇ ئىمىش. بەزىلەر دادىسىنى دوراپتۇ، دەپ مازاقمۇ قىلىشىپتۇ. دادام بىلەن ئاكام بولسا تۈرمىدە

ئىمىش. ھەممە ئۆۋالچىلىق بىچارە ئانامغا بوپتۇ.
توۋا دەيمەن، تۇرغۇن دېگەن مۇناپىقنىڭ ماڭا شۇنچە قىلغىنى يەتمىگەندەك، مېنى يەنە يۇرتۇمدا سېسىتىپ يۈرگىنىنى. ئىچىمدە «خەپ!» دېدىم. ئانام خېتىدە يەنە مېنى يۇرتقا قايتىپ كەلمە، يۈزۈڭنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيسەن، دەپتۇ. مەنمۇ ھازىرچە يۇرتقا بارماسلىق قارارىغا كەلدىم. ئەمما ئانامغا ھەرئايدا پۇل، خەت ئەۋەتىپ تۇردۇم.

## 5

— ساقىي، قېنى، ھارنىقىڭىزدىن قۇيۇڭە، ئەجەب تەپمەيدىغۇ بۇ ھاراق، — دېدى ئەقىدە سۆزدىن توختاپ.
مەن باشقا ساۋاقداشلىرىمغا قارىدىم، ئەقىدەنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ ھەممىسى جىمىپ كەتكەنىدى. مەن بوشىتىلغان ئىككى بوتۇلكىغا قاراپ قويۇپ ئۈچىنچى بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچتىم - دە، رومكىلارغا تولدۇرۇپ ھاراق قۇيدۇم. ئەقىدە رومكىسىنى قولىغا ئېلىپ ھەممىمىز بىلەن سوقۇشتۇرۇپ دېدى:
— ئاچچىق كەچمىشلەرنى ئەسلىگەندە، ئاچچىق ھاراق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا قالدۇرغان دەرد - ئەلەمنى باسىدۇ. «زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش» دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك، قېنى ساۋاقداشلار، خوشە!
بىز رومكىلىرىمىزنى ئۇن - تىنسىز كۆتۈرۈۋەتتۇق. ھەممىمىزنىڭ مۇڭ باسقان كۆزلىرى ئەقىدەگە تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل ئىچكى ئەلەم ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرسىمۇ، كەيپىياتىدىن يەنىلا ئاجايىپ بىرخىل قەيسەرلىك چىقىپ تۇراتتى.
— مەن ھايات مۇشكۇلاتلىرى ئىچىدە بەك كۆپ ئازاب چەكتىم، لېكىن ھاياتقا بولغان مۇھەببەتتىن قىلچە ۋاز كەچمىدىم.

ئادەملەردىن شۇنچىلىك بىزار بولدۇم، لېكىن، ھامان ياخشى ئادەملەر تېپىلىدۇ، دېگەن ئېتىقادتىن يۈز ئۆرۈمىدىم. مېنىڭ تەقدىرىم، كەچۈرمىشلىرىم باشتىن - ئاخىر پۇل بىلەن باغلىنىشلىق بولغاچقا، مەن «پۇل» دېگەن نەرسىگىمۇ بەك ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدىم. بارا - بارا ئادەملەرنى ياخشى چۈشەنگەندىن كېيىن، پۇلنى باشقىدىن تونۇشقا، ئۇنىڭ ئەسلىدە ھېچقانداق گۇناھى بولمىغان، پەقەت ئادەملەر قانداق ئىشلەتسە شۇنداق ئىشلىنىدىغان ئەڭ ياۋاش، ئەڭ رايىش نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىدىم. ئادەمنىڭ پۇلغا ئەمەس، پۇلنىڭ ئادەمگە باقىدىغانلىقىنى بىلدىم. پۇلنىڭ ئەقىللىق، ۋىجدانلىق ئادەم ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى مالاي ئىكەنلىكىنى، ۋۇجۇدىدا بىر پارچە گۆشتىن تۈزۈلگەن ئاشۇ قانلىق يۈرەكتىن باشقا مەنىۋى يۈرىكى بولمىغان ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن ئەسكى خوجايىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇنداق قىلىپ پۇل مەن ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك دوستقا ئايلاندى. گەرچە، پۇلغا ئىگە بولۇش يوللىرى ئېگىز - پەس، ئۇسۇللىرىم ناتوغرا، قىلمىشىم ئەخلاقتىن چەتنىگەن بولسىمۇ، مەن بۈيۈك مەقسەتلىرىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى پۇل تېپىش يولىدا قۇربان قىلىشقا رازى بولدۇم. چۈنكى مەن ئۇنىڭسىزمۇ باشقىلارنىڭ پۇل تېپىشتىكى قۇربانى بولۇپ بولغانىدىم. شۇڭا مەن دەسلەپكى چاغلاردا ئەللىك مىڭ يۈەن پۇل تاپتىم. كېيىن بولسا تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ بىر مىليونېرنىڭ ئايالى بولۇپ قالدىم. دېمەك، مەنمۇ ئاشۇ ھەشەمەتلىك گۈزەل داچىنىڭ، مىليونلاپ پۇلنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغانىدىم. بىراق، ئۆزى قېرى بولسىمۇ كۆڭلى ياخشى بۇ ئەرنىڭ پۇلىغا ئەسلا ئىگە بولغۇم يوق ئىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى بولغانلىقىم ئۈچۈنلا مىليونلاپ پۇلنى ئىككى قوللاپ ئالسام، بۇنى مېنىڭ ۋىجدانىم كۆتۈرەلمەيتتى. شۇنداق، بۇ ھاياتتا مېنىڭ يەنە ۋىجدان ئازابى تارتقۇم يوق ئىدى. شۇڭا مەن ئەللىك مىڭ يۈەن پۇلۇمنى دەسمايە سېلىپ، ئېرىم

لاۋ ۋاڭنىڭ كۆپ «يول» مېڭىشى بىلەن شەھەرنىڭ ئاۋات يېرىگە جايلاشقان بىر چوڭ سودا سارىيىدىن ئون مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پوكەي ۋە مال جاۋەنلىرىنى سېتىۋېلىپ يېرىمىغا ئاياللارنىڭ مەخسۇس ئالتۇن زىبۇ زىننەتلىرىنى سالدىم، يېرىمىغا شىنجاڭ-دىن ئانار، ياڭاق ۋە ئۆرۈك قېقى كىرگۈزدۇم. ئېرىم بۇ ئىشتا يۈز مىڭ يۈەن دەسمايە سېلىپ بەردى. مەن ئۆزۈم يالغۇز يېتە-شەلمىگەچكە، ھېسابقا پىششىق ياش قىزدىن ئۈچنى يۈقىرى مائاش بىلەن ياللىۋالدىم. سودام كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىپ، ماڭا ئۆيدە تاماق ئېتىشكىمۇ ۋاقىت يار بەرمەس بولدى. لاۋ ۋاڭنىڭ مەسلىھەتى بىلەن دۇكىنىمغا يەنە ئىككى ئادەم ياللىدىم. شۇنىڭ بىلەن ماڭا تاماق ئېتىدىغان ھەم لاۋ ۋاڭغا ھەمراھ بولىدى-غان ۋاقىت چىقىدىغان بولدى.

بىر يىل ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما مەندە بىر يېڭى-لىق يۈز بەردى، مېنىڭ بويۇمدا قالغانىدى. بۇنى بىلگەن لاۋ ۋاڭنىڭ خۇشاللىقىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. ئەمدى ئۇ مېنى ھېچقانداق ئىشقا سالمايدىغان، تاماق-نىمۇ ئۆزى ئېتىدىغان، دۇكاننىڭ كۈندىلىك ھېساباتىنىمۇ ئۆزى بېرىپ قىلىدىغان بولدى.

— ماڭا چوقۇم ئوغۇل تۇغۇپ بېرىڭ، — دەيتتى لاۋ ۋاڭ دائىم مېنى ئەركىلىتىپ.

— مەن ئۇنى ئىچىمدە ئـوغۇل قىلىپ يـاسىۋالالمايمەن - دە، — دېسەم، ئۇ بېغىشىمنى تۇتۇپ كۆرۈپ:

— قاراپ تۇرۇڭ، سىز چوقۇم ئوغۇل تۇغىسىز، تومۇرد-ڭىزنىڭ سوقۇشىدىنلا ئوغۇل ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم، — دەيتتى ئىشەنچلىك قىلىپ.

مېنىڭ قورسىقىمدىكى ھامىلىگە ئالتە ئاي بولغاندا، ئۇ مېنى مەخسۇس تۇغۇت بۆلۈمىدە تەكشۈرتتى. نەتىجىدە، قورسى-قىمدىكى بالىنىڭ ئوغۇل ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇنىڭ شەرىپى

ئۇچۇن لاۋ ۋاڭ يېقىن بۇرادەرلىرىنى ئۆيگە چاقىرىپ تەبرىكلەش زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ بەردى.

مەن لاۋ ۋاڭ بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى شياۋ ۋاڭ بۇ ئۆيگە نەچچە ئايدا ئاران بىر قېتىم كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسىدىمۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش بولغانىدى. ئۇنىڭ ئايالىمۇ مېنى كۆرسە كۆزلىرىنى سۈزۈپ ياكى ئالىيىپ قويىدىغان بولدى. لېكىن مەن ھەر ئىككىسىگە بولغان پوزىتسىيەمنى بۇرۇنقىدىن قىلچە ئۆزگەرتمىدىم. بۇنى ئاللىبۇرۇن سەزگەن لاۋ ۋاڭ ماڭا:

— ئۇلار بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ نېمە ئۇچۇن شۇنداق قىلىدىغىنىنى ماڭا ئايان، — دېگەنىدى.

تەبرىكلەش زىياپىتىگە شياۋ ۋاڭ ئايالى بىلەن قاتناشقان بولسىمۇ، ئىككىسى ماڭا پەقەتلا چىراي ئاچمىدى. ئۇلار قانداقتۇر غەم ـ ئەندىشىگە پاتقاندەكلا كۆرۈنەتتى. زىياپەت ئاخىرلاشقاندا لاۋ ۋاڭ مېھمانلارنى ئۇزىتىش ئۇچۇن چىقىپ كەتتى. شۇ پەيتتە شياۋ ۋاڭ ئايالى بىلەن ئايالى بىردىنلا ئېچىلىپ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. شياۋ ۋاڭنىڭ ئايالى بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ:

— قاراڭ، ئەقىدە، بۈگۈن مېنىڭ پەقەتلا مىجەزىم يوق ئىدى، شۇڭا بايىقى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن بىزار بولۇپ خاپا ئولتۇرغانىدىم. مېنى باشقىچە ئويلاپ قالمىغانسىز؟ — دېدى.

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمىدىم، — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەمدى ئازادە پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان بولدۇق. ۋۇي راست، ئۇسساپمۇ قالغانسىز، مەن سىزگە چاي دەملەپ بېرەي. شىنجاڭلىقلار چايغا ئامراق كېلىسىلەر ئەمەسمۇ.

شياۋ ۋاڭنىڭ ئايالى شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ماڭا بىردىنلا قىزغىن بولۇپ كەتكىنىگە سەل ھەيران قالغان بولساممۇ، باشقىچە خىيالدا بولمىدىم.

— سالامەتلىكىڭىز خېلى ئوبدانمۇ؟ ئۆزىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ، — دېدى شياۋ ۋاڭ كۆيۈنگەن هالدا.

— ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن، رەهمەت، — دېدىم مەن ئۇنىڭدىن ئىختىيارسىز خىجىللىق هېس قىلىپ.

شۇ ئارىدا شياۋ ۋاڭنىڭ ئايالى بىر ئىستاكان قېنىق دەملەنگەن چاينى ئەكېلىپ قولۇمغا تۇتقۇزدى.

— ئىچىڭە، سوۋۇتۇپ ئاچىقتىم. هامىلىدار ئايالىلار كۆپ ئۇسسايدۇ، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا بەدەننىڭ نەملىكىنى تولۇقلاپ تۇرمىسا بولمايدۇ، — دېدى ئۇ ماڭا ئالاهىدە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ.

مەن ئۆزۈم چايغا ئامراق هەم ئۇسساپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئىستاكاندىكى چاينىڭ يېرىمىنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتىم. ئىستاكاننى ئەمدىلا شىرەگە قويۇپ تۇرۇشۇمغا لاۋ ۋاڭ خۇشال ـ خۇرام هالدا مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ يېنىمدا كۈلۈشۈپ ئولتۇرغان ئوغلى بىلەن كېلىنىنى كۆرۈپ سەل ئەجەبلەنگەندەك قاراپ قويۇپ، بىردىنلا قاپىقىنى تۇردى.

— دادا، ۋاقتىمىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. بىزمۇ قايتايلى، — دەپ ئورنىدىن تۇردى شياۋ ۋاڭ، ئايالىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلايدىغان چاغدا شاققىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— سىزگە خوش دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئەقىدە، خوش، ياخشى دەم ئېلىڭ، — دەپ سىرلىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ كۈلۈمسىرىشىنى دەرهال هېس قىلغان بولسامىمۇ، تېگىگە يېتەلمەي سەل گاڭگىراپ قالدىم. لاۋ ۋاڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ قوللىرىمنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىغىنىچە سورىدى:

— قوزام، بۇ ئىككىسى تۇرۇپلا سىزگە يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىپتىغۇ؟

— بىلمىدىم، بۇ ئىككىسىنى چۈشەنمەك بەك تەس ئىكەن.
— ئۇلار سىزگە نېمە دېدى؟
— ئەھۋالىمنى سورىدى شۇ. ئاندىن شياۋ ۋاڭنىڭ ئايالى ماڭا بىر ئىستاكان چاي دەملەپ بەردى.
— سىز تەلەپ قىلغانمىدىڭىز؟
— ياقەي، ئۇ ئۆزىچىلا شۇنداق قىلىپ كەتتىغۇ.
لاۋ ۋاڭ بىردىنلا جىددىيلىشىپ شىرەدىكى ئىستاكانغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ دېدى:
— سىز ئۇ چاينى ئىچتىڭىز؟
— ھەئە، يېرىمىنى ئىچتىم.
لاۋ ۋاڭ دەرھال ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ چاينى پۇراپ باقتى، ئاندىن ئاغزىغا ئازراق ئېلىپ تېتىپ كۆردى.
— ھەي ئەقىدە، ئەقىدە! سىز شۇنچە ئىشلارنى بېشىڭىزدىن كەچۈرگەن بولسىڭىزمۇ يەنىلا گۆدەك ئىكەنسىز، ساددا ئىكەنسىز. بۇ چاينى نېمىشقا ئىچتىڭىز؟ تەمىنىمۇ بىلەلمىدىڭىزما؟
— ھازىرمېنىڭ تىلىمغا ھېچنېمە تېتىمىسا!··· نېمە، چايدا بىرەر مەسىلە بارمىكەن؟
— بۇ چايغا مېنىڭ سەل گۇمانىم بار.
— نېمە دەيدىغانسىز، لاۋ ۋاڭ!
مەن بىردىنلا قورقۇنچقا چۈشتۈم.
— ھازىر سىز ئۆزىڭىزدە بىرەر ئۆزگىرىش ئالامىتىنى ھېس قىلىۋاتامسىز؟ — دېدى لاۋ ۋاڭ جىددىيلىشىپ.
— ياق، ئازراق ماغدۇرسىزلىنىۋاتىمەن شۇ.
— مانا دېمىدىممۇ، ئىش چاتاق!
— بۇ ئادەتتىكى نورمال ئىشتۇر ھەرقاچان.
— نورمال ئىش ئىمىش، كاللىڭىز جايىدىمۇ سىزنىڭ!
لاۋ ۋاڭ تۇنجى قېتىم ماڭا مانا مۇشۇنداق ۋارقىراۋاتاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇيۇقسىز قاڭقىپ تۇرۇپ كەتتى، يۇگۇرگەچ ئاشخانىغا

كىرىپ كېتىپ بىر كىچىك قۇتىنى ئاچىقتى - دە، ئىستاكاندىكى قالدۇق چاينى قۇتىغا قويدى. ئاندىن:

— مەن ئىشىكباقار بوۋايغا دەپ قوياي، ئۇ سىزگە ھەمراھ بولسۇن. بىرەر ئىش بولسا مېنىڭ يانفونۇمغا تېلېفون قىلسۇن، — دەپلا ئۆيدىن قۇيۇندەك چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى يېشىغا ماسلاشمايلا قالغانىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئىشىكباقار بوۋاي كىردى. بىز ئالاھازەل يىگىرمە مىنۇتچە گەپ - سۆز قىلىشماي ئولتۇردۇق. ئۇشتۇمتۇت قاتتىق كۆڭلۈم ئېلىشىپ، قورسىقىم بىلەن دوۋساق قىسمىم مۇجۇپ ئاغرىپ كەتتى. مەن بىر تەرەپتىن قورسىقىمنى چاڭگاللىۋېلىپ، بىر تەرەپتىن قۇرۇق ھۆ قىلىشقا باشلىدىم. لېكىن ئىچىمدىن ھېچ نەرسە يانمايتتى. ئىشىكباقار بوۋاي شۇئان ئالدىمغا بىر تەلەڭگىنى ئەكېلىپ بېرىپ، تېلېفونغا يۈگۈردى. ئۇ تېلېفوندا:

— بېگىم، بېگىم، خېنىم بولالماي قالدى، قورسىقى بەك ئاغرىپ كەتتى...، — دېدى. ئۇنىڭ قالغان گەپلىرى مېنىڭ قۇلىقىمغا كىرمىدى.

قورسىقىم چىدىغۇسىز ئاغرىشقا باشلىدى. مەن ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالماي توۋلاپ كەتتىم، كرېسلودا ئولتۇرغۇدەك ھالىم قالماي پولدا ياتقىنىمچە ئۇيان - بۇيان تولغاندىم. ئىشىكباقار بوۋاي نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، ئەتراپىمدا پەرۋانىدەك ئايلىنىشقا باشلىدى... بىر چاغدا قورسىقىمنىڭ ئىچىنى بىرى پىچاق بىلەن قوچۇۋاتقاندەك غەلىتە بىر ئاغرىق پەيدا بولۇپ، دوۋسۇنۇم يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ كەتتى. مەن قاتتىق بىر چىرقىرىۋەتتىم، كاللامدا «ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم» دېگەن خىيال چاقماق تېزلىكىدە ئەكس ئەتتى... كېيىن مەن ھېچنېمىنى سەزمىدىم.

بىر ۋاقىتتا ھوشۇمغا كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسام، پولدا

يېتىپتىمەن. ئەتراپىمدا بىرنەچچە دوختۇر بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرۈپتۇ، قولۇمغا ئاسما ئوكۇل سېلىنىپتۇ، بۇرنۇمدا ئوكسىگېن شلانكىسى، ئاياغ تەرىپىم قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كېتىپتۇ.

— كارىۋاتقا يۆتكىسەك بولاتتى!

بۇ لاۋ ۋاڭنىڭ يىغلامسىراپ چىققان ئاۋازى ئىدى.

— بولمايدۇ، دوختۇر، هازىرچە مىدىرلاتمايلى. بولمىسا خەتەرلىك. بۇنى سىزمۇ بىلىسىز، — دېدى بىر ئوتتۇرا ياشلىق دوختۇر ئايال.

مەن يەنە هوشۇمدىن كەتتىم...

ئىككىنچى قېتىم هوشۇمغا كەلگەندە قارىسام، هۇجرا ئۆيددىكى كارىۋاتتا يېتىپتىمەن.

— قەدىرلىكىم، بەك قىينىلىپ كەتتىڭىز ـ هە؟ هەر نېمە بولسا هوشىڭىزغا كەلدىڭىز. مەن سىزدىن ئايرىلىپ قالارمەنمىكىن دەپ بەك قورقۇقان.

لاۋ ۋاڭ شۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەي دېگەن بولسامۇ زىيادە هالسىزلىنىپ كەتكەنلىكىمدىنمىكىن سۆزلىيەلمىدىم. لاۋ ۋاڭغا قاراپ مېنىڭمۇ كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— ئۇ ئىككى مۇناپىق سىزگە ئۆتكۈر دەرىجىدىكى بالا چۈشۈرۈش دورىسى ئىچۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇ دورا يېڭى ياسالغان قانۇنسىز دورا ئىكەن. مەن ئۇنى تەجرىبىخانامدا تەكشۈرۈپ بىلدىم، — دېدى لاۋ ۋاڭ مېنىڭ قولۇمنى توختىماي سىلاپ، — مەن ئۇ ئىككى تۈزكورنى قانۇن ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلدىم. ئەمدى جاجىسىنى يېسۇن! مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن شياۋ ۋاڭدەك بالامۇ يوق.

ساق بىر ئاي دېگەندە مەن ياستۇققا يېرىم يۆلىنىپ ئولتۇرالايدىغان بولدۇم. ئاڭلىشىمچە، شياۋ ۋاڭنىڭ ئايالى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنىپتۇ. شياۋ ۋاڭ نۇرغۇن پۇل جەرىمانە تۆلەش

بەدىلىگە شىركىتى تەرىپىدىن كېپىللىككە ئاچقىلىپتۇ. بۇ ئىشلارنى پۈتۈنلەي شياۋ ۋاڭنىڭ ئايالى پىلانلىغان ھەم ئۆز قولى بىلەن قەستەن سۇيىقەستلىك جىنايىتى سادىر قىلغانىكەن. ئۇلارنىڭ ماڭا بۇنداق زىيانكەشلىك قىلىشتىكى مەقسىتى، مېنىڭدىن تۇغۇلغۇسى بالىنىڭ لاۋ ۋاڭنىڭ مىراسخورى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئالدىن ئۇ بالىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش، ھەتتا مېنىڭمۇ مىراسخورلۇق ھوقۇقۇمنى تارتىۋېلىش ئىكەن. لاۋ ۋاڭ مۇشۇلارنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ماڭا مۇنداق دېدى:

— مەن شياۋ ۋاڭنىڭ مىراسخورلۇق ھوقۇقىنى بىكار قىلدىم ھەم تىلخەت يېزىپ قانۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئاتا ـ باللىق مۇناسىۋىتىمنىمۇ ئۈزدۇم. لېكىن، نېمىلا قىلغىنىم بىلەن ئىككىمىز تارتقان زىيان ئەسلىگە كەلمەيدۇ. مەن تېخى دۇنياغا كۆز ئاچمىغان ئوغلۇمدىن، كەلگۈسى ۋارىسىمدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلدىم. مېنىڭ قېنىمدىن تامغان تۇزكور شياۋ ۋاڭنىڭ تۇپەيلىدىن سىزمۇ بىر ئۆلۈپ تىرىلدىڭىز. بۇنىڭدا مېنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىم بار. مېنى ئەپۇ قىلىڭ، ئەقىدە!

— لاۋ ۋاڭ، نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز؟ سىز دېگەن مېنىڭ مېھرىبان ئېرىم. بۇ ئىشتا سىز ھەرگىز ئەيىبلىك ئەمەس. شياۋ ۋاڭنىڭمۇ خاتالىقىنى كەچۈرۈۋېتىشكە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ دېگەن سىزنىڭ ئوغلىڭىز ھەم ئۇنىڭ سىزنىڭ مىراسلىرىڭىزغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بار. ئۇنى سىزمۇ كەچۈرۈۋېتىڭ، ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ قېلىڭ. مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي.

— ئۇنى ئىككىنچى تىلغا ئالماڭ ھەم مەندىن ئۇ توغرۇلۇق شەپقەت تىلىمەڭ. ئەقىدە، مېنىڭ سىزگە تېخىمۇ ھۆرمىتىم ئاشتى. ئاكام راست دەپتىكەن، سىلەر ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەنمۇ كەڭ قورساق، ئەپۇچان مىللەت ئىكەنسىلەر. ئەمما شۇنى سەمىڭىزگە سېلىپ قويايكى، ھەددىدىن زىيادە ئەپۇچانلىقمۇ ئادەمنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ.

ساق ئۈچ ئاي دەم ئېلىپ، داۋالانغاندىن كېيىن، مەن يەنە سودا ئىشلىرىمنى نورمال داۋاملاشتۇردۇم. لاۋ ۋاڭ ماڭا بۇرۇنقىدىنمۇ ئامراق ھەم كۆيۈمچان بولۇپ كەتكەنىدى. مەنمۇ ئۇنى ھەم ئېرىم، ھەم ئەڭ يېقىن ھەمراھىم سۈپىتىدە ھۆرمەتلەيتتىم، سۆيەتتىم، ئۇنىڭغا كۆيۈنەتتىم. ئۇنى ئۆزۈمنى ئاسرىغاندەك ئاسرايتتىم. لېكىن ئۇ مەن تۇغۇپ بېرىدىغان بولغۇسى بالىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ھاراقنى تېخىمۇ كۆپ ئىچىدىغان بولۇۋالدى، پات - پاتلا شۇ بالىنىڭ گېپىنى قىلىپ كۆز يېشى قىلاتتى. ئۇ مېنى دائىم ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ تەڭ ھاراق ئىچىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالاتتى. مەن ھاراقنى تاشلاشنى ئويلىغان بولساممۇ، ئۇنى دەپ ھەركۈنى بىللە ھاراق ئىچىشىپ بېرەتتىم. شۇنداق قىلىپ مەن ئاخىر ھاراقنى تاشلىيالمىدىم، ئەكسىچە ئىچمىسەم تۇرالمايدىغان ھاراقكەشكە ئايلاندىم. لېكىن مەن كۆز ئالدىمدىكى بۇ باياشات تۇرمۇش ۋە لاۋ ۋاڭدەك ئاق كۆڭۈل، ياخشى ئادەم ئالدىدا ھاراقكەش بولۇپ كەتكىنىمگە رازى ئىدىم.

مەن لاۋ ۋاڭنى ئۈمىدلەندۈرۈپ ئۇنىڭغا يەنە بالا تۇغۇپ بېرىدىغانلىقىمنى دائىم سۆزلەپ يۈرسەممۇ، پەقەتلا بويۇمدا قالمايۋاتاتتى. دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتسەم، بالا تۇغۇش ئىقتىدارىڭىزنى يوقىتىپسىز، دېيىشتى.

مەن بۇ ئىشنى لاۋ ۋاڭدىن سىر تۇتتۇم. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئايىمىسام بولمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا مەن سىزگە چوقۇم بىر بالا تۇغۇپ بېرىمەن، دەپ ئۇنى ئۈمىدلەندۈرۈپ يۈردۈم.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەن بىر كۈنى ئىدى. مەن دۇكىنىمدا بىر كۈنلۈك سودىنىڭ ھېساباتىنى بوغۇۋېتىپ، ئۆيگە قايتاي دەپ تۇرغىنىمدا، دۇكانغا جۇل - جۇل كىيىملىك، چىرايىنى قاسماق ھەم يىرگىنچلىك يارا باسقان، چاچلىرى ئۆسۈپ گەدىنىگە چۈشكەن بىرى كىرىپ كەلدى. مەن بىر قاراپلا ئۇنىڭ

ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلدىم. تىلەمچى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم-
دە، دەرھال يانچۇقۇمدىن ئەللىك سوم پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭغا
ئۇزاتتىم. ئۇ قولۇمدىكى پۇلنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يۇلۇپ ئالغاند-
ىن كېيىن، ماڭا تولىمۇ بىچارىلەرچە تىكىلگىنىچە كۆزلىرىگە
ياش ئالدى. توختىماي شۆلگەي ئېقىپ تۇرغان لەۋلىرى تىترەپ
كەتتى. تۇرۇپلا مەن ئۇنى نەدىدۇر كۆرگەندەك ھېس قىلدىم.
— مېنى تونۇمايۋاتامسىز؟ مەن تۇرغۇن، — دېدى ئۇ ماڭا
يىغلامسىرىغان ئاۋازدا.
— تۇرغۇن؟ سەن ھېلىقى... تۇرغۇنما؟
— ھە، دەل مەن شۇ. سىز يەنىلا شۇنداق گۇزەل تۇرۇپ-
سىز، ئەقىدە.
— يوقال!
مەن شۇنداق دەپلا پۇت - قولۇم تىترەپ پوكەيگە يۆلىنىپ
قالدىم. چەكسىز غەزەپ، ئۆچمەنلىك پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمغا يامرى-
دى. لېكىن مەن شۇ تاپتا ئۇنى نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم.
بۇ ھالىمنى كۆرگەن قول ئاستىمدىكى ئىككى قىز يۈگۈرۈپ
يېنىمغا كېلىپ:
— خوجايىن، ياردەم كېرەكمۇ؟ سىزگە بىرەر ئىش بولمى-
غاندۇر؟ ئۇنى قوغلىۋېتەيلىمۇ؟ — دەپ ئارقا - ئارقىدىن سوراپ
كېتىشتى.
بۇ چاغدا مەن سەل ئۆزۈمنى ئوڭشىۋېلىپ ئۇلارغا بېشىمنى
چايقىدىم، ئاندىن تۇرغۇنغا، ئاشۇ مېنىڭ مۇناپىق يۇرتلۇقۇم،
تۇغقىنىمغا پۈتۈن غەزەپ - نەپرىتىمنى كۆزۈمگە يىغىپ قاتتىق
تىكىلدىم. ئەمدى تونۇدۇم، راستتىنلا تۇرغۇن ئىدى. ئۇنىڭ
چىرايى يېشىغا ماس كەلمىگەن ھالدا قېرىپ كەتكەن ھەم بەك
سەتلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ مېنىڭ قاراشلىرىمغا بەرداشلىق بې-
رەلمىگەندەك، كۆزىنى مەندىن ئېلىپ قېچىپ، يەرگە لوككىدە
تىزلاندى - دە، كۆزىدىن ياش، بۇرنىدىن پوتلا، ئاغزىدىن شال-

ۋاقىلىرىنى ئېقىتقىنىچە سۆزلەپ كەتتى:

— مېنى كەچۈرۈڭ، ئەقىدە، مەن بىر ئۆمۈر سىزگە قەرزدار. مېنى ئاخىر سىزنىڭ قىساسىڭىز تۇتتى. مانا، ئالدىڭىزدا شۇ هالدا تۇرۇپتىمەن.

مەن ئەمدى ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ ئۇنىڭدىن ئىختىيارسىز سوئال سوراشقا باشلىدىم:

— خوش، بايۋەچچە، قانداق بولۇپ بۇ هالغا چۈشۈپ قالدىڭ؟

— سۆزلىسەم گەپ تولا، بىر قېتىم ئاشۇ ئالتۇن خېنىم دېگەن جادۇگەر بىلەن شىنجاڭدىن زور تۈركۈمدە قىزلارنى هەم كىچىك ئوغۇللارنى ئالداپ ئاچىقىپ ئادەم سودىگەرلىرىگە ساتتۇق. پۇلنى بۆلۈشىدىغان چاغدا ئۇ بىرقانچە لۈكچەككە مېنى قاتتىق ئۇرغۇزۇپ هوشسىزلاندۇرۇپ، دەرياغا تاشلاتقۇزۇۋەتتى. تەلىيىمگە قىرغاققا ئېقىپ چىقىپ قاپتىمەن. ئەسلىمگە كېلىۋالغاندىن كېيىن، ئەتىسى ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ هېچ يەردىن تاپالمىدىم. ياتىقىمغا بېرىپ بانكىغا قويغان يۈزمىڭ سوم پۇلۇمنىڭ چېكىنى ئىزدىسەم، يوق تۇرىدۇ. بانكىغا بارسام ۋاكالەتچى خوجايىنىڭ ئەكەتتى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن خروئېن سودىگەرلىرىنىڭ خروئېنىنى يوشۇرۇن قاراڭغۇ بازاردا سېتىپ بېرىپ بىر مەزگىل جېنىمنى باقتىم، ئۆزۈممۇ شۇ جەرياندا خروئېن چېكىشنى ئۆگىنىپ قالدىم. ئۇ جادۇگەرنى پۈتۈن گۇاڭجۇنى ئىزدەپ تاپالمىدىم. ئەتكەسچىلىكىم ئاقمىغاندا ئاخشاملىرى پىچاق بىلەن بۇلاڭچىلىق قىلدىم، ماگىزىنلاردا، ئاپتوبۇسلاردا يانچۇقچىلىقمۇ قىلدىم. تاپقان پۇللىرىم خروئېنغا كەتتى. يۇرتقا قايتاي دېسەم، بىزنىڭ يۇرتتىن كەلگەن بەزى سودىگەرلەرنىڭ دېيىشىچە، بىز ئالداپ بۇ يەرگە ئەكەلگەن قىزلارنىڭ هەم ئوغۇل بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى قانۇن ئورۇنلىرىغا مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلىپتۇ. شىنجاڭدىن بىرگۇرۇپپا ساقچىلار كېلىپ مېنى ئىز-

دەپتۇ، لېكىن مۇشۇ كۆڭگىچە ئۇلارغا تۇتۇلماي كەلدىم.

قېچىپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە ئويلىمىغان يەردىن سىزنىڭ بۇ سودا سارىيىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرۈپ قالدىم. ئەقىدە شۇمۇ، ئەمەسمۇ دەپ دۇكاننىڭ ئىشىكىنىڭ ئەينىكىدىن قارىسام، ئۇدۇل مۇشۇ پوكەيگە كېلىپ سودا قىلىۋاتىسىز. نەچچە كىرەي دەپ ئىنتىلىپ يەنە يالتايدىم، يۈزۈم چىدىمىدى... ئاخىر بۈگۈن غەيرەتكە كېلىپ ئالدىڭىزغا كىردىم. ماڭا قانچىلىك ئۆچ ئىكەنلىكىڭىزنى، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىزمۇ ھەقلىق ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن. لېكىن مۇشۇ ئاخىرقى ئۆتۈنۈشۈم بولۇپ قالار، ماڭا شىنجاڭغا كېتىۋالغۇدەك پۇل بەرسىڭىز. مەن ئاشۇ ئالتۇن دېگەن تۇلۇمچاشقان جادۇگەرنى بىر تاپسام، بولامدۇ، ئەقىدە؟

مەن قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا چوڭقۇر ئويغا چۆكتۈم. شۇ تاپتا بۇ مەخلۇقنى قانۇن ئورۇنلىرىغا تۇتۇپ بەرسەممۇ ياكى باشقا يوللار بىلەن ئۇنىڭدىن ئۆچۈمنى ئالساممۇ بولاتتى. ئەمما تەڭرى ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭدىن مېنىڭ ئۆچۈمنى ئېلىپ بولغانىدى. ئۇ بىر كېرەكسىز يېرىمجان مەخلۇققا ئايلانغانىدى.

— «سەندە تۇرماس بۇ دۆلەت، مەندە تۇرماس بۇ مەينەت» دەپتىكەن، كاتتا دۆلەتمەن يىگىت مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، بۈگۈن مەندىن پۇل تىلەۋاتسا نېمە دەيتتىم، ساڭا پۇل بېرەي، لېكىن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، ئەگەر مەن سېنىڭ مۇشۇ ھالىڭغا چۈشۈپ قالغان بولسام، سەن مېنىڭ ئورنۇمدا بولساڭ، مەن ئۆلۈۋېلىشقا رازى ئىدىمكى ھەرگىز سەندىن پۇل سورىمايتتىم. سېنىڭ قانداقلارچە بىر ئەركەك بولۇپ يارىلىپ قالغىنىڭغا، يەنە تېخى مېنىڭ تۇغقىنىم بولۇپ قالغىنىڭغا قۇسقۇم كېلىۋاتىدۇ. مەن تاغامنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈنلا بۇ پۇلنى ساڭا بېرىۋاتىمەن، بۇ پەقەتلا ئاخىرقىسى. مانا بۇ پۇلنى ئال، ئىككىنچى مېنىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنمە!

مەن شۇنداق دېگىنىمچە ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى مىڭ سوم پۇلنى ئاتتىم. ئۇ چېچىلغان پۇللارنى ئۆملەپ يۈرۈپ تېردۋالدى ـ دە، دۇكاندىن دۇگدەيگىنىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ بار ئاۋازىم بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم، ئارقىدىنلا ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدىم. بۇ ئاچ ئىت تۈپەيلى يات بىر شەھەردە ھايۋاندىنمۇ بەتتەر خورلانغىنىم ئۈچۈن يىغلاش ئىدى. بۇ ئۆتكەن ئېچىنىشلىق تەقدىرىمگە خاتىمە بېرىلىپ، بەگدەك ياشاۋاتقانلىقىمغا خۇشال بولۇپ يىغلىشىم ئىدى. بۇ مېنىڭ ياشلىقىمنى پايخان قىلغان ئەشەددىي دۈشمىنىمنىڭ ئالدىمدا تىزلانغىنىغا، ئىتتەك ئۆمىلىگىنىگە شادلىنىپ، تەنتەنە قىلىۋاتقان قايناق ھاياجىنىمنىڭ پارتلىشى ئىدى!

شۇنىڭدىن كېيىن تۇرغۇننى كۆرمىدىم. ئۇنىڭ شىنجاڭغا بارغان ـ بارمىغانلىقىنىمۇ بىلمىدىم. «ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەندەك، سودام يىلدىن ـ يىلغا راۋاجلىنىپ، ئالغان پايدام نەچچە يىلدىلا مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ بىلەن بۇ سودا سارىيىمنىڭ كۆلىمى مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىرىنچى قەۋەتىنى مەڭگۈلۈك سېتىۋېلىپ، تۈرلۈك ماللار سودا شىركىتى قۇردۇم. نامىنى «ئەقىدە تۈرلۈك ماللار سودا شىركىتى» دەپ قويدۇم. شىركەتكە لاۋ ۋاڭ مەبلەغ سېلىپ بەردى. مەنمۇ ياق دېمىدىم. شىركەتكە باشقا ئۆلكىلەردىن، چەت ئەللەردىن مال كىرگۈزدۇم. شىنجاڭنىڭ داڭلىق تاۋارلىرىنى، ئەتىۋار قۇرۇق مېۋە، قاقلىرىنى تۆكمە قىلىپ ساتتىم.

ئويلىمىغان يەردىن لاۋ ۋاڭ جىددىي خاراكتېرلىك جىگەر راكى ھەم ئاشقازان راكىغا گىرىپتار بولۇپ ئۈچ ئايدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا پۈتۈن مال ـ مۈلكى، داچىسى، كىچىك ماشىنىسى ۋە بانكىدىكى ئون مىليون سومغا يېقىن پۇلىنى ماڭا قانۇنلۇق مىراس قالدۇرۇپ قويۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىراقلا گۇۋاڭجۇدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى بايغا ئايلاندىم.

گۇاڭجۇدىكى ھاياتىم ئون ئىككىنچى يىلىغا قەدەم قويغاندا شىنجاڭغا كەلدىم. ئانام قېرىپ كەتكەن بولسىمۇ ھايات ياشاۋاتاتتى. بىزنىڭ خەت ـ ئالاقىمىز ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەچكە، ئانام مەندىن خاتىرجەم بولغانىدى.

مەن شىنجاڭغا كېلىپلا يۇرتۇمدا بىر كومپيۇتېر مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتى قۇردۇم، مەكتەپ سالدۇردۇم، نامراتلارغا ياردەم بەردىم. يەنە بىر دوختۇرخانا قۇرۇپ، مەخسۇس دېھقانلارنى ھەقسىز داۋالاش مۇلازىمىتىنى يولغا قويدۇم. ئانام قېرىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇنى ئاخىرقى ئۆمرىدە بولسىمۇ ياخشى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن يۇرتۇمدا تۇرۇپ قالدىم. گۇاڭجۇدىكى شىركىتىمنى ئىشەنچلىك بىر ۋاكالەتچىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇردۇم. چۈنكى ھازىرقى ئۈچۈر تورى ئۇمۇملاشقان بۇ دەۋردە، مەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپمۇ شىركىتىمنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا كۈندە دېگۈدەك يېتەكچىلىك قىلالايتتىم.

بىر مۇتەپەككۇر «بىر ئادەم تۇساتتىن باي بولۇپ كەتكەندە ياكى بىراقلا زىيان تارتقاندا، ئۇنىڭ پەزىلىتى ئەڭ جىددىي سىناققا دۇچ كېلىدۇ» دېگەنىكەن. مەن بىراقلا مىليونېرغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ ھەقىقەتەن جىددىي سىناققا دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مەن يۇقىرىقى مەكتەپ، نامراتلار دېگەندەك بىر قاتار ئىشلارنى ئويلىدىم. بۇلار مېنىڭ بۈيۈك ئارزۇلىرىم ئىدى. مېنىڭلا ئەمەس لاۋ ۋاڭنىڭمۇ بۈيۈك ئارزۇسى ئىدى. مانا ئەمدى شۇ ئارزۇلارنى دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلگە ئاشۇردۇم. بۇنىڭدىن مەنلا ئەمەس، لاۋ ۋاڭنىڭ روھىمۇ خۇش بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، مەن ئۆزۈمنىڭ گۇاڭجۇدىكى دەسلەپكى ئازابلىق ئىككى يىلدا «پاھىشە»لىك گۇناھىغا باغلىنىپ قالغان جاراھەت ئىزلىرىنى يۇقىرىقى ساخاۋىتىم ئارقىلىقلا ساقايتىش بەختىگە مۇيەسسەر بولدۇم دەپ قارايتتىم. ھېكايەم تۈگىدى. قېنى ساۋاقداش ساقىي، ھارد-

قىڭىزنى قويۇڭ، مەنمۇ ئەتە تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ XXI ئەسىرنىڭ تۇنجى باشلانغان كۈنىدىن باشلاپ هاراق ئىچمەيمەن. مەڭگۈ تاشلايمەن. شۇڭا بۈگۈن ئىچىۋالاي.

مەن ئەقىدەنىڭ سەممىي تەكلىپى بويىچە ئاۋۋال ئۇنىڭ رومكىسىغا، ئاندىن باشقا رومكىلارغا لىققىدە تولدۇرۇپ هاراق قۇيدۇم. ھەممىمىز رومكىلارنى قوللىرىمىزغا ئالدۇق. «خوشە!» دېيىشىمىز بىلەن تەڭ شەھەرنىڭ چوڭ قوڭغۇراقلىق سائىتىنىڭ كۈچلۈك سادا چىقىرىپ داڭىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەممىمىز تەڭلا سائەتلىرىمىزگە قاراشتۇق، سائەت ئىستىرېلكىسى دەل نۆلنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ھەممەيلەن دېيىشىۋالغاندەكلا «يېڭى يىل، XXI ئەسىرنىڭ يېڭى يىلى كىردى!» دەپ توۋلىشىپ كەتتۇق. ئاندىن بىردىنلا سۈكۈتكە چۆمۈپ بىر - بىرىمىزنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قېلىشتۇق. ھەممىمىزنىڭ كۆزىدە ياش لىغىرلاپ قالغانىدى. رومكىمىزدىكى هاراقنى جىمجىت ئىچىۋېتىشتۇق. سائەت ئىستىرېلكىسى «تىك - تاك، تىك - تاك» ئاۋاز چىقىرىپ توختىماي ئايلىناتتى. ھەربىرىمىز كەينى-كەينىدىن بەش رومكا ئىچىۋېتىشتۇق.

— ھەممىمىزنىڭ يېڭى يىلىغا، يېڭى ئەسىرگە مۇبارەك بولغاي! — دېدىم مەن ئۈنلۈك ئاۋازدا.

كۆپچىلىك ئورۇنلىرىمىزدىن تۇرۇشۇپ باشقىدىن رومكا سوقۇشتۇردۇق - دە، بىر - بىرىمىزنى تېخى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك، قوللىرىمىزنى قىسىشىپ ئۆزئارا كۆرۈشۈپ كېتىشتۇق.

# مېنىڭ ئىقرارىم

## 1

— ساۋاقداشلار، مېنىڭ مىجەز - خاراكتېرىم سىلەرگىمۇ
ئايان. مەن ئەسلىدە تۈز كۆڭۈل، كىشىلەر بىلەن چىقىشقاق،
بىرئاز قىزىققانراق، ناھەق ئىشلارنى كۆرگەندە سەۋر - تاقەت
قىلالمايدىغان، لېكىن باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە خۇشتار ئالاھى-
دىلىكىم بىلەن ھەممىڭلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر يىگىت
ئىدىم، — دەپ سۆزۈمنى باشلىدىم مەن، — ئەپسۇسكى، جەمئى-
يەت ۋە ئەتراپىڭدا ياشاۋاتقان ئادەملەر سېنىڭ ئالتۇندەك مىجە-
زىڭنى زەھەرلىك قوغۇشۇندەك مىجەزگە ئايلاندۇرۇۋېتىشكە، ئەي-
نەكنىڭ يۈزىدەك يورۇق ھەم تۈز كۆڭلۈڭنى كىرلەشكەن قارا
ئەينەكتەك خىرەلەشتۈرۈۋېتىشكە، مايماق ئۆسكەن دەرەخ شېخى-
دەك ئەگرى قىلىۋېتىشكە، پولاتتەك ئىرادەڭنىمۇ ئالىيۇمىن ياكى
مىستەك يۇمشاق، ئېگىلىشچان قىلىۋېتىشكە قادىر ئىكەن.

مەن مەكتەپ پۈتتۈرۈپلا يۇرتۇمدا چىقىدىغان «توغراق» گې-
زىتىنىڭ ئەدەبىي مۇھەررىرلىك خىزمىتىگە تەقسىم قىلىندىم.
ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئالاھىدە ھەۋەسىم بولغاچقا، بۇ خىزمەتتىن
ناھايىتى رازى بولدۇم. خىزمەتكە چۈشۈپلا گېزىتخانىدىكى كە-
سىپداشلىرىم بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتىم. دەسلەپتە ئۇلار ماڭا
ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىشتى، مەنمۇ ئۇلارنى چىن قەلبىم-
دىن ھۆرمەتلەپ، ھەرقانداق ئىشلىرى بولسا ياردىمىمنى ئايىما-
دىم، ئۇلار قانداقلا ئىشقا بۇيرۇسا خۇشاللىق بىلەن بەجا كەلتۈر-

دۇم. ئۆزۈمچە گېزىت بەتلىرىدە يېڭىلىق ياراتقۇم كېلىپ، تەھرىر بۆلۈمىمىز بويىچە ئېچىلىدىغان كەسپىي يىغىنلاردا ئۆزۈمنىڭ گېزىت چىقىرىشتىكى يېڭىچە پىكىر - تەكلىپلىرىمنى، ئىستونلارنى، سەھىپىلەرنى يېڭىلاش، كۆپ خىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئەمما «مىخ» قا ئۇسۇشۇم دەل مۇشۇ ئىشتىن باشلاندى.

بىرقانچە نۆۋەت بەرگەن تەكلىپ پىكىرلىرىم باشقىلارغا ياقمىدىمۇ قانداق، ئۇلار ماڭا سەل باشقىچە قارايدىغان بولۇپ قالدى. باش مۇھەررىرىمۇ نېمىشقىدۇر «ئاۋۇ يېڭى كەلگەن سولتەككە ئېيتىپ قويۇڭلار، بىزگە تولا ئاقساقاللىق قىلمىسۇن. ئۇ كەلمەستىمۇ بىز گېزىتنى بىر ئوبدان چىقىرىپ كەلگەن...» دېگەن «دۇئايىسالام»نى بىرىدىن ماڭا يەتكۈزدى. مېنىڭ ياخشى كۆڭلۈم تونجى قېتىم ئازارلىنىشقا دۇچ كەلدى. بىردىنلا روھىم چۈشۈپ، چىۋىن يەۋالغاندەك كۆڭلۈم غەش يۈرىدىغان بولۇپ قالدىم. «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دېگەندەك، بىر پېشقەدەم مۇخبىر باشقا ناھىيىگە مۇخبىرلىققا چىققاندا، بىر كەچلىكى تونۇش بۇرادەرلىرى بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ قاپتۇ - دە، مېنى تونۇيدىغان بىرى ئۇنىڭدىن مېنىڭ قانداقراق ئىشلەۋاتقىنىمنى سورىغاندا، ئەيمەنمەستىن: «ھە، ئۇنى دەمسىز، ئۇ بىر بىلمىسىز، ئاقساقال يىگىت ئىكەن. ھازىر ئۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتىدۇ، شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ ياردىمىمىز بىلەن ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنى ئەسلىي بىزنىڭ ئىدارىگە ئەكېلىشتىمۇ مەن يول مېڭىپ يۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان. كادىرلار ئىدارىسىمۇ مەندەك پېشقەدەم ئاخباراتچى تونۇشتۇرغان ئادەمنى ياق دېمەيلا تەقسىم قىلىپ بەرگەن. ئەممازە، ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماي قالدى...» دەپتۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئەتىسىلا ھېلىقى تونۇشۇم ماڭا تېلېفوندا يەتكۈزدى. مەن ئاچچىقتىن ئېتىلىپ كەتمىدىمۇ،

ئۇنىڭ بىرىسى بولدۇم. بۇ ئىشنى بۆلۈمدە يېقىن ئۆتىدىغان بىر خىزمەتدىشىمغا قايناپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردىم. ئۇ ماڭا سەمىمىي تەسەللى بەردى ۋە ئۇ پېشقەدەم خىزمەتدىشىمىزنىڭ ئاشۇنداق غەيۋەتخور، پىتنە - پاسات تارقىتىدىغان، غودۇراپلا يۈرىدىغان مەڭگۈ ئۆزگەرمەس مىجەزلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا قەتئىي پەرۋا قىلماسلىقىمنى ئېيتتى.

شۇنىڭغا ئوخشاش، ئادەمنى قان چىقارماي ئۆلتۈرىدىغان تۇرلۇك پەسكەش، ئەمما تولىمۇ بىمەنە ئىشلاردىن كۆرمىگى ئۆ- تۇپ كەتتى. مەن ئۇ ئىشلارنىڭ بەزىسىگە قايىنىسام، بەزىسىنى ئىچىمگە يۇتۇپ ئۆتكۈزۈۋەتتىم. بۇ ئىدارىدە بەزىلەر شۇنداق ياخشى، ئاق كۆڭۈل، بىلىملىك ئادەملەر بولسىمۇ، يەنە بەزىسى ساپاسىز، ھەسەتخور، پىتنىچى، ئۆزۈمچىل، شەخسىيەتچىلىكتە ئۇچىغا چىققان، مەمەدان ئادەملەر بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكى بىر قىسىم «ئۇيغۇر» لىرىمىزنىڭ، «زىيالىي» لىرىمىزنىڭ تى- پىك ۋەكىلى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىدارىدىكى ئاساسلىق ئالاھىدىلى- كى — بىرىنىڭ گېپىنى بىرىگە توشۇش، چېقىمچىلىق قىلىش، بىر - بىرىنى يوشۇرۇنچە باشلىققا يامانلىتىش، بىر - بىرىنىڭ خەۋەر - ماقالىلىرىدىن قۇسۇر تېپىش، بىر - بىرىنى ياراتماس- لىق، باشقا سورۇنلاردا خىزمەتداشلىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش، ئۇلارنى «سېسىتىش» ئىدى.

مەن ئەنە شۇنداق بوران - چاپقۇنلۇق خىزمەت جەريانىدا ھەممىگە كۆندۈم، خىزمەتداشلىرىمنىمۇ بەش قولدەك چۈشەندىم. ئەمما ئۇلارنى دوراپ قېلىشتىن، زىيادە چۈشكۈنلۈكتىن ئۆزۈمنى قاتتىق تىزگىنلەپ كەلدىم. ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان بىمەنە ئىشلار تۇپەيلىدىن بۇرۇنقىدەك خۇش چاقچاق مىجەزىم ئېغىر - بېسىقلىققا مەجبۇرىي ئورۇن بەرگەن بولسىمۇ، ئەدەبىي ئىجادى- يىتىمنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن تۇنجى ھېكايىلەر توپلىمىم نەشر

قىلىندى. مەن كەسىپداشلىق يۈزىسىدىن خىزمەتداشلىرىمنىڭ ھەممىسىگە تۇپلىمىمدىن بىردىن تەقدىم قىلدىم. شۇ چاغدىكى كۆرۈنۈشلەر ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ: بىرلىرى كىتابنى ئېلىپلا «مۇبارەك بولسۇن!» دەپ سەمىمىي ھەم قىزغىن تەبرىكلەشتى، بىرلىرى يېنىك باش لىڭشىتىپ قويۇشتى، بىرلىرى كىتابنى كۆرۈپلا ئۆڭسۈلى ئۆچۈپ، ئۈن - تىنسىز جىمىپ كەتتى، بىرلىرىنىڭ كىتابقا قارىغىنىچە كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى، بىرلىرىنىڭ كۆزى پارقىراپ كەتتى، بىرلىرىنىڭ ئاغزى كۈلسىمۇ كۆزلىرى كۈلمىدى، ئەكسىچە كىتابىمغا سوغۇق نەزەردە تىكىلدى، ھېلىقى پېشقەدەم مۇخبىرغا كىتابنى بەرگىنىمدە ئۇ كىتابنى قولۇمدىن ئېلىپ مۇقاۋىسىغا بىر قاراپلا ئۈستەلىگە پاققىدە تاشلاپ قويۇپ، ئالدىدىكى گېزىتتىن بىر نۇسخا ئالدىدە، شاققىدە دېرىزە تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ماڭا ئارقىسىنى قىلغىنىچە ئۈنسىز گېزىت ئوقۇغان بولۇۋالدى. يەنە بىر غەلىتە مىجەزلىك خىزمەتدىشىمگە كىتابتىن بىرنى سوۋغا قىلغىنىمدا، ئۇ كىتابنى خۇددى ئادەتتىكى ئاق دەپتەرنى ۋاراقلىغاندەك بىر قۇر ۋاراقلىۋېتىپ، ئىپادىسىز كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ تۇرۇپ دېدى:

— كىتابىڭىزنىڭ چىققىنىغۇ ياخشى بوپتۇ. بىراق سىز دېگەن ئاخبارات ئورنىدا ئىشلەيسىز، ناۋادا ئۇنىۋان ئېلىپ قالسىڭىز بۇنداق ئەدەبىي كىتابلىرىڭىز ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ. سىز يەنىلا ئاخباراتقا دائىر ئىلمىي ماقالە يازغىنىڭىز تۈزۈك.

ئۇ شۇنداق دەپلا مەن سوۋغا قىلغان كىتابنى ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىغا سېلىۋېتىپ، ئالدىدىكى «ئەمەلدارلىق دەستۇرى» دېگەن كىتابقا ئېڭىشتى.

مەن ئاشۇ بىر قىسىم خىزمەتداشلىرىمغا نېمە يامانلىق قىلغىنىمنى بىلمەيمەن. لېكىن ئۇلارنىڭ ماڭا ۋە باشقىلارغا بولغان مۇئامىلىسى، ئىنسانىي ھېسسىياتى، ئىززەت - ھۆرمىتى ئەنە شۇنداق. ئەسلىدە مەن ئۇلارنىڭ بىر ئېغىز بولسىمۇ سەمىمىي

سۆزلەپ قويۇشىنى، ماڭا ئىلھام ئاتا قىلىدىغان شېرىن سۆزلەر بىلەن كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلغانىدىم. چۈنكى ھەرقانداق ئادەم باشقىلارنىڭ ھۆرمەتلىشىگە، قەدىرلىشىگە، ماختىشىغا، كۆيۈنۈشىگە، سەمىمىي مېھىر ـ مۇھەببىتىگە موھتاج بولىدۇ. بۇ ھاياتلىقتىكى ئەقەللىي ساۋات. ئەپسۇس، مەن نېمە ئۈچۈنكىن ئۇلاردىن ئۇنداق ئىلتىپاتقا ئېرىشەلمىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ يەنە بىرنەچچە ئەدەبىي كىتابىم ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىندى. دوست ـ بۇرادەرلىرىم مېنىڭ بۇ نەتىجىلىرىم شەرىپىگە مېنى قىزغىن تەبرىكلەشتى، ھەرخىل پائالىيەتلەرنى، كىتابلىرىم ھەققىدە سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ مېنى قۇتلۇقلاشتى، كىتابلىرىمغا ئىلمىي باھا بېرىشتى. مەن بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان بىرنەچچە خىزمەتدىشىممۇ مېنى سەمىمىي تەبرىكلەشتى. ئەمما ھېلىقى بىر قىسىم خىزمەتداشلىرىم بولسا، بىرخىل بىپەرۋا قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، پەقەت دىمىغىدا كۈلۈپ قويۇش بىلەن كۇپايىلەندى. مېنىڭ بىر يېقىن خىزمەتدىشىم مېنىڭ ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي، قىسقىچە تەرجىمىھالىمنى يېزىپ چىقىپ مېنى گېزىتىمىزنىڭ «تۆھپىكارلار» سەھىپىسىدە تونۇشتۇرماقچى بولدى. ئەپسۇسكى، ھېلىقى «بىر قىسىم» خىزمەتداشلىرىم ۋە باش مۇھەررىرىمىز ئۇنىڭغا:

— ئۇ يا ئاخباراتتا كىتاب يېزىپ نەتىجە ياراتمىغان، بەلكى ئۆز كەسپىگە يات بولغان ئەدەبىي ژانىردا كىتاب يازغان تۇرسا، شۇنداقلا ئۇ ئۆزىمىزنىڭ ئادىمى تۇرسا، يەنە ئۆزىمىزنىڭ گېزىتىدە تونۇشتۇرساق قانداق بولىدۇ؟ ئۇنى تونۇشتۇرۇشقا قەتئىي بولمايدۇ! — دەپ قوشۇلماپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ ئۇلارغا تۇنجى قېتىم نەپرىتىم قوزغالدى. ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم قاقاقلىغىنىمچە ئاچچىق كۈلۈپ كەتتىم. ئۇلارنىڭ ئاخباراتنىڭمۇ ئەدەبىياتنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلمىگىنىگە ياكى بىلسىمۇ قەستەن ئاشۇنداق دەۋاتقىنىغا ئۆكۈندۈم،

ئېچىندىم. پەيلاسوپ نېتسزىنىڭ مۇنۇ سۆزى ئېسىمگە كەلدى: «قاراڭلار، بۇ ئارتۇقچە ئادەملەرگە! ئۇلار مەڭگۈلۈك كېسەل كۆرپىلىرى — ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆت سۇيۇقلۇقىنى قۇسۇپ چىقىرىپ، گېزىت دەپ ئاتىۋالىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىنى يالماپ يۇتىدۇ، ئەمما ھەزىم قىلالمايدۇ.»

تۇرۇپلا مەن «نېمە ئۇچۇن كىتاب يازدىم؟ ھېچنېمە يازمىغان بولسام بۇلار قانائەت تېپىشى، مەن يېڭى كەلگەن چاغدىكىدەك ماڭا خۇشخۇي كۈلۈپ بېقىشى مۇمكىن ئىدىغۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدىم. توغرا، سەن «ئۆزۈڭنىڭ ئوغىسى بىلەن ئۆزۈڭگە دورا ياسىدىڭ. ئازاب كالىسىنىڭ سۈتىنى ساغدىڭ. شۇ تاپتا ئاشۇ شېرىن شەربەتنى ئىچىۋاتىسەن.①» ئىچ، قانغىچە ئىچ! ھەرئادەم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى، دېگەننى ياخشى بىلىسەنغۇ، ئۆز يولۇڭدىن قايتما.

مەن ئۆز - ئۆزۈمگە شۇنداق تەسەللى بېرىۋاتقان كۈنلەردە، شەھەرلىك تېلېۋىزيە ئىستانسىسىدىن مۇخبىرلار كېلىپ، مېنى كىتابلىرىم ھەققىدە زىيارەت قىلدى ۋە سۈرەتكە ئالدى. ئەتىسى كەچتە، ئۇلارنىڭ مەن بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىسى تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلدى. ئۇنىڭ ئەتىسى مەن ئىدارىگە بېرىپ ئەمدىلا ئىشخانامغا كىرىپ تۇرسام، ھېلىقى پېشقەدەم مۇخبىر ماراپ تۇرغاندەك كەينىمدىلا كىرىپ كەلدى ۋە چىرايىنى بىر قىسما پۇرۇشتۇرۇپ:

— يىگىت، ئاخشام سىزنى تېلېۋىزوردا كۆردۇق. ئەلۋەتتە ئۆزىڭىز ھازىر كاتتا يازغۇچى بولغاندىكىن تېلېۋىزورغا نەدىكى چىخ يوللۇق بوغماق چاپاننى كىيىپ چىقماي، كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقاپ چىقسىڭىز بولمامدۇ؟ سىلەردەك ئادەملەر قاچانمۇ مەدەنىيەت دېگەننى ئۆگىنەرسىلەر - ھە؟ — دېدى.

① نېتسزىنىڭ «زوروئاستېر شۇنداق ئېيتقان» ناملىق كىتابىدىن.

ئۇنىڭ بۇ زەھەردەك سۆزلىرى شۇئان يۈرىكىمگە تىكەندەك سانجىلغان بولسىمۇ، ئۇنى «ئۆزۈمنىڭ ئوغىسى بىلەن ياسىغان دورا» ئورنىدا يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇم ـ دە، ئۇدۇللا جاۋاب بەردىم:

— ھازىر 7 ـ ئاينىڭ بۇ تومۇز ئىسسىقىدا گالىستۇك تاقاپ، كاستۇم كىيىۋالسام تازا ئەپلەشمەيدىكەن، شۇڭا ئاشۇ نېپىز چاپىنىمنىلا كىيىۋالغان.

— ئۇنىڭغىمۇ مەيلى دەيلى، لېكىن سىز كىتابلىرىڭىز ھەققىدىلا سۆزلەپ، ئەلۋەتتە ئىدارىڭىز ۋە ئىدارە رەھبەرلىكىدىنىڭ، خىزمەتداشلىرىمىنىڭ قوللىشى، ياردەم بېرىشى بىلەن مۇشۇنداق نەتىجىلەرگە ئېرىشتىم، دەپ بىرەر ئېغىزمۇ سۆزلەپ قويماپسىز. قانداقلا بولسۇن سىز مۇشۇ ئىدارىنىڭ نېنىنى يەۋاتىسىز ـ دە، — دېدى ئۇ بىرخىل تەئەددى بىلەن.

مەن شۇئانلا ئۇنىڭغا: «مەن مۇشۇ ئىدارىنىڭ نېنىنى يەۋاتىمەن، ئەمما شۇنىڭغا لايىق خىزمەت قىلىۋاتىمەن. كىتابلىرىمنى بولسا ئۆيۈمدە تۈننى تاڭغا ئۇلاپ يازدىم، بۇنىڭدا كىم ماڭا ياردەم قىلىپتۇ؟ قايسى رەھبەر ماڭا غەمخورلۇق قىلىپتۇ؟ كىم ماڭا بىرەر چېكىت قويۇشۇپ بېرىپتۇ؟ سىلەر مېنى بىرەر قېتىم قوللاپ باقتىڭلارمۇ؟ ...» دېمەكچى بولدۇم ـ دە، ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇدۇل تىكىلدىم. دەل شۇ چاغدا باش مۇھەررىر كىرىپ قېلىپ، سۆزلىشىمگە پۇرسەت بولماي قالدى.

— تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرى سىزنى كىمنىڭ رۇخستى بىلەن زىيارەت قىلدى؟ — دېدى ئۇ كىرىپلا چىرايىنىمۇ ئاچماستىن.

— ئۆزلىرى زىيارەت قىلىمىز دەپ ئۇدۇل ئۆيۈمگىلا بېرىپتىكەن، ئۇنىمىغىنىمغا قويمىدى. شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ زىيارىتىنى ئۆزۈم قوبۇل قىلدىم، — دېدىم ئۇنىڭغا.

— سىزنى زىيارەت قىلسا ئاۋال بىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇ-

شى، بىزنىڭ رۇخسىتىمىزنى ئېلىشى كېرەك ئىدى، بۇ دېگەن پرىنسىپ، — دېدى ئۇ كۈچەپ سۆزلەپ.

مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش يا بەرمەسلىكنى بىلەلمەي، بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا كۈلۈۋەتتىم.

— نېمىگە كۈلىسىز؟ مېنى مازاق قىلغىنىڭىزمۇ بۇ؟ — دېدى ئۇ زەردە بىلەن.

— «ئەڭ ئېگىز چوققىغا چىققان ئادەم پانىي دۇنيادىكى راست - يالغان تراگېدىيىلەرگە قاراپ كۈلىدۇ»①، — دېدىم مەن ئاخىر ئۇنىڭغا دادىل جاۋاب بېرىپ.

— پاھ، سىز ئەڭ ئېگىز چوققىدا، بىز بولساق ئەڭ پەستە- كەنمىز - دە؟! — دېدى ئۇ ماڭا ئالىيىپ.

— مەن ھەرھالدا كۆزلىگەن نىشانىمدا مەلۇم چوققىغا يەت- تىم، لېكىن پەسكە قارىسام راست - يالغان تراگېدىيىلەر ماڭا قاراپ چۇقان سېلىشىۋېتىپتۇ. شۇڭا...

— سىز بۇنچە كۆرەڭلەپ كەتمەڭ، بۈگۈنلا ئۆزىڭىزنىڭ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىنى يېزىڭ! — دېدى ئۇ سۆزۈمنى بۆلۈپ.

باش مۇھەررىر شۇنداق دەپلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— دېمىدىممۇ، تېلېۋىزوردا ئىدارە ياكى رەھبەرلىكنى تىلغا ئېلىپ ئىككى كەلىمە سۆزلەپ قويغان بولسىڭىز مۇشۇنداق ئىش بولمايتتى، — دېدى پېشقەدەم مۇخبىر ئىشخانىدىن ئالچاڭلاپ چىقىپ كېتىۋېتىپ. ھەتتا ئۇ ئىشخانىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپلا قايسىدۇر بىر شادىمان ناخشىنىڭ ئاھاڭىغا غىڭشىغىنىچە ئۇزاپ كەتتى.

مەن جىلە بولغىنىمدىن ئىشخانىدا ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ كەتتىم. «مەن بۇ خەققە زادى نېمە يامانلىق قىلغان بولغىيدىم؟ جەمئىيەت، ئادەملەر نېمانچە مۇرەككەپتۇر - ھە؟» دەپ ئويلاپ

---

① بۇ يەردە نېتسزىنىڭ سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلدى.

كەتتىم. ياق، ھاياتلىق كۆرەش دېمەكتۇر، دېگەننى ئېسىڭدىن چىقارما، سەن ھاياتلىق يولىدىكى بىر جەڭچى، شۇڭا «قەيسەر بول، پىسەنت قىلما؛ قەتئىي بول، نەزەرگە ئالما، ئەقىل - پاراسەت بىزگە ئەنە شۇنداق ئۆگىتىدۇ. ئەقىل - پاراسەت پەقەت جەڭچىنىلا سۆيىدىغان دېدەك»① دەپ تەسەللى بەردىم ئۆزۈمگە.

شۇنداق قىلىپ خېلى ئۇزاققىچە ئىدارىدىكى ئاشۇ «بىر قىسىملار» ئارىسىدا مەن توغرۇلۇق ھەرخىل گەپ - سۆزلەر تارقىلىپ يۈردى. شۇ گەپ - سۆزلەرنى ماڭا يەنە شۇنداقلاردىن بىرنەچچىسى يەتكۈزۈپ، ماڭا «ياخشىچاق» بولۇشتى. ئەمما مەن پىسەنتىمگە ئالمىدىم.

يىل ئاخىرى يېتىپ كەلگەندە، ئىلغار سايلاش باشلىنىپ كەتتى. مېنىڭ شەرتىم ھەممىلا جەھەتتىن ئىلغار خىزمەتچى بولۇش ئۆلچىمىگە توشقان بولسىمۇ، ھېلىقى ئاز ساندىكى «بىر قىسىم»لارنىڭ قارشى ئاۋاز بېرىشى ۋە «باشباشتاق» دېگەن «گۇناھىم» ھەمدە باش مۇھەررىرگە تەكشۈرۈشنامە يازمىغانلىقىم··· سەۋەبلىك ئىلغار سايلىنالمىدىم. «بىر قىسىملار»مۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ماڭا خېلى ئوبدانلا تەنبىھ بېرىۋېلىشتى، بەزى «ئەيىب»لىرىمگە لەنەت تاشلىرىنى ياغدۇرۇۋېتىشتى، ماڭا «تەلىم» بېرىشتى. بۇ چاغدا مەن نېتىزىنىڭ: «ئۇلارنىڭ ئالدىدا كېتىپ بارىسەن. لېكىن، سەن يۈكسەلگەنسېرى، ھەسەتخورلارنىڭ كۆزىگە ئەرزىمەس بولۇپ كۆرۈنىسەن. پەرۋاز قىلىدىغانلار باشقىلارنىڭ لەنەت - نەپرەتلىرىگە بەكرەك ئۇچرايدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى پىچىرلىغىنىمچە بىپەرۋا قىياپەتتە ئولتۇردۇم ھەم: «سەن ئۆز ۋىجدانىڭ ئالدىدا پاك، ئۆز غايىلىرىڭگە ساتقۇنلۇق قىلمىدىڭ، ھەسەت، پىتنە - پاسات ۋە تۈرلۈك ئاساسسىز بېسىملار ئالدىدا غۇرۇرۇڭغا مۇخالىپ ئىش قىلمىدىڭ. مەرداند-

① بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلۈۋاتقىنى نېتىزىنىڭ سۆزى.

لارچە ئالدىڭغا قاراپ كېتىۋاتىسەن، غايىلىرىڭ بىر - بىرلەپ
ئەمەلگە ئېشىۋاتىدۇ. سەن ئۇلارنىڭ بىھۇدە سەن بىلەن ئۆچەكى-
شىشلىرىگە تىت - تىت بولۇۋاتساڭمۇ ئۇلارغا سىر بەرمىدىڭ.
قايسىبىر پەيلاسوپ: خەقنىڭ ساڭا ئۆكۈنگىنىدىن ھەسەت قىلغى-
نى ياخشىراق، دەپتىكەن، سەن ئۇلاردا شۇنچىلىك ھەسەت قوز-
غىيالىغان بولساڭ نوچى ئىكەنسەن، سەن بىچارە ئەمەس، ئۇلار
بىچارىكەن» دەپ ئۆزۈمدىن ئۆزۈم پەخىرلەندىم. شۇنداق، ئادەم
ئۆزىدىن پەخىرلىنىشنىمۇ بىلىشى كېرەك.

خىزمىتىم شۇ تەرزدە داۋام قىلماقتا. مەن ئەدەبىي بەتنىڭ
مۇھەررىرى بولغاچقا مېنى ئىزدەپ كېلىدىغان ئاپتورلار، ھەۋەس-
كارلارمۇ كۆپ ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ھەرقانديقى كەلسە قىزغىن،
سەمىمىي كۈتۈۋالىمەن، ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە پىكىر ئال-
ماشتۇرىمەن، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئۆز پىكرىمنى بېرىمەن،
ئۇلارنى داۋاملىق ئەسەر يېزىپ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىمەن. ئاپ-
تور، ھەۋەسكارلار ئىچىدە قىز - ئايال ئاپتورلارمۇ خېلى بار.
مانا شۇنداق چاغلاردا ھېلىقى «بىر قىسىملار» ياكى تەھرىر بۆلۈ-
مىگە مۇدىر بولۇپ تەيىنلەنلەنگەن ھېلىقى پېشقەدەم مۇخبىر مې-
نىڭ ئىشخانامغا قەستەن كىرىپ قويىدۇ ۋە: «ھە، ئەسەر ئەكەل-
گەنمىدىڭىزلار؟ ئەكېلىڭلار، ماڭا بېرىڭلار، ئەسىرىڭلارنىڭ چى-
قىش - چىقماسلىقىنى مەن بېكىتىمەن» دەيدۇ - دە، ئاپتورلار-
نىڭ ئەسەرلىرىنى ئاچىقىپ كېتىدۇ. ئاپتورلار تەئەججۈپ ۋە
ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قېلىشىدۇ. ھېلىقى
«بىر قىسىملار» نىڭ قايسىبىرى بولمىسۇن مېنىڭ ئىشخانامغا
ناتونۇشراق بىرەرنىڭ كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالسىلا
ئەتەي ئىشخانام ئىشىكى ئالدىدىن ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈپ، بوينىنى
غازدەك سوزۇپ ئىشخانا ئىچىگە قاراپ قويىدۇ ياكى يۆتىلىپ
قويىدۇ. ئەگەر بىرەر ئايال ئاپتور مېنى ئىزدەپ كەلگەن بولسا،
ئۇلار بىر - بىرلەپ ئىشخانامدا پەيدا بولىدۇ - دە، ئايال ئاپتورغا

يەۋېتىدىغاندەك قارىشىپ كېتىدۇ. قەستەن ئۇنى ـ بۇنى سورايدۇ. رېستورانلاردا ئۆتكۈزۈلگەن بىرەر توي ـ تۆكۈن، چايلارغا مەيلى پېشقەدەم مۇخبىر ياكى ھېلىقى «بىرقىسىم» خىزمەتداشلىرىم بېرىپ قالسا، ناۋادا شۇ سورۇندا ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ياكى بىزنىڭ دائىملىق ئاپتورلىرىمىزنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئۇلار بىلەن ئاتايىتەن رومكا سوقۇشتۇرۇپ، ئۇلارغا: «ئەسىرىڭىز بولسا ماڭىلا ئەۋەتىڭ يا بولمىسا ماڭىلا ئەكېلىپ بېرىڭ. سىلەر ھەدېسىلا ئەدەبىي بەتنىڭ مۇھەررىرىنى ئىزدەپ يۈرمەڭلار، ئۇنىڭ قولىدىن جىق ئىش كەلمەيدۇ...» دەپ ۋەدە بېرىشىدۇ. بىزنىڭ پېشقەدەم مۇخبىرىمىز بۇنداق پۇرسەتلەرنى ھەممىدىن بەك قولدىن بەرمەيدۇ. ئايال ئاپتورلارنى كۆرسە تەكرار ـ تەكرار تانسىغا تارتىپ، ئۇلارغا يۇقىرىقىدەك ۋەدىلەرنى ئايىماي بېرىدۇ، مېنىڭ ئۈستۈمدىنمۇ ئۇلارغا ئۈستىلىق بىلەن شىكايەت قىلىدۇ...

يۇقىرىقىلارنى ماڭا يەنە شۇ ئاپتورلار ياكى خىزمەتداشلىرىم ئېقىتماي ـ تېمىتماي يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. مەن يەنىلا ئىچىمگە تىنىشقا مەجبۇر بولىمەن.

ئەمما شۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغان كۈنۈملا ئۇلارنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ غادىيىپ يۈرىمەن.

بىر قېتىم تەھرىر بۆلۈم بويىچە ئىستىل تۈزىتىش يىغىنى ئېچىلدى. ھەممىمىز ئاۋۋال ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ چىقتۇق، ئاندىن بىر ـ بىرىمىزگە پىكىر بېرىشكە باشلىدۇق. مەنمۇ بىلگىنىم، ھېس قىلغىنىم بويىچە بىرنەچچە يولداشقا پىكىر بەردىم. سۆزۈم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھېلىقى «بىر قىسىم» لار ئىچىدىكى سەپرا مىجەز بىرى ئالدىدىكى ئۈستەلنى پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ ۋارقىراپ كەتتى:

— ھەي پاھىشۋاز، پىكىر بېرىڭ دېسە ئەجەب سۆزلەپ كەتتىڭا؟ ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە جۇمۇ، ھېلى بىكار...

بۇ تۇيۇقسىز كەلگەن ھاقارەت مېڭەمگە تېپىپ چىقتى ـ دە، مەنمۇ ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتىم:

— قانداق ئادەمسىز؟ بۇ دېگەن دېموكراتىك يىغىن تۇرسا، ھەممە ئادەمنىڭ سۆزلەش ئەركىنلىكى بارغۇ؟ نېمە ئۇچۇن مېنى ھاقارەتلەيسىز؟ مېنىڭ پاھىشىۋازلىقىمنى نەدە كۆردىڭىز؟

— دائىملا ئىشخاناڭغا خوتۇن ـ قىزلار سېنى ئىزدەپ كېلىدىغۇ، ئۇلار بىلەن قانداق مۇناسىۋىتىڭ بارلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ پاھىشىۋاز بولمىساڭ ئۇلار سېنى ئىزدەپ كېلەمتى؟

— ھەي، بىر زىيالىيدەك، ھەقىقىي ئەركەكتەك گەپ قىلسىڭىزچۇ! — دېدىم مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ.

— مەن زىيالىي بولمىسام سەن نېمە؟ — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە خۇددى مېنى ئۇرىدىغاندەك ئالدىمغا دېۋەيلەپ كەلدى ۋە پېشانەمدىن ئىتتىرىپ تۇرۇپ، — بىرنەچچە پارچە كىتاب چىقاردىم دەپ ئۇنچە كۆرەڭلەپ كەتمە، ئۇنداق كىتابنى بارغۇ مېنىڭ پۇتۇممۇ يازىدۇ، — دېدى.

— ئەمىسە يازسىڭىز بولمامدۇ، شۇنچە ياشقا كىرگۈچە نېمە ئىش قىلدىڭىز؟ — دېدىم مەن ئاچچىق كۈلۈپ.

شۇ ئەسنادا بىزنىڭ تولىمۇ ئېغىر ـ بېسىق باش مۇھەررىرىمىز مىجەزىگە ماس كەلمىگەن بىر چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، مەن بىلەن سوقۇشۇۋاتقان «خوراز»نى قولىدىن تارتىپ جايىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە ماڭا قاراپ:

— سىزمۇ ئولتۇرۇڭ، بۇ ئادەم دېگەن سىزدىن چوڭ، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىش دېگەننى بىلەمسىز؟ قانداق دېگەن گەپ بۇ! — دەپ ماڭا غەزەپ بىلەن ئالايدى.

— مەن دېگەن پاھىشىۋاز تۇرسام، باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى قانداقمۇ بىلەي؟ — دېدىم كىنايە قىلىپ.

— زەھەردەك گەپلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇۋېلىڭ، ئۇكا، — دېدى باياتىن ئىككىمىزنىڭ سوقۇشقىنىنى كۆرۈپ قىن ـ قىنىغا

پاتماي ھىجىيىپ، قولىنى ئۇستەل ئاستىغا تىقىۋېلىپ ئاۋازسىز
چاۋاك چېلىپ كەتكەن پېشقەدەم مۇخبىر (مۇدىرىمىز) ···
بۇ يىغىن ئەنە شۇنداق كۆڭۈلسىز ئاخىرلاشتى. مەن ئىشخا-
نامغا چىقىپ ئاچچىق تاماكامنى شوراپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. ھېلى-
قى «خوراز» دىن بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ نەچچە قېتىم بىھۇدە تىل ـ
ئاھانەت ئىشتكىنىم ئېسىمگە كېلىۋېلىپ، يۈرىكىم چايان چاققان-
دەك ئاغرىپ كەتتى. ئۇنىڭ مىجەزى شۇنداق چۇس، ئۇرۇشقاق
ئادەم ئىدى. ئىككى كۈندە بىر ئادەم بىلەن ئۇرۇشمىسا تۇرالمايت-
تى. ئەمما بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن شۇ ئادەمگە يەنە
ئۆزى گەپ قىلاتتى، يەنە ئۇرۇشاتتى، يەنە گەپ قىلاتتى. ئۇرۇش-
قاندا ئاغزىدىن تولىمۇ بېزەپ گەپلەر چىقاتتى. ئەمما مەن خىز-
مەتداشلىرىم ئارىسىدا ئۇنىڭ بىرقەدەر بىلىملىك ئىكەنلىكىگە
قايىل ئىدىم. شۇڭا ئۇ مېنى بىھۇدە تىللىۋالسىمۇ ئۆزۈمنى
قاتتىق بېسىۋالاتتىم، شۇنداق چاغلاردا ئۆزۈمگە: «ئۆزۈڭدىن
چوڭ ئادەملەر بىلەن گەپ تالاشما» دېگەن ئەقلىيە سۆز ئارقىلىق
ھاي بېرەتتىم. لېكىن بۈگۈن ئۆزۈمنى زادىلا باسالماي قالدىم.
مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، بۇ گېزىتخانىغا جاھاندىكى ئەڭ
غەلىتە مىجەزلىك ئادەملەر خۇددى تاللاپ ئەكېلىپ قويغاندەك
يىغىلىپ قالغاندەك قىلاتتى. شۇڭا مەنمۇ مىجەزىمنىڭ بارغانسې-
رى ئۆز خاسلىقىنى ئۆزگەرتىپ، ئاشۇلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتې-
رىنى دوراپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. شۇنىڭدىن
قارىغاندا، جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ: گېزىتخانىغا ساپلا بىر توپ سا-
راڭلار يىغىلغان، دېگەن گەپلىرىمۇ ئانچە ئاساسسىز ئەمەستەك
قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دەۋاتقىنى بەلكىم باشقىچە بىر خىل «ساراڭ»
لاردۇر.
مېنىڭ ئەنە شۇنداق «ساراڭ» غا ئۆزگىرىۋاتقان كۆڭلىرىم-
نىڭ بىرىدە، شەھەرلىك پارتكومدىن تۇيۇقسىزلا مېنى پارتكوم
ئىشخانىسىنىڭ كاتىپلىقىغا يۆتكىگەنلىك توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

كېلىپ قالدى. مەن بۇ ئىشتىن قاتتىق ھەيران قالدىم. ئۆزۈم سۆيگەن كەسپىنى ئويلىسام يۆتكەلگىم يوق، بۇ يەردە دىلىمنىڭ كۆپ ئازار يېگەنلىكىنى ئويلىسام ھازىرلا كەتكۈم بار. مەن تېڭىرقاپ قالدىم...

ئەتىسى شەھەرلىك پارتكومدىن ئىككى ئادەم كېلىپ مېنى باش مۇھەررىرنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ چىقتى ۋە مۇنداق دېدى:

— ئۇكام، بىز ئۇزاقتىن بۇيان كۆزىتىش، سىلىشتۇرۇش، ئاممىدىن پىكىر ئېلىش ئارقىلىق، ئاخىر سىزنى پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ھەم كاتىپلىقىغا تاللىدۇق. سىزنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىڭىز بىزگە ئايان، كىتابلىرىڭىزنىمۇ كۆرۈپ تۇردۇق. ھازىرقى ئىسلاھات دەۋرىدە سىزدەك ئادەملەرنى تاللاپ ئىشقا قويۇش ھەققىدە بەلگىلىمە بار. شۇڭا تېزدىن رەسمىيەتلىرىڭىزنى بېجىرىپ يېڭى ئورنىڭىزغا ئىشقا چۈشۈڭ. ھە، باش مۇھەررىر، سىزمۇ بۇ يىگىتنىڭ يۆتكىلىش رەسمىيىتىنى تېزرەك بېجىرىشكە ياردەمدە بولۇڭ.

مەن باش مۇھەررىرگە قارىدىم. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ چىرايىنىڭ رەڭگى غازاڭدەك سارغىيىپ كېتىۋاتاتتى. قاشلىرى ھىمىرىلىپ بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن، كۆزلىرى ئالدىدىكى ماتېرىيالغا نىشانسىز تىكىلگەنىدى.

— بولىدۇ، — دېدى ئۇ ماڭا يەر تېگىدىن لەپپىدە قارىۋېتىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغىنىچە، — بىزنىڭ ئىقتىدارلىق ئادىمىمىزنى يۆتكەپ كېتىدىغان بولدۇڭلار. بوپتۇ، نەدىلا ئىشلىسە ھۆكۈمەت ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغۇ ئاخىر.

مەن ئۇنىڭ مېنى تۇنجى قېتىم «ئىقتىدارلىق» دەپ ماختىغىنىغا ئىشەنمەيلا قالدىم. يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ بولسا ئىقتىدارىمنى بايقىغىنىغا ئىچ ـ ئىچىمدىن خۇشال بولدۇم...

مەن ئىككى كۈن ئىچىدە رەسمىيەتلىرىمنى ئۆتەپ بولۇپ، ئىشخانامدىكى نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن ئىش-

خانامغا كىردىم. ئەمما بوسۇغىغا كېلىپلا توختاشقا مەجبۇر بول-
دۇم. چۈنكى ياندىكى ئىشىكى ئوچۇق تۇرغان مۇدىر ئىشخانىسى-
دىن مەن ھەققىدە بولۇنۇۋاتقان گەپ - سۆزلەر قۇلىقىمغا كىرىپ
قالدى:

— ... شۇ ئەمەسمۇ، بۇ ئاداشنى كىتابلا يېزىپ يۈرەمدىكىن
دېسە، ئەسلىي سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويۇپ يۈرگەنىكەن ئەمەس-
مۇ. يۆتكىلىشكە بۇرۇنلا يول ماڭغان گەپ، — بۇ پېشقەدەم
مۇخبىر — مۇدىرنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ھى، كۆرىمىزغۇ، ئۇ يەردە قانچىلىك ئىشلەپ كەتكىنى-
نى. كىتاب يازماق ئاسان بولغان بىلەن، پارتكومنىڭ خىزمىتى-
نى قىلماق ئۇنداق ئاسان ئەمەس، — بۇ «بىر قىسىملار» نىڭ
ئىچىدىكى بىرەيلەننىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن پارتكوم شۇجىسىنىڭ غالچى-
سى بولىدىغان گەپ شۇ! — بۇ ھېلىقى «خوراز» نىڭ ئاۋازى
ئىدى.

— ......

ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاۋېرىشكە تاقىتىم قالماي، ئىشخا-
نامغا كىرىپ كەتتىم ۋە ئىچىمدە: «ئۇچەي - قارنىڭلار ئېچىشىپ
تېشىغا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان بولدى - دە! ھەي بۇرادەرلەر،
سىلەر بۇ جاھاندىن مەڭگۇ شۇ پېتى ئۆتۈپ كېتىسىلەر. سىلەر
سۆيۈملۈك نېتزى ئەپەندىنىڭ: ھەسەتخور ئادەم بىر چايان، ئۇ-
نىڭ نەشتىرى ئاخىر ئۆزىگە سانجىلىدۇ، دېگەن بۈيۈك ھېكمىتى-
نى ئوبدانراق ئوقۇپ ھەزىم قىلىپ باقساڭلار بولاتتى» دەپ
پىچىرلىدىم.

شۇنداق قىلىپ مەن شەھەرلىك پارتكومدىكى يېڭى خىزمەت
ئورنۇمغا ئىشقا چۈشۈپ كەتتىم. خىزمىتىم ھەرقانچە ئالدىراش
بولسىمۇ ۋايىسماستىن بارلىقىمنى خىزمەتكە بېغىشلىدىم. بىر
تەرەپتىن پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى، بىر

تەرەپتىن كاتىپلىقنى قىلىش بىلەن ئىككى يىل ۋاقىت كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يەردىكى خىزمىتىمنىڭ ئۈچىنچى يىلى باشلىنىش ئالدىدا، مېنى ئۇشتۇمتۇتلا شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا ئۆستۈرۈپ قويدى. ھەيران بولدۇم، ھاياجانلاندىم. نۇرغۇن ئادەملەر ئەمەل تەمەسىدە ماڭمىغان يولى، قىلمىغان ئىشى، چەكمىگەن رىيازىتى قالمايدۇ. ئەمما بىرەر ئەمەلگە يا ئېرىشىدۇ، يا ئېرىشەلمەيدۇ. مەنچۇ؟ ئەجەب تېزلا ئۆسۈپ ئەمەلدار بولۇپ قالدىما؟ ياق، مەن بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن بۇيان كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىدىم، تىرىشتىم، ئۆگەندىم. نېمىلا دېگەنبىلەن پارتىيە يەنىلا ئىشلىگەن ئادەمنى تونۇيدىكەن.

مەن مۇئاۋىن شۇجىلىق ئورنۇمدا ئولتۇرغان كۈنۈمنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتىم: ھېلى ئۇ يىغىن، ھېلى بۇ تەكشۈرۈش، ھېلى بىر يەرگە كاماندىروپكىغا چىقىش، يەنە ئۆز دائىرەمدىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىمىسەم بولمىغان، مەسىلىلەرنى ھەل قىلمىسام بولمىغان، دەرد - شىكايەت ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنىڭ شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ، دەردىگە دەرمان بولمىسام بولمىغان... ئىشقىلىپ، جاھاندا مەۋجۇت ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مېنى ئىزدەپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. كەچتە مېنى ئىزدەپ ئۆيگە كېلىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن يېرىم كېچىگىچە ئارام ئالالمايمەن، ئەتىسى ئىشخانامغا بارسام ئىشىك ئالدىدا مېنى ساقلاپ ئۆچىرەت بولۇپ تۇرۇپ كەتكەن ئادەملەر... مېنىڭ ھەربىر كۈنۈم ئەنە شۇنداق ئۆتىدۇ. مەن بارا-بارا جاھاندا ئەمەلدار بولماقتىن تەس ئىش يوق ئىكەن، دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم.

مەن شەھەرلىك پارتكومغا مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي گېزىتخانىدىكى يېقىن ئۆتىدىغان بىر خىزمەتدىشىم مېنى زىيارەت قىلىپ كېلىپتۇ. مەن ئۇنىڭ زىيارىتىنى چىرايلىقچە

رەت قىلدىم ھەم مېنى زىيارەت قىلىشقا تېخى بالدۇرلۇقىنى،
بولۇپمۇ ئاشۇ گېزىتتە نامىمنىڭ چىقىشىنى خالىمايدىغانلىقىمنى
ئېيتتىم. ئەمما ئۇ: مېنى باش مۇھەررىر ئەۋەتكەن، دەپ چىڭ
تۇرۇۋالدى. مەن ئۇنىڭغا كۈندىلىك خىزمىتىمنىڭ ئىنتايىن ئال-
دىراشلىقى ھەققىدە قىسقىچىلا سۆزلەپ بەردىم. ئۇمۇ مېنى زىيا-
رەت قىلغاچ ئىشخانىدىكى ئادەملەرنىڭ تولىلىقىنى، مېنىڭ خىز-
مەتتىن باش كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىمنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.
ئەتىسى گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىگە «ئەڭ ياش مۇئاۋىن
پارتكوم شۇجىسىنىڭ بىر كۈنى» دېگەن تېمىدا سۈرىتىم بىلەن
بىر پارچە ئۇزۇن ماقالە بېرىلگەنلىكىنى كۆردۈم. دېمىسىمۇ
بىزنىڭ بۇ شەھەر تارىخىدا مەن بىردىنبىر ئەڭ ياش ئەمەلدار
ئىدىم.
كۈنلەر ئۆتمەكتە. شۇجىلىق ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇۋاتقىلى
بىرەر يىلچە بولۇپ قالدى. مېنى ئىزدەيدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈ-
لىدىغاندەك ئەمەس، ئەكسىچە ماڭا تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىۋاتقاند-
دەك بىلىنمەكتە. مەنمۇ ئامال بار ھاجەتمەنلەرنىڭ يوللۇق ھا-
جەتلىرىدىن چىقىپ، ئىشلىرىنى قۇربىتىمنىڭ يېتىشىچە ھەل
قىلىپ كەلدىم. ئەپسۇسلىنىدىغىنىم، ئىش ھەل قىلىش ئۈچۈن
كېلىدىغانلار كۈندۈزى ئىشخانامغا قۇرۇق قول كەلگىنى بىلەن
ئاخشىمى ئۆيۈمگە ئېغىر سوۋغا ـ سالاملار بىلەن كېلەتتى.
بەزىلىرى كونۋېرت، قىزىل بولاقلارنى ئۈنىمىغىنىمغا قويماي
قولۇمغا تۇتقۇزاتتى. ئەمما مەن ئۇلارنىڭ ھېچنېمىسىنى قوبۇل
قىلمايتتىم، ئۇلار ئۆيگە، ئىشىكىمنىڭ ئالدىغا، ئىشىكنىڭ قى-
سىلچاقلىرىغا سوۋغا ـ سالام، قىزىل بولاق دېگەندەك نەرسىلەر-
نى ماڭا بىلدۈرمەي قويۇپ كېتەتتى. مەن ئۇ نەرسىلەرنى سەزگەن-
دىن كېيىن، ئەتىسى ئۇدۇل ئاپىرىپ پارتكومغا ياكى ئىنتىزام
تەكشۈرۈش كومىتېتىغا تاپشۇرۇپ بېرەتتىم. بۇ ئىشقا ئايالىم-
نىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلەتتى، ئۇ قاپاقلىرىنى سۈزگىنىچە:

«سىزگە تۇرمۇش كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئالتە توك ـ توك مائاشىڭىز نېمىگە يېتەتتى؟ سىز بۇنداق پاك ـ دىيانەتلىك بولۇپ كەتكىنىڭىز بىلەن، باشقا ئەمەلدارلارچۇ، ئالدىغا كەلگىنىنى موك ـ موك ئالغانىنىڭ سىرتىدا خەققە ئوچۇقتىن ئوچۇق ئۇنى ئەكەل، بۇنى ئەكەل، مانچە پۇل بەرسەڭ ئىشىڭنى ھەل قىلىپ بېرىمەن، دەپ ئوچۇقلا ئېيتىشىۋېرىدىكەن. پەقەت سىزلا ئاكتىپ ھەم قورقۇنچاق ئىكەنسىز» دەپ بىلجىرلايتتى. مەن ئۇنىڭغا ھەرقانچە چۈشەندۈرسەممۇ ئۇ زادىلا قۇلاق سالمايتتى، سۆزلىرىمگە قايىل بولمايتتى.

بارا ـ بارا ئۇ مەندىن يوشۇرۇنچە سوۋغا ـ سالام ۋە قىزىل بولاقلارنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى. مەن بۇ ئىشتىن ئۇنىلا ئەمەس، سوۋغا ـ سالام ئەكەلگۈچىلەرنىمۇ توسۇپ بولالمىدىم. قازناقلىرىم پۇتۇن ـ پۇتۇن قوي گۆشىگە، ئۇلار گۆشىگە، بۇغا مۈڭگۈزى ۋە تۈرلۈك قىممەتلىك دورا ماتېرىياللىرىغا، ساندۇق ـ ساندۇقلاپ ئالىي ھاراق، ئالىي تاماكىلارغا توشۇپ كەتتى. قىزىل بولاقلارنىمۇ پات ـ پاتلا بانكىغا ئامانەت قويىدىغان بولدۇق. تۇرمۇشۇم بىردىنلا ياخشىلىنىپ كەتتى. ئايالىمنىڭ قول ـ قۇلاقلىرىدا قوش ـ قوش ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن زەنجىر، ئالتۇن ھالقىلار ماڭا قاراپ سىرلىق كۈلۈۋاتقاندەك جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئۆيىمىز قات ـ قات گىلەم، چەت ئەلنىڭ ئۈنئالغۇسى، ئوتتۇز دىيۇيملۇق تېلېۋىزور، ياڭراتقۇ، ئالىي دەرىجىلىك لۆم ـ لۆم كارىۋات... دېگەنلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. مەندىلا ئەمەس، ئايالىمدىمۇ يانفون، چاقىرغۇ، ئالتۇن سائەت بار بولدى.

مەن بۇرۇن شۇنداق ئادەممىدىم؟ ياق! بىر ئاددىي مۇھەررىر، نامرات يازغۇچى ئىدىم. بۇ ئىشلارغا تۇرۇپ ھەيران قالىمەن، تۇرۇپ چۆچۈيمەن، تۇرۇپ «ئامەت كەلسە قوش كېلىپتۇ» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمنى بەزلەپ پىچىرلايمەن. چۈنكى، جەمئىيەت ۋە ئاشۇ جەمئىيەتتىكى مۇرەككەپ ئادەملەر توپى مېنى، مېنىڭ

مىجەز ـ خاراكتېرىمنى، ئىدىيەمنى تۈپتۈز ماستىن ئۆزگەرتىۋەت۔
تى. مەن مەڭگۈ ئۇلارنىڭ سەنئىمگە دەسسىمەيمەن، بىر ئۆمۈر
ۋىجدانىم بىلەن پاك ياشايمەن دەپ ئويلىغان بولسامۇ، ئادەملەر،
بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن مۇناسىۋەت تورى، يۇقىرى
ئورۇندىكى ھۆرمەتلىك «ئاقساقال» لارنىڭ ھاۋالىسى، ماڭا ئىش۔
لەتكەن تاكتىكىلىق بىسىملىرى مېنى پاك ياشىغىلى قويمىدى،
مۇقەددەس ۋىجدانىمنى بەربات قىلىۋەتتى. بىر ياقا قارىسام ھە۔
قىقەت، بىر ياقا قارىسام چوڭ كاتتىلارنىڭ مېنىڭ بېجىرىپ
بېرىشىمگە ھاۋالە قىلغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئىشلىرى؛ بىر
ياقا قارىسام پۇل، سوۋغا ـ سالاملارنى تەڭلەپ تۇرغان ھاجەتمەن۔
لەر، بىر ياقا قارىسام ماڭا نەپرەت بىلەن چەكچىيىپ تۇرغان
ۋىجدانىم… مەن ئاخىر ئادەملەر تەرىپىدىن، پۇل، مال ـ دۇنيا،
راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش تەرىپىدىن يېڭىلدىم، ئۇلار ئالدىدا
باش ئەگدىم. بارا ـ بارا بۇنداق ئىشلارغا ئۆزۈممۇ كۆنۈپ
كەتتىم…

ئاردا، گېزىتخانىدىكى باش مۇھەررىر، پېشقەدەم مۇخبىر
ۋە ھېلىقى «بىر قىسىملار» يۈزىنى پولۇدەك قىلىپ، يالغان
ھىجىيىپ خۇشامەت قىلىشقانلىرىچە بالىلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاش۔
تۇرۇش، ئۆي قىيىنچىلىقى، ئاياللىرىنىڭ خىزمىتىنى ئوبداش۔
راق ئورۇنغا يۆتكەپ قويۇش دېگەندەك تەلەپلەر بىلەن مېنىڭ
ئالدىمغا كەلدى. مەن ئۇلارغا بۇرۇنقىدەك قىزغىن مۇئامىلە
قىلىپ، ھاجەتلىرىدىن چىقتىم، ئەمما سوۋغا ـ سالاملىرىنى
قەتئىي قوبۇل قىلمىدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەتتا بەزىلىرى ئەمەل
تەمە قىلىپمۇ مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى. مەن ئۇلارنى جاۋابسىز
قايتۇرۇۋەتتىم.

ئاردىن ئۈچ يىل ئۆتتى. مەن ھوقۇق دېگەننىڭ تەمىنى
ئوبدانلا تېتىپ قالدىم. مېنى يازغۇچى، مۇھەررىر ۋاقتىمدا ئانچە
ھۆرمەتلىمەيدىغان ھەتتا كۆزىگىمۇ ئىلىپ كەتمەيدىغانلار ھازىر

مېنى كۆرسە ئىككى پۈكلىنىپ تەزىم قىلىدۇ، بىرەر ھاجەت بىلەن ئالدىمغا كەلسە پۈتۈمنى سۆيگۈدەك قىلىشىپ كېتىدۇ. مانا بۇ كىشىلىك ھايات، مانا بۇ بىزنىڭ ئادەملىرىمىز...

بىر كۈنى، مېنىڭ «غەمخورلۇقۇم» بىلەن شەھەرلىك ھاراق، شوخلا كونسېرۋا زاۋۇتىنى ھۆددىگە ئالغان ئىنىم ئىككى يۈز مىڭ يۈەن ھەل قىلىپ بېرىشىمنى ئۆتۈنۈپ مېنى ئىزدەپ كېلىپتۇ. ئۆز قېرىندىشىمنىڭ ھاجىتىدىن چىقمىسام بولمايدۇدە. شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ھۆكۈمەت پۇلىدىن ئىككى يۈز مىڭ يۈەنگە تەستىق سېلىپ بەردىم. بۇ ئىشىم «كارخانىنى قوللىغانلىق» ھېسابلىنىپ، يۇقىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتىم.

مەن يەنە قولۇمدىكى پۇل، بايلىق ۋە ھوقۇققا تايىنىپ سىياسىي مۇناسىۋەت تورى توقۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، «يۇقىرى»دىن ئۆزۈمگە خېلى كۆپ ئارقا تىرەك تېپىۋالدىم. بۇنداق قىلىشنى ماڭا يەنىلا قول ئاستىمدىكىلەر ۋە مەن بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئەمەل تۇتۇۋاتقان «يېقىن»لىرىم ئۆگەتكەنىدى. مەن شۇنداق ئىشلارنىمۇ ئۆگىنىۋالدىمكى، پات - پاتلا يۇقىرىغا قاتراپ، بىر ئاماللار بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك كاتتا ئەمەلدارلار بىلەن تونۇشتۇم، ئۇلارغا «كۆڭلۈم»نى ئىزھار قىلدىم، ئۇلارمۇ ياق دېمەي قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئارقا تىرەكلىرىممۇ كۆپەيدى، مۇناسىۋەت تورۇممۇ قويۇقلاشتى. تۆتىنچى يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، شەھەر باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدۈم. چۈنكى مەن ھوقۇقنىڭ تەمىنى تېتىش بىلەن بىرگە كۈنسايىن يۇقىرىغا يامىشىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتمەكتە ئىدىم.

مەن شەھەر باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىدىيىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرگە ئادەمنىمۇ ئۆزگەرتىش پىلانىنى يولغا قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن كادىرلارنى ئارقا - ئارقىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپە-

سىدىن قالدۇرۇش، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ۋە ئالماشتۇ-
رۇش دولقۇنى ئېلىپ بېرىپ، بىر يىل ئىچىدىلا ئۈچ يۈزگە
يېقىن ئادەمنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدىم ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇردۇم.
بەزى يېقىنلىرىمنىمۇ مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويدۇم. ھەسەتخور،
گۇپپاڭچى، بىلىمسىز كادىرلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ،
ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋەتتىم، بىلىملىك، كىتابخۇمار كىشىلەر-
نى ئۇنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھېلىقىلارنىڭ
ئورنىغا ۋەزىپىگە تەيىنلىدىم. بۇنداق قىلىشىم گېزىتخانىدا تارت-
قان ئازابلىرىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش، ناكەس ئادەملەردىن
ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. بۇ ئىشىمغا قارىتا شەھەرلىك پارتكوم
شۇجىسى پىكىر بەردى. مەن: «ھازىر دېگەن ئىسلاھات دەۋرى،
بىز سانائەت، دېھقانچىلىق ئىشلىرىدىلا ئىسلاھات ئېلىپ بارماي،
كادىرلار قوشۇنىدىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. چۈنكى
ھەممىدە ئادەم مۇھىم ئامىل» دەپ ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدىم.

مەن ئېلىپ بارغان كادىرلار ئىسلاھاتى پۈتكۈل شەھەرنى
لەرزىگە سېلىۋەتتى. كىشىلەر مېنىڭدىن تېخىمۇ بەك ئەيمىنىد-
غان، پۈتكۈل كادىرلار مېنى كۆرسە تىترەيدىغان، ۋەزىپىسىنىڭ
ئېلىپ تاشلىنىشىدىن دائىم ئەندىشە قىلىپلا يۈرىدىغان بولۇپ
قالدى. شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىدىكى ئىشخانىلارنى كۆزەت-
سەم، ھەممىلا ئادەم بوش ۋاقتى بولسىلا كىتاب - ماتېرىيال
ئوقۇيدىغان، ئۆگىنىش قىلىدىغان يېڭى بىر كەيپىيات شەكىللى-
نىپتۇ. سۈرۈشتۈرسەم، ئۇلار مېنىڭ بىلىملىك ئادەمنى ياقتۇ-
رىدىغانلىقىمنى بىلىپ، ماڭا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن كىتاب
ئوقۇش، ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغىۋەتكەنىكەن.

بۇ ئىشلار كېيىنچە پارتكوم شۇجىسىگىمۇ ياراپ قېلىپ، ئۇ
مېنىڭ مۇرەمگە ئۇرغىنىچە: «قالتىس، قالتىس، سىز بوش
ئادەم ئەمەس ئىكەنسىز جۇمۇڭ!» دەپ مېنى ماختاپ كەتتى.

شەھەر باشلىقى بولۇش بىر چوڭ ئائىلىنىڭ باشلىقى بولغانغا

ئوخشايدىكەن. مەن تېخىمۇ بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، مېنى ئىزدەيدىغانلار تېخىمۇ كۆپەيدى. دەم ئېلىش ۋاقتىمغا ئېغىر تەسىر يەتكەچكە، شەھەردىكى مەلۇم بىر مېھمانسارايدىن بىر ياتاقنى مەخپىي دەم ئېلىش ئۆيۈم قىلىۋالدىم. مېنى ئۆيگە ئىزدەپ بارغانلارنى ئايالىم تېگىشلىك جاۋاب بىلەن يولغا سالىدىغان بولدى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەن چاغلىرىمدا ئۇ ماڭا ھاجەتمەنلەرنىڭ ھالىنى، ئىلتىماسلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىدۇ. پۇستانىنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىپ قويۇڭ، ئۇ ئۆيگە ئوبدان كېلىپتىكەن، پۇستانىنىڭ ئىشىنى ھەل قىلماي تۇرۇڭ، ئۇ تۇزۇكمۇ بىر نەرسە ئەكەلمەپتۇ، دەپ ماڭا «يولىيورۇق» بېرىدۇ...

شەھەر باشلىقى بولغىنىمغا ئىككى يىل بولار - بولماي، بانكىدىكى پۇلىمىز يۈز مىڭ سومغا يېتىپتۇ. بۇرۇنقىنى قوشقاندا ساق ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ سوم بوپتۇ. باشقا ماددىي سوۋغا بۇيۇملىرىنىڭ قانچىلىكلىكىنى پەقەت ئايالىم بىلىدۇ. ئۆيدە يەيدىغانغا ئېغىز يوق، ئۇن، گۈرۈچ، گۆش، ياغ، نان - توقاچ، تۈرلۈك پېچىنە - پىرەنىك، مېۋە - چېۋە، قاق - ياڭاق دېگەنلەر ۋاقتى ئۆتۈپ سېسىپ كېتىدۇ. بۇ نەرسىلەرگە قاراپ بەزىدە بىر ئايلىق مائاشىنى تېجەپ خەجلەپ ئاران يەنە بىر ئايغا ئۇلىشىدىغان نامرات زىيالىيلىرىمىزنى، بىر سوم ئۈچۈن زار بولۇپ ئۆتۈۋاتقان كۆك نامرات دېھقانلىرىمىزنى ئويلاپ قالىمەن. بىردەمگە ئىچىم ئاچچىق بولىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ خىياللىرىممۇ ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ...

مەن شەھەر باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقىلى ساق ئۈچ يىل بولغاندا، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ چىرىكلىشىپ كېتىشىنى تۇسۇش ھەم ئۇلارنى ئېنىقلاش دولقۇنى قوزغىلىپ، يۇقىرىدىن بىر گۇرۇپپا تەكشۈرۈپ - ئېنىقلاش ئۆمىكى شەھىرىمىزگە يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، پۇقرالاردىن يۇقىرىغا مېنىڭ

ئۇستۇمدىن نۇرغۇن ئەرز ـ شىكايەتلەر بارغانىمىش. شۇڭا ئۇلار ئەڭ ئاۋۋال مېنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتتى.

نەق بىر ئاي ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلار مېنىڭ باشقىلاردىن كۆپلەپ پارا ئالغانلىقىم، ئۆز ئىنىمگە ھۆكۈمەتنىڭ ئىككى يۈز مىڭ سوم پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىشكە تەستىقلاپ بەرگەنلىكىم، كادىرلارنى ئىشقا قويۇش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇ-رۇشتا باشباشتاقلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن، مېنى تەپتىش مەھكى-مىسىنىڭ ئەيىبلىشىگە يوللاپ بەردى. مەن ئاسماندىن بىراقلا يەرگە چۈشكەندەك بولدۇم. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلاردىكى «ئارقا تىرەك»لىرىممۇ ئەسقاتمىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مەن بۇرۇندىن ئوبدان بىلىدىغان، مەندىنمۇ بەكرەك پارىخور بولغان شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسىغا بۇ قېتىمقى دولقۇندا ھېچ-قانداق شامال تەگمىدى. مەن ئۇنى پاش قىلىپ خىزمەت كۆرسى-تىشنىمۇ ئويلىدىم، بىراق نېمىشقىدۇر ئۇنداق قىلغۇم كەلمىدى.

مانا، مەن تۈرمىدە يېتىۋاتىمەن. قانۇن مېنىڭ تۈرمىدە كىتاب ئوقۇشۇمغا، بىر نەرسە يېزىشىمغا يول قويغانىدى. بىر كۈنى تۈرمە ساقچىسى ماڭا بىر دەستە گېزىتنى ئەكىرىپ بەردى، مەن گېزىتلەرگە كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ، يېقىنقى بىر سان گېزىت-نىڭ بىرىنچى بېتىگە بېرىلگەن «تېرىسىگە سىغماي قالغان پارى-خور شەھەر باشلىقىنىڭ ئاقىۋىتى» دېگەن تېمىدىكى بىر ماقالىنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم. ماقالى-نىڭ ئاخىرى «مەندە تۇرماس بۇ مەينەت، سەندە تۇرماس بۇ دۆلەت···، موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىقىچە···» دېگەندەك كى-نايىلىك ماقال ـ تەمسىللەر بىلەن مۇلاھىزە قىلىنىپ ئاياغلاشتۇ-رۇلغانىدى. ماقالىنىڭ يېنىغا بولسا باش مۇھەررىرنىڭ ئىمزالىق ئوبزورچى ماقالىسى بېرىلگەنىدى. مەن بۇنى كۆرۈپ مېيىقىمدا كۈلۈپلا قويدۇم.

## 2

مەن تۈرمىگە قامالغاندىن كېيىن، كۈنلىرىمنى كىتاب ئوقۇش، شۇنداقلا ئۇزۇندىن بۇيان ئەمەلدارلىقنىڭ راھەت - پاراغىتى ۋە ماڭا بوش ۋاقىت بەرمەسلىكى تۈپەيلىدىن تاشلىنىپ قالغان يېزىقچىلىقىمنى قايتىدىن باشلاش بىلەن مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم. راست گەپنى ئېيتسام، تۈرمە ئەمەلدار ۋاقىتلىرىمغا سېلىشتۇرغاندا ماڭا باشقىچە ئازادە، خاتىرجەم بىلىندى.

شۇڭا مەن خالىغان ۋاقىتتا ئارام ئېلىپ، خالىغان ۋاقىتتا كىتاب كۆرىدىغان، يازىدىغان بولدۇم.

ئەمما شەھەر باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلىدىكى بەزى ئىشلار كاللامدىن زادىلا نېرى كەتمىدى:

مەن شەھەر باشلىقى بولۇپ بىر يىل ئۆتكەن بىر كۈنى كەچتە، ئۆيۈمگە قىرىق ياشلاردىن ھالقىغان، قولىدا بىر قەغەز يەشىك كۆتۈرۈۋالغان ئادەم كىرىپ كەلدى. سالام - سەھەتتىن كېيىن، مەن ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم. ئۇ كىرىشلىگە ئاۋايلاپقىنە ئولتۇرغاندىن كېيىن، چىرايىغا چەكسىز خۇشامەت كۈلكىسى يۈگۈرگىنىچە بىر پارچە خەتنى ماڭا سۇندى ۋە سىپايىلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىنتايىن بوش ئاۋازدا «مەن چىقاي» دەپلا ئىشىككە قاراپ ماڭدى. مەن ئۇنى بىردەم ئولتۇرۇشقا زورلىساممۇ، ئۇ ئىشىك تەرەپكە ئارقىچە ماڭغىنىچە ئىشىكنى ئېچىپ ئۆلگۈردى. «ئەمىسە مۇنۇ يەشىكنى ئەكېتىڭ...» دېدىم مەن قاتتىقراق ئاۋازدا. ئۇ گېپىمنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ پەلەمپەيدىن تاراقلاپ چۈشۈپ كەتتى.

— نېمانداق قىلىسىز، — دېدى يېنىمدا ئالللىبۇرۇن پەيدا بولغان ئايالىم بىلىكىمنى قاتتىق چىمداپ، — خەق ئۆزى ئەكەلگەندىكىن جىم تۇرامسىز. يەشىكتە نېمە بار ئىكەن، مەن قاراپ باقاي.

ئۇ شۇنداق دەپ يەشىكنى ئېچىش بىلەن بەند بولۇپ كەتتى، مەن شۇئان قولۇمدىكى ھېلىقى ئادەم تۇتقۇزۇپ قويغان خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. قىسقىلا يېزىلغان بۇ خەتنى ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق بىر ئورگاندىكى مەلۇم رەھبەر يازغان بولۇپ، شەھىرىمىزدىكى خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان بايىقى ئادەم (خەت ئەكەلگۈچى) نى ياخشىراق ئىدارىگە تەڭشەپ قويۇشۇم ئۆتۈنۈلگەنىدى. مەن بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ ئۆزۈمنى كىرىسلوغا تاشلىدىم. شۇ ئەسنادا ئايالىم ئۇنلۇك توۋلاپ سالدى، قارىسام ئۇ قولىدا بىر تۇتام پۇلنى تۇتقىنىچە ھىجىيىپ تۇرۇپتۇ.

— قاراڭ، ساندۇقنى ئېچىۋىدىم مۇنۇ كونۋېرىت تۇرۇپتۇ، ئىچىدىن ساق ئون مىڭ سوم نەق پۇل چىقتى، — دېدى ئۇ ئىترەك ئاۋازدا.

— يەنە نېمە بار ئىكەن؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ.

— سىز چېكىدىغان ئالىي تاماكا بار ئىكەن.

ئۇزاق ئۆتمەي ھېلىقى ئادەم شەھەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ئۇ ئۆستۈرۈلۈپ تۆت ئايدىن كېيىن، بىر ئاخشىمى ئۆيۈمگە كېلىپ يەنە بەش مىڭ سوم پۇلنى «رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن» قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. مەن ئۇ پۇلنى زادىلا ئالغىلى ئۇنىمىسام، ئايالىم قولۇمدىن يۇلۇپلا ئېلىۋالدى ـ دە، «خەقنىڭ كۆڭلىنى ئاياشنىمۇ بىلمەيدىكەنسىز، بۇ دېگەن ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلى» دەپ ماڭا قاپىقىنى سوزۇپ قويدى. ھېلىقى ئادەم: «سىز شەھەر باشلىقى بولسىڭىزمۇ، بەزى ئىشلارنى خانىمىڭىزدىن ئۆگەنسىڭىز بولغۇدەك» دەپ ئۇنىڭ پۇتىغا «ھۆل خىش» قويۇپ غىپپىدىلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى•••

مەلۇم بىر يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان بىر ئادەم مېنى بىرقانچە قېتىم ئىزدەپ كېلىپ ئۆزد-

نىڭ شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى بولۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، دوختۇرخانىنىڭ قىياپىتىنى تۈپتىن ياخشىلايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇزاققا قالماي مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن تەكشۈرۈش ۋە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئۇنى شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىدۇق. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە، ئۇ ئۆيۈمگە بەش مىڭ يۈەن ئەكېلىپ ماڭا «رەھمەت»نى بىلدۈردى...

ئەسلىدە قۇرۇلۇش لايىھىلەش، چېرتيوژ سىزىش كەسپىدە ئوقۇغان بىر ياش قانداقتۇر سەۋەبلەر بىلەن بىر يېزىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقانىكەن. ئۇمۇ ھەرخىل يوللار بىلەن ماڭا يېقىنلىشىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالتە مىڭ سوم سوۋغىتى. يېرىم يىلغا بارمايلا ئۇمۇ شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ئۇ ماڭا رەھمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يەنە تۆت مىڭ سوم پۇل سوۋغا قىلدى...

بۇنداق ئىشلارنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بولالمايمەن. ئويلاپ باقسام، كۆپ قىسىم پارا بەرگۈچىلەرنىڭ مەقسىتى پۇتۇنلەي ئەمەل بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپى كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەن. مەن تۈرمىدە يېتىپ مۇشۇلارنى ئويلاپ چۆچۈپ كەتتىم. چىرىكلىشىش، بولۇپمۇ ماڭا ۋە ئاشۇلارغا ئوخشاش بىر قىسىم پارتىيە ئىچىدىكى رەھبىري كادىرلارنىڭ چىرىكلىشىشى ھەقىقەتەن چېكىدىن ئاشقانىدى. توۋا، مەندەك ئۆزىنى بىر يازغۇچى دەپ ساناپ يۈرگەن ئادەمنى جەمئىيەت، ئەمەل دېگەنلەر مۇشۇ دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتكەنمىدۇر؟ مەن بۇرۇن كىم ئىدىم، كېيىن كىم بولدۇم، ئەمدىچۇ؟!

مەن چەكسىز خىياللارغا تۇتقۇن بولۇپ، ئۆز ۋىجدانىمنىڭ سورىقى ئالدىدا ئازابلىنىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى تۈرمىگە مېنى توساتتىنلا يوقلاپ كېلىپ قالدى. ئۇ مەن سولانغان تۈرمە كامېرىغا كىرىپلا ئىشكنى

يېپىۋېتىپ قۇچىقىنى كەڭ يايغىنىچە مېنى چىڭ قۇچاقلىدى. ئۇ
خېلى بىر ۋاقىتقىچە مېنى قۇچاقلاپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن
مېنى قۇچىقىدىن ئاجرىتىپ چىرايىمغا زەن سېلىپ قاراپ كەت-
تى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىپ قالغانىدى.
— جۇدەپ كېتىپسىز، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، — دېدى ئۇ
مۇرەمگە يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ، — مەن سۇرۇشتۇرۇپ ھەممىنى
بىلدىم، تەپتىش مەھكىمىسى سىزنى سوراق قىلغاندا، مەن توغ-
رىلۇقمۇ سىزدىن كۆپ ئەھۋال ئىگىلەپتىكەن، لېكىن سىز مەن
توغرۇلۇق ھېچنېمە ئېيتماپسىز. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ چىرىكلى-
شىشىم سىزدىن قېلىشمايدۇ، بۇنى سىز بەش قولدەك بىلىسىز.
سىز ھەقىقەتەن يارايدىكەنسىز، ئوغۇل بالا ئىكەنسىز. مەن سىز-
نىڭ بۇ ياخشىلىقىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمەن. سىزنى ئامال
بار بۇ يەردىن تېزرەك ئاچىقىپ كېتىشنىڭ ئامالىنى قىلىمەن.
لېكىن ھازىر ۋەزىيەت يەنىلا كەسكىن، شۇڭا، سىز تۈرمىدە
ئازاب چېكىۋاتىسىز، مەن تۈرمىنىڭ سىرتىدا ئازاب چېكىۋاتى-
مەن. قانۇن ھازىرچە مېنى سوتقا تارتمىغان بىلەن ۋىجدانىم
ئاللىقاچان سوتقا تارتىپ بولدى. ئويلاپ كۆرسەم، بىز مۇشۇ بىر
ئەۋلاد رەھبىري كادىرلاردىن بەزىلىرىمىز خۇدىمىزنى يوقاتقان
ھالدا چىرىكلىشىپ كېتىپتۇق. بىزنى مۇشۇ كۈنگە ئېرىشتۈر-
گەن بىزدىن ئىلگىرىكى پاك، دىيانەتلىك كىشىلىرىمىزگە؛ بىز-
گە مۇشۇ ھوقۇقنى بەرگەن خەلقىمىزگە، پارتىيىگە يۈز كېلەلمە-
گۈدەكمىز. ئەمدى بېشىمىزنى قاتتىق سىلكىۋېتىدىغان ۋاقتىمىز
كېلىپتۇ. شۇڭا مەنمۇ ھەرخىل چىرىكلىشىش ھادىسىلىرىدىن
يىراقلا قول ئۈزدۈم، ئۆزگىرىۋاتىمەن، پاك كادىر بولۇشقا تىرى-
شىۋاتىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن پۈتكۈل شەھەر خەلقىگە بىرياخشى
ئۈلگە تىكلەش ئارزۇيۇم بار.
مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ مىننەتدارلىق بىلەن باش
لىڭشىتىپ قويدۇم ھەم مۇنداق دېدىم:

— ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر ئەنزارچىسى توماس كارلىيل[1]
«بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە
ئىكەنلىكىنى بىلەلىشىدە» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. سىز -
بىز دەك ئادەملەر خەلق بەرگەن ئەمەل تاجىنى كىيىۋېلىپلا خۇدد-
مىزنى يوقاتتۇق، خەلقنى ئۇنتۇدۇق، ۋىجدانىمىزنى يوقاتتۇق.
خۇددى جاھاندا بىزچىلىك ئادەم يوقتەك، جاھاننى بىزلا سورايدى-
غاندەك بەكلا يوغىناپ كەتتۇق، بىزگە ئەگىشىپ يۈرىكىمىزمۇ،
نەپسىمىزمۇ يوغىناپ كەتتى. ئۆزىمىزنىڭ دۇنيانىڭ بىر زەررد-
چىسى، كىچىككىنە بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىمىزنى، توغرىراقى
ئۆزىمىزنىڭمۇ ئادەتتىكى بىر ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ قال-
دۇق. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتىكى ئېزىتقۇلار ئالدىدا «مايمۇن
ئويۇنى» ئوينىدۇق. بىز خەقنى مايمۇن، ئۆزىمىزنى مايمۇن
ئويناتقۇچى چاغلاپ، ئۇلارنى ئويناتماقچى بولغانىدۇق، ئاخىرىدا
ئۆزىمىز مايمۇنغا ئايلىنىپ قالدۇق. دېمەك، «ياخشى كۈننىڭ
ئۆمرى كالتە» دېگەن شۇ بولسا كېرەك. مەن تۈرمىدە ياتقاندىن
بۇيان، ئۆز ھاياتىمنى شۇنداق تەھقىقلىدىمكى، تارىخ ھەقىقەتنى
يېتىشتۈرىدىكەن، ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىڭىزگە سالالايدىكەن،
سىزنى قايتا ئويلاندۇرالايدىكەن، ئويغىتىدىكەن. مېنىڭ بېشىم-
دىن ئۆتكەن تارىخىي كەچۈرمىشلىرىم كەلگۈسىمنىڭ ئىبرىتى
بولۇپ قالغۇسى. مەن بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق بىر ئادەم بولۇپ
چىقايكى، كىشىلەر مېنى تونۇيالماي قالسۇن.
— يارايسىز! بىز مۇكەممەل ياخشى ئادەم بولۇش ئۈچۈن،
بۇنىڭدىن كېيىن بىر - بىرىمىز بىلەن رىقابەتلىشەيلى، — دېدى
پارتكوم شۇجىسى قوللىرىمنى چىڭ سىقىپ. ئاندىن ئۇ بىر
ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېتىپ دېدى، — سىزگە بىر شۇم خەۋەرنى
يەتكۈزسەم بەرداشلىق بېرەلەرسىزمۇ؟

---

① توماس كارلىيل — 1795 - 1881 - يىللىرى ياشىغان.

— بەرداشلىق بېرەلەيمەن. قېنى ئېيتىڭ.
— ئايالىڭىز سىز بىلەن ئاجرىشىش رەسمىيىتى ئۆتەپ بول-
دى. مانا بۇ قەغەزگە سىز ئىمزا قويسىڭىزلا بولىدىكەن. مەن
ئۇنىڭغا شۇنچە كۆپ نەسىھەت قىلساممۇ ئۇ ئاجرىشىش تەلىپىدە
چىڭ تۇرۇۋالدى. سىلەردە: «پادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياڭاق
چاققاندا ئايرىلدۇق» دېگەن تەمسىل بولىدىغان، ئەمدى ئۇنى
«ياڭاق چاققاندا دوست ئىدۇق، پادا باققاندا ئايرىلدۇق» دەپ
ئۆزگەرتسەك بولغۇدەك.
مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، قولىدىكى
ئاجرىشىش قەغىزىنى شارتتىدە ئېلىپ ئۇن - تىنسىزلا ئىمزايىمە-
نى قويۇپ ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردىم.
— سىزمۇ ئاران تۇرغاندەكلا ئىمزا قويۇۋەتتىڭىزغۇ؟ —
دېدى ئۇ ھەيرانلىق بىلەن.
— ئەسلىدە مەن پاك ئىدىم، مېنى چىرىكلىشىشكە باشلى-
غان، قۇتراتقان بىرىنچى جىنايەتچى ئاشۇ ئايالىم. ئۇ پۇلغا،
بايلىققا تويماس ئايال. بۇنداق ئايالدىن ۋاپا كەلمەيدىغانلىقىنى
بىلسەممۇ، ئۇنىڭ بىلەن يەنىلا ئۆي تۇتۇپ كەلگەنىدىم. ئەگەر
ئۇ ۋاپادار ئايال بولسا مېنى يوقلاپ تۈرمىگە بىرەر قېتىم كەلگەن
بولاتتى، بېشىمغا يامان كۈنلەر كەلگەندە مەندىن يۈز ئۆرۈمىگەن
بولاتتى.
— ئاراڭلاردا بالا يوققۇ دەيمەن.
— يوق. ئۇ تۇغماس ئايال.
— بىرجۈپ ئەر - خوتۇن پەرزەنت يۈزى كۆرمىگۈچە
بىر - بىرىگە ھەقىقىي مېھرى چۈشمەيدۇ، دېگەن گەپ شۇ -
دە، — دېدى پارتكوم شۇجىسى ھەسرەتلىك تىنىپ.
ئۇ مەن بىلەن يەنە بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ماڭا
ئەكەلگەن تاماكا، مېۋە - چېۋە دېگەندەك نەرسىلەرنى كارىۋىتىمغا
قويۇپ، سەمىمىي خوشلاشتى - دە، كامېردىن چىقىپ
كەتتى.

ئۇ كەتكەن كۈننىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ تۇرمە ساقچىلىرىدىن
تارتىپ، تۇرمە باشلىقىغىچە ماڭا باشقىچە ئىللىق مۇئامىلە قىلى-
دىغان بولۇپ كەتتى. دېمەك، پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئۇلارغا مەن
توغرۇلۇق سۆزلەپ قويغىنى ئېنىق.
مېنى ھەر كۈنى دېگۈدەك يەنىلا تۈگىمەس خىياللار ئۆز
ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالىدىغان بولدى. مۇشۇ بىرنەچچە كۈننىڭيا-
قى تولىراق ئايالىم توغرىسىدا ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. دەسلەپ-
تە مەن ئۇنىڭ چىرايىغا، ھېسسىياتچان، نازۇك قىزلىقىغا ھە-
ۋەس قىلىپلا ئۇنىڭغا كۆيۈپ - پىشىپ، ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن توي
قىلغانىكەنمەن. كېيىنچە بۇ چىرايلىق «گۈل» نىڭ ئوبدانلا ساد-
جىلىدىغان تىكىنى بارلىقىنى ھېس قىلغاندا بولسا تولىمۇ كې-
چىككەنىدىم. ياشلىقتىكى مۇھەببەت ھېسسىياتى ئەنە شۇنداق
ئەقىل ئۈستىدىن غالىب كېلىدىكەن. ئادەم ياشلىقتا ھېسسىياتقى-
لا بېرىلىپ، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشنى ئانچە ئويلاشمايدىكەن.
ياش ئوتتۇزغا يېقىنلاشقانسېرى ھېسسىياتنى تىزگىنلەشنى بى-
لىپ، ئەقىل بىلەن ئىش كۆرۈشكە باشلايدىكەن. مانا مۇشۇ
چاغدىلا «بۇرۇن نېمە ئۈچۈن ئەقلىمنى ئىشلەتمەي ھېسسىياتنىڭ
قولىغا ئايلىنىپ قالغان بولغىيدىم؟» دەپ پۇشايمان ئىچىدە ئۆ-
كۈنىدىكەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا ھاياتلىقنىڭ ئۆزى پۈتۈنلەي پۇ-
شايمان، ئۆكۈنۈش، ئالداش، ئالدىنىش بىلەن تولغان بولسا
كېرەك. ئەمما يەر يۈزىدىكى ھەرقانداق بىر ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا
ياۋۇز، مەككار، قارا نىيەت بولۇپ يارالمايدۇ. ئەڭ پەس، ئىپ-
لاس ئادەممۇ تۇغۇلغاندا قۇياش نۇرىدەك پاك تۇغۇلىدۇ. ئەمما
ئۇ ئاستا - ئاستا چوڭ بولۇش، يېتىلىش داۋامىدا بەزىدە ھېسسى-
ياتقا تايىنىپ، بەزىدە ئەقىلگە تايىنىپ ئالدايدۇ، ئالدىنىدۇ،
مەككارلىشىدۇ، ياۋۇزلىشىدۇ. بۇ پەقەت ئادەمدىكى مەڭگۈ قانا-
ئەت تاپمايدىغان ماددىي ۋە مەنىۋى نەپسىنىڭ كۈچىدىنلا ئىبارەت،
خالاس. شۇڭا نەپسى ھايۋانلارغا قارىغاندا ئادەملەردە ئەڭ چەك-

سىزلىككە سوزۇلغاندۇر. بۇنىڭغا مەن، ماڭا ئوخشاش چىرىك-
لەشكەنلەر، ئايالىم ۋە ئايالىمغا ئوخشاشلار مىسال بولالايدۇ.

توۋا دەيمەن، ئايالىم مەن بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن
كۈنلەردە ماڭا يازغان بىر پارچە خېتىدە: «... مەن سىزنى
سۆيىمەن، ئاداققىچە سۆيىمەن! بېشىمغا تاغ يىقىلسىمۇ، ئەڭ
ئېچىنىشلىق مۇشەققەتلىك كۈنلەر يېتىپ كەلسىمۇ سىزنى ئوخ-
شاشلا سۆيىمەن. مەن بارلىقىمنى سىزگە بېغىشلىغان، شۇڭا
بېشىمىزغا قانداقلا تەقدىر - قىسمەت كەلسىمۇ سىز بىلەن تەڭ
كۆرىمەن. چۈنكى چىن مۇھەببەت ئېغىر كۈنلەردە سىنىلىدۇ.
مېنىڭ سىزگە بولغان پاك، سەمىمىي مۇھەببىتىمنى كېيىن
بىلىپ قالىسىز، مېنى خاتا تاللىمىغانلىقىڭىزدىن خۇشال بولى-
سىز، پەخىرلىنىسىز...» دەپ قەلەم تەۋرىتىپتىكەن. مانا ئەمدى
شۇ ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن يېزىلغان ۋەدىلەر قېنى؟ بىلىشىم-
چە، ماركس بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى ژېننى ئەڭ ئېغىر پەيتلەردى-
مۇ، شەھەردىن - شەھەرگە قوغلىنىپ يۈرگەندىمۇ بىر - بىرىنى
ياخشى كۆرۈپ، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەپ، كۆتۈرەڭگۈ، روھلۇق
ياشىغانىكەن. بىر - بىرىدىن زادىلا ئايرىلماي ھەممىنى تەڭ
كۆرگەنىكەن. مېنىڭ ئايالىممۇ، ماركسنىڭ ئايالىمۇ ئوخشاش
ئادەم، ئوخشاش جىنسلىق. ئەمما ئۇلاردىكى قەلب، روھ، ئادە-
مىيلىك ئوخشاشمايدۇ. شۇڭا ئايالىم مەندىن ئاجرىشىپ كەتكەن.
ئەگەر ئۇ زەررىچىمۇ ۋىجدان ئازابى تارتمىغان بولسا، بۇ ئىش
ئۇنىڭ ئۈچۈن يوللۇق، ئەلۋەتتە. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ قەلبىنى،
ۋىجدانىنى ئىككىنچى بىر ئادەمگە تاڭغىلى بولمايدۇ - دە. مانا
مەن ئەمدى ھېس قىلدىمكى، ئۆمۈرلۈك قىز ھەمراھ تاللىغاندا
تەبىئىي تاللاشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماي، ئىدىيە جەھەتتىن
تاللاشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەن.
بۇ ئىككى جەھەتتىن تاللاشتىن ئۆتمەي قۇرۇلغان ئائىلىدە بىر-
لىك بولمايدۇ.

مەن تۇرۇپ ئۆزۈم ھەققىدە ئويلاپ قالدىم. مەن ھازىرغىچە
بەختلىك ياشىدىمۇ؟ مۆلچەرلەپ باقسام، ھەقىقىي بەختلىك يا-
شىماپتىمەن. باللىق چاغلىرىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا دەسلەپتە
موھتاجلىق ئىچىدە ياشاپتىمەن، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن
بىرمەزگىل ھەرە ئۇۋىسىغا كىرىپ قالغاندەك ھەرخىل غۇڭۇل-
داشلار، نەشتەردەك تىل سانجىشلار ئىچىدە؛ كۇرسۇكقا كىرگەن
ئىتلارنىڭ ئارىسىدا قېلىپ ھاۋشىشلار، تالاشلار ئىچىدە قالغان-
دەك، ھەتتا نۇرغۇن ئادەم كىرىۋېلىپ ھاۋاسى بۇزۇلغان تار
دىمىق ئۆيگە كىرىپ قېلىپ بۇرۇقتۇرمىچىلىقتا تىن ئالالماي
قالغان ئادەمدەك ياشاپتىمەن. ئەمەلدارلىق تاجىنى كىيگەندىن
كېيىن بولسا، قارىماققا ئىنتايىن بەختلىكتەك، غەم - ئەندىشى-
سىز بەگدەك سۆلەت بىلەن ياشاپتىمەن. ئەمەلىيەتتە ئۆز ۋىجدا-
نىمنى، پاك روھىيىتىمنى قۇربان قىلىش، بۇلغاش بەدىلىگە
سۇنئىي بەختنىڭ پەيزىنى سۇرۇپتىمەن. بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ
كىچىككىنە بىر ئادەم ئىكەنلىكىمنى، ئادەمىيلىكىمنى ئۇنتۇپ،
ئۆزۈمنى سۇنئىي ھالدا ئىلاھلاشتۇرۇۋاپتىمەن. خۇددى دەرەخكە
چىقىشنى ئۆگىنىۋالغان كىچىك بالا دەرەخكە چىقىشنى بىلىپ،
چۈشۈشنى ۋە قانداق چۈشۈشنى ئويلىمىغاندەك، دەرەخ ئۈستىدە
تۇرۇپ ئېگىزلىكنىڭ پەيزىنى سۇرۇۋېرىپتىمەنيۇ، چۈشۈشنىڭ
ياكى چۈشۈپ كېتىشنىڭ ماھىيىتىنى، ئاقىۋىتىنى ئويلىماپتى-
مەن. مانا ئەمدى ئەڭ بەختسىز ئادەم ئۆزۈم بولۇپ قاپتىمەن.
ئەمما مېنىڭ ئەڭ بەختلىك، ھەقىقىي بەختلىك چاغلىرىممۇ بول-
غانىكەن، ئۇ بولسىمۇ — باللىق دەۋرىم!

شۇڭا مەن پۈتكۈل ھاياتىم مۇساپىسىدىكى باللىق دەۋرىمنى
چەكسىز سېغىنىش، چەكسىز سۆيۈنۈش ئىچىدە ئەسلەيدىغان بو-
لۇپ قالدىم. ھاياتىمنىڭ بۇنىڭدىن باشقا چاغلىرى بولسا تۇمان
ۋە مەيۈسلۈك ئىچىدە، دەككە - دۈككىدە، ئاجايىپ كۆڭۈل
ئاغرىشلار ئىچىدە، ساختا دوستلۇق، ساختا مېھرىبانلىق، سۇن-

ئمي قائىدە ـ يوسۇن، سۇنئىي سالا ـ سۇپەت، سۇنئىي مۇناسىۋەت تورى، مەككارلىق، شۇملۇق، نەپسانىيەتچىلىك... ئىچىدە ئۆتۈپتۇ. دېمەك، مېنىڭ ئۆمرۈمنىڭ يېرىمى پۇلغا سېتىلغان، پۇلنىڭ پەسكەش قۇلىغا ئايلانغان. مەرھۇم تالانتلىق يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ماڭا ئوخشاش ئادەملەرگە قارىتا مۇنداق يازغانكەن: «بەزىلەر ئۈچۈن پۇل — يۈرەك، پۇل يۈزىدىكى رەڭ — قان. پۇل يەنە خۇشاللىق ۋە ئۆلۈم...» راست شۇنداق، پۇلى بولۇش ياكى كۆپىيىشى بىلەن بەزىلەرنىڭ يۈرىكى چوڭىيىدۇ، كۈچىيىدۇ، يۈزىدە قان، رەڭ پەيدا بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئۆزىنى تەڭداشسىز گۈزەل چاغلاپ، خۇددى ئۇيقۇسى قانغان دېۋىدەك خۇشال بولىدۇ. ئەكسىچە پۇلى ئازايسا ياكى يوقالسا ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئاغرىيدۇ، ھەتتا توختايدۇ، يۈزىدە بولسا قان ـ رەڭ قالمايدۇ، گويا ئەپسانىلەردىكى چېچى كېسىۋېلىنغان ئالۋاستىدەك پەرىشان بولىدۇ، ھەتتا ئۆلىدۇ... بۇ، دۇنيادىكى پەسكەشلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى... ئۇ زات نېمىدېگەن توغرا ئېيتقان ـ ھە! مانا بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە بەزى ئادەملەر پۇل ئۈچۈن ئالۋاستىغا ئايلىنىۋاتامدۇ؟ پۇل ئۈچۈن ئۆلۈۋاتامدۇ...

مەن ئەنە شۇنداق خىياللارنى سۈرگەنسېرى، ئۆزۈم ھەققىدە، جەمئىيەت ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزگەنسېرى قەلبىمدىكى تۇمانلار ئاستا ـ ئاستا تارقىلىپ، كاللام خۇددى بۇلۇتلۇق ئاسماندا بىردىنلا قۇياش پارلىغاندەك روشەنلىشىشكە باشلىدى. ماڭا ئۆزۈم ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىق ھەققىدە مۇشۇنچىلىك ئويلىنىش پۇرستى ئاتا قىلغان ۋە مېنى تەربىيىلىگەن جىمجىت تۈرمىدىن ئىچىمدە قاتتىق رازىمۇ بولدۇم.

# 3

ئەپسۇس، تۇرمە دېگەن بەرىبىر تۇرمە ـ دە. بۇ يەردە ئاساسەن ئەركىنلىكنىڭ بولمايدىكەن. زېرىكىشلىك تۆت تامنىڭ ئىچى خۇددى سېنى قىسىپ تۇرغان تارغىنە گۆرگە ئوخشايدىكەن. ھەر مىنۇت ـ ھەر سېكۇنت دېگۇدەك تۇرمە ئىشىكىگە تەلمۈرىدىكەنسەن، ئاشۇ ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدىكەنسەن، قانۇننىڭ تاسادىپىي سېنى قويۇپ بېرىش ئۇقتۇرۇشى چىقىرىپ بۇ تۇرمىدىن ئازاد قىلىۋېتىشىنى ئىختىيارسىز ئارزۇ قىلىپ قالىدىكەنسەن. شۇ خىياللار بىلەن سېنى ئاجايىپ بىر ئەسەبىي خۇشاللىق چىرمىۋالىدىكەن...

مەن تۇرمىدە يېتىپ، مېنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئايالىممۇ ياكى ئاشۇ بىر قىسىم ئادەملەرمۇ؟ دەپ ئويلىدىم. ياق، ئايالىم ئەمەس، جەمئىيەتتىكى ئاشۇ بىر قىسىم خۇشامەتچىلەرمۇ ئەمەس، ئەمەلپەرەسلەرمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆزۈم. مەن ئۇلارنىڭ قىلتىقىغا چۈشمىسەملا ھېچ ئىش بولمايتتى. شۇنداق، مەن «شالتاق»قا تېيىلىپ كەتتىم. مېنىڭ ئەمەلدار بولغاندىن كېيىن بىردىنلا ئۆزگىرىپ كېتىشىم، ئەسلىدىكى ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇشۇم، بارغانسېرى يۇقىرى ئەمەل ـ مەرتىۋىگە ئىنتىلىشىم، نەپسىمنىڭ چەكسىزلىككە كېڭىيىشى ماڭا ئوخشاش بىلىملىك، تالانتلىق يازغۇچىنى، بىر ۋىجدانلىق ئادەمنى مانا مۇشۇ كۈنگە قويدى. مەن ئەسلىدە بىلىم ـ قابىلىيەتتە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشۈشكە، ئىجاد بىلەن كىشىلەرگە ئۆزۈمنى تونۇتۇشقا، ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن مىللىتىمنىڭ روھىنى ئويغىتىشقا بەل باغلىغان يىگىت ئىدىم. ھوقۇقنىڭ شالتىقىغا ئۆگىنىپ قالغان كۈندىن باشلاپ ئاشۇ يۈكسەك ئىرادەم قاپ بېلىدىن سۇندى، ئەمەلدارلىق كىبىرىسى مېنى چىرىتتى. ياق، ئۆزۈمنى ئۆزۈم چىرىتتىم. بۇ مېنىڭ ئۆزۈمنى ھەقىقىي چۈشەنمىگەنلىكىم، تونۇيالمىغانلى-

قىمىنىڭ نەتىجىسى. ئەگەر مەن ئۆزۈمنى ھەقىقىي چۈشەنگەن بولسام، بۇ ھالەتتىكى «مەن» گە ئايلىنىپ قالمايتتىم. شۇڭا بۇگۈنكى تەقدىرىمنى ئايالىمدىن ياكى باشقىلاردىن كۆرۈشكە ھەققىم يوق.

— ساۋاقداشلار، — دېدىم مەن مۇڭلىنىپ ئولتۇرغان دوستلىرىمغا تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن، — مېنىڭ ئىقرارىم تۈگىدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۈكۈتكە چۆمگەن بولۇپ، كۆزلىرى ماڭا بىردەك ئۆكۈنۈش نەزىرىدە تىكىلىپ قالغانىدى. مېنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆكۈنۈش قاپلىغان چىرايلىرىنى كۆرگۈم يوق بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلارغا كۈلۈمسىرىگىنىمچە بىر - بىرلەپ قاراپ قويدۇم. شۇ ئارىدا ساقدىشىم ئارمان ماڭا قاراپ بېشىنى چايقىغىنىچە سۆز ئالدى:

— مەن سېنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىڭنى پەقەتلا بىلمەپتىمەن. سەن تۈرمىدە تۇرۇپ قانداقسىغا بۇ يەردە بىزگە يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ بېرەلىدىڭ؟

— مېنى ھېلىقى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ پېشقەدەم شۇجىسى ۋاقىتلىق كېپىللىككە ئاچىقتى. ئۇ يەنە مېنىڭ تۈرمىدىن پاتراق قويۇپ بېرىلىشىم ئۈچۈن، قانۇن ئورنىغا تۆلەم ئۈچۈن يۈز مىڭ سوم تاپشۇرۇپتۇ. مېنىڭمۇ تۈرمىدىكى ئىپادەم ناھايىتى ياخشى بولغاچقا، قانۇن ئورگانلىرى مېنى مۇددەتتىن بۇرۇن قويۇپ بېرىش ھەققىدە ئويلىشىۋاتىدۇ، — دېدىم مەن سەممىمىي جاۋاب بېرىپ.

— قاراڭلار، تاڭ ئېتىپتۇ!؟ — دېدى ئازاد شەرق تەرەپتىكى دېرىزىنى شەرەتلەپ.

ھەممىمىز دېرىزە تەرەپكە قاراشتۇق. دېرىزە ئەينىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بىرپارچە ئاسمان يوپيورۇق بولۇپ، شەرق ئۇپۇقى قىپقىزىل شەپەق نۇرىدا ئۇن سەككىز ياشلىق ساغلام

يىگىتنىڭ ساپ ھەم سۈپسۈزۈك قېنى بىلەن بويالغاندەك جۇلالى-
نىپ كەتكەنىدى.

— مانا، XXI ئەسىرنىڭ تۇنجى تېڭىمۇ ئاتتى. ۋەدىمىز بويىچە بۈگۈندىن باشلاپ ھەممىمىز ھاراق ئىچىشنى تاشلايمىز. كىم ۋەدىسىدە تۇرمىسا شۇ مەڭگۈ مۇناپىق بولغاي، — دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ. ھەممەيلەن ماڭا ئەگىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە مەن سوزغان ئوڭ قولۇمنىڭ ئۈستىگە بىر - بىرلەپ قوللىرىنى قويدى. ئالتىمىزنىڭ ئالتە قولى ئۈستمۇ ئۈست چۈ-
شۈپ بىر - بىرىنى چىڭ قامallاشتى.

شۇئان ھەممىمىزنىڭ كۆزلىرىدە ئىختىيارسىز ھاياجانلىق ياشلىرى يالتىراپ كەتتى. بىز ياشلىق كۆزلىرىمىز بىلەن بىر - بىرىمىزگە ئۈمىدلىك قاراشتۇق، چىرايلىرىمىزدا يەڭگىل تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. ئاندىن بىز دېيىشىۋالغاندەكلا يېنىمىز-
دىكى دېرىزە ئەينىكىدىن سىرتتىكى شەھەرگە نەزەر تاشلىدۇق.
شەھەر ئۈستىنى تۇمان قاپلىغانىدى.

# خاتىمە

دۇنيا قىزىق، ئادەملەر بولسا تېخىمۇ شۇنداق، بىردە كۈ-
لۈپ، بىردە يىغلاپ، بىردە ئۆرلەپ، بىردە چۆكۈپ، شۇ دۇنيادا
ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان هايات مۇساپىسىنى بېسىپ تۈگىتىدۇ.
بىر يەردە ئۆلۈم بولسا، يەنە بىر يەردە توي بولىدۇ، بىر يەردە
يىغا - زار بولسا، يەنە بىر يەردە مەشرەپ بولىدۇ. بىرى يىغلى-
سا، بىرى كۈلىدۇ، بىرى تۇغۇلسا، يەنە بىرى ئۆلىدۇ.

ئەنە شۇ قىزىق مۇرەككەپ دۇنيانىڭ ئىشتىراكچىلىرى بول-
غان ئەركىن، ئارمان، كۈرەش دىگەنلەرمۇ ئەنە شۇنداق ياشاپ
كېتىشتى. ئەشۇ XXI ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش كېچىلىكىدە ساۋاقداش-
لار ئازاد بىلەن ئەقىدەنىڭ توي قىلىپ قېلىشىنى تەكلىپ قىلىش-
تى.

شۇ يېشىغا كەلگۈچە توي قىلماي كېلىۋاتقان ئازاد ساۋاقداش-
لىرىنىڭ ئۈمىدلىرى بويىچە ئەقىدەگە ئۆيلىنىشنى لايىق تاپتى.
ئۇ كۆڭلىدە ئەقىدەنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندەكمۇ قىلاتتى. ھېلى-
قى ئولتۇرۇشتىن كېيىن ئازاد توي قىلىش تەكلىپىنى ئەقىدەگە
ئېيتقانمۇ بولدى. تەقدىرنىڭ شۇنچىۋالا قىسمەتلىرىگە يولۇققان
ئەقىدە مۇشۇ مىنۇتلاردا ئۆزىنى سۆيمەكچى بولغان ئازادقا ئۆزىنى
ئاتىغىسى كەلسىمۇ يەنە ئويلايتتى، ئازادنىڭ — ساۋاقدىشىنىڭ
ئاشۇ تەكلىپىگە جاۋابەن پىسىڭگىدە كۈلۈپ باققىسى كەلدى،
لېكىن ئۇ كۈلەلمەيتتى. شۇنچە زورلىنىپ، كۈچەپ باقسىمۇ
چىرايىدىن كۈلكە ئىپادىسى كۆرۈنمەيتتى. ئازاد ئۇنى سۆيمەك-
چى. ئۇنىڭدا ئاشۇ ساۋاقدىشىغا تەقدىم قىلىدىغان سۆيگۈ بارمۇ؟

ئۇ قەلبىنى ئاختۇراتتى.
ئەقىدە — ئۇ ئەزەلدىن سۆيىمگەن، سۆيۈلمىگەن، خورلانغان. بىر قېتىملىق ئالدىنىش بىلەن ئۆمۈرلۈك ئازابقا قالغان، پۇلدار بۇزۇقلارنىڭ ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرىدىغان ئەرمەك بولغان. ئۇنىڭ جىسمى ھەتتا روھىمۇ يارىلانغان. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ «ئادەم» لىكىنى ئۇنتۇمىغان. يارىلىنىپ زېدىلەنگەن يۈرىكىدە يەنىلا ئىنتىقام ئوتى لاۋۇلداپ كۆيگەنكى، ئۆچۈپ قالمىغانىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئىنتىقام بار ئىدىكى، سۆيگۈ يوق ئىدى. ئاشۇ ئەقىدەنى سۆيىمەن دەۋاتقان ئازاد ھازىر ئەقىدەگە نىسبەتەن تېخى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەكلا ئىدى. ئۇنىڭ قانچە يىللاردىن بېرى ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان قارا كېچىلەردىكى يامان چۈشلىرى ئاخىر تۈگىدى. ئۆزىنى شۇ كۇنلەرگە قويغان ھارام تاماق نەۋرە ئاكىسى تۇرغۇندىن ئىنتىقام ئالغاندەكمۇ بولدى. لېكىن ئۇ پاكلانمايتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھازىر بىر پارچە گۆشكە ئايلىنىپ قالغانىدى، ياق توختاۋسىز كۆيەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇرۇن ئۆتكەن ھاياتىنى ئويلىسا شۇ كۆيۈشىدە كۆيۈپ تۈگەپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئەمدىكى بارلىقىنى ئۆز گۇناھلىرىنى يۇيۇشقا ئاتىغاندەك قىلاتتى. مانا، يېتىم ـ يېتىمەلەر ئۇچۇن مەكتەپ، يوقسۇزلار ئۇچۇن دوختۇرخانا، باققۇچىسىز قېرىلار، مېيىپلار ئۇچۇن ساناتورىيە قۇردى. كۆرۈنۈشتە بۇمۇ بىر مۇھەببەتتەك ئىدى. لېكىن ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىدە مۇھەببەت ـ سۆيگۈ دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇ ئـويـلايـتـتى: «ئۇ قۇرغان مەكتەپتە يېتىم ـ يېتىمەلەر ئوقۇيدۇ، نېمە سەۋەبلەردىندۇر ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ دىلى كۆلمىگەن بۇ مەسۇملارنىڭ قاراڭغۇ دىلى يورۇيدۇ.
ئۇ سالدۇرغان دوختۇرخانىدا قانچىلىغان بىمارلار ئۆز كېسىلىگە شىپالىق تېپىپ كۆڭلى ئەمىن تاپىدۇ. قېرىلار ۋە مېيىپلار ساناتورىيىسىدىكى كىشىلەر ھەر نامىزىدا، ھەر تاماقتىن كېيىنكى دۇئـاسىدا ئـۇنىڭغـا ساقـلىق، ئاسايىشلىق ۋە بەخت

تىلەيدۇ.»
ئۇ ئاشۇ بىر جۈپ كۆزى مۆلدۈرلەپ تۇرغان بالىلارغا، ئاغزى توختاۋسىز مىدىرلاپ، بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ ئوقۇپ تۇرغان قېرىلارغا، كېسەلى شىپا تاپقان بىمارلارغا نىسبەتەن ئۇ بىر پەرىشتە، بۇ بەختمۇ؟! ئۇنىڭ كۆڭلى زەررىچە قانائەت ھاسىل قىلالمايدۇ. قولىدىكى بۇ پۇللارنىڭ ئەسلىدىكى كېلىش مەنبەسىنى ئويلىغاندا، ئاشۇ زېدىلەنگەن يۈرىكى كۆيىدۇ، ئازابلىنىدۇ.
— ئۇنىڭغا نېمە لازىم؟
— بېجىرىم ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ھەممە نەرسە لازىم.
— مىليون - مىليون پۇل، ئازادە ئۆي - جاي ۋە مۇشۇنىڭدىن كۆڭلى سۇ ئىچكەن ئاشۇ سەبىيلەرنىڭ، قېرى ئاجىزلارنىڭ مەدھىيىلىرى، دۇئا - تىلاۋەتلىرى يېتەرلىكمۇ؟!
ئۇ ئۆزىگە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ ھەربىر تىنىقى، ھەربىر نەپەسىنىمۇ بۇلغانغاندەك، ئەتراپىدىكى ھاۋانى بۇلغاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ ئوتنىڭ ئىچىدە، ئوت ئۇنىڭ ئىچىدە كۆيۈۋاتقاندەك پۇچىلىناتتى، چەكسىز ئازاب، خورلۇق ھېس قىلاتتى، ھەربىر قەدىمىنى ئويلىغاندا، جامائەت ئىچىدە قىپيالىڭاچ ھالدا لاغايلاپ قالغاندەك سېزەتتى، نومۇس قىلاتتى. ئۇنىڭ شۇ گۈزەل دۇنيادا ياشىغۇسى كەلمەيتتى، ھايات ئۇنىڭغا نىسبەتەن، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتى بىر تىيىنغا ئەرزىمەس بىرنېمە ئىدى. ئۇ بىر يەرگە كەلگەنىدى. ھەممىسىدىن كەچمەكچىدى. ئۇ نېمە قىلسۇن؟ ئېگىز بىنادىن ئۆزىنى تاشلامدۇ؟ تېز كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى ئاتامدۇ؟ ياكى دورا يەپ ئۆلسۇنمۇ؟ «ھەممىسى بولمايدۇ» دەيتتى ئۆز - ئۆزىگە. ناۋادا شۇ ئاماللارنىڭ قايسىدۇر بىرىنى ئىشلەتمىسۇن، شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدىلا، دوختۇرلار، ساقچىلار ۋە ھەممىگە قىزىقىپ ئۈگىنىپ كەتكەن جامائەت ئۇنىڭ ئەتراپىدا قىمىلداپ كېتىشى مۇمكىن. دوختۇرلار يەنە شۇنىڭ

ئاشۇ جانسىز بەدىنىنى يالىڭاچلاپ ئاناتومىيىلىك تەكشۈرۈش ئې-
لىپ بارىدۇ، قانۇن ئورۇنلىرى ئۇ ھەقتە مەخسۇس دېلو تۇرغۇ-
زۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ، كىملەردىندۇر گۇمانلىنىدۇ.
يەنە كىشىلەرگە بىر قاتار ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ.
قانداق قىلىش كېرەك؟ ئايغا چىقىشىڭمۇ ئامالىنى قىلالىغان
ئىنسانلار دۇنياسىدا ياشاشنىڭ ئەپلىك ئۇسۇلى تېپىلماسمۇ؟
«ياشاش كېرەك! — دەيتتى ئۆز - ئۆزىگە، — ئاشۇ بىچارە
يېتىملار، پاناھسىز مېيىپ - ئاغرىقلار، قېرىلارغا ھەمدەم بو-
لۇپ، ئۇلارنىڭ زىدىلەنگەن يۈرەكلىرىگە مەلھەم بولۇپ ياشاش
كېرەك. مانا بۇ مۇھەببەت.»

**图书在版编目(CIP)数据**

残忍的命运/帕合尔丁·木沙著. —乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2003.12
ISBN 7—5371—4729—9

Ⅰ.残… Ⅱ.帕… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2003)第083433号

责任编辑：亚森·伊明
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
依巴达提·亚森
封面设计：海米旦·赛达里木

TURAN KİTAPLIĞI

**残忍的命运**（维吾尔文）
（长篇小说）
帕合尔丁·木沙　著

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001）
新疆新华书店发行　乌鲁木齐福利印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本　10印张
2003年12月第1版　2003年12月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN7—5371—4729—9　定价：14.80元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换